# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

7 ـ جىلد (7236ـ ھەدىستىن 8311 ـ ھەدىسقىچە)

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

## بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ــ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** - بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر - بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاسىتە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى - ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۆزىدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** - سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان "پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى" بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** - ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا

ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** ـ ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** ـ ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتكە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشىنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** ـ سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاسىتە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** ـ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** ـ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** ـ بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** - بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** - سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. الله تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 - يىل

## تۇر، نەجم، قەمەر، رەھمان، ۋاقىئە ۋە ھەدىد سۇرىلىرى

7236 ـ عَنْ مَالِكِ بْنِ صَعْصَعَةَ ـ رضى الله عنهما ـ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: فَرُفِعَ لِي الْبَيْتُ الْمَعْمُورُ فَسَأَلْتُ جِبْرِيلَ فقال هذا الْبَيْتُ الْمَعْمُورُ يُصَلي فِيهِ كُل يَوْمٍ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ، إِذَا خَرَجُوا لَمْ يَعُودُوا إِلَيْهِ آخِرَ مَا عَلَيْهِمْ.

7236 ـــ مالىك ئىبنى سەئسەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماڭا بەيتۇلمەئمۇر كۆرسىتىلىۋىدى، جىبرىئىلدىن سورىسام، ئۇ: بۇ بەيتۇلمەئمۇردۇر، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە ناماز ئوقۇيدۇ، (بىر قېتىم كىرىپ) چىققاندىن كېيىن قايتا كىرمەيدۇ، ھەر بىرىنىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالىدۇ، ـ دېدى».

(بۇخارى: 3207)

7237 ـ عَنِ ابن عَباسٍ رفعه: إذا دخل الرجُلُ الْجَنةَ سَأَلَ عن أَبَوَيْهِ وَزَوْجَتِهِ وَوَلَدِهِ فَيُقَالُ إِنهُمْ لم يَبْلُغُوا دَرَجَتَكَ وعَمَلَكَ فيقول يا رَب قد عَمِلْتُ لي وَلَهُمْ فَيُؤْمَرُ بِإِلْحاقِهِمْ به وقرأ بن عَباسٍ (وَالذِينَ آمَنُوا وَاتبَعَتْهُمْ ذُرِيتُهُمْ بِإِيمَانٍ) إلى آخِرِ الآيَةِ.

7237 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىشى جەننەتكە كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا: ئۇلار سېنىڭ ئەمەل ۋە مەرتىۋەڭگە يېتەلمىدى، ـ دېيىلگەندە، ئۇ: ئى رەببىم! مەن ئەمەللىرىمنى ھەم ئۆزەم ئۈچۈن ھەم ئۇلار ئۈچۈن قىلغان، ـ دەپ ئىلتىجا قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ». ئاندىن ئىبنى ئابباس: ئۆزلىرى ئىمان

ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگەشسە ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12248؛ «ئەلسەغىر»: 640)

7238 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِدْبَارُ النجُومِ الركْعَتَانِ قَبْلَ الْفَجْرِ وَإِدْبَارُ السجُودِ الركْعَتَانِ بَعْدَ الْمَغْرِبِ.

7238 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالانىڭ: كېچىدىمۇ، يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن [3] دېگەن ئايىتىدىكى: ”يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىن“ ئىبارىسى بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى؛ سەجدىدىن كېيىن تەسبىھ ئېيتقىن [4] دېگەن ئايىتىدىكى: ”سەجدىدىن كېيىن“ ئىبارىسى شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت سۈننەتنى كۆرسىتىدۇ»[5].

(تىرمىزى: 3275)

7239 ـ عَنْ الشيْبَانِي قَالَ سَأَلْتُ زِرا عَنْ قَوْلِهِ تَعَالَى فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى قَالَ أَخْبَرَنَا عَبْدُ اللهِ أَن مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى جِبْرِيلَ لَهُ سِت مِائَةِ جَنَاحٍ.

7239 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى يا ئوقى مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ

---

[1] سۈرە تۇر، 21 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11369): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى غەزۋان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] سۈرە تۇر، 49 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ھۇجۇرات، 40 ـ ئايەت.

[5] ئەلبانى (645): زەئىپ، ـ دېگەن.

يېقىنراق يېقىنلاشتى. الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھىيلەرنى ۋەھيى قىلدى [1] دېگەن ئايەت ھەققىدە: مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىلنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بارلىقىنى كۆرگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4857)

7240 ـ عن عبد اللهِ (ما كَذَبَ الْفُؤَادُ ما رَأَى) قال رَأَى رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جِبْرِيلَ في حُلةٍ من رَفْرَفٍ قد مَلَأَ ما بين السمَاءِ وَالْأَرْضِ.

7240 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى) [2] دېگەن ئايىتىنى مۇنداق دەپ تەپسىر قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىلنى يېپەك تون كىيىپ، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىنى قاپلاپ تۇرغان ھالدا كۆردى[3].

(تىرمىزى: 3283)

7241 ـ عن ابن عَباسٍ قال (ما كَذَبَ الْفُؤَادُ ما رَأَى) (وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى) قال رَآهُ بِفُؤَادِهِ مَرتَيْنِ.

7241 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى) [4] دېگەن ئايىتى بىلەن: ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى [5] دېگەن ئايىتىنى: اللهنى دىلى بىلەن ئىككى قېتىم كۆرگەن، ـ دەپ تەپسىر قىلغان.

(مۇسلىم: 176)

---

[1] سۇرە نەجم، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.
[2] سۇرە نەجم، 11 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (2617): سەھىھ ـ دېگەن.
[4] سۇرە نەجم، 11 ـ ئايەت.
[5] سۇرە نەجم، 13 ـ ئايەت

7242 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ رَأَى مُحَمَّدٌ رَبَّهُ قُلْتُ أَلَيْسَ اللَّهُ يَقُولُ لَا تُدْرِكُهُ الْأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الْأَبْصَارَ قَالَ وَيْحَكَ ذَاكَ إِذَا تَجَلَّى بِنُورِهِ الَّذِي هُوَ نُورُهُ وَقَالَ أُرِيَهُ مَرَّتَيْنِ.

7242 ـ ئىكرىمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ مۇھەممەد رەببىنى كۆرگەن، ـ دېگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭغا:

ـ الله تائالا: كۆزلەر اللهنى كۆرمەيدۇ، الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، الله (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [1] دېگەن ئەمەسمۇ؟

ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئېسىت ساڭا! ئۇ ئايەت: "الله تائالا ئۆز نۇرى بىلەن تەجەللىي قىلغاندا، ئۇنى كۆزلەر كۆرەلمەيدۇ" دېگەن مەنىدەدۇر، ئەمما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىنى ئىككى قېتىم كۆرگەن، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3279)

7243 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا فِي قَوْلِهِ اللَّاتَ وَالْعُزَّى كَانَ اللَّاتُ رَجُلًا يَلُتُّ سَوِيقَ الْحَاجِّ.

7243 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (الله تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟) [3] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: لات ھاجىلارنىڭ تالقىنىنى نەمدەپ بېرىدىغان ئادەم ئىدى.

(بۇخارى: 4859)

7244 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ مَا رَأَيْتُ شَيْئًا أَشْبَهَ بِاللَّمَمِ مِمَّا قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ كَتَبَ عَلَى ابْنِ آدَمَ حَظَّهُ مِنْ الزِّنَا أَدْرَكَ ذَلِكَ لَا مَحَالَةَ

[1] سۈرە ئەنئام، 103 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (647): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] سۈرە نەجم، 19 ـ ئايەت.

فَزِنَا الْعَيْنِ النظَرُ وَزِنَا اللسَانِ الْمَنْطِقُ وَالنفْسُ تَمَنى وَتَشْتَهِي وَالْفَرْجُ يُصَدقُ ذَلِكَ كُلهُ وَيُكَذبُهُ.

7244 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى ’’كىچىك گۇناھلار‘‘نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ھەقىقەتەن ئىنسانغا زىنادىن بولغان نېسىۋىسىنى پۈتۈۋەتكەن، بۇنى كۆرمەي چارە يوق. كۆزنىڭ زىناسى قاراش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر. ئىنساننىڭ نەپسى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە خالايدۇ، ئەۋرەت ئۇنى راست ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ».

(بۇخارى: 6243)

7245 ـ وزاد في رواية: وَالْأُذُنَانِ زِنَاهُمَا الِاسْتِمَاعُ وَاللسَانُ زِنَاهُ الْكَلَامُ وَالْيَدُ زِنَاهَا الْبَطْشُ وَالرجْلُ زِنَاهَا الْخُطَا.

7245 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەش، قولنىڭ زىناسى تۇتۇش، پۇتنىڭ زىناسى مېڭىشتۇر».

(مۇسلىم: 2657)

7246 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ الذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلا اللمَمَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ تَغْفِرْ اللهُم تَغْفِرْ جَما وَأَي عَبْدٍ لَكَ لَا أَلَما.

زاد البزار: قال ابن عباس: اللمة من الزنا.

7246 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ، كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله! مەغپىرەت قىلساڭ،

[1] سۈرە نەجم، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەممىنى قىلىۋېتىسەن، قايسىبىر بەندەڭ ئانچە ـ مۇنچە گۇناھ قىلىپ سالمىغان؟!» دەپ دۇئا قىلدى.

بەززار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: لەممە دېگەن زىنادۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[1].

(تىرمىزى: 3284 ۋە بەززار)

7247 ـ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ مُشْرِكُو قُرَيْشٍ يُخَاصِمُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْقَدَرِ فَنَزَلَتْ يَوْمَ يُسْحَبُونَ فِي النارِ عَلَى وُجُوهِهِمْ ذُوقُوا مَس سَقَرَ إنا كُل شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ.

7247 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش مۇشرىكلىرى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن قەدەر توغرىسىدا تاكاللاشقان ئىدى، مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق[2].

(مۇسلىم: 2656)

7248 ـ عَنِ ابن عَباسٍ قال نَزَلَتْ هذه الآيَةُ في الْقَدَرِيةِ (يوم يُسْحَبُونَ في النـارِ على وُجُوهِهِمْ ذُوقُوا مَس سَقَرَ إنا كُل شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ).

7248 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] سۈرە قەمەر، 48 ـ ۋە 49 ـ ئايەتلەر.

نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق [1] دېگەن ئايەتلەر قەدەرىيە تائىپىسى ھەققىدە نازىل بولغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 11163)

7249 ـ عَنِ زُرَارَةَ عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال نَزَلَتْ في أُناسٍ من أُمتي في آخِرِ الزمَانِ يُكذِّبونَ بِقَدَرِ اللهِ عز وجل.

7249 ـ زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئايەتلەر مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئاخىر زاماندا كېلىدىغان، لېكىن قەدەرگە ئىشەنمەيدىغانلار ھەققىدە نازىل بولغان»[3].

(«ئەلكەبىر»: 5316)

7250 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلى أَصْحَابِهِ فَقَرَأَ عَلَيْهِمْ سُورَةَ الرحْمَنِ مِنْ أَولِهَا إِلى آخِرِهَا فَسَكَتُوا فَقَالَ لَقَدْ قَرَأْتُهَا عَلى الْجِنِ لَيْلَةَ الْجِنِ فَكَانُوا أَحْسَنَ مَرْدُودًا مِنْكُمْ كُنْتُ كُلمَا أَتَيْتُ عَلى قَوْلِهِ فَبِأَيِ آلَاءِ رَبكُمَا تُكَذبَانِ قَالُوا لَا بِشَيْءٍ مِنْ نِعَمِكَ رَبنَا نُكَذبُ فَلَكَ الْحَمْدُ.

7250 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ، رەھمان سۈرىسىنى باشتىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەرگەن ئىدى، ساھابىلەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

[1] سۈرە قەمەر، 48 ـ ۋە 49 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11384): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى مۇجاھىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (11385): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ناتونۇش كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

ــ مەن بۇ سۈرىنى جىنلار بىلەن ئۇچراشقان كېچىسى (ئۇلارغا) ئوقۇپ بەرگەنىدىم، ئۇلار سىلەردىن ياخشىراق ئىپادە بىلدۈردى. مەن هەر قېتىم الله تائالانىڭ: (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇلار: "رەببىمىزنىڭ نېئمەتلىرىدىن هېچنېمىگە تانمايمىز. ئى رەببىمىز! پۈتۈن هەمدىلەر ساڭا خاستۇر" دېيىشتى، ـ دېدى [2].

(تىرمىزى: 3291)

7251 ـ وقال أبو الدرْدَاءِ (كُلَّ يَوْمٍ هو في شَأْنٍ) يَغْفِرُ ذَنْبًا وَيَكْشِفُ كَرْبًا وَيَرْفَعُ قَوْمًا وَيَضَعُ آخَرِينَ.

7251 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ: الله هەر كۈنى بىر هالەتتىدۇر (يەنى الله هەر ۋاقىت ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئۇلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، ئەهۋاللارنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، مەخلۇقاتلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ) [3] دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: گۇناهلارنى مەغپىرەت قىلىپ، غەم ــ قايغۇلاردىن خالاس قىلىپ، بەزىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بەزىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىنى چۈشۈرۈپ تۇرىدۇ [4].

(بەززار: 2266)

7252 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُص عَلَى الْمِنْبَرِ وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبهِ جَنتَانِ فَقُلْتُ وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الثانِيَةَ وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبهِ جَنتَانِ فَقُلْتُ الثانِيَةَ وَإِنْ زَنَى وَإِنْ

[1] سۈرە رەهمان، 13 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2624): هەسەن، ـ دېگەن.

[3] سۈرە رەهمان، 29 ـ ئايەت.

[4] هەيسەمى (11388): بۇ هەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ناتونۇش كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

سَرَقَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الثالِثَةَ وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبهِ جَنتَـانِ فَقُلْتُ الثالِثَةَ وَإِنْ زَنَى وَإِنْ سَرَقَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ نَعَمْ وَإِنْ رَغِمَ أَنفُ أَبِي الدرْدَاءِ.

7252 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ:

ـ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! زىنا ئۆتكۈزگەن، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (شۇنداقمۇ)؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم:

ـ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مەن يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! زىنا ئۆتكۈزگەن، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (شۇنداقمۇ)؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم:

ـ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مەنمۇ ئۈچىنچى قېتىم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! زىنا ئۆتكۈزگەن، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (شۇنداقمۇ)؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنداق، ئەبۇ دەردا قوبۇل قىلالمىسىمۇ شۇنداق، ـ دېدى[2].

(ئەھمەد: 8668)

---

[1] سۈرە رەھمان، 46 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11390): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7253 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ وَفُرُشٍ مَرْفُوعَةٍ قَالَ ارْتِفَاعُهَا كَمَا بَيْنَ السمَاءِ وَالْأَرْضِ وَمَسِيرَةُ مَا بَيْنَهُمَا خَمْسُ مِائَةِ عَامٍ.

7253 ـــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: ئېگىز (يۇمشاق) تۆشەكلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ [①] دېگەن ئايەتنى: «ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدەك بولۇپ، بەش يۈز يىللىق مۇساپىگە توغرا كېلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان[②].

(تىرمىزى: 3294)

7254 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ إنا أَنشَأْنَاهُن إِنْشَاءً قَالَ إن مِنْ الْمُنْشَآتِ اللائِي كُن فِي الدنْيَا عَجَائِزَ عُمْشًا رُمْصًا.

7254 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائالانىڭ: شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق [③] دېگەن ئايىتىنى: «يېڭىدىن يارىتىلغانلار ئارىسىدا دۇنيادا (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) كۆزى ئاجىز ھەم چاپاق قاپلاپ تۇرىدىغان قېرى ئاياللارمۇ بار» دەپ تەپسىر قىلغان[④].

(تىرمىزى: 3296)

7255 ـ وعن أبي بكرة عن النF صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ في قوله (ثلة من الأولين وثلة من الآخرين) قال: Pيعهما من هذه الأمة.

---

[①] سۈرە ۋاقىئە، 34 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (648): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] سۈرە ۋاقىئە، 35 ـ ئايەت.

[④] ئەلبانى (650): زەئىپ، ـ دېگەن.

7255 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: بۇلار بولسا، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر [1] دېگەن ئايەتلىرى ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۈممەتتىن (چىققىدۇ)» دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»)

7256 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَجْعَلُونَ رِزْقَكُمْ أَنكُمْ تُكَذبُونَ قَالَ شُكْرُكُمْ تَقُولُونَ مُطِرْنَا بِنَوْءِ كَذَا وَكَذَا وَبِنَجْمِ كَذَا وَكَذَا.

7256 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: (سىلەر اللەنىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە) شۈكرى قىلىشىنىڭ ئورنىغا، (رىزىق بەرگۈچىنى) ئىنكار قىلامسىلەر؟ [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا: ”پالانى ـ پۇكۇنى يۇلتۇزنىڭ چىقىشى بىلەن بىزگە يامغۇر ياغدى“ دەيسىلەر»[4].

(تىرمىزى: 3295)

7257 ـ عن ابْنَ مَسْعُودٍ قَالَ مَا كَانَ بَيْنَ إِسْلَامِنَا وَبَيْنَ أَنْ عَاتَبَنَا اللهُ بِهَذِهِ الْآيَةِ أَلَمْ يَأْنِ لِلذِينَ آمَنُوا أَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللهِ إِلا أَرْبَعُ سِنِينَ.

7257 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزگە كايىپ نازىل بولغان: مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى اللەنىڭ زىكرىگە

[1] سۈرە ۋاقىئە، 38 ـ ۋە 39 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11395): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدىكى ئەلى ئىبنى زەيدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەن، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ۋاقىئە، 82 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (649): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىشىدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر [1] دېگەن بۇ ئايەت بىز مۇسۇلمان بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن نازىل بولغان.

(مۇسلىم: 3027)

7258 ـ ابن عباس: (اعْلَمُوا أن اللهَ يُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا) قال: بلين القلوب بعد قسوًا، فيجعلها ُابتة منيبة، 3يي القلوب اlيتة بالعلم واΣكمة، وإلا فقد علم إحياء الأرض باlطر باlشاهدة.

7258 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بىلىڭلاركى، الله زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ [2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: دىللار قېتىپ، ئۆلگەندىن كېيىن، قايتا يۇمشىتىلىدۇ. الله ئۇ قەلبلەرنى (تەۋھىدكە) ئىتائەتكار ۋە (اللەقا) مۇلايىم قىلىدۇ. ئۆلۈك دىللار ئىلىم ۋە ھېكمەت بىلەن ياشارتىلىدۇ، ـ دېگەن بولىدۇ. چۈنكى زېمىننىڭ يامغۇر ئارقىلىق قايتىدىن يېشىللىققا پۈركىنىشى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر ۋەقەدۇر، ـ دېگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7259 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَتْ مُلُوكٌ بَعْدَ عِيسَى ابْنِ مَـرْيَمَ عَلَيْـهِ الصـلَاة وَالسلَامُ بَدلُوا التوْرَاةَ وَالْإِنجِيلَ وَكَانَ فِيهِمْ مُؤْمِنُونَ يَقْرَءُونَ التوْرَاةَ قِيلَ لِمُلُوكِهِمْ مَا نَجِدُ شَتْمًا أَشَد مِنْ شَتْمٍ يَشْتِمُونا هَؤُلَاءِ إِنهُمْ يَقْرَءُونَ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللهُ فَأُولَئِكَ هُمْ الْكَافِرُونَ وَهَؤُلَاءِ الْآيَاتِ مَعَ مَا يَعِيبُونا بِهِ فِي أَعْمَالِنَا فِي قِرَاءَتِهِمْ فَادْعُهُمْ فَلْيَقْرَءُوا كَمَـا نَقْرَأُ وَلْيُؤْمِنُوا كَمَا آمَنا فَدَعَاهُمْ فَجَمَعَهُمْ وَعَرَضَ عَلَيْهِمْ الْقَتْلَ أَوْ يَتْرُكُوا قِـرَاءَةَ التـوْرَاةِ

---

[1] سۈرە ھەدىد، 16 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەدىد، 17 ـ ئايەت.

وَالْإِنْجِيلِ إِلا مَا بَدلُوا مِنْهَا فَقَالُوا مَا تُرِيدُونَ إِلَى ذَلِكَ دَعُونَا فَقَالَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ ابْنُوا لَنَا أُسْطُوَانَةً ثُم ارْفَعُونَا إِلَيْهَا ثُم اعْطُونَا شَيْئًا نَرْفَعُ بِهِ طَعَامَنَا وَشَرَابَنَا فَلَا نَرِدُ عَلَيْكُمْ وَقَالَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ دَعُونَا نَسِيحُ فِي الْأَرْضِ وَنَهِيمُ وَنَشْرَبُ كَمَا يَشْرَبُ الْوَحْشُ فَإِنْ قَدَرْتُمْ عَلَيْنَا فِي أَرْضِكُمْ فَاقْتُلُونَا وَقَالَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ ابْنُوا لَنَا دُورًا فِي الْفَيَافِي وَنَحْتَفِرُ الْآبَارَ وَنَحْتَرِثُ الْبُقُولَ فَلَا نَرِدُ عَلَيْكُمْ وَلَا نَمُر بِكُمْ وَلَيْسَ أَحَدٌ مِنْ الْقَبَائِلِ إِلا وَلَهُ حَمِيمٌ فِيهِمْ قَالَ فَفَعَلُوا ذَلِكَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل وَرَهْبَانِيةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللهِ فَمَا رَعَوْهَا حَق رِعَايَتِهَا وَالْآخَرُونَ قَالُوا نَتَعَبدُ كَمَا تَعَبدَ فُلَانٌ وَنَسِيحُ كَمَا سَاحَ فُلَانٌ وَنَتخِذُ دُورًا كَمَا اتخَذَ فُلَانٌ وَهُمْ عَلَى شِرْكِهِمْ لَا عِلْمَ لَهُمْ بِإِيمَانِ الذِينَ اقْتَدَوْا بِهِ فَلَما بَعَثَ اللهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يَبْقَ مِنْهُمْ إِلا قَلِيلٌ انْحَط رَجُلٌ مِنْ صَوْمَعَتِهِ وَجَاءَ سَائِحٌ مِنْ سِيَاحَتِهِ وَصَاحِبُ الديْرِ مِنْ دَيْرِهِ فَآمَنُوا بِهِ وَصَدقُوهُ فَقَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا اتقُوا اللهَ وَآمِنُوا بِرَسُولِهِ يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِنْ رَحْمَتِهِ أَجْرَيْنِ بِإِيمَانِهِمْ بِعِيسَى وَبِالتوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَبِإِيمَانِهِمْ بِمُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَصْدِيقِهِمْ قَالَ يَجْعَلْ لَكُمْ نُورًا تَمْشُونَ بِهِ الْقُرْآنَ وَاتبَاعَهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِئَلا يَعْلَمَ أَهْلُ الْكِتَابِ يَتَشَبهُونَ بِكُمْ أَنْ لَا يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِنْ فَضْلِ اللهِ الْآيَةَ.

7259 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بەزى پادىشاھلار تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەۋراتنى ياخشى بىلىدىغان (ئەسلى پېتى ئوقۇيدىغان) مۆئمىنلەر بار ئىدى. پادىشاھقا مۇنداق شىكايەت كەلدى:

ــ ئۇلار: كىمكى اللەنىڭ نازىل قىلغان ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر [1] دېيىشىدۇ. بۇ، بىزنى تىللىغاندىنمۇ بەكرەك ئېغىر ھاقارەتتۇر. پادىشاھ ئالىملىرى ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇيرۇق قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ بىزدەك ئوقۇپ، بىزدەك ئىمان كەلتۈرسۇن!

[1] سۈرە مائىدە، 44 ـ ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇلارنى چاقىرتىپ، بىر يەرگە يىغىپ:

— يا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىلگەن شەكلى بىلەن ئوقۇيسىلەر ياكى ئۆلتۈرۈلىسىلەر، - دېدى. ئۇلاردىن بىر تائىپە:

— بىزنى نېمىشقا بۇنىڭغا زورلايسىلەر؟ بىز بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. بىزگە ئېگىز بىر مۇنار ياساپ، يېمەك - ئىچمەكنى تارتىپ ئېلىۋالىدىغان بىر نەرسە بېرىڭلار. بىز قېشىڭلارغا چۈشمەي، شۇ يەردە ياشاپ ئۆتەيلى، - دېيىشتى. يەنە بىر تائىپە:

— بىزنى قويۇپ بېرىڭلار. زېمىندا سەيياھلىق قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلاردەك ياشاپ ئۆتۈپ كېتەيلى. بىزنى تەۋەلىكىڭلاردا تۇتۇۋالساڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! - دېيىشتى. ئۈچىنچى تائىپە:

- بىزگە چۆل - باياۋانلاردا تۇرالغۇلارنى ياساپ بېرىڭلار، بىز قۇدۇق قېزىپ، زىرائەت تېرىپ، شۇ يەرلەردە ياشايلى. سىلەر بىزنىڭ يۇرتىمىزنى كۆرمەڭلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارنى كۆرمەيلى، - دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەبىلىدە يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولغاچقا، تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، تەلەپلىرى ئورۇندالدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق ئايەت نازىل قىلغان: رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللهنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى [1].

كېيىنكىلەر: بىزمۇ پالانىدەك ئېتىقاد قىلايلى، پۇستانىدەك سەيياھ بولايلى، - دېيىشتى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ئىقتىدا قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىمانىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، شېرىك يولغا كىرىپ كەتتى.

الله تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇلاردىن ئازغىنە كىشىلەر قالغان ئىدى. ئىبادەتخانىدىكىلەر پەسكە چۈشتى، سەيياھلار سەپىرىدىن قايتىپ كەلدى، ماناستىردىكىلەر سىرتقا چىقتى ۋە ھەممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىمان ئېيتتى. شۇ

[1] سۈرە ھەدىد، 27 - ئايەت.

چاغدا الله تەبارەكە ۋەتائالا: ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، الله سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ [1] دېدى. يەنى ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا، تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن بىر ھەسسە؛ مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن يەنە بىر ھەسسە ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ [2]. بۇ نۇر — قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا يەنە: ئەھلى كىتابنىڭ اللهنىڭ پەزلىدىن ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەسلىكلىرىنى، پەزلىنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ قولىدا بولۇپ، (اللهنىڭ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى، اللهنىڭ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن (الله شۇ سۆزنى قىلدى) [3] دېدى[4].

(نەسائى: 5400)

[1] سۈرە ھەدىد، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھەدىد، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھەدىد، 29 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (4990): سەنەدى سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

## مۇجادەلە، ھەشر، مۇمتەھىنە، سەپ، جۇمۇئە ۋە مۇنافىقۇن سۈرىلىرى

7260 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنَّهَا قَالَتْ الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي وَسِعَ سَمْعُهُ الْأَصْوَاتَ لَقَدْ جَاءَتْ خَوْلَةُ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَشْكُو زَوْجَهَا فَكَانَ يَخْفَى عَلَيَّ كَلَامُهَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا الْآيَةَ.

7260 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بارلىق ھەمدۇ سانا پۈتۈن ئاۋازلارنى تولۇقى بىلەن ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئاللاھقا بولسۇنكى، خەۋلە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يولدىشىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاللاھ تائالاغا شۇ قەدەر تېز يەتتىكى، ئاللاھ تائالا دەرھال: ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(نەسائى: 3460)

7261 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نَاجَيْتُمْ الرَّسُولَ فَقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيْ نَجْوَاكُمْ صَدَقَةً قَالَ لِي النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا تَرَى دِينَارًا قُلْتُ لَا يُطِيقُونَهُ قَالَ فَنِصْفُ دِينَارٍ قُلْتُ لَا يُطِيقُونَهُ قَالَ فَكَمْ قُلْتُ شَعِيرَةٌ قَالَ إِنَّكَ لَزَهِيدٌ

---

[1] سۈرە مۇجادىلە، 1 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3237): سەھىھ ـ دېگەن.

قَالَ فَنَزَلَتْ أَأَشْفَقْتُمْ أَنْ تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيْ نَجْوَاكُمْ صَدَقَاتٍ الْآيَةَ قَالَ فَبِي خَفَّفَ اللَّهُ عَنْ هَذِهِ الْأُمَّةِ.

7261 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئى مۇئمىنلەر! پەيغەمبەر بىلەن مەخپى سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن (يوقسۇللارغا) سەدىقە بېرىپ ئاندىن سۆزلىشىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىراقتۇر ۋە پاكراقتۇر، ئەگەر (سەدىقە قىلىدىغان نەرسە) تاپالمىساڭلار (سىلەرگە گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ (سەدىقە ئۈچۈن) بىر تىللاغا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ئۇلار كۆتۈرەلمەيدۇ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يېرىم تىللاچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بۇنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، قانچىلىك بولسا، مۇناسىپ كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بىر تال ئارپا دېنى مىقتارىدا ئالتۇن بولسا مۇۋاپىق، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن بەكلا ئەرزانچى ئىكەنسەن، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەت نازىل بولدى: سىلەر (رەسۇلۇللاھ بىلەن) مەخپى سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سەدىقە بېرىشتىن (كەمبەغەل بولۇپ قالىمىز) دەپ قورقتۇڭلارمۇ؟ سىلەر سەدىقە بەرمىدىڭلار، الله سىلەرنى ئەپۇ قىلدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت

[1] سۈرە مۇجادىلە، 12 ـ ئايەت.

قىلىنغلار، قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن الله تولۇق خەۋەرداردۇر [1]. دېمەك، مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئۈممىتىنىڭ بۇ يۈكى يەڭگىللىدى[2].

(تىرمىزى: 3300)

7262 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ جَالِسًا فِي ظِل حُجْرَتِهِ قَالَ يَحْيَى قَدْ كَادَ يَقْلِصُ عَنْهُ فَقَالَ لأَصْحَابِهِ يَجِيئُكُمْ رَجُلٌ يَنظُرُ إِلَيْكُمْ بِعَيْنِ شَيْطَانٍ فَإِذَا رَأَيْتُمُوهُ فَلَا تُكَلمُوهُ فَجَاءَ رَجُلٌ أَزْرَقُ فَلَما رَآهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعَاهُ فَقَالَ عَلَامَ تَشْتُمُنِي أَنتَ وَأَصْحَابُكَ قَالَ كَمَا أَنتَ حَتى آتِيَكَ بِهِمْ قَالَ فَذَهَبَ فَجَاءَ بِهِمْ فَجَعَلُوا يَحْلِفُونَ بِاللهِ مَا قَالُوا وَمَا فَعَلُوا وَأَنزَلَ اللهُ عَز وَجَل يَوْمَ يَبْعَثُهُمْ اللهُ جَمِيعًا فَيَحْلِفُونَ لَهُ كَمَا يَحْلِفُونَ لَكُمْ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

7262 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرىسىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ساھابىلىرىگە:

ـ بىر ئادەم كېلىپ، سىلەرگە شەيتاننىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، سىلەر ئۇنى كۆرگىنىڭلاردا، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەڭلار! ـ دېدى. بىردەمدىن كېيىن، كۆك كۆز بىر ئادەم كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ:

ـ سەن نېمە ئۈچۈن ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىللە مېنى تىللايسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ئورنۇڭدىن مىدىرلىماي تۇرغىن، مەن ھەمراھلىرىمنى باشلاپ كېلەي، ـ دەپ كېتىپ، ئۇلارنى باشلاپ كەلدى. ھەممىسى ئۇنداق قىلمىغانلىقىغا اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشتى. شۇ چاغدا، الله تائالا: ئۇ كۈنده الله ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك اللهقا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە

---

[1] سۈرە مۇجادىلە، 13 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (652): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(ئەھمەد: 3277؛ بەززار)

7263 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَرقَ نَخْلَ بَنِي النضِيرِ وَقَطَعَ وَهِيَ الْبُوَيْرَةُ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا فَبِإِذْنِ اللهِ وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِقِينَ.

7263 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى نەزىرنىڭ خورما دەرەخلىرىنىڭ بەزىسىنى كېسىپ، بەزىسىنى كۆيدۈرىۋەتتى. بۇ، بۇۋەيرە دېگەن جاي ئىدى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالانىڭ: ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆزە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (اللهنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللهنىڭ ئىتائەتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر [3] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.

(بۇخارى: 4884)

7264 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ فِي قَوْلِ اللهِ عَز وَجَل مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا قَالَ اللينَةُ النخْلَةُ وَلِيُخْزِيَ الْفَاسِقِينَ قَالَ اسْتَنْزَلُوهُمْ مِنْ حُصُونِهِمْ قَالَ وَأُمِرُوا بِقَطْعِ النخْلِ فَحَكَ فِي صُدُورِهِمْ فَقَالَ الْمُسْلِمُونَ قَدْ قَطَعْنَا بَعْضًا وَتَرَكْنَا بَعْضًا فَلَنَسْأَلَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ لَنَا فِيمَا قَطَعْنَا مِنْ أَجْرٍ وَهَلْ عَلَيْنَا فِيمَا تَرَكْنَا مِنْ وِزْرٍ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى مَا قَطَعْتُمْ مِنْ لِينَةٍ أَوْ تَرَكْتُمُوهَا قَائِمَةً عَلَى أُصُولِهَا الْآيَةَ.

---

[1] سۈرە مۇجادىلە، 18 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ھەشر، 5 ـ ئايەت.

7264 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: (ئى مۇسۇلمانلار! ) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە اللە رۇخسەت قىلدۇ، (اللەنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر [①] دېگەن ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: "لىينە" دېگەن سۆز خورما دەرىخىدۇر. "رەسۋا قىلىش ئۈچۈن" دېگەن ئىبارە، يەھۇدىيلارنىڭ قورغانلاردىن چۈشۈپ، مۇسۇلمانلارغا تەسلىم بولۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر ئەلۋەتتە ئۇلار (يەھۇدىيلار)نى ئېغىر ئىزتىراپقا چۆمدۈرگەنىدى. مۇسۇلمانلار ئۆز كۆڭۈللىرىدە: "خورمىلارنىڭ بىر قىسمىنى كېسىپ، بىر قىسمىنى قويۇپ قويدۇق. كەسكەنلىرىمىز ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىپ، كەسمىگەنلىرىمىز ئۈچۈن گۇناھقا كىرىپ قالارمىزمۇ؟" دەپ ئەندىشە قىلىشتى ۋە:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ باقايلىچۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلدى[②].

(تىرمىزى: 3303)

7265 ـ أنس: (أَلَمْ تَر إِلَى الذِينَ نَافَقُوا يَقُولُونَ لِإِخْوَانِهِمُ) الآية أن ابن أبي قـال ليهود النضير: إذا أراد النF صلى الله عليه وسلم إجلاءهم، فالت.

7265 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىغا: يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز. ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز، ـ دېگەن ئىدى، اللە تائالا: مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى) ئىنكار قىلغان ئەھلى كىتاب

---

[①] سۈرە ھەشر، 5 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (2631): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

بۇرادەرلىرىگە: ”يۇرتتۇغلاردىن چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، ھەرگىز سىلەرنىڭ زىيىنىڭلار ھېسابىغا باشقا ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز، سىلەرگە ئۇرۇش ئېچىلسا، چوقۇم سىلەرگە ياردەم بېرىمىز“ دېيىشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ﷲ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7266 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُبَايِعُ النسَاءَ بِالْكَلَامِ بِهَذِهِ الْآيَةِ لَا يُشْرِكْنَ بِاللهِ شَيْئًا قَالَتْ وَمَا مَستْ يَدُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَ امْرَأَةٍ إلا امْرَأَةً يَمْلِكُهَا.

7266 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ﷲقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرىغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ﷲتىن مەغفىرەت تىلىگىن، ﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [2] دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئاياللاردىن سۆز ئارقىلىق بەيئەت ئالاتتى. ئۇنىڭ قولى ئۆز ئىلكىدىكى ئاياللاردىن باشقا بىر ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان.

(بۇخارى: 7214)

---

[1] سۈرە ھەشىر، 11 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇمتەھىنە، 12 ـ ئايەت.

7267 ـ عن عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ في قَوْلِهِ (يا أيها الذِينَ آمَنُوا لا تَتَوَلَّوْا قَوْمًا غَضِبَ اللهُ عليهم قد يَئِسُوا مِنَ الآخِرَةِ) فَلا يُؤْمِنُوا بِهَا وَلا يُؤْجَرُوا هذا الْكَافِرُ إذا مَاتَ وَعَايَنَ ثَوَابَهُ وَاطلَعَ عليه.

7267 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللہ تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! اللہ غەزەب قىلغان قەۋمنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ (ساۋابىدىن) قەبرىلىرىدە ياتقان كۇففارلار ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك ھەقىقەتەن ئۈمىدىنى ئۈزدى [1] دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: شۇڭا ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتمايدۇ، ئۇلارغا ساۋابمۇ بېرىلمەيدۇ. كاپىرلار ئۆلۈپ كېتىپ ئالىدىغان ساۋابىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇ ساۋابلارغا ئېرىشىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 9059)

7268 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلَامٍ قَالَ قَعَدْنَا نَفَرٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتذَاكَرْنَا فَقُلْنَا لَوْ نَعْلَمُ أي الْأَعْمَالِ أحَب إلَى اللهِ لَعَمِلْنَاهُ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى سَبحَ لِلهِ مَا فِي السمَوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ يَا أيهَا الذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ فَقَرَأَهَا عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7268 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قانچە نەپەر ساھابىسى ئولتۇرۇپ، ئۆز ئارىمىزدا:

ـ قايسى ئەمەلنىڭ اللہقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، شۇنى قىلغان بولاتتۇق، ـ دېيىشكەن ئىدۇق، اللہ تائالا شۇ چاغدا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) اللہقا تەسبىھ ئېيتتى، اللہ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 13 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11416): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ مەريەمدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەدىسى زەئىپ كىشىدۇر، ـ دېگەن.

ئىش قىلغۇچىدۇر. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [1]. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (يېنىمىزغا كېلىپ) بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى[2].

(تىرمىزى: 3309)

7269 ـ عن جَابِر بن عَبْدِ اللهِ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ نُصَلي مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ أَقْبَلَتْ عِيرٌ تَحْمِلُ طَعَامًا فَالْتَفَتُوا إِلَيْهَا حَتى مَا بَقِيَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا اثْنَا عَشَرَ رَجُلًا فَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انْفَضوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا.

7269 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، شۇ چاغدا ئاشلىق كېلىۋىنى كېلىۋىدى، كىشىلەر كارۋان تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا پەقەت ئون ئىككى ئادەملا قالدى، شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد) ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ [3] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى.

(بۇخارى: 936)

7270 ـ وفي رواية: حتى لم يَبْقَ معه إلا اثْنَا عَشَرَ رَجُلًا فِيهِمْ أبو بَكْرٍ وَعُمَرُ.

7270 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاران ئون ئىككى كىشى قالدى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى.

(مۇسلىم: 863)

[1] سۈرە سەپ، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.
[2] ئەلبانى (2636): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە جۇمۇئە، 11 ـ ئايەت.

7271 ـ وفي رواية: إلا اثنا عَشَرَ رَجُلًا أنا فِيهِمْ.

7271 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاران ئون ئىككى كىشى قالغانىدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدىم.

(مۇسلىم: 863)

7272 ـ عَمْرُو بنُ دِينارٍ أنهُ سَمِعَ جابِرَاً رضي الله تعالى عنهُ يَقُولُ غَزَوْنا مَعَ النبِي ﷺ وقَدْ ثابَ مَعَهُ ناسٌ مِنَ المُهَاجِرِينَ حتى كَثُرُوا وكانَ مِنَ المُهَاجِرِينَ رَجُلٌ لعابٌ فَكَسَعَ أنْصَارِياً فَغَضِبَ الأنصَارِي غضَبَاً شَدِيدَاً حتى تَدَاعَوْا وقالَ الأنصَارِي يا لَلأنصَارِ وقال المُهَاجِرِي يا لَلْمُهَاجِرِينَ فخَرَجَ النبِي ﷺ فقال فَما بالُ دَعْوَى أهْلِ الجَاهِلِيةِ ثُم قال ما شَأْنُهُمْ فَأُخْبِرَ بِكَسْعَةِ المُهَاجِرِي الأنصَارِي قال فقال النبِي ﷺ دَعُوهَا فإنهَا خَبِيثَةٌ وقال عَبْدُ الله بنُ أُبَيٍّ بنُ سَلُولَ أقَدْ تَدَاعَوْا علَيْنا (لَئِنْ رَجَعْنَا إلَى المَدِينَةِ لَيُخْرِجَن الأعَز مِنْهَا الأذَل) ( المنافقون 8 ) فقال عُمَرُ ألا نَقْتُلُ يا رسُولَ الله هَذَا الخَبِيثَ لِعَبْدِ الله فقال النبِي ﷺ لا يَتَحَدثُ الناسُ أنهُ كانَ يَقْتُلُ أصْحَابَهُ.

7272 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق. بۇ غازاتقا چىققان مۇھاجىرلارنىڭ سانى بەكمۇ كۆپ ئىدى. بىر چاقچاقچى مۇھاجىر بىر ئەنسارىنىڭ قوڭىغا بىرنى تېپىپ قويۇۋىدى، ئەنسارى بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەبلەندى. ئاخىرى ئىش يوغىناپ، ئەنسارى:

ــ ئەي ئەنسارىلار! قېنى سىلەر؟ ـ دەپ ۋارقىراپ قەۋمىنى ياردەمگە چاقىردى. مۇھاجىرمۇ:

ــ ئەي مۇھاجىرلار! ــ دەپ ۋارقىراپ قەۋمىنى ياردەمگە چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ:

ــ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بۇ چاقىرىقى يەنە قانداق پەيدا بولدى؟! ــ دەپ جېدەلنى باستى. ئاندىن ئۇلارغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ، مۇھاجىرنىڭ ئەنسارىنى تەپكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە:

ــــ جاھىلىيەتنىــــڭ ئــادەتلىرىنى چــۆرۈپ تاشــلاڭلار. چــۈنكى ئــۇ نىجىستۇر، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل:
ـ ئۇلار تېخى ئـادەم چاقىرىـپ بىـزگە قارشـى چىقامـدۇ؟ مەدىـنىـگە قايتىـپ بارغاندا، ئەزىز كىشى خار كىشىنى مەدىنىـدىن چوقـۇم قـوغلاپ چىقىرىدۇ، ـ دېـدى. ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـۇبەيىنى كۆرسىتىـپ تۇرۇپ:
ــ ئى رەسـۇلۇللاھ! بـۇ نىجىسـنى ئۆلتۈرىۋەتمەيلىمـۇ؟ ـ دېگەنىـدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـــ يــاق! ئۇنــداق قىلســاڭ، خەقنىــڭ ئارىســـدا: ”مــۇھەممەد ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن“ دېگەن سۆز ـ چۆچەك تارقىلىدۇ، ـ دېدى.
(بۇخارى: 3518)

7273 ـ وفي رواية: فقال له ابْنُهُ عبد اللهِ بن عبد اللهِ والله لا تنفلت حتى تُقِر أنكَ الذلِيلُ وَرَسُولُ اللهِ ﷺ الْعَزِيزُ فَفَعَلَ.

7273 ــ يەنە بىــر رىــۋايەتتە مۇنــداق كەلــگەن: ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا:
ــ اللهنىــڭ نــامى بىــلەن قەســەمكى، سـەن تـاكى ئۆزەڭنىــڭ خــار، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەزىـز ئىكەنلىكىنـى ئېتىـراپ قىلمىغۇچە مەدىـنىـگە كىـرەلمەيسەن، ـ دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3315)

7274 ـ عن زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ أَصَابَ الناسَ فِيهِ شِدةٌ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي لِأَصْحَابِهِ لَا تُنْفِقُوا عَلَى مَنْ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ حَتى يَنْفَضوا مِنْ حَوْلِهِ وَقَالَ لَئِنْ رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَن الْأَعَز مِنْهَا الْأَذَل فَأَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْتُهُ فَأَرْسَلَ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ أُبَي فَسَأَلَهُ فَاجْتَهَدَ يَمِينَهُ مَا فَعَلَ قَالُوا كَذَبَ زَيْدٌ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَقَعَ فِي نَفْسِي مِما قَالُوا شِدةٌ حَتى

[1] ئەلبانى (2641): سەھىھ ـ دېگەن.

أُنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل تَصْدِيقِي فِي إِذَا جَاءَكَ الْمُنَافِقُونَ فَدَعَاهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَسْتَغْفِرَ لَهُمْ فَلَووْا رُءُوسَهُمْ وَقَوْلُهُ خُشُبٌ مُسَندَةٌ قَالَ كَانُوا رِجَالًا أَجْمَلَ شَيْءٍ.

7274 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بىر سەپەرگە چىقتۇق. ئۇ سەپەردە قوشۇننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتىشمەي، قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلدۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ھەمراھلىرىغا:

ـ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك بەرمەڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن. مەدىنىگە قايتقاندا، ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، ـ دېگەن ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى چاقىرتىپ سورىغانىدى، ئۇ ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، مېنىڭ يەردىن قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر: ”زەيد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالغان ئېيتىپتۇ“ دېگەنىدى. بۇ سۆزدىن بەكمۇ پەرىشان بولدۇم. كېيىن الله تائالا مېنىڭ راستچىللىقىمنى ئىسپاتلاپ مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: «گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن اللهنىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن» دەيدۇ، سېنىڭ ھەقىقەتەن اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) اللهنىڭ يولىدىن (يەنى اللهنىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ، ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)، ئۇلار ئىماننى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، (ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ

قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر، ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار (ساڭا ۋە مۆئمىنلەرگە) دۈشمەندۇر، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن، اللە ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ! ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: «كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ» دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان نەرسىدىن) يۈز ئۆرىگەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلارغا (مەيلى) مەغفىرەت تەلەپ قىلغىن، (مەيلى) مەغفىرەت تەلەپ قىلمىغىن، بەربىر ئوخشاش، اللە ئۇلارغا ھەرگىز مەغفىرەت قىلمايدۇ، شۈبھىسىزكى، پاسىق قەۋمنى اللە ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۇلار: «رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىمەڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن» دەيدۇ، ئاسمانىنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرى اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر. ۋە لېكىن مۇناپىقلار (اللەنىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۆئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. غەلىبە اللەقا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ [1]. زەيد اللە تائالانىڭ: گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر دېگەن ئايىتىنى: ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى بەكمۇ كېلىشكەن ئىدى، - دەپ تەپسىر قىلغان.

(بۇخارى: 4903)

7275 - عن زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ غَزَوْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ مَعَنَا أُنَاسٌ مِنْ الْأَعْرَابِ فَكُنَّا نَبْتَدِرُ الْمَاءَ وَكَانَ الْأَعْرَابُ يَسْبِقُونَا إِلَيْهِ فَسَبَقَ أَعْرَابِي أَصْحَابَهُ

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 1 - دىن 8 - ئايەتكىچە.

فَيَسْبِقُ الْأَعْرَابِي فَيَمْلَأُ الْحَوْضَ وَيَجْعَلُ حَوْلَهُ حِجَارَةً وَيَجْعَلُ النطْعَ عَلَيْهِ حَتى يَجِيءَ أَصْحَابُهُ قَالَ فَأَتى رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ أَعْرَابِيا فَأَرْخَى زِمَامَ نَاقَتِهِ لِتَشْرَبَ فَأَبى أَنْ يَدَعَهُ فَانْتَزَعَ قِبَاضَ الْمَاءِ فَرَفَعَ الْأَعْرَابِي خَشَبَتَهُ فَضَرَبَ بِهَا رَأْسَ الْأَنصَارِي فَشَجهُ فَأَتى عَبْدَ اللهِ بْنَ أُبَي رَأْسَ الْمُنَافِقِينَ فَأَخْبَرَهُ وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِهِ فَغَضِبَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي ثُم قَالَ لَا تُنفِقُوا عَلَى مَنْ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ حَتى يَنفَضوا مِنْ حَوْلِهِ يَعْنِي الْأَعْرَابَ وَكَانُوا يَحْضُرُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ الطعَامِ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ إِذَا انفَضوا مِنْ عِنْدِ مُحَمدٍ فَأْتُوا مُحَمدًا بِالطعَامِ فَلْيَأْكُلْ هُوَ وَمَنْ عِنْدَهُ ثُم قَالَ لِأَصْحَابِهِ لَئِنْ رَجَعْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَن الْأَعَز مِنْهَا الْأَذَل قَالَ زَيْدٌ وَأَنَا رِدْفُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ أُبَي فَأَخْبَرْتُ عَمي فَانْطَلَقَ فَأَخْبَرَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَلَفَ وَجَحَدَ قَالَ فَصَدقَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَذبَنِي قَالَ فَجَاءَ عَمي إِلَي فَقَالَ مَا أَرَدْتَ إِلا أَنْ مَقَتَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَذبَكَ وَالْمُسْلِمُونَ قَالَ فَوَقَعَ عَلَي مِنْ الْهَم مَا لَمْ يَقَعْ عَلَى أَحَدٍ قَالَ فَبَيْنَمَا أَنَا أَسِيرُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ قَدْ خَفَقْتُ بِرَأْسِي مِنْ الْهَم إِذْ أَتَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَرَكَ أُذُنِي وَضَحِكَ فِي وَجْهِي فَمَا كَانَ يَسُرنِي أَن لِي بِهَا الْخُلْدَ فِي الدنْيَا ثُم إِن أَبَا بَكْرٍ لَحِقَنِي فَقَالَ مَا قَالَ لَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ مَا قَالَ لِي شَيْئًا إِلا أَنهُ عَرَكَ أُذُنِي وَضَحِكَ فِي وَجْهِي فَقَالَ أَبْشِرْ ثُم لَحِقَنِي عُمَرُ فَقُلْتُ لَهُ مِثْلَ قَوْلِي لِأَبِي بَكْرٍ فَلَما أَصْبَحْنَا قَرَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُورَةَ الْمُنَافِقِينَ.

7275 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غازاتقا چىقتۇق، بۇ سەپەردە ئەئرابىيلاردىنمۇ خېلى كۆپ ئادەم بار ئىدى. سۇ بار يەرگە بۇرۇنراق يېتىپ بېرىشقا تىرىشاتتۇق، ئەمما ئەئرابىيلار بىزدىن بۇرۇن بېرىپ بولاتتى. ئۇلاردىن بىرى ھەمراھلىرىدىن بۇرۇن بېرىپ، كۆلچەككە سۇ تولدۇرۇپ، ئەتراپىنى تاش بىلەن توسۇپ، ھەمراھلىرى كەلگىچە ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. بىر يەرگە يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئەنسارىلاردىن بىرى بىر ئەئرابىينىڭ قېشىغا كېلىپ، تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بېرىپ سۇغارماقچى بولغانىدى، ئەئرابىي

ئۇنى توسىۋالدى. لېكىن ئەنسارى ئۇنى بوسۇپ ئۆتۈپ، كۆلچەككە چۈشتى. بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن ئەئرابىي قولىغا كالتەك ئېلىپ، ئەنسارىنىڭ بېشىنى ئۇرۇپ يېرىۋەتتى. بېشى يېرىلغان ئەنسارى مۇناپىقلارنىڭ بېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەرز قىلدى. بۇ ئىشقا غەزەبلەنگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي:

ـ پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرنى تەمىنلىمەڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن، ـ دېدى. ئۇلار ئەئرابىيلار ئىدى، تاماق ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تاماققا ئىشتىراك قىلاتتى. ئابدۇللاھ بۇنداق قىلغۇزماسلىق ئۈچۈن: مۇھەممەدكە تاماقنى ئەئرابىيلار تارقاپ كەتكەندىن كېيىن ئېلىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ھەمراھلىرىغا:

ـ مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتسۇن! ـ دەپ تەلىمات بەردى.

مەن بۇ سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، تاغامغا ئېيتتىم، تاغام بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنى چاقىرىپ سورۇشتۇرۇپ قىلغانىدى، ئابدۇللاھ ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تەستىقلاپ، مېنى يالغانچىغا چىقاردى. تاغام كېلىپ:

ـــ كۆردۈڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئۆزەڭگە ئۆچ قىلىپ قويدۇڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېچبىر كىشىنىڭ بېشىغا كەلمىگەن غەم ـ قايغۇ مېنىڭ بېشىمغا كەلدى.

كېيىن، سەپەرگە ئاتلاندۇق، غەم ـ قايغۇدىن بېشىم چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتۈشتۈمتۈت قېشىمغا كېلىپ، قۇلىقىمنى ئۇۋۇلاپ، يۈزۈمگە كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن شۇ پەيتنى دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشقىمۇ تېگىشمەيمەن. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ماڭا يېتىشىۋېلىپ:

ـ رەسۇلۇللاھ ساڭا نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـــ ھېچنېمە دېمىدى، پەقەت قۇلىقىمنى ئۇۋۇلاپ، يۈزۈمگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ـ دېدىم. ئۇ:

ـــ ساڭا خۇش بېشارەت! ـــ دېدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كېلىپ سورىغانىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئەبۇ بەكرىگە بەرگەندەك جاۋاب بەردىم. ئەتىسى سەھەردە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنافىقۇن سۈرىسىنى ئوقۇپ بەردى[1].

(تىرمىزى: 3313)

7276 ـ في رواية: أن ذلك كان في غَزْوَةُ بَنِي الْمُصْطَلِقِ.

7276 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ ۋەقەلىك بەنى مۇستەلەق غازىتىدا بولغان، ـ دېيىلگەن. (تىرمىزى: 3315).

7277 ـ في رواية: أن ذلك كان في غَزْوَةِ تَبُوكَ.

7277 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ ۋەقەلىك تەبۇك غازىتىدا بولغان، ـ دېيىلگەن.

(تىرمىزى: 3314)

7278 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ مَنْ كَانَ لَهُ مَالٌ يُبَلِّغُهُ حَجَّ بَيْتِ رَبِهِ أَوْ تَجِبُ عَلَيْهِ فِيهِ الزكَاةُ فَلَمْ يَفْعَلْ يَسْأَلْ الرجْعَةَ عِنْدَ الْمَوْتِ فَقَالَ رَجُلٌ يَا ابْنَ عَباسٍ اتقِ اللهَ إِنمَا يَسْأَلُ الرجْعَةَ الْكُفارُ قَالَ سَأَتْلُو عَلَيْكَ بِذَلِكَ قُرْآنًا يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُـمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمْ الْخَاسِرُونَ وَأَنْفِقُوا مِنْ مَا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمْ الْمَوْتُ إِلَى قَوْلِهِ وَاللهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ قَالَ فَمَا يُوجِبُ الزكَاةَ قَالَ إِذَا بَلَغَ الْمَالُ مِائَتَيْ دِرْهَمٍ فَصَاعِدًا قَالَ فَمَا يُوجِبُ الْحَج قَالَ الـزادُ وَالْـبَعِيرُ حَدثَنَا عَبْدُ بْنُ حُمَيْدٍ حَدثَنَا عَبْدُ الرزاقِ عَنْ الثوْرِيِ عَنْ يَحْيَى بْنِ أَبِي حَيةَ عَنْ الضـحاكِ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِيِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِنَحْوِهِ و قَالَ هَكَذَا رَوَى سُفْيَانُ بْنُ عُيَيْنَـةَ

[1] ئەلبانى (2640): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

وَغَيْرُ وَاحِدٍ هَذَا الْحَدِيثَ عَنْ أَبِي جَنَابٍ عَنْ الضحاكِ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَوْلَهُ وَلَـمْ يَرْفَعْـوهُ وَهَذَا أَصَح مِنْ رِوَايَةِ عَبْدِ الرزاقِ وَأَبو جَنَابٍ اسْمُهُ يَحْيَى بْنُ أَبِي حَيةَ.

7278 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ كىمنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغۇدەك ياكى زاكات بەرگۇدەك ئىقتىسادى بار تۇرۇپ، بۇلارنى ئادا قىلمىسا، ئۆلگەندە دۇنياغا قايتىشنى اللهتىن تىلەيدۇ، ـ دېۋىدى، بىر كىشى ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئىبنى ئابباس! اللهتىن قورق، دۇنياغا قايتىشنى كاپىرلار تىلەيدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا:

ـ مەن ساڭا دەلىل قىلىپ قۇرئان ئوقۇپ بېرەي، ـ دېدى ۋە: ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى اللهنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللهنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: "پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم" دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار. الله ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئۇ كىشى:

ـ ئۇنداقتا، قانچىلىك ئىقتىسادى بار ئادەمگە زاكات ۋاجىب بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئىبنى ئابباس:

ـ ئىككى يۈز دەرھەمگە يەتسە، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ ھەج قاچان پەرز بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئىبنى ئابباس:

ـ يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكى ۋە ئۇلىغى بولغاندا، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3316)

[1] سۈرە مۇنافىقۇن، 9 ـ دىن 11 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (653): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

## تاغابۇن، تالاق ۋە تەھرىم سۈرىلىرى

7279 ـ وقال عَلْقَمَةُ عن عبد اللهِ (وَمَنْ يُؤْمِنْ بِاللهِ يَهْدِ قَلْبَهُ) هو الذي إذا أَصَابَتْهُ مُصِيبَةٌ رضي وَعَرَفَ أنا من اللهِ.

7279 ـ ئەلقەمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى اللهقا (ھەر قانداق مۇسىبەت اللهنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر[1] دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: ئۇ، بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ اللهتىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ، تەن بېرىدىغان كىشىدۇر.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7280 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ وَسَأَلَهُ رَجُلٌ عَنْ هَذِهِ الْآيَةِ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا إِن مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوا لَكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ قَالَ هَؤُلَاءِ رِجَالٌ أَسْلَمُوا مِنْ أَهْلِ مَكةَ وَأَرَادُوا أَنْ يَأْتُوا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَبى أَزْوَاجُهُمْ وَأَوْلَادُهُمْ أَنْ يَدَعُوهُمْ أَنْ يَأْتُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما أَتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَوْا الناسَ قَدْ فَقُهُوا فِي الدينِ هَموا أَنْ يُعَاقِبُوهُمْ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا إِن مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوا لَكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ الْآيَةَ.

7280 ـ بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغفىرەت قىلساڭلار (الله

[1] سۈرە تەغابۇن، 11 ـ ئايەت.

سىلەرنىمۇ مەغفىرەت قىلىدۇ). الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەت ھەققىدە سورىغانىدى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: ئۇلار مەككە ئەھلىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلماقچى بولغاندا، خوتۇن ـ بالىلىرى ئۇلارنى ھىجرەت قىلىشتىن توسۇپ قالغانىدى. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارغاندا، كىشىلەرنىڭ ئاللىقاچان دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى جازالىماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3317)

7281 ـ قال ابن عُمَرَ وَقَرَأ النبي ﷺ (يا أيها النبي إذا طَلَّقْتُمْ النسَاءَ فَطَلِّقُوهُن) في قُبُلِ عِدتِهن. قال مَالِكٌ يَعْنِي بِذَلِكَ أَنْ يُطَلِّقَ في كل طُهْرٍ مَرةً.

7281 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تالاق سۈرىسىنىڭ 1ـ ئايىتىنى: «ئىددىتىگە لايىق پەيتتە تالاق قىلىڭلار» دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئىمام مالىك: بۇنىڭدىن ھەر بىر پاكلانغاندا بىر قېتىم تالاق قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ، ـ دېگەن.

(مۇسلىم 1471؛ مالىك: 1221)

7282 ـ عن مُعَاذِ بن جَبَلٍ قال سمعت رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول يـا أيهَا الناس اتخِذُوا تَقْوَى اللهِ تِجَارَةً يَأْتِيكُمُ الرزْقُ بِلا بِضَاعَةٍ وَلا تِجَارَةٍ ثُم قَرَأَ (وَمَنْ يَتقِ اللهَ يَجْعَلْ له مَخْرَجًا وَيَرْزُقْهُ من حَيْثُ لا يَحْتَسِبُ)

[1] سۈرە تەغابۇن، 14 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2642): ھەسەن، ـ دېگەن.

7282 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«ئى خالايىق! اللهقا تەقۋادارلىق قىلىشنى ئۆزەڭلارغا يار قىلساڭلار، رىزقىڭلار پۇل ـ مالسىز، تىجارەتسىزمۇ كېلىۋېرىدۇ» دېگەندىن كېيىن: كىمكى اللهتىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ [1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم [2].

(«ئەلكەبىر»: 97/20)

7283 ـ عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَمْكُثُ عِنْدَ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ وَيَشْرَبُ عِنْدَهَا عَسَلًا فَتَوَاصَيْتُ أنا وَحَفْصَةُ أن أيتَنَا دَخَلَ عَلَيْهَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلْتَقُلْ إني أجِدُ مِنْكَ رِيحَ مَغَافِيرَ أكَلْتَ مَغَافِيرَ فَدَخَلَ عَلَى إحْدَاهُمَا فَقَالَتْ لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ لَا بَلْ شَرِبْتُ عَسَلًا عِنْدَ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ وَلَنْ أعُودَ لَهُ فَنَزَلَتْ يَا أيهَا النبِي لِمَ تُحَرمُ مَا أحَل اللهُ لَكَ إلَى إنْ تَتُوبَا إلَى اللهِ لِعَائِشَةَ وَحَفْصَةَ وَإذْ أسَر النبِي إلَى بَعْضِ أزْوَاجِهِ لِقَوْلِهِ بَلْ شَرِبْتُ عَسَلًا.

7283 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەب بىنتى جەھشنىڭ يېنىغا كىرسە، ھەسەل ئىچىپ چىقاتتى. ھەفسە ئىككىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسىمىزنىڭ قېشىغا كىرسە: ''مەغافىر (پۇرىقى ناچار بىر خىل ئۆسۈملۈك) يېدىڭمۇ؟ مەغافىر پۇرىقى كېلىۋاتىدىغۇ؟!'' دېيىشكە پۈتۈشۇۋالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھەفسە ئىككىمىزدىن) بىرىمىزنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى پۈتۈشۇۋالغان سۆزنى قىلغانىدۇق، ئۇ:

[1] سۈرە تالاق، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11421): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئەمر بۇجەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ ياق، مەغافىر يېمىدىم، زەينەبنىڭ يېنىدا ھەسەل ئىچكەنىدىم، ئەمدى ھەرگىز ئىچمەيمەن، ـ دېدى. شۇ چاغدا اللە تائالا: ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن اللە ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن هارام قىلىسەن، اللە ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. اللە سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، اللە سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، اللە ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، اللە بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى)، بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): «بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟» دېدى، پەيغەمبەر: «ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار اللە خەۋەر قىلدى» دېدى. ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللەقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللاھ خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ ھالدا اللە ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتتىكى: ئىككىڭلار اللەقا تەۋبە قىلساڭلار دېگەن ئىبارە ئائىشە بىلەن ھەفسەگە قارىتىلغان. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى دېگەن ئىبارە بولسا، پەيغەمبەر

[1] سۇرە تەھرىم، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەفسەگە ئۆزىنىڭ زەينەبنىڭ يېنىدا ھەسەل ئىچكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىغا قارىتىلغان.

(بۇخارى: 5267)

7284 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَمْ أَزَلْ حَرِيصًا عَلَى أَنْ أَسْأَلَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ عَنْ الْمَرْأَتَيْنِ مِنْ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللتَيْنِ قَالَ اللهُ تَعَالَى إِنْ تَتُوبَا إِلَى اللهِ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا حَتى حَج وَحَجَجْتُ مَعَهُ وَعَدَلَ وَعَدَلْتُ مَعَهُ بِإِدَاوَةٍ فَتَبَرزَ ثُم جَاءَ فَسَكَبْتُ عَلَى يَدَيْهِ مِنْهَا فَتَوَضأَ فَقُلْتُ لَهُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ مَنْ الْمَرْأَتَانِ مِنْ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللتَانِ قَالَ اللهُ تَعَالَى إِنْ تَتُوبَا إِلَى اللهِ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا قَالَ وَاعَجَبًا لَكَ يَا ابْنَ عَباسٍ هُمَا عَائِشَةُ وَحَفْصَةُ ثُم اسْتَقْبَلَ عُمَرُ الْحَدِيثَ يَسُوقُهُ قَالَ كُنْتُ أَنَا وَجَارٌ لِي مِنْ الْأَنْصَارِ فِي بَنِي أُمَيةَ بْنِ زَيْدٍ وَهُمْ مِنْ عَوَالِي الْمَدِينَةِ وَكُنا نَتَنَاوَبُ النزُولَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَنْزِلُ يَوْمًا وَأَنْزِلُ يَوْمًا فَإِذَا نَزَلْتُ جِئْتُهُ بِمَا حَدَثَ مِنْ خَبَرِ ذَلِكَ الْيَوْمِ مِنْ الْوَحْيِ أَوْ غَيْرِهِ وَإِذَا نَزَلَ فَعَلَ مِثْلَ ذَلِكَ وَكُنا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ نَغْلِبُ النسَاءَ فَلَما قَدِمْنَا عَلَى الْأَنْصَارِ إِذَا قَوْمٌ تَغْلِبُهُمْ نِسَاؤُهُمْ فَطَفِقَ نِسَاؤُنَا يَأْخُذْنَ مِنْ أَدَبِ نِسَاءِ الْأَنْصَارِ فَصَخِبْتُ عَلَى امْرَأَتِي فَرَاجَعَتْنِي فَأَنْكَرْتُ أَنْ تُرَاجِعَنِي قَالَتْ وَلِمَ تُنْكِرُ أَنْ أُرَاجِعَكَ فَوَاللهِ إِن أَزْوَاجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيُرَاجِعْنَهُ وَإِن إِحْدَاهُن لَتَهْجُرُهُ الْيَوْمَ حَتى الليْلِ فَأَفْزَعَنِي ذَلِكَ وَقُلْتُ لَهَا قَدْ خَابَ مَنْ فَعَلَ ذَلِكِ مِنْهُن ثُم جَمَعْتُ عَلَي ثِيَابِي فَنَزَلْتُ فَدَخَلْتُ عَلَى حَفْصَةَ فَقُلْتُ لَهَا أَيْ حَفْصَةُ أَتُغَاضِبُ إِحْدَاكُن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْيَوْمَ حَتى الليْلِ قَالَتْ نَعَمْ فَقُلْتُ قَدْ خِبْتِ وَخَسِرْتِ أَفَتَأْمَنِينَ أَنْ يَغْضَبَ اللهُ لِغَضَبِ رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَهْلِكِي لَا تَسْتَكْثِرِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا تُرَاجِعِيهِ فِي شَيْءٍ وَلَا تَهْجُرِيهِ وَسَلِينِي مَا بَدَا لَكِ وَلَا يَغُرنكِ أَنْ كَانَتْ جَارَتُكِ أَوْضَأَ مِنْكِ وَأَحَب إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُرِيدُ عَائِشَةَ قَالَ عُمَرُ وَكُنا قَدْ تَحَدثْنَا أَن غَسانَ تُنْعِلُ الْخَيْلَ لِغَزْوِنَا فَنَزَلَ صَاحِبِي الْأَنْصَارِي يَوْمَ نَوْبَتِهِ فَرَجَعَ إِلَيْنَا عِشَاءً فَضَرَبَ بَابِي ضَرْبًا شَدِيدًا وَقَالَ أَثَم هُوَ فَفَزِعْتُ فَخَرَجْتُ إِلَيْهِ فَقَالَ قَدْ حَدَثَ الْيَوْمَ أَمْرٌ عَظِيمٌ قُلْتُ مَا هُوَ أَجَاءَ غَسانُ قَالَ لَا بَلْ أَعْظَمُ مِنْ ذَلِكَ وَأَهْوَلُ طَلقَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِسَاءَهُ

وَقَالَ عُبَيْدُ بْنُ حُنَيْنٍ سَمِعَ ابْنَ عَباسٍ عَنْ عُمَرَ فَقَالَ اعْتَزَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ أَزْوَاجَهُ فَقُلْتُ خَابَتْ حَفْصَةُ وَخَسِرَتْ قَدْ كُنتُ أَظُن هَذَا يُوشِكُ أَنْ يَكُونَ فَجَمَعْتُ عَلَي ثِيَابِي فَصَليْتُ صَلَاةَ الْفَجْرِ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ مَشْرُبَةً لَهُ فَاعْتَزَلَ فِيهَا وَدَخَلْتُ عَلَى حَفْصَةَ فَإِذَا هِيَ تَبْكِي فَقُلْتُ مَا يُبْكِيكِ أَلَـمْ أَكُنْ حَذرْتُكِ هَذَا أَطَلقَكُن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ لَا أَدْرِي هَا هُوَ ذَا مُعْتَزِلٌ فِي الْمَشْرُبَةِ فَخَرَجْتُ فَجِئْتُ إِلَى الْمِنْبَرِ فَإِذَا حَوْلَهُ رَهْطٌ يَبْكِي بَعْضُهُمْ فَجَلَسْتُ مَعَهُمْ قَلِيلًا ثُم غَلَبَنِي مَا أَجِدُ فَجِئْتُ الْمَشْرُبَةَ التِي فِيهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ لِغُلَامٍ لَهُ أَسْـوَدَ اسْتَأْذِنْ لِعُمَرَ فَدَخَلَ الْغُلَامُ فَكَلمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم رَجَعَ فَقَالَ كَلمْتُ النبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَذَكَرْتُكَ لَهُ فَصَمَتَ فَانْصَرَفْتُ حَتى جَلَسْتُ مَعَ الرهْطِ الذِينَ عِنْـدَ الْمِنْبَرِ ثُم غَلَبَنِي مَا أَجِدُ فَجِئْتُ فَقُلْتُ لِلْغُلَامِ اسْتَأْذِنْ لِعُمَرَ فَدَخَلَ ثُم رَجَـعَ فَقَـالَ قَـدْ ذَكَرْتُكَ لَهُ فَصَمَتَ فَرَجَعْتُ فَجَلَسْتُ مَعَ الرهْطِ الذِينَ عِنْدَ الْمِنْبَرِ ثُم غَلَبَنِـي مَـا أَجِـدُ فَجِئْتُ الْغُلَامَ فَقُلْتُ اسْتَأْذِنْ لِعُمَرَ فَدَخَلَ ثُم رَجَعَ إِلَي فَقَالَ قَدْ ذَكَرْتُكَ لَهُ فَصَمَتَ فَلَمـا وَليْتُ مُنْصَرِفًا قَالَ إِذَا الْغُلَامُ يَدْعُونِي فَقَالَ قَدْ أَذِنَ لَكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا هُوَ مُضْطَجِعٌ عَلَى رِمَالِ حَصِيرٍ لَيْسَ بَيْنَهُ وَبَيْنَهُ فِراeٌ قَدْ أَثرَ الرمَالُ بِجَنْبِهِ مُتكِئًا عَلَى وِسَادَةٍ مِنْ أَدَمٍ حَشْوُهَا لِيفٌ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ ثُم قُلْتُ وَأَنَا قَائِمٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَطَلقْتَ نِسَاءَكَ فَرَفَعَ إِلَي بَصَرَهُ فَقَالَ لَا فَقُلْتُ اللهُ أَكْبَرُ ثُم قُلْـتُ وَأَنَا قَائِمٌ أَسْتَأْنِسُ يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ رَأَيْتَنِي وَكُنا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ نَغْلِبُ النسَاءَ فَلَمـا قَـدِمْنَا الْمَدِينَةَ إِذَا قَوْمٌ تَغْلِبُهُمْ نِسَاؤُهُمْ فَتَبَسمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ رَأَيْتَنِي وَدَخَلْتُ عَلَى حَفْصَةَ فَقُلْتُ لَهَا لَا يَغُرنكِ أَنْ كَانَتْ جَارَتُكِ أَوْضَأَ مِنْكِ وَأَحَب إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُرِيدُ عَائِشَةَ فَتَبَسمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَبَسمَةً أُخْـرَى فَجَلَسْتُ حِينَ رَأَيْتُهُ تَبَسمَ فَرَفَعْتُ بَصَرِي فِي بَيْتِهِ فَوَاللهِ مَا رَأَيْتُ فِي بَيْتِهِ شَيْئًا يَرُد الْبَصَـرَ غَيْرَ أَهَبَةٍ ثَلَاثَةٍ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ فَلْيُوَسعْ عَلَى أُمتِكَ فَإِن فَارِسَ وَالرومَ قَدْ وُسعَ عَلَيْهِمْ وَأُعْطُوا الدنْيَا وَهُمْ لَا يَعْبُدُونَ اللهَ فَجَلَسَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ مُتكِئًـا فَقَالَ أَوَفِي هَذَا أَنتَ يَا ابْنَ الْخَطابِ إِن أُولَئِكَ قَوْمٌ عُجلُوا طَيبَاتِهِمْ فِي الْحَيَـاةِ الـدنْيَا

فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ اسْتَغْفِرْ لِي فَاعْتَزَلَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِسَاءَهُ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ الْحَدِيثِ حِينَ أَفْشَتْهُ حَفْصَةُ إِلى عَائِشَةَ تِسْعًا وَعِشْرِينَ لَيْلَةً وَكَانَ قَالَ مَا أَنا بِدَاخِلٍ عَلَيْهِن شَهْرًا مِنْ شِدةِ مَوْجِدَتِهِ عَلَيْهِن حِينَ عَاتَبَهُ اللهُ.

7284 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن ئىككىسى ھەققىدە سوئال سوراشقا بەك ھېرىس ئىدىم. الله تائالا بۇ ئىككى ئايال ھەققىدە: ئەگەر ئىككىڭلار اللهقا تەۋبە قىلساڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشى، چۈنكى سىلەرنىڭ دىلىڭلار بۇرۇلۇپ كەتتى دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان ئىدى. نىھايەت، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ھەج سەپىرىگە چىقتىم. ئۇ (يولدا كېتىۋېتىپ) ھاجەت قىلىش ئۈچۈن يولنىڭ چېتىگە چىقتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر چۆگۈن (سۇ)نى كۆتۈرگىنىمچە يولنىڭ چېتىگە چىقتىم. ئۇ ھاجەت قىلىپ قايتىپ كېلىپ، تاھارەت ئالماقچى بولۇپ ئولتۇردى، مەن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ بەرگەچ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! الله تائالا رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى ئايالى ھەققىدە: ئەگەر ئىككىڭلار تەۋبە قىلساڭلار... دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغانىدى، ئۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۆمەر:

ـ ئى ئىبنى ئابباس! مېنى بەكلا ھەيران قالدۇردۇڭ، ئۇ ئىككىسى ئائىشە بىلەن ھەفسە، ـ دېدى ۋە سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

ــ مەن ئەنسارىلاردىن بىر قوشنام بىلەن مەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى مەھەللىسىدە ئۇمەييە ئىبنى زەيد جەمەتى ئارىسىدا ئولتۇراتتىم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا نۆۋەتلىشىپ (بىر كۈن ئۇ، بىر كۈن مەن) چۈشەتتۇق. مەن چۈشكەن كۈنۈمدە شۇ كۈنكى (رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن ۋەھى ۋە باشقا) خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ نۆۋىتى بىلەن چۈشكەندە، ماڭا شۇ كۈنلۈك ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرەتتى. بىز قۇرەيش خەلقى ئاياللارنى باشقۇرىدىغان خەلق ئىدۇق. مەدىنىگە كەلسەك، ئەنسارىلارنى ئاياللىرى باشقۇرىدىكەن. شۇنىڭ

بىلەن، بىزنىڭ ئايالىرىمىزمۇ ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ قىلىقلىرىنى ئۆگەنگىلى تۇردى. مەن ئايالىمغا ۋارقىرىسام، ئۇمۇ تەڭلا مەن بىلەن تاكاللاشتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن تاكاللاشقىنىنى بەكمۇ ھار ئالدىم. ئايالىم ماڭا:

ـ ساڭا گەپ ياندۇرغانلىقىم ئۈچۈن ھار ئالمىغىن. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ (رەسۇلۇللاھقا) گەپ ياندۇرىدىكەن. ھەتتا بەزىلىرى بىر كۈن كەچكىچە رەسۇلۇللاھقا چىراي ئاچمايدىكەن، ـ دېدى. مەن بۇ گەپلەردىن چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ”بۇنداق چوڭ ئىشنى قىلغان كىشى چوقۇم زىيان تارتىپ كېتىدۇ“ دېدىم. ئاندىن كىيىملىرىمنى كىيىپ، قىزىم ھەفسەنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇنىڭدىن:

ــ ئى ھەفسە! رەسۇلۇللاھتىن بىر كۈن كەچكىچە يامانلىغان كۈنلىرىڭلارمۇ بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. مەن:

ـ رەسۇلۇللاھتىن يامانلىغان كىشى ھالاك بولۇپ، ئېغىر زىيان تارتىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن اﷲنىڭ سىلەرگە غەزەبلىنىشىدىن قورقمامسىلەر؟ ئەي ھەفسە، بۇنداق قىلساڭ، چوقۇم زىيان تارتىسەن. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلمىغىن، گەپ ياندۇرمىغىن، تاشلاپ قويمىغىن. بىر نەرسە لازىم بولسا، مەندىن سورىغىن. كۈندىشىڭ (ئائىشە) چىرايلىق ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھبۇبىسى بولغاچقا، سەن ھەرگىز تەنتەكلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوخشايمەن دېمىگىن! ــ دەپ چىقىپ كەتتىم.

(شۇ كۈنلەردە) غەسسان قەبىلىسىنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدۇق. بىر كۈنى، ئۆز نۆۋىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چۈشۈپ كەتكەن قوشنام كەچتە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكىمنى قاتتىق ئۇردى ۋە:

— ئەي ئۆمەر! سەن ئۆيدىمۇ؟ - دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئورنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ، دەرھال يېنىغا چىقتىم. ئۇ:

- چوڭ ئىش يۈز بەردى، - دېدى. مەن:

- نېمە ئىش بولدى؟ غەسسان ھۇجۇم قىلىپ كەلدىمۇ يە؟ - دەپ سورىسام، ئۇ:

- ياق! ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىش يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ، - دېدى. مەن:

- ھەفسە ھالاك بولدى، زىيان تارتىپ كەتتى. مەن پات يېقىندا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، - دېدىم ۋە كىيىملىرىمنى كىيىپ، بامداتنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقۇدۇم. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىچىك كەپە ئۆيىگە كىرىۋالدى. مەن ھەفسەنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ. مەن:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ مەن سېنى ئاگاھلاندۇرمىغانمىدىم؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنى تالاق قىلىۋەتتىمۇ؟ - دېسەم، ھەفسە:

— ئۇقمايمەن. ئۇ كەپە ئۆيىگە چىقىۋالدى، - دېدى. ھەفسەنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، (مەسجىدتىكى) مۇنبەرنىڭ يېنىغا كەلدىم. بىر نەچچەيلەن ئۇ يەردە ئولتۇرغانىكەن، قارىسام، بەزىسى يىغلاۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا بىرئاز ئولتۇرۇپ باقتىم، لېكىن ئىچىم تىتىلداپ كېتىپ، ئولتۇرالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرۇۋاتقان كەپە ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلدىم - دە، قاراۋۇللۇقتا تۇرغان خىزمەتچىگە:

- ئۆمەرنىڭ كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىغىن! - دېدىم. ئۇ كىرىپ كېتىپ، قايتىپ چىقتى ۋە:

— سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئېيتتىم، ئەمما جاۋاب بەرمىدى، — دېدى. مەن (كەينىمگە) ئۆرۈلۈپ (يەنە) مۇنبەرنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر بىلەن ئولتۇردۇم. لېكىن يەنە ئىچىم تىتىلداپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، خىزمەتچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ ئۆمەر ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم رۇخسەت سورىغىن، ـ دېدىم، يەنە ئىجازەت بولمىغاندىن كېيىن، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى خىزمەتچى مېنى چاقىرىپ:

ــ رەسۇلۇللاھ كىرىشىڭگە رۇخسەت قىلدى، ـ دېدى. ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدىلا يانچە ياتقان بولۇپ، ئاستىدا كۆرپە يوق ئىدى. قارىسام، بورا بېقىنىغا پېتىپ ئىز چىقىپ قاپتۇ. باش تەرىپىدە خورما تالاسى تىقىلغان تېرە ياستۇق تۇراتتى. ئۇنىڭغا سالام بەردىم ۋە ئۆرە تۇرغان پېتى:

ــ ئاياللارنى تالاق قىلىۋەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، كۆزىنى ئېچىپ، ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ياق! ـ دېدى. شۇندىلا كۆڭلۈم جايىغا چۈشۈپ، گەپ باشلىدىم ۋە:

ـــ قارىمامدىغان بۇ ئىشنى؟ بىز قۇرەيشلەر ئاياللىرىنى باشقۇرىدىغان خەلق ئىدۇق، مەدىنىگە كەلسەك، بۇلارنى ئاياللىرى باشقۇرىدىكەن. بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ بۇ ئاياللارنىڭ قىلىقلىرىنى ئۆگەنگىلى تۇردى، ـ دېسەم، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ـــ تېخى ئۆتكەندىلا ھەفسەگە: كۈندىشىڭ چىرايلىق ھەم ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مەھبۇبىسى. شۇڭا سەن ھەرگىز تەنتەكلىك قىلىپ سالمىغىن! ــ دەپ نەسىھەت قىلغانىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇم ۋە ھۇجرىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھۇجرىدا ئۈچ پارچە تېرىدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم. ئۇنىڭغا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالاغا دۇئا قىلساڭ، ئۈممەتلىرىڭگە كەڭ ـ كۇشادىلىق ئاتا قىلغان بولسا. پارس ۋە رۇم خەلقى الله تائالاغا ئىبادەت قىلمىسىمۇ، كەڭ ـ كۇشادە ياشاپ، مال ـ دۇنياسى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ:

ـ ئى ئىبنى خەتتاب! سەن شەكلىنىپ قالدىڭمۇ؟ ئۇلار ھاياتى دۇنيادىلا نېسىۋىلىرى بېرىلىپ بولغان كىشىلەر، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەغفىرەت تەلەپ قىلغىن! ـ دېدىم. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن قاتتىق رەنجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر ئاي يېقىنلاشماسلىقا قارار بەرگەنىدى. بۇنىڭغا ھەفسەنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېچىشنى خالىمايدىغان بىر سىرنى) ئائىشەگە ئېيتىپ قويۇشى سەۋەب بولغانىدى.

(بۇخارى: 2468)

7285 ـ وفيها قالت عائشة: فلما مَضَتْ تِسْعٌ وَعِشْرُونَ دخل على عَائِشَةَ فَبَدَأَ بِهَا فقالت له عَائِشَةُ إنكَ أَقْسَمْتَ أَنْ لَا تَدْخُلَ عَلَيْنَا شَهْرًا وَإنا أَصْبَحْنَا لِتِسْعٍ وَعِشْرِينَ لَيْلَةً أَعُدهَا عَدا فقال النبي ﷺ الشهْرُ تِسْعٌ وَعِشْرُونَ وكان ذلك الشهْرُ تِسْعًا وَعِشْرِينَ قالت عَائِشَةُ فَأُنزِلَتْ آيَةُ التخْيِيرِ فَبَدَأَ بِي أَولَ امْرَأَةٍ فقال إني ذَاكِرٌ لَكِ أَمْرًا ولا عَلَيْكِ أَنْ لَا تَعْجَلِي حتى تَسْتَأْمِرِي أَبَوَيْكِ قالت قد أَعْلَمُ أَن أَبَوَي لم يَكُونَا يَأْمُرَانِي بِفِرَاقِكَ ثُم قال إن اللَّهَ قال يا أَيهَا النبي قُلْ لِأَزْوَاجِكَ إلى قَوْلِهِ عَظِيمًا قلت أَفِي هذا أَسْتَأْمِرُ أَبَوَي فَإِني أُرِيدُ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالدارَ الْآخِرَةَ.

7285 ـ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىدا مۇنداق كەلگەن: ئارىدىن 29 كۈن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئائىشە:

ـ بىزنىڭ يېنىمىزغا بىر ئاي كىرمەسلىككە قەسەم قىلغانىدىڭ، مەن بىرمۇبىر ساناپ تۇردۇم، بۈگۈن 29 كېچە بولدى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ئاي 29 كۈنلۈك، ـ دېدى. ئۇ ئاي ھەقىقەتەن 29 كۈنلۈك ئاي ئىدى. ئاندىن ئاياللىرىنى ئىختىيارلىقىغا قويۇش ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ بۇ ھەقتە ماڭا سۆز ئېچىپ:

ـ ساڭا بىر ئىشنى ئېيتىمەن. ئالدىراپ كەتمەي، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ قارار قىلساڭمۇ كېچىكمەيسەن، ـ دېدى. ئائىشە:

ـــ ئاتا ـ ئانامنىڭ سەندىن ئايرىلىشىمغا بۇيرىمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، ”ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر اللهنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇ نېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى [1]. ئائىشە:

ـ مۇشۇ توغرىدا ئاتا ـ ئانامغا مەسلىھەت سالىمەنمۇ؟ مەن چوقۇم اللهنى، اللهنىڭ رەسۇلىنى ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى مەرتىۋىنى ئىختىيار قىلىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2468)

7286 ـ وفي رواية: أن عائشة قالت: وَأَسْأَلُكَ أَنْ لَا تُخْبِرَ امْرَأَةً مِنْ نِسَائِكَ بِالذِي قلت قال لَا تَسْأَلُنِي امْرَأَةٌ مِنْهُن إلا أَخْبَرْتُهَا إن اللهَ لم يَبْعَثْنِي مُعَنِّتًا ولا مُتَعَنِّتًا وَلَكِنْ بَعَثَنِي مُعَلِّمًا مُيَسِّرًا.

7286 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە:

ـــ مېنىڭ سۆزلىرىمنى باشقا ئاياللارغا دېمىگەن بولساڭ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

[1] سۈرە ئەھزاب، 28 ـ ۋە 29 ـ ئايەتلەر.

ـ كىم سورىسا، چوقۇم دەپ بېرىمەن، الله تائالا مېنى باشقىلارنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ياكى كاجلىق قىلىپ باشقىلارنى قىينايدىغان قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆگەتكۈچى ۋە قولايلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 4175)

7287 ـ وفي رواية: قال فَدَخَلْتُ على حَفْصَةَ بِنْتِ عُمَرَ فقلت آا يا حَفْصَةُ أَقَدْ بَلَغَ من شَأْنِكِ أَنْ تُؤْذِي رَسُولَ اللهِ ﷺ والله لقد عَلِمْتِ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ لـ ـا يُحِبـ ـكِ وَلَوْلَا أنا لَطَلَقَكِ رسول اللهِ ﷺ فَبَكَتْ أَشَد الْبُكَاءِ فقلت آا أَيْنَ رسول اللهِ ﷺ قالت هو في خِزَانَتِهِ في الْمَشْرُبَةِ فَدَخَلْتُ فإذا أنا بِرَبَاحٍ غُلَامِ رسول اللهِ ﷺ قَاعِدًا علـ ـى أُسْـ ـكُفةِ الْمَشْرُبَةِ مُدَل رِجْلَيْهِ على نَقِيرٍ من خَشَبٍ وهو جِذْعٌ يَرْقَى عليه رسول اللهِ ﷺ وَيَنْحَدِرُ فَنَادَيْتُ يا رَبَاحُ اسْتَأْذِنْ لي عِنْدَكَ على رسول اللهِ ﷺ فَنظَرَ رَبَاحٌ إلى الْغُرْفَةِ ثُم نَظَـ ـرَ إلى فلم يَقُلْ شيئا ثُم قلت يا رَبَاحُ اسْتَأْذِنْ لي عِنْدَكَ على رسول اللهِ ﷺ فَنظَرَ رَبَاحٌ إلى الْغُرْفَةِ ثُم نَظَرَ إلي فلم يَقُلْ شيئا ثُم رَفَعْتُ صَوْتي فقلت يا رَبَاحُ اسْتَأْذِنْ لي عِنْدَكَ على رسـ ـول اللهِ ﷺ فَإني أَظُن أن رَسُولَ اللهِ ﷺ ظَن bأ جِئْتُ من أَجْلِ حَفْصَةَ والله لـ ـئِنْ أَمَرَنِـ ـي رسول اللهِ ﷺ بِضَرْبِ عُنُقِهَا لَأَضْرِبَن عُنُقَهَا وَرَفَعْتُ صَوْتي فَأَوْمَأَ إلى أَنْ ارْقَهْ فَـ ـدَخَلْتُ على رسول اللهِ ﷺ وهو مُضْطَجِعٌ على حَصِيرٍ فَجَلَسْتُ فَأَدْنَى عليه إِزَارَهُ وَلَـ ـيْسَ عليـ ـه غَيْرُهُ وإذا الْحَصِيرُ قد أَثرَ في جَنْبِهِ فَنظَرْتُ ببصرى في خِزَانَةِ رسول اللهِ ﷺ فإذا أنا بِقَبْضَةٍ من شَعِيرٍ نَحْوِ الصاعِ وَمِثْلِهَا قَرَظًا في نَاحِيَةِ الْغُرْفَةِ وإذا أَفِيقٌ مُعَلقٌ قال فأبتدرت عَيْنَـ ـايَ قال ما يُبْكِيكَ يا بن الْخَطابِ قلت يا نَبِي اللهِ ومالي لَا أبكى وَهَذَا الْحَصِيرُ قَـ ـد أَثـ ـرَ في جَنْبِكَ وَهَذِهِ خِزَانَتُكَ لَا أَرَى فيها إلا ما أَرَى وَذَاكَ قَيْصَرُ وَكِسْرَى في الثمَـ ـارِ وَالْأَنهَـ ـارِ وَأَنتَ رسول اللهِ ﷺ وَصَفْوَتُهُ وَهَذِهِ خِزَانَتُكَ فقال يا بن الْخَطابِ ألا تَرْضَى أَنْ تَكُونَ لنا الْآخِرَةُ وَلَهُمْ الدنْيَا قلت بَلَى قال وَدَخَلْتُ عليه حين دَخَلْتُ وأنا أَرَى في وَجْهِهِ الْغَضَـ ـبَ فقلت يا رَسُولَ اللهِ ما يَشُق عَلَيْكَ من شَأْنِ النسَاءِ فَإِنْ كُنتَ طَلقْتَهُن فإن اللـ ـهَ مَعَـ ـكَ وَمَلَائِكَتَهُ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَائِيلَ وأنا وأبو بَكْرٍ وَالْمُؤْمِنُونَ مَعَكَ وَقَلمَا تَكَلمْتُ وَأَحْمَدُ اللـ ـهَ

بِكَلَامٍ إلا رَجَوْتُ أَنْ يَكُونَ الله يُصَدقُ قَوْلِي الذي أَقُولُ وَنَزَلَتْ هذه الْآيَةُ آيَةُ التخْيِيرِ عَسَى رَبُهُ إن طَلقَكُن أَنْ يُبْدِلَهُ أَزْوَاجًا خَيْرًا مِنْكُن وَإِنْ تَظَاهَرَا عليه فإن اللهَ هو مَوْلَاهُ وَجِبْرِيلُ وَصَالِحُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمَلَائِكَةُ بَعْدَ ذلك ظَهِيرٌ وَكَانَتْ عَائِشَةُ بِنْتُ أبي بَكْرٍ وَحَفْصَةُ تَظَاهَرَانِ على سَائِرِ نِسَاءِ النF ﷺ فقلت يا رَسُولَ اللهِ أَطَلقْتَهُن قال لَا قلت يا رَسُولَ اللهِ إϽ دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَالْمُسْلِمُونَ يَنْكُتُونَ بِالْحَصَى يَقُولُونَ طَلقَ رسول اللهِ ﷺ نِسَاءَهُ أَفَأَنزِلُ فَأُخْبِرَهُمْ أَنكَ لم تُطَلقْهُن قال نعم إن شِئْتَ فلم أَزَلْ أُحَدثُهُ حG تَحَسرَ الْغَضَبُ عن وَجْهِهِ وَحَتى كَشَرَ فَضَحِكَ وكان من أَحْسَنِ الناس ثَغْرًا ثُم نَزَلَ نَبِي اللهِ ﷺ وَنَزَلْتُ فَنَزَلْتُ أَتَشَبثُ بِالْجِذْعِ وَنَزَلَ رسول اللهِ ﷺ كَأَنمَا يَمْشِي على الأرض ما يَمَسهُ بيده فقلت يا رَسُولَ اللهِ إنما كُنْتَ في الْغُرْفَةِ تِسْعَةً وَعِشْرِينَ قال إِن الشهْرَ يَكُونُ تِسْعًا وَعِشْرِينَ فَقُمْتُ على بَابِ الْمَسْجِدِ فَنَادَيْتُ بِأَعْلَى صَوْتِي لم يُطَلقْ رسول اللهِ ﷺ نِسَاءَهُ وَنَزَلَتْ هذه الْآيَةُ ) وإذا جَاءَهُمْ أَمْرٌ من الْأَمْنِ أو الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدوهُ إلى الرسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ منهم لَعَلِمَهُ الذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ منهم ( فَكُنْتُ أنا اسْتَنْبَطْتُ ذلك الْأَمْرَ وَأَنْزَلَ الله عز وجل آيَةَ التخْيِيرِ.

7287 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىزى ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ ئى ھەفسە! سەن رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئازار بەرگىدەك يامانلىشىپ كەتتىڭما؟ الله بىلەن قەسەمكى، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىسەن، مېنىڭ خاتىرەمنى قىلمىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى ئاللىقاچان تالاق قىلىۋەتكەن بولاتتى، ـ دېگەن ئىدى، ھەفسە قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىسام، بالىخانىدىكى كەپە ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بېرىپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى رەباھ كەپىنىڭ بوسۇغىسىدا پۇتىنى

كۆتەكتىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەپىگە چىقىپ ـ چۈشۈشتە ئىشلىتىدىغان كۆتەك ئىدى. مەن:

ــ ئى رەباھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت سورىغىن! ـ دېدىم. رەباھ كەپىگە بىر قارىغاندىن كېيىن ماڭا قارىدى ئەمما ھېچ نېمە دېمىدى، مەن يەنە:

ــ ئى رەباھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت سورىغىن! ـ دېدىم. رەباھ كەپىگە بىر قارىغاندىن كېيىن ماڭا قارىدى ئەمما ھېچ نېمە دېمىدى، مەن يەنە ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ:

ــ ئى رەباھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت سورىغىن! مەنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ھەفسە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھەفسەنىڭ بوينىنى چېپىۋېتىشكە بۇيرىغان بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەي بېرىپ، بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان بولاتتىم، ـ دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەردى. كەپىگە كىرىپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە يېنىچە ياتقانىكەن، مەنمۇ يېنىدا ئولتۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمىنى تۈزەشتۈرگەنىدى، بورىنىڭ بېقىنىغا پېتىپ، ئىز چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چاندۇرماي، كەپە ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. كەپىدە بىر سا ئەتراپىدا ئارپا، بىر بۇلۇڭدا تېرە ئاشلايدىغان ئازغىنە غازاڭ، بىر تېمىغا ئېسىقلىق ئاشلانغان تېرىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلدى ـ دە، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئىبنى خەتتاب! نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دېۋىدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قانداقمۇ يىغلىماي تۇرالايمەن، بورا بېقىنىڭىزغا پېتىپ كېتىپتۇ، كەپىدە بار ـ يوق نەرسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ. قەيسەر بىلەن كىسرالار باغۇ ـ بوستانلاردا ياشاۋاتسا، سەن اللهنىڭ

پەيغەمبىرى تۇرۇپ، مۇشۇ ھالدا ياشاۋاتىسەن، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئىبنى خەتتاب! بىزگە ئاخىرەت، ئۇلارغا بۇ دۇنيا بېرىلسە، رازى بولمامسەن؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ئەلۋەتتە، رازى بولىمەن، ـ دېدىم. ئاندىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىڭنى تالاق قىلىۋەتتىڭمۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، الله تائالا، پەرىشتىلىرى، جىبرىئىل، مىكائىل، مەن، ئەبۇ بەكرى ۋە باشقا پۈتۈن مۇئمىنلەر سىلەر بىلەن بىللە، ـ دېدىم. مەن سۆز قىلسام‌ىلا الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ، اللهنىڭ مېنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىمنى تەستىقلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەنە شۇ چاغدا: ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن [1] ۋە: ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار اللهقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزەڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن) بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللاھ خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ ھالدا الله ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) يۆلەنچۈكتۇر [2] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى.

ئەسلىدە ئائىشە بىلەن ھەفسە ئىككىسى بىرلىشىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىغا بىللە تاقابىل تۇراتتى، مەن:

---

[1] سۈرە تەھرىم، 5 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەھرىم، 4 ـ ئايەت.

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى تالاق قىلىۋەتتىڭمۇ؟ - دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، - دېدى، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ، مەسجىدكە كىرسەم، كىشىلەر شېغىللارنى شاراقلىتىپ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ“ دەپ يىغلىشىپ ئولتۇرىشىدۇ، مەن چۈشۈپ ئۇلارغا سىزنىڭ ئاياللىرىڭىزنى تالاق قىلمىغانلىقىڭىزنى يەتكۈزەيمۇ؟ - دېسەم:

- ماقۇل، خالىساڭ خەۋەر قىل، - دېدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ يۈرۈپ چىرايى سەل ئېچىلىپ، كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزى بەكمۇ يارىشىملىق ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەپىدىن چۈشتى، مەنمۇ چۈشتۈم. مەن كۆتەكنى تۇتۇپ چۈشتۈم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆتەكنى تۇتمايلا، خۇددى يول يۈرۈۋاتقاندەكلا مېڭىپ چۈشتى. مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭىزغا تېخى 29 كۈن بولدىغۇ؟ - دەپ سورىسام:

— بەزى ئايلار 29 كۈنلۈك بولىدۇ، - دېدى. مەن مەسجىدنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، بار ئاۋازىم بىلەن:

- ئى خالايىق! اللهنىڭ رەسۇلى ئاياللىرىنى تالاق قىلماپتۇ، - دەپ توۋلىدىم. شۇ چاغدا يەنە مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: (مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىققا ياكى قورقۇنچىنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر)نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۇئمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە اللهنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار [1]. دېمەك، مەن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ ھەقىقىتىنى

[1] سۈرە نىسا، 83 - ئايەت.

بىلىۋالغانلاردىن ئىدىم. الله تائالا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن "ئىختىيارلىق ئايىتى"نى نازىل قىلدى.

(مۇسلىم: 4179)

7288 - عن ابْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يُحَدثُ أَنهُ قَالَ مَكَثْتُ سَنَةً أُرِيدُ أَنْ أَسْأَلَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ عَنْ آيَةٍ فَمَا أَسْتَطِيعُ أَنْ أَسْأَلَهُ هَيْبَةً لَهُ حَتى خَرَجَ حَاجا فَخَرَجْتُ مَعَهُ فَلَما رَجَعْنَا وَكُنا بِبَعْضِ الطرِيقِ عَدَلَ إِلَى الْأَرَاكِ لِحَاجَةٍ لَهُ قَالَ فَوَقَفْتُ لَهُ حَتى فَرَغَ ثُم سِرْتُ مَعَهُ فَقُلْتُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ مَنْ اللتَانِ تَظَاهَرَتَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَزْوَاجِهِ فَقَالَ تِلْكَ حَفْصَةُ وَعَائِشَةُ قَالَ فَقُلْتُ وَاللهِ إِنْ كُنْتُ لَأُرِيدُ أَنْ أَسْأَلَكَ عَنْ هَذَا مُنْذُ سَنَةٍ فَمَا أَسْتَطِيعُ هَيْبَةً لَكَ قَالَ فَلَا تَفْعَلْ مَا ظَنَنْتَ أَن عِنْدِي مِنْ عِلْمٍ فَاسْأَلْنِي فَإِنْ كَانَ لِي عِلْمٌ خَبرْتُكَ بِهِ قَالَ ثُم قَالَ عُمَرُ وَاللهِ إِنْ كُنا فِي الْجَاهِلِيةِ مَا نَعُد لِلنسَاءِ أَمْرًا حَتى أَنْزَلَ اللهُ فِيهِن مَا أَنْزَلَ وَقَسَمَ لَهُن مَا قَسَمَ قَالَ فَبَيْنَا أَنَا فِي أَمْرٍ أَتَأَمرُهُ إِذْ قَالَتْ امْرَأَتِي لَوْ صَنَعْتَ كَذَا وَكَذَا قَالَ فَقُلْتُ لَهَا مَا لَكَ وَلِمَا هَا هُنَا وَفِيمَ تَكَلفُكِ فِي أَمْرٍ أُرِيدُهُ فَقَالَتْ لِي عَجَبًا لَكَ يَا ابْنَ الْخَطابِ مَا تُرِيدُ أَنْ تُرَاجَعَ أَنْتَ وَإِن ابْنَتَكَ لَتُرَاجِعُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى يَظَل يَوْمَهُ غَضْبَانَ فَقَامَ عُمَرُ فَأَخَذَ رِدَاءَهُ مَكَانَهُ حَتى دَخَلَ عَلَى حَفْصَةَ فَقَالَ لَهَا يَا بُنَيةُ إِنكِ لَتُرَاجِعِينَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى يَظَل يَوْمَهُ غَضْبَانَ فَقَالَتْ حَفْصَةُ وَاللهِ إِنا لَنُرَاجِعُهُ فَقُلْتُ تَعْلَمِينَ أَني أُحَذرُكِ عُقُوبَةَ اللهِ وَغَضَبَ رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا بُنَيةُ لَا يَغُرنكِ هَذِهِ التِي أَعْجَبَهَا حُسْنُهَا حُب رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِياهَا يُرِيدُ عَائِشَةَ قَالَ ثُم خَرَجْتُ حَتى دَخَلْتُ عَلَى أُم سَلَمَةَ لِقَرَابَتِي مِنْهَا فَكَلمْتُهَا فَقَالَتْ أُم سَلَمَةَ عَجَبًا لَكَ يَا ابْنَ الْخَطابِ دَخَلْتَ فِي كُل شَيْءٍ حَتى تَبْتَغِيَ أَنْ تَدْخُلَ بَيْنَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَزْوَاجِهِ فَأَخَذَتْنِي وَاللهِ أَخْذًا كَسَرَتْنِي عَنْ بَعْضِ مَا كُنْتُ أَجِدُ فَخَرَجْتُ مِنْ عِنْدِهَا وَكَانَ لِي صَاحِبٌ مِنْ الْأَنْصَارِ إِذَا غِبْتُ أَتَانِي بِالْخَبَرِ وَإِذَا غَابَ كُنْتُ أَنَا آتِيهِ بِالْخَبَرِ وَنَحْنُ نَتَخَوفُ مَلِكًا مِنْ مُلُوكِ غَسانَ ذُكِرَ لَنَا أَنهُ يُرِيدُ أَنْ يَسِيرَ إِلَيْنَا فَقَدْ امْتَلَأَتْ صُدُورُنَا مِنْهُ فَإِذَا صَاحِبِي الْأَنْصَارِي يَدُق الْبَابَ فَقَالَ افْتَحْ افْتَحْ فَقُلْتُ جَاءَ الْغَسانِي فَقَالَ بَلْ أَشَد مِنْ ذَلِكَ اعْتَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

أَزْوَاجَهُ فَقُلْتُ رَغَمَ أَنفُ حَفْصَةَ وَعَائِشَةَ فَأَخَذْتُ ثَوْبِي فَأَخْرُجُ حَتى جِئْتُ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مَشْرُبَةٍ لَهُ يَرْقَى عَلَيْهَا بِعَجَلَةٍ وَغُلَامٌ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْوَدُ عَلَى رَأْسِ الدرَجَةِ فَقُلْتُ لَهُ قُلْ هَذَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَأَذِنَ لِي قَالَ عُمَرُ فَقَصَصْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا الْحَدِيثَ فَلَما بَلَغْتُ حَدِيثَ أُم سَلَمَةَ تَبَسمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِنهُ لَعَلَى حَصِيرٍ مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَهُ شَيْءٌ وَتَحْتَ رَأْسِهِ وِسَادَةٌ مِنْ أَدَمٍ حَشْوُهَا لِيفٌ وَإِن عِنْدَ رِجْلَيْهِ قَرَظًا مَصْبُوبًا وَعِنْدَ رَأْسِهِ أَهَبٌ مُعَلقَةٌ فَرَأَيْتُ أَثَرَ الْحَصِيرِ فِي جَنْبِهِ فَبَكَيْتُ فَقَالَ مَا يُبْكِيكَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن كِسْرَى وَقَيْصَرَ فِيمَا هُمَا فِيهِ وَأَنتَ رَسُولُ اللهِ فَقَالَ أَمَا تَرْضَى أَنْ تَكُونَ لَهُمْ الدنْيَا وَلَنَا الْآخِرَةُ.

7288 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن بىر ئايەت توغرۇلۇق سورىماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقانلىقىم ئۈچۈن، بىر يىلغىچە سوراشقا پېتىنالمىدىم. كېيىن ئۇ ھەج سەپىرىگە چىقتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتىم. ھەجدىن قايتىپ، يولنىڭ مەلۇم يېرىگە كەلگەندە، ئۇ ھاجىتىنى ئادا قىلماقچى بولۇپ، دەرەخلىك بىر يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن يولنى بىللە داۋاملاشتۇردۇم. كېتىۋېتىپ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەنجىتكەن ئىككى ئايال كىملەر؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـ ئۇلار ھەفسە بىلەن ئائىشە، ـ دېدى. مەن:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سەندىن بۇ ھەقتە سوئال سورىماقچى ئىدىم، لېكىن ھەيۋىتىڭدىن قورقۇپ، بىر يىلدىن بېرى سوراشقا پېتىنالمىدىم، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئۇنداق قىلمىغىن. مېنى بىلىدۇ دەپ قارىغان مەسىلە بولسىلا سوراۋەرگىن، بىلسەم دەپ بېرىمەن، ـ دېدى. ئاندىن مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، جاھىلىيەت دەۋرىدە بىز ئاياللارنى پەس كۆرەتتۇق. كېيىن الله ئۇلار توغرىسىدا ئايەتلەرنى نازىل قىلىپ،

ئۇلارغا بىر قىسىم مىراسنى تەقسىم قىلىپ بەردى. بىر كۈنى، مەن بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇراتتىم، ئايالىم:

ــ مۇنداق ـ مۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـــ سېنىڭ نېمە كارىڭ، سەن نېمىشقا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ ئى ئىبنى خەتتاب! بۇ سۆزۈڭگە ھەيرانمەن، سەن ئاياللارنىڭ گەپياندۇرۇشىنى ياقتۇرمىغىنىڭ بىلەن، قىزىڭ (ھەفسە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ ياندۇرۇپ، بىر كۈن كەچكىچە رەنجىتىپ يۈرىدىكەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال تونۇمنى كىيدىم ـ دە، ھەفسەنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇنىڭغا:

ــ ئى قىزىم! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ ياندۇرۇپ، بىر كۈن كەچكىچە رەنجىتىپ يۈرەمسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەممىمىز شۇنداق قىلىمىز، ـ دېدى، مەن:

ـــ سېنى اللهنىڭ جازاسى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەزىپىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. ھۆسن ـ جامالى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامراقلىقىدىن ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بۇ ئايالنىڭ (يەنى ئائىشەنىڭ) سەۋەبىدىن ھەرگىز يەڭگىلتەكلىك قىلىپ سالمىغىن! ـ دەپ نەسىھەت قىلدىم. ئاندىن ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ ماڭا تۇغقان كېلەتتى. ئۇ:

ــ ئى ئىبنى خەتتاب! ساڭا بەكمۇ ھەيرانمەن. سەن ئارىلاشمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىش قالدىمۇ ئەمدى؟! ـ دەپ، ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتىم.

مېنىڭ ئەنسارىلاردىن بولغان بىر قوشنام بار ئىدى. ئىككىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى بىر ـ بىرىمىزگە بىر كۈندىن نۆۋەتلىشىپ يەتكۈزۈپ تۇراتتۇق. شۇ كۈنلەردە، غەسسان قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرىنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا قارشى

ئۇرۇش ئاچماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇر يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن كۆڭلىمىز دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. بىر كۈنى، ئەنسارى قوشنام ئىشىكىمنى قاتتىق قېقىپ:

ـ ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچ! ـ دەپ تۇۋلاپ كەتتى. مەن:

ـ غەسسانلار ھۇجۇم قىلىپ كەلدىمۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ ياق! ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىش يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپتۇ، ـ دېدى مەن:

ـــ ھەفسە بىلەن ئائىشە زىيان تارتىپتۇ، ـ دېدىم ۋە دەرھال كىيىملىرىمنى كىيىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ، بالىخانىدىكى كەپە ئۆيدە تۇرۇۋاتقانىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەپە ئالدىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان خىزمەتچىسىگە:

ـ ئۆمەر ئۈچۈن كىرىشكە رۇخسەت سورىغىن! ـ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئىجازەت بەردى. مەن كىرىپ، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ، بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە ياتقان بولۇپ، كۆرپە بولمىغاچقا، بېقىنىغا بورىنىڭ ئىزى چىقىپ قالغانىدى. باش تەرىپىدە خورما تالاسى تولدۇرۇلغان ياستۇق، ئايىغى تەرەپتە تېرە ئاشلايدىغان بىر دۆۋە غازاڭ، باش تەرەپتىكى تامدا بىر نەچچە پارچە ئاشلانمىغان تېرە تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بېقىنىدىكى بورا ئىزلىرىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتكەنىدىم:

ـ نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! كىسرا بىلەن قەيسەرلەر ئاشۇنداق مول ـ باياشاتچىلىقتا ياشاۋاتقان يەردە، سەن الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپ، مۇشۇنداق شارائىتتا ياشاۋاتىسەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلارغا دۇنيا، بىزگە ئاخىرەت تەگسە، رازى بولمامسەن؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 4913)

7289 ـ قال عمر: فدخلت على حفصة فقلت يا بنية انظري لا تكلمي رسول الله ﷺ في شيء ولا تسأليه فإن رسول الله ﷺ ليس عنده دنانير ولا دراهم يعطيكهن فما كانت لك من حاجة حĜ دهن رأسك فسليني وكان رسول الله ﷺ إذا صـلى الصـبح جلس في مصلاه وجلس الناس حوله حĜ تطلع الشمس Ż دخل على نسائه امرأة امـرأة يسلم عليهن ويدعو Тن فإذا كان يوم إحداهن جلس عندها وإنا أهديت Σفصة بنـت عمر عكة عسل من الطائف أو من مكة فكان رسول الله ﷺ إذا دخل عليها يسلم حبسته حĜ تلعقه منها أو تسقيه منها وإن عائشة أنكرت احتباسه عندها فقالت Ƨويرية عنـدها حبشية يقال Тا خضراء إذا دخل على حفصة فادخلي عليها فانظري ما يصنع فأخƎŐـا اƧارية ما يصنع بشأن العسل فأرسلت عائشة إلى صواحبها فأخƎŐن وقالت إذا دخـل عليكن فقلن إنا Ʊد منك ريح مغافير Ż إنه دخل على عائشة فقالت يا رسول الله أطعمت شيئا منذ اليوم فإƆ أجد منك ريح مغافير وكان رسول الله ﷺ أشد شيء عليه أن يوجد منه ريح شيء فقال هو عسل والله لا أطعمه أبدا حĜ إذا كان يوم حفصة قالت يا رسول الله إن لي حاجة إلى أبي إن نفقة لي عنده فائذن لي أن آتيه فأذن Тا Ż إنه أرسل إلى مارية جاريته فأدخلها بيت حفصة فوقع عليها فأتت حفصة فوجدت الباب مغلقا فجلست عند الباب فخرج رسول الله ﷺ وهو فزع ووجهه يقطر عرقا وحفصة تبكي فقال ما يبكيك فقالت إنما أذنت لي من أجل هذا أدخلت أمتك بيƬ Ż وقعت عليها على فراشي ما كنت تصنع هذا بامرأة منهن أما والله ما Ʒل لك هذا يا رسول الله فقال والله ما صدقت أليس هي جاريƬ قد أحلها الله لي أشهدك أنا علي حرام ألتمس بذلك رضاك انظري ألا ƠƎي Őذا امرأة منهن فهي عندك أمانة فلما خرج رسول الله ﷺ قرعت حفصة اƨدار الـذي بينها وبين عائشة فقالت ألا أبشرك إن رسول الله ﷺ قد حرم أمته وقد أراحنا الله منـها فقالت عائشة أما والله لقد كان يريبني أنه يقيل من أجلها فأنزل الله عز وجل ) يا أيهـا النƑ لم Ơرم ما أحل الله لك ( Ż قرأ رسول الله ﷺ ) وإن تظاهرا عليه ( فهـي عائشـة وحفصة وزعموا أنما كانتا لا تكتم إحداƵا الأخرى شيئا وكان لي أƹ من الأنصـار إذا حضرت وغاب.

7289 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئى قىزىم! ماڭا قارىغىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”بىر نەرسە لازىم ئىدى“ دەپ بېشىنى ئاغرىتمىغىن. ئۇنىڭ قولىدا سىلەرگە بەرگۈدەك تىللا ياكى تەڭگىلەر يوق، قانداق ئېھتىياجىڭ بولسا، ھەتتا چېچىڭغا ماي لازىم بولسىمۇ، ماڭا دېگىن! ـ دېدىم.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىلا ئولتۇراتتى، جامائەتمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاكى كۈن چىققىچە چۆرىدەپ ئولتۇرشاتتى. ئاندىن ئاياللىرىنىڭ قېشىغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ، سالام بېرەتتى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ چىقاتتى. ئاندىن قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن بولسا، شۇنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. ھەفسەگە تائىف ياكى مەككىدىن بىر تاۋاق ھەسەل سوۋغا قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىغا كىرسىلا، ئۇنىڭغا ھەسەل بېرەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەفسەنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قېلىشىنى كۆنلەپ، ھەبەشىستانلىق خەزرائ دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك دېدىكىگە:

ـ رەسۇلۇللاھ ھەفسەنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئارقىدىن كىرىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باققىن، ـ دەپ تاپىلىدى. دېدەك ئائىشەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەل ئىچكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشە بۇ ئىشنى ھەممە كۈندەشلىرىگە يېيىۋەتتى ۋە:

ــ رەسۇلۇللاھ كىمنىڭ قېشىغا كىرسە: ”غەيرى بىر پۇراق كېلىۋاتىدۇ“ دەڭلار! ـ دەپ تاپىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەنىدى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە يېگەنىدىڭ، غەلىتە بىر پۇراق كېلىۋاتىدىغۇ؟! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن غەيرى ھىد كېلىشىنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. شۇڭا:

ــ ھەسەل ئىچكەنىدىم، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ ھەسەل ئىچمەيمەن، ـ دېدى.

ھەفسەنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈنى ئىدى. ھەفسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىدىن ئەكىلىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى، ئىجازەت بەرسەڭ، بېرىپ ئەكىلىۋالسام، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. ھەفسە كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مارىيە ئىسىملىك كېنىزىكىنى ھەفسەنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. ھەفسە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئىچىدىن تاقاق ئىكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاقزادە بولغان ھالدا ھۇجرىدىن چىقىپ:

ـ نېمە بولدى، نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ھەفسە:

ــ ئەسلىدە مۇشۇنداق قىلىش ئۈچۈن ماڭا ئىجازەت بەرگەن ئىكەنسەن، كېنىزەكنى مېنىڭ ھۇجرامغا ئەكىرىپ، مېنىڭ كۆرپەم ئۈستىدە بىللە بولۇپسەن. باشقا ئاياللىرىڭنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۇنداق قىلمايسەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ مېنىڭ كېنىزىكىم ئەمەسمۇ؟ الله ئۇنى ماڭا ھالال قىلغان ئەمەسمۇ؟ بوپتۇ، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ بېرەي، ئۇ ماڭا بۈندىن كېيىن ھارامدۇر. ئەمما بۇ ئىشنى باشقا ئاياللارغا دەپ يۈرمىگىن، بۇ مەخپىيەتلىك ساڭا ئامانەت، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كېتىشىگىلا، ھەفسە ئائىشەنىڭ ھۇجرا تېمىنى ئۇرۇپ:

ــ ساڭا خۇشخەۋەر، رەسۇلۇللاھ كېنىزىكىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋەتتى. الله بىزنى ئۇ كېنىزەكتىن قۇتۇلدۇردى، ـ دېدى. ئائىشە:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى چۈشلۈك ئۇيقۇنى باھانە قىلىپ شۇ كېنىزىكى بىلەن بىرگە بولىدۇ دەپ گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم، ـ دېدى. شۇ چاغدا، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ

رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، اللہ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[1]. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر ئىككىڭلار ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئۇ ئىككىسى ئائىشە بىلەن ھەفسە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھېچنىمىنى يوشۇرمايتتى. مېنىڭ بىر ئەنسارى قوشنام بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مەن بارالمىغان كۈنى ئۇ باراتتى... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن ئوخشاش[3].
(«ئەلكەبىر»: 8764)

[1] سۈرە تەھرىم، 1 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەھرىم، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى سالىمنى بەزىلەر ئىشەنچلىك دەپ قارىسا، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

## نۇن، نۇھ، جىن، مۇززەممىل ۋە مۇددەسسىر سۈرىلىرى

7290 ـ عَن ابن عَباسٍ رَضِي اللهُ عنهما قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إِن أَولَ ما خَلَقَ اللهُ تَعالَى الْقَلَمُ وَالْحُوتُ قال ما أَكْتُبُ قال كُل شَيْءٍ كان إِلى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ثُم قَرَأَ ن وَالْقَلَمِ فَالنونُ الْحُوتُ وَالْقَلَمُ الْقَلَمُ.

7290 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللّٰه تائالا دەسلەپتە قەلەم بىلەن بېلىقنى ياراتقان، قەلەم: نېمىنى يازىمەن، ـ دەپ سورىغاندا: تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان ھەممە ئىشنى ياز! ــ دەپ بۇيرىغان». ئاندىن: نۇن، قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: «نۇن بېلىق، قەلەم قەلەمدۇر» دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 12237)

7291 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عُتُلٍ بَعْدَ ذَلِكَ زَنِيمٍ قَالَ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ لَهُ زَنَمَةٌ مِثْلُ زَنَمَةِ الشاةِ.

7291 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم [3] دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئۇ ئادەم قۇرەيشلىك بولۇپ، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ بوينىغا ئۆسۈپ قالغان گۆشتەك بىر پارچە ئۆسمە گۆشى بار ئىدى.

(بۇخارى: 4917)

---

[1] سۈرە قەلەم، 1 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11434): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇئەممەل ئىبنى ئىسمائىل ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە قەلەم، 13 ـ ئايەت.

7292 ـ عن عبد الرβن بن غَنْمٍ قال سُئِلَ رسول اللهِ ﷺ عَنِ الْعُتُل الزنِيمِ فقال هو الشدِيدُ الْخَلْقِ الْمُصَحَحُ الأَكُولُ الشرُوبُ الْوَاجِدُ لِلطعَامِ وَالشرَابِ الظلُومُ لِلناسِ رحب الْجَوْفِ.

7292 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن اللە تائالانىڭ: قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە هارامدىن بولغان ئادەم دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى سورالغاندى: «ئۇ مەجەزى قوپال، تېنى ساغلام، كۆپ يەپ ـ ئىچىدىغان، قارنى يامان، ئوزۇق ـ تۈلۈكى يېتەرلىك، باشقىلارغا قاتتىق زۇلۇم سالىدىغان، قىلچە ۋىجدان ئازابى يوق ئادەم» دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەھمەد: 18020)

7293 ـ عن أبي موسى عن النF ﷺ (يوم يكشف عن ساق) قال عن نور عظيم يخرون له سجدا.

7293 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ كۈندە پۇت ئېچىلىدۇ[2] دېگەن ئايەتنى: «ئۇلۇغ بىر نۇر ئېچىلىدۇ، پۈتۈن خالايىق ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان[3].

(مەۋسىلى: 7283)

7294 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا صَارَتْ الْأَوْثَانُ الِتي كَانَتْ فِي قَوْمِ نُوحٍ فِي الْعَرَبِ بَعْدُ أما وَد كَانَتْ لِكَلْبٍ بِدَوْمَةِ الْجَنْدَلِ وَأما سُوَاعٌ كَانَتْ لِهُذَيْلٍ وَأما يَغُوثُ فَكَانَتْ لِمُرَادٍ ثُم لِبَنِي غُطَيْفٍ بِالْجَوْفِ عِنْدَ سَبَإٍ وَأما يَعُوقُ فَكَانَتْ لِهَمْدَانَ وَأما نَسْرٌ فَكَانَتْ لِحِمْيَرَ لِآلِ ذِي الْكَلَاعِ أَسْمَاءُ رِجَالٍ صَالِحِينَ مِنْ قَوْمِ نُوحٍ فَلَما هَلَكُوا أَوْحَى

[1] هەيسەمى (11435): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] سۈرە قەلەم، 42 ـ ئايەت.

[3] هەيسەمى (11436): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رۇھ ئىبنى جەناھ ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

الشَيْطَانُ إِلَى قَوْمِهِمْ أَنْ انْصِبُوا إِلَى مَجَالِسِهِمْ الَتِي كَانُوا يَجْلِسُـونَ أَنْصَـابًا وَسَـمُوهَا بِأَسْمَائِهِمْ فَفَعَلُوا فَلَمْ تُعْبَدْ حَتى إِذَا هَلَكَ أُولَئِكَ وَتَنسÑ الْعِلْمُ عُبِدَتْ.

7294 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى چوقۇنغان بۇتلارغا كېيىنكى زامانلاردا ئەرەبلەرمۇ چوقۇنغان. ۋۇد دەپ ئاتىلىدىغان بۇت دۇۋمەتۇل جەندەلدىكى كەلب قەبىلىسىنىڭ، سۇۋا ــ ھۇزەيلنىڭ، يەغۇس ــ دەسلەپتە مۇراد قەبىلىسىنىڭ، كېيىنچە سەبەئ شەھىرى ئەتراپىدىكى جەۋفتە تۇرۇشلۇق بەنى غۇتەيف قەبىلىسىنىڭ ئىدى. يەئۇق دەپ ئاتىلىدىغان بۇت بولسا، ھەمدان قەبىلىسىنىڭ، نەسر ــ ھىمىيەر قەبىلىسىدىن زىل كىلا جەمەتىنىڭ ئىدى. بۇ بۇتلار ئەسلىدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەيتان ئۇلارنىڭ قەۋمىگە:

ـ ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەپ، ھەر بىرىنى شۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاڭلار! ـ دەپ يول كۆرسەتكەن. ئۇلارمۇ شۇنداق قىلغان، ئەمما ئۇ چاغلاردا ئۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىنمىغان. ھەيكەلنى تىكلىگەنلەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ھەيكەللەرنى تىكلەپ قويۇش سەۋەبى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، ئىنسانلار ئۇلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغان.

(بۇخارى: 4920)

7295 ـ عن ابن عَباسٍ رضي الله عنهما قال انْطَلَقَ الـFi ﷺ في طَائِفَـةٍ مـن أَصْحَابِهِ عَامِدِينَ إلى سُوقِ عُكَاظٍ وقد حِيلَ بين الشَيَاطِينِ وَبَيْنَ خَبَرِ السـمَاءِ وَأُرْسِـلَتْ عليهم الشهُبُ فَرَجَعَتْ الشَيَاطِينُ إلى قَوْمِهِمْ فَقَالُوا مالكم فَقَالُوا حِيلَ بَيْنَنَا وَبَـيْنَ خَبَـرِ السمَاءِ وَأُرْسِلَتْ عَلَيْنَا الشهُبُ قالوا ما حَالَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ خَبَرِ السمَاءِ إلا شَـيْءٌ حَـدَثَ فَاضْرِبُوا مَشَارِقَ الأرض وَمَغَارِبَهَا فَانْظُرُوا ما هذا الذي حَالَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ خَبَـرِ السـمَاءِ فَانْصَرَفَ أُولَئِكَ الذِينَ تَوَجهُوا Uو تِهَامَةَ إلى النF ﷺ وهو بِنَخْلَةَ عَامِـدِينَ إلى سُـوقِ عُكَاظٍ وهو يُصَلي بِأَصْحَابِهِ صَلَاةَ الْفَجْرِ فلما سَمِعُوا الْقُرْآنَ اسْتَمَعُوا له فَقَالُوا هـذا والله الذي حَالَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ خَبَرِ السمَاءِ فَهُنَالِكَ حين رَجَعُوا إلى قَوْمِهِمْ فقالوا يا قَوْمَنَا (إِنـا

سَمِعْنا قُرْآنًا عَجَبًا يَهْدِي إلى الرشْدِ فَآمَنا بِهِ وَلَنْ نُشْرِكَ بِرَبِنَا أَحَدًا) فَأَنْزَلَ الله على نَبِيِه ﷺ (قُلْ أُوحِيَ إلي).

7295 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچە ساھابە بىلەن ئۇكاز بازىرىغا ماڭدى. بۇ دەل شەيتانلارنىڭ ئاسمانغا چىقىپ، پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشى توسۇلۇپ قالغان چاغ بولۇپ، ئاسمانغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاقار يۇلتۇزلار توسۇۋالغاچقا، قەۋمىگە قايتىپ كەلگەنىدى. قەۋمى ئۇلاردىن:

ـ سىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ بىزگە ئاقار يۇلتۇزلار ئېتىلىپ، ئاسمان خەۋەرلىرىنى تىڭشاشتىن توسۇلۇپ قالدۇق، ـ دېدى. قەۋمى:

ــ سىلەرنىڭ ئاسمان خەۋەرلىرىنى تىڭشىشىڭلارغا توسالغۇ بولىدىغان بىر يېڭى ئىش پەيدا بولۇپتۇ، دەرھال مەشرىق ۋە مەغرىب تەرەپلەرگىچە بېرىپ، سىلەرگە توسالغۇ بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ كېلىڭلار! ــ دېدى. سورۇندىن قايتقان شەيتانلارنىڭ بىر گۇرۇھى مەككە تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۇكاز بازىرىغا كېتىۋاتقان رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى بىلەن خورما دەرىخى ئاستىدا بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى. ئۇلار نامازدا ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئانغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ بىزنى ئاسمان خەۋەرلىرىدىن توسۇپ قويغان ئىش ئىكەن، ـ دېيىشتى ۋە دەرھال قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ: ئى قەۋمىمىز! بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە: (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە ئېيتقىنكى، «بىر قانچە نەپەر جىنلارنىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ

(ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھىي قىلىندى [1] دەپ جىن سۈرىسىنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 773)

7296 ـ وفي هذا الحديث: وَإِنَمَا أُوحِيَ إليه قَوْلُ الْجِنِ.

7296 ـ بۇ ھەدىستە يەنە: ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەشۇ جىنلارنىڭ سۆزلىرى ۋەھيي قىلىنغان ئىدى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 773)

7297 ـ عن ابن عَباسٍ قال قَوْلُ الْجِنِ لِقَوْمِهِمْ (لَما قام عبد اللهِ يَدْعُوهُ كَـادُوا يَكُونُونَ عليه لِبَدًا) قال لَما رَأَوْهُ يُصَلي وَأَصْحَابُهُ يُصَلونَ بِصَلَاتِهِ فَيَسْجُدُونَ بِسُجُودِهِ قال فعجبوا من طَوَاعِيَةِ أَصْحَابِهِ له قالوا لِقَوْمِهِمْ (لَما قام عبد اللهِ يَدْعُوهُ كَادُوا يَكُونُونَ عليه لِبَدًا).

7297 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىنلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئىقتىدا قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىتائىتىدىن ئەجەبلەنگەن ھالدا قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ: اللهنىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) اللهقا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (ئۇنىڭ ساھابىلىرى) ئولىشىپ ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدىكەن [2] دېيىشتى [3].

(تىرمىزى: 3323)

---

[1] سۈرە جىن، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە جىن، 19 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2647): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7298 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ فِي الْمُزَّمِّلِ قُمْ اللَّيْلَ إِلَّا قَلِيلًا نِصْفَهُ نَسَخَتْهَا الْآيَةُ الَّتِي فِيهَا عَلِمَ أَنْ لَنْ تُحْصُوهُ فَتَابَ عَلَيْكُمْ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنْ الْقُرْآنِ وَنَاشِئَةُ اللَّيْلِ أَوَّلُهُ وَكَانَتْ صَلَاتُهُمْ لِأَوَّلِ اللَّيْلِ يَقُولُ هُوَ أَجْدَرُ أَنْ تُحْصُوا مَا فَرَضَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ مِنْ قِيَامِ اللَّيْلِ وَذَلِكَ أَنَّ الْإِنْسَانَ إِذَا نَامَ لَمْ يَدْرِ مَتَى يَسْتَيْقِظُ وَقَوْلُهُ أَقْوَمُ قِيلًا هُوَ أَجْدَرُ أَنْ يَفْقَهَ فِي الْقُرْآنِ وَقَوْلُهُ إِنَّ لَكَ فِي النَّهَارِ سَبْحًا طَوِيلًا يَقُولُ فَرَاغًا طَوِيلًا.

7298 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﷲ تائالانىڭ:

كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

ـ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى (ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغان): (ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلەردىن بىر توپ ئادەمنىڭ) (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى)نى ﷲ ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ، سىلەرنىڭ ئۇنى ھېسابلاپ بولالمايدىغانلىقىڭلارنى ﷲ بىلىدۇ، ﷲ سىلەرگە رەھىم قىلدى، (يەنى كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىنى) ئەمەلدىن قالدۇردى، تەھەججۇد نامىزىدىن سىلەرگە قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، ﷲ بىلىدۇكى، بەزىڭلار كېسەل بولۇپ قالىسىلەر، بەزىلەر ﷲنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن (يەنى تەھەججۇد نامىزىدىن) قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ﷲقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى ﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزەڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ﷲنىڭ

[1] سۈرە مۇزەممىل، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن اﷲنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، اﷲتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرغان. ”ناشىئەتۇللەيل“ كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدۇر، شۇڭا ساھابىلار كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇيتتى، اﷲ تائالا سىلەرگە پەرز قىلغان كېچىلىك نامازنى تولۇق ئادا قىلىشىڭلارغا كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى ئەڭ مۇناسىپ، چۈنكى كىشى ئۇخلىغىنىدا قاچان ئويغىنىشىنى بىلمەيدۇ. ”ئەقۋەمۇ قىيلا“ دېگەن سۆز: ئۇ، قۇرئاننى ئوبدان چۈشىنىشكە ئەڭ مۇۋاپىق چاغدۇر، ـ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتەن كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولىسەن [2] دېگەن ئايەت: ئىشلىرىڭنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن بوش ۋاقتىڭ كۆپ بولىدۇ، ـ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1304)

7299 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الصَّعُودُ جَبَلٌ مِنْ نَارٍ يَتَصَعَّدُ فِيهِ الْكَافِرُ سَبْعِينَ خَرِيفًا وَيَهْوِي فِيهِ كَذَلِكَ أَبَدًا.

7299 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (سۈرە مۇددەسسىر، 17 ـ ئايەت ھەققىدە) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەئۇدا ــ دېگەن ئوتتىن يارىتىلغان بىر تاغ بولۇپ، كاپىر ئۇنىڭغا يەتمىش يىل يامىشىپ چىقىپ، يەتمىش يىل دومىلاپ چۈشىدۇ»[4].

(تىرمىزى: 2576)

---

[1] سۈرە مۇززەممىل، 20 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇززەممىل، 7 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (1156): ھەسەن، ـ دېگەن.
[4] ئەلبانى (657): زەئىپ، ـ دېگەن.

7300 ـ ولqوسط بضعف: قال جبل من نار في النار يكلف ان يصعـده فـاذا وضع يده عليه ذابت فاذا رفعها عادت واذا وضع رجله عليه ذابت فاذا رفعها عادت.

7300 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: سەئۇدا ـــ جەھەننەمدىكى ئوتتىن يارىتىلغان بىر تاغ بولۇپ، كاپىر ئۇنىڭغا يامىششقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا قولىنى قويسىلا، قولى ئېرىپ كېتىدۇ، قولىنى كۆتۈرسە ئەسلىگە قايتىدۇ، ئۇنىڭغا پۇتىنى قويسا، پۇتى ئېرىپ كېتىدۇ، كۆتۈرسە يەنە ئەسلىگە قايتىدۇ[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

7301 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ نَاسٌ مِنْ الْيَهُودِ لِأُنَاسٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ يَعْلَمُ نَبِيكُمْ كَمْ عَدَدُ خَزَنَةِ جَهَنمَ قَالُوا لَا نَدْرِي حَتى نَسْأَلَ نَبِينَا فَجَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا مُحَمدُ غُلِبَ أَصْحَابُكَ الْيَوْمَ قَالَ وَبِمَا غُلِبُوا قَالَ سَأَلَهُمْ يَهُودُ هَلْ يَعْلَمُ نَبِيكُمْ كَمْ عَدَدُ خَزَنَةِ جَهَنمَ قَالَ فَمَا قَالُوا قَالَ قَالُوا لَـا نَدْرِي حَتى نَسْأَلَ نَبِينَا قَالَ أَفَغُلِبَ قَوْمٌ سُئِلُوا عَما لَا يَعْلَمُونَ فَقَالُوا لَا نَعْلَمُ حَتى نَسْـأَلَ نَبِينَا لَكِنهُمْ قَدْ سَأَلُوا نَبِيهُمْ فَقَالُوا أَرِنَا اللهَ جَهْرَةً عَلَي بِأَعْدَاءِ اللهِ إِني سَائِلُهُمْ عَنْ تُرْبَـةِ الْجَنةِ وَهِيَ الدرْمَكُ فَلَما جَاءُوا قَالُوا يَا أَبَا الْقَاسِمِ كَمْ عَدَدُ خَزَنَةِ جَهَنمَ قَالَ هَكَذَا وَهَكَذَا فِي مَرةٍ عَشَرَةٌ وَفِي مَرةٍ تِسْعَةٌ قَالُوا نَعَمْ قَالَ لَهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تُرْبَةُ الْجَنةِ قَالَ فَسَكَتُوا هُنَيْهَةً ثُم قَالُوا خُبْزَةٌ يَا أَبَا الْقَاسِمِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْخُبْزُ مِنْ الدرْمَكِ.

7301 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلاردىن بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قانچە ساھابىسىگە:

ـــ سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار دوزاخ گۇندىپايلىرىنىڭ سانىنى بىلەمدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ئۇلار:

---

[1] ھەيسەمى (11452): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىييە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ بۇنى پەيغەمبىرىمىزدىن سورىماي جاۋاب بېرەلمەيمىز، ـ دېدى. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! بۇگۈن ساھابىلىرىڭ يىغلىپ قالدى، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمىدىن يىغلىپ قالدى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ ئادەم:

ـ يەھۇدىيلار ئۇلاردىن: ”پەيغەمبىرىڭلار دوزاخ گۇندىپايلىرىنىڭ سانىنى بىلەمدۇ؟“ دەپ سورىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ئۇلار: ”بۇنى پەيغەمبىرىمىزدىن سورىماي جاۋاب بېرەلمەيمىز“ دەپ جاۋاب بەردى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

ـ بىلمەيدىغان نەرسىدىن سورالغاندا: ”بۇنى پەيغەمبىرىمىزدىن سورىماي جاۋاب بېرەلمەيمىز“ دەپ جاۋاب بەرگەن كىشىلەر يىغلىپ قالغان بولامدىكەن؟ ئۇ يەھۇدىيلار پەيغەمبىرىدىن: ”بىزگە اﷲنى ئوچۇق كۆرسەتكىن“ دەپ سورىغان. مېنىڭ ئالدىمغا اﷲنىڭ دۈشمەنلىرىنى چاقىرىڭلار، مەن ئۇلاردىن جەننەتنىڭ توپىسىنى سورايمەن، ئۇنىڭ توپىسى ئاق ئۇندۇر، ـ دېدى. يەھۇدىيلار يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى ئەبۇلقاسىم! دوزاخ گۇندىپايلىرىنىڭ سانى قانچە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ ئون توققۇز، ـ دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار:

ـــ ھەئە، شۇنداق، ـ دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن:

ـ جەننەتنىڭ توپىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار بىردەم جىم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

ـ ئى ئەبۇل قاسىم! جەننەتنىڭ توپىسى نان، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى، بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ:

ـ نان ئاق ئۈندىن يىشۇرۇلىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3327)

7302 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ فِي هَذِهِ الْآيَةَ هُوَ أَهْلُ التقْوَى وَأَهْلُ الْمَغْفِرَةِ قَالَ قَالَ اللهُ عَز وَجَل أَنا أَهْلٌ أَنْ أُتقَى فَمَنْ اتقَانِي فَلَمْ يَجْعَلْ مَعِي إِلَهًا فَأَنا أَهْلٌ أَنْ أَغْفِرَ لَهُ.

7302 ــ ئەنەس ئىبنىي مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: الله (بەندىلىرى) قورقۇشقا تېگىشلىك زاتتۇر، (بەندىلىرىنى) مەغپىرەت قىلىشقا لايىق زاتتۇر[2] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا: مەن مەخلۇقاتلارنىڭ قورقۇشىغا تېگىشلىك زاتتۇرمەن، كىمكى مەندىن قورقۇپ ماڭا شېرىك كەلتۈرمىسە، مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، ـ دېدى»[3].

(تىرمىزى: 3328)

[1] ئەلبانى (658): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] سۈرە مۇدەسسىر، 56 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (659): زەئىپ، ـ دېگەن.

## قىيامەت سۈرىسىدىن قۇرئاننىڭ ئاخىرىغا قەدەر

7303 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ فِي قَوْلِهِ تَعَالَى لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَالِجُ مِنْ التَّنْزِيلِ شِدةً وَكَانَ مِما يُحَرِّكُ شَفَتَيْهِ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ فَأَنَا أُحَرِّكُهُمَا لَكُمْ كَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحَرِّكُهُمَا وَقَالَ سَعِيدٌ أَنَا أُحَرِّكُهُمَا كَمَا رَأَيْتُ ابْنَ عَباسٍ يُحَرِّكُهُمَا فَحَرَّكَ شَفَتَيْهِ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ إِن عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ قَالَ جَمْعُهُ لَكَ فِي صَدْرِكَ وَتَقْرَأُهُ فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتبِعْ قُرْآنَهُ قَالَ فَاسْتَمِعْ لَهُ وَأَنْصِتْ ثُم إِن عَلَيْنَا بَيَانَهُ ثُم إِن عَلَيْنَا أَنْ تَقْرَأَهُ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ ذَلِكَ إِذَا أَتَاهُ جِبْرِيلُ اسْتَمَعَ فَإِذَا انْطَلَقَ جِبْرِيلُ قَرَأَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا قَرَأَهُ.

7303 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: (ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما[1] دېگەن ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئايەت چۈشكەندە، ئەستە قالدۇرۇۋېلىشقا قاتتىق ئۇرۇنغانلىقتىن، كۆپىنچە ھاللاردا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ كېتەتتى. مانا مەنمۇ سىلەرگە خۇددى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىدىرلاتقاندەك كالپۇكۇمنى مىدىرلىتىپ كۆرسىتىپ بېرىۋاتىمەن (سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېگەن: مەنمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ كالپۇكىنى قانداق مىدىرلاتقىنىنى كۆرگەن بولسام، سىلەرگە شۇنداق مىدىرلىتىپ

[1] سۈرە قىيامەت، 16 ـ ئايەت.

بىرىنچىۋاتىمەن، ـ دىدى ۋە كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتتى). شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھىي نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما، ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى ساڭا ئۇنى كۆڭلۈڭگە توپلاپ بېرىمىز. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تىڭشىغىن). ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز [1]. يەنى سېنىڭ ئۇنى ئوقۇيالىشىڭغا بىز كېپىل. شۇنىڭدىن كېيىن، جىبرىئىل ۋەھىي ئېلىپ كەلسە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوقۇغىنىدەك ئوقۇيدىغان بولدى.

(بۇخارى: 5)

7304 ـ عن ابنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا تَرْمِي بِشَرَرٍ كَالْقَصْرِ قَالَ كُنَّا نَعْمِدُ إِلَى الْخَشَبَةِ ثَلَاثَةَ أَذْرُعٍ أَوْ فَوْقَ ذَلِكَ فَنَرْفَعُهُ لِلشِّتَاءِ فَنُسَمِّيهِ الْقَصَرَ كَأَنَّهُ جِمَالَاتٌ صُفْرٌ حِبَالُ السُّفُنِ تُجْمَعُ حَتَّى تَكُونَ كَأَوْسَاطِ الرِّجَالِ.

7304 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىز ئۈچ گەز ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ياغاچ ئۇچراپ قالسا، قىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئېلىۋالاتتۇق ۋە ئۇنى قەسىر دەپ ئاتايتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن: ئۇ ئۇچقۇنلار قارا ـ سېرىق جىمالاتقا ئوخشايدۇ [3] دېگەن ئايەت ھەققىدىمۇ مۇنداق دېگەن: جىمالات ـ كېمىدە ئىشلىتىلىدىغان توم ئارقانلار بولۇپ، پۈختا بولۇشى ئۈچۈن ئەر كىشىنىڭ بېلىدەك تومۇلۇقتا ئېشىلەتتى.

(بۇخارى: 4933)

[1] سۈرە قىيامەت، 16 ـ دىن 19 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە مۇرسەلات، 32 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مۇرسەلات، 33 ـ ئايەت.

7305 ـ ولqوسط بلين عن ابن مسعود في قول الله تبارك وتعالى (ترمي بشـرر كالقصر) قال إنا ليست كالشجر واƨبال ولكنها مثل اţدائن واΣصون.

7305 ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ ① دېگەن ئايەت ھەققىدە: ئۇ، دەل ــ دەرەخ ياكى تاغلاردەك ئەمەس، بەلكى شەھەر ۋە قورغانلاردەك (چوڭلۇقتىكى ئۇچقۇندۇر)، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ②.

(«ئەلئەۋسەت»: 912)

7306 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ وَكَأْسًا دِهَاقًا قَالَ مَلْأَى مُتَتَابِعَةً قَالَ وَقَالَ ابْنُ عَباسٍ سَمِعْتُ أَبِي يَقُولُ فِي الْجَاهِلِيةِ اسْقِنَا كَأْسًا دِهَاقًا.

7306 ــ ئىكرىمە: كەئسەن دىھەقا ③ دېگەن ئايەتنى: ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرىدىغان، تولدۇرۇلغان جاملار، ـ دەپ تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاتام بىزگە: "ئىسقىنا كەئسەن دىھاقا" (يەنى جاملارغا تولدۇرۇلغان شاراب سۇنۇڭلار)، ـ دەيتتى دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(بۇخارى: 3840)

7307 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ أُنزِلَ عَبَسَ وَتَوَلى فِي ابْنِ أُم مَكْتُومٍ الْأَعْمَى أَتى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَ يَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرْشِدْنِي وَعِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ مِنْ عُظَمَاءِ الْمُشْرِكِينَ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْرِضُ عَنْهُ وَيُقْبِلُ عَلَى الْآخَرِ وَيَقُولُ أَتَرَى بِمَا أَقُولُ بَأْسًا فَيَقُولُ لَا فَفِي هَذَا أُنزِلَ.

7307 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى

---

① سۈرە مۇرسەلات، 32 ـ ئايەت.

② ھەيسەمى (11459): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خەدىج ئىبنى مۇئاۋىيە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

③ سۈرە نەبە، 34 ـ ئايەت.

ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاندىن مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.» دېگەن ئايەت ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ھەققىدە نازىل بولغان، ئۇ ئەما ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا يول كۆرسەتكىن، ــ دېگىلى تۇردى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بار بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، مۇشرىككە قاراپ:

ــ مېنىڭ سۆزلىرىمدىن بىرەر نۇقسان تاپتىڭمۇ؟ ــ دېسە، ئۇ مۇشرىك:

ــ ياق، ــ دەيتتى. الله تائالا بۇ ئايەتنى مۇشۇ ۋەقە ھەققىدە نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3331)

7308 ـ وعن عمر أنه قرأ (وَفَاكِهَةً وَأَبًّا) فقال هذه الفاكهة قد عرفناها فما الأب ؟ قال مه نهينا عن التكلف.

7308 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: «مېۋىلەرنى، ئوت ــ چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق» دېگەن ئايىتى ھەققىدە: مېۋىلەرنىغۇ بىلىمىز، ئوت ـ چۆپلەردىن نېمە مەقسەت قىلىنغاندۇ؟ ـ دەپ ئويلىغان ۋە كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە: توختا، بىز بۇنى چوڭقۇرلاپ كوچىلاشتىن چەكلەنگەن ئىدۇق، ـ دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7309 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْوَائِدَةُ وَالْمَوْءُودَةُ فِي النار.

---

[1] سۈرە ئەبەسە، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2651): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەبەسە، 31 ـ ئايەت.

7309 ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«باللارنى تىرىك ھالەتتە كۆمگەن كىشىمۇ، كۆمۈلگەن بالىمۇ دوزاختىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4717)

7310 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْعَبْدَ إِذَا أَخْطَأَ خَطِيئَةً نُكِتَتْ فِي قَلْبِهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ فَإِذَا هُوَ نَزَعَ وَاسْتَغْفَرَ وَتَابَ سُقِلَ قَلْبُهُ وَإِنْ عَادَ زِيدَ فِيهَا حَتى تَعْلُوَ قَلْبُهُ وَهُوَ الرانُ الذِي ذَكَرَ اللهُ كَلا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ.

7310 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بەندە بىر جىنايەت سادىر قىلسا، دىلىغا بىر قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ جىنايەتنى تاشلاپ، مەغپىرەت تىلەپ تەۋبە قىلسا، دىلى پاكلىنىدۇ. جىنايەتنى قايتا قىلىشقا باشلىسا، قارا چېكىت ئاۋۇپ، دىلىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كېتىدۇ. الله تائالانىڭ: ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن [2] دېگەن ئايىتى مانا مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان»[3].

(تىرمىزى: 3334)

7311 ـ عن ٱبن عَباسٍ لَتَرْكَبُن طَبَقًا عَنْ طَبَقٍ حَالًا بَعْدَ حَالٍ قَالَ هَذَا نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7311 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: سىلەر جەزمەن بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىلىپ تۇرىسىلەر دېگەن

[1] ئەلبانى (3948): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] سۈرە مۇتەففىفىن، 14 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (2654): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئايىتىنى لەتەركەبەنە دەپ ئوقۇپ: ''بىر ھالدىن بىر ھالغا'' دەپ تەپسىر قىلغان ۋە: بۇ، پەيغەمبىرىڭلار مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنغان خىتاب، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4940)

7312 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْيَوْمُ الْمَوْعُودُ يَوْمُ الْقِيَامَةِ وَالْيَوْمُ الْمَشْهُودُ يَوْمُ عَرَفَةَ وَالشاهِدُ يَوْمُ الْجُمُعَةِ وَمَا طَلَعَتْ الشمْسُ وَلَا غَرَبَتْ عَلَى يَوْمٍ أَفْضَلَ مِنْهُ فِيهِ سَاعَةٌ لَا يُوَافِقُهَا عَبْدٌ مُؤْمِنٌ يَدْعُو اللهَ بِخَيْرٍ إِلا اسْتَجَابَ اللهُ لَهُ وَلَا يَسْتَعِيذُ مِنْ شَيْءٍ إِلا أَعَاذَهُ اللهُ مِنْهُ

7312 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەدە قىلىنغان كۈن [1] قىيامەت كۈنى؛ مەشھۇد كۈنى [2] ئەرافات كۈنى؛ شاھىد كۈنى [3] جۈمە كۈنىدۇر. قۇياش جۈمە كۈنىدىن ئەۋزەلرەك بىر كۈندە چىقىپ باقمىغان، ئۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك كۈندىمۇ پاتمىغان. ئۇنىڭدا شۇنداق ئۇلۇغ بىر سائەت باركى، مۇئمىن بەندە شۇ سائەتتە ياخشى دۇئا قىلىپ قالسا، دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. نېمىدىن پاناھلىق تىلىسە، شۇنىڭدىن پاناھلىق بېرىلىدۇ[4].

(تىرمىزى: 3339)

7313 ـ الΣسين بن علي في قول الله عز وجل (وشاهد ومشهود) قال الشـاهد جدي رسول الله ﷺ والمشهود يوم القيامة Ż تلا هذه الآية (إنا أرسلناك شاهدا ومبشـرا ونذيرا) Ż تلا ( ذلك يوم مجموع له الناس وذلك يوم مشهود).

[1] سۈرە بۇرۇج، 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بۇرۇج، 2 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بۇرۇج، 3 ـ ئايەت.
[4] ئەلبانى (2659): ھەسەن، ـ دېگەن.

7313 ـ ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: شاھىدۇن ۋە مەشھۇد [1] دېگەن ئايەتتىكى شاھىد ـ بۇۋام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؛ مەشھۇد بولسا، قىيامەت كۈنىدۇر. ئاندىن ئۇ: بىز ھەقىقەتەن سېنى (قىيامەت كۈنى خەلقىقە) گۇۋاھلىق بەرگۈچى، (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كافىرلارنى ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق [2] ۋە: ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر [3] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى[4].

(«ئەلئەۋسەت»: 9482؛ «ئەلسەغىر»: 1137)

7314 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صلي الله عليه وسلم جَالِسٌ وَحْدَهُ قَالَ يَا أَبَا ذَرَ لِلْمَسْجِدِ تَحِيةً وَإِن تَحِيتَهُ رَكْعَتَانِ فَقُمْ فَارْكَعْهُمَا قلت يا رسول الله هل فيما أنزل عليك شيء مما كان في صحف إبراهيم وموسى قال يا أبا ذر تقرأ (قد أفلح من تزكى ـ إلى قوله صحف إبراهيم وموسى) قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَمَا كَانَتْ صُحُفُ مُوسَى قَالَ كَانَتْ عِبَرًا كُلهَا عَجِبْتُ لِمَنْ أَيقَنَ بِالْمَوْتِ ثُم هُوَ يَفْرَحُ وَعَجِبْتُ لِمَنْ أَيقَنَ بِالنارِ ثُم هُوَ يَضْحَكُ وَعَجِبْتُ لِمَنْ أَيقَنَ بِالْقَدَرِ ثُم هُوَ يَنْصَبُ عَجِبْتُ لِمَنْ رَأَى الدنْيَا وَتَقَلبَهَا بِأَهْلِهَا ثُم اطْمَأَن إِلَيْهَا وَعَجِبْتُ لِمَنْ أَيقَنَ بِالْحِسَابِ غَدًا ثُم لا يَعْمَل.

7314 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئولتۇراتتى، مەن يېنىغا كىرسەم:

ـ ئى ئەبۇ زەر! مەسجىدنىڭ سالامى بولىدۇ، ـ دېدى، مەن:

---

[1] سۈرە بۇرۇج، 3 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فەتىھ 8 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد، 103 ـ ئايەت.
[4] ھەيسەمى (11481): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇلھەمىد ھەمانىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ سالامى نېمە؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىككى رەكئەت ناماز (ئوقۇش)دۇر، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سەھىپىلىرىدە بار ئايەتلەر نازىل قىلىندىمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ زەر! الله تائالانىڭ: (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى. سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر. بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك ـ شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا ـ ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇمامسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ سەھىپىلەردە نېمىلەر بار ئىدى؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي ئىبرەتلىك سۆزلەر بار ئىدى. مەن، ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ خۇشال يۈرگەن كىشىگە ھەيرانمەن، دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ كۈلگەن كىشىگە ھەيرانمەن، قەدەرگە ئىشەنگەن تۇرۇپ ئۆزىنى ھاردۇرغان كىشىگە ھەيرانمەن، دۇنيانىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ دۇنياغا بېرىلىپ ياشايدىغان كىشىگە ھەيرانمەن، ئەتە ھېساب ئېلىنىشىقا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغان كىشىگە ھەيرانمەن، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7315 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ عَنْ الشـ فْعِ وَالْوَتْرِ فَقَالَ هِيَ الصلَاةُ بَعْضُهَا شَفْعٌ وَبَعْضُهَا وِتْرٌ.

---

[1] سۈرە ئەئلا، 14 ـ تىن 19 ـ ئايەتكىچە.

7315 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (فەجر سۈرىسى، 3 ـ ئايەتتىكى): جۈپ ۋە تاق دېگەن ئىبارە ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

«بۇ ئىبارە نامازغا قارىتىلغان بولۇپ، نامازنىڭ بەزىسى جۈپ، بەزىسى تاق ئوقۇلىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 3342)

7316 ـ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْعَشْرَ عَشْرُ الْأَضْحَى وَالْوَتْرَ يَوْمُ عَرَفَةَ وَالشفْعَ يَوْمُ النحْرِ.

7316 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(فەجر سۈرىسىدىكى) ”ئون كېچە“ دېگەن ئىبارىدىن زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كېچىسى؛ ”تاق كۈن“دىن ئەرافات كۈنى، ”جۈپ كۈن“دىن قۇربانلىق كۈنى كۆزدە تۇتۇلغان»[②].

(ئەھمەد: 14102؛ بەززار)

7317 ـ عن عبد اللهِ بن زَمْعَةَ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ وَذَكَرَ الناقَةَ وَالذِي عَقَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ انْبَعَثَ أَشْقَاهَا انْبَعَثَ لَهَا رَجُلٌ عَزِيزٌ عَارِمٌ مَنِيعٌ فِي رَهْطِهِ مِثْلُ أَبِي زَمْعَةَ.

7317 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋېتىپ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشى توغرۇلۇق توختالدى ۋە: ئەينى زاماندا سەمۇدنىڭ ئەڭ بەتبەخت ئادىمى (مۆجىزە

---

[①] ئەلبانى (661): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (11490): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدىدىكى ئەيياش ئىبنى ئۇقبەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بولـۇپ كەلـگەن تـۆگـىنى) ئۆلتـۈرۈشـكە ئالـدىرىـدى [1] دېـگەن ئـايەتنى ئوقۇغانــدىن كېــيىــن: «ئـۇ تـۆگـىنى ئۆلتـۈرۈش ئۈچـۈن شـۇ قەۋمىنـــڭ ئىچـــدىن ئەبـۇ زەمــئەگە ئوخشـاش ئـۆز قەۋمــدە ئـابرويلۇق، زومــگەر، پەسكەش، قارا قورساق، بۆزغۇنچى، نوپۇزلۇق بىـر كـىشى ئالـدىرىدى».

(بۇخارى: 4942)

7318 ـ عبد الله بن الزبير قال نزلت هذه الآية (وما لأحد عنده من نعمة θزى إلا ابتغاء وجه ربه الأعلى ولسوف يرضى) في أبي بكر الصديق رضي الله عنه.

7318 ـ ئابـدۇللاھ ئـىبنـى زۇبەيـر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمـادىن مۇنـداق رىـــۋايەت قىلـىنـىـــدۇ: ئۇنـــڭ قىلغـــان ياخشـــىلىقى بىـراۋنـــڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچـۈن ئەمـەس، پەقـەت ئۇلـۇغ پەرۋەردىگارىنـــڭ رازىلـىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ (يەنى ئىـھسان قـىلغۇچى ئـادەم) (پەرۋەردىگارىنـــڭ بەرگەن مۇكاپاتىـدىن) چوقۇم رازى بولــدۇ [2] دېـگەن ئـايەت ئەبـۇ بەكـرى سـىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھەققـىدە نازىل بولغان[3].

(بەززار: 2209)

7319 ـ جُنْدُب ْبن سُفْيَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اشْتَكَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَقُمْ لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا فَجَاءَتْ امْرَأَةٌ فَقَالَتْ يَا مُحَمدُ إِني لَأَرْجُو أَنْ يَكُونَ شَيْطَانُكَ قَدْ تَرَكَكَ لَمْ أَرَهُ قَرِبَكَ مُنْذُ لَيْلَتَيْنِ أَوْ ثَلَاثَةٍ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل وَالضحَى وَاللْيلِ إِذَا سَجَى مَا وَدعَكَ رَبكَ وَمَا قَلَى.

7319 ـ جۇنـدۇب ئـىبنـى سـۇفيان رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلـىنـىـدۇ: پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئاغرىـپ قېلـىــپ، ئـىككـى ـ ئـۈچ كـۈن ئورنـىـدىن تۇرالـمىغانــدى، بىــر خوتـۇن كېلـىپ:

---

[1] سۈرە شەمس، 12 ـ ئايەت.

[2] سۈرە لەيل، 19 ـ دىن 21 ـ ئايەتكىچە.

[3] ھەيسـەمى (11496): بـۇ ھەدىسـنى بەززار رىـۋايەت قىلغـان بولـۇپ، سـەنەدىدە مۇسـئەب ئىـبنـى سـابىت ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ ئى مۇھەممەد! شەيتىنىڭ سېنى تاشلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ئىككى ــ ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ سېنىڭ يېنىڭغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم، ـ دېدى. شۇ چاغدا، الله تائالا: چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4950)

7320 ـ عَنْ جُنْدَبٍ الْبَجَلِي قَالَ كُنتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَارٍ فَدَمِيَتْ أُصْبُعُهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ أَنتِ إِلا إِصْبَعٌ دَمِيتِ وَفِي سَبِيلِ اللهِ مَا لَقِيتِ قَالَ وَأَبْطَأَ عَلَيْهِ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ قَدْ وُدعَ مُحَمدٌ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى مَا وَدعَكَ رَبكَ وَمَا قَلَى.

7320 ــ جۇندۇب بەجەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر غاردا ئولتۇراتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارمىقى قاناپ كەتكەندى: «سەن پەقەتلا قانىغان بىر بارماق، بېشىڭغا كەلگىنى الله يولىدا» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر مۇددەت ۋەھيى ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى، مۇشرىكلار: ـ مۇھەممەد تاشلىۋېتىلدى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3345)

[1] سۈرە زۇھا، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.
[2] ئەلبانى (2665): سەھىھ ـ دېگەن.

7321 ـ عن عبد اللهِ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لو كان الْعُسْرُ في جُحْرٍ لَدَخَلَ عليه الْيُسْرُ حتى يُخْرِجَهُ ثُم قَرَأَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إِن مع الْعُسْرِ يُسْرًا.

7321 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ناۋادا مۈشكۈللۈك بىر كاماردا بولىدىغان بولسا، ئاسانلىق چوقۇم ئۇ كامارغا كىرىپ، مۈشكۈللۈكنى چىقىرىۋېتىدۇ» دېگەندىن كېيىن: ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 9977)

7322 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي فَجَاءَ أَبُو جَهْلٍ فَقَالَ أَلَمْ أَنْهَكَ عَنْ هَذَا أَلَمْ أَنْهَكَ عَنْ هَذَا أَلَمْ أَنْهَكَ عَنْ هَذَا فَانْصَرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَزَبَرَهُ فَقَالَ أَبُو جَهْلٍ إِنكَ لَتَعْلَمُ مَا بِهَا نَادٍ أَكْثَرُ مِني فَأَنْزَلَ اللهُ فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ سَنَدْعُ الزبَانِيَةَ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ فَوَاللهِ لَوْ دَعَا نَادِيَهُ لَأَخَذَتْهُ زَبَانِيَةُ اللهِ.

7322 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتاتتى، ئەبۇ جەھل كېلىپ:

ـــ مەن سېنى بۇنىڭدىن توسمىغانمىدىم، مەن سېنى بۇنىڭدىن توسمىغانمىدىم، مەن سېنى بۇنىڭدىن توسمىغانمىدىم؟! ـــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەبۇ جەھلگە قاتتىق گەپ قىلدى. ئەبۇ جەھل:

ـــ سەن مېنىڭ مەككىدە سورۇنداشلىرى ئەڭ كۆپ ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، ـ دېگەنىدى، الله تائالا: ئۇ ئۆزىنىڭ

[1] سۈرە ئىنشىراھ 5 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11500): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ مالىك نەخەئى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرسۇن! بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى)نى چاقىرىمىز [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئۇ سورۇنداشلىرىنى (ياردەمگە) چاقىرغان بولسا، ئۇنى اللهنىڭ كۈچلۈك، قاتتىق قول پەرىشتىلىرى تۇتۇپ كەتكەن بولاتتى[2].

(تىرمىزى: 3349)

7323 ـ أبي موسى (اقرأ باسم ربك الذي خلق) وهي أول سورة أنزلت علـى محمد ﷺ.

7323 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن [3] دېگەن ئايەتتىن باشلانغان سۈرە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان تۇنجى سۈرىدۇر[4].

((«ئەلكەبىر»)

7324 ـ عَنِ ابن عَباسٍ في قَوْلِهِ (إنا أَنزَلْنَاهُ في لَيْلَةِ الْقَدْرِ) قال أُنزِلَ الْقُرْآنُ جُمْلَةً وَاحِدَةً حتى وُضِعَ في بَيْتِ الْعِزةِ في السمَاءِ الدنْيا وَنزلَهُ جِبْرِيلُ عليه السلامُ على مُحَمـدٍ صلى اللهُ عليه وسلم بِجَوَابِ كَلامِ الْعِبَادِ وَأَعْمَالِهِمْ.

7324 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق [5] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: قۇرئان بىراقلا نازىل قىلىنىپ، بىرىنچى ئاسماندىكى ئىززەت قەسرىدە قويۇلغان، ئاندىن جىبرىئىل

[1] سۈرە ئەلەق، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (2668): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئەلەق، 1 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11502): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[5] سۈرە قەدر، 1 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەندىلەرنىڭ سۆز ۋە ئىشلىرىغا قارىتا (ئاز ـ ئازدىن) ئېلىپ چۈشكەن[1].
(بەززار: 2290؛ «ئەلكەبىر»: 12382)

7325 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلى عُمَرَ يَسْأَلُهُ فَجَعَلَ يَنظُرُ إِلى رَأْسِهِ مَرةً وَإِلى رِجْلَيْهِ أُخْرَى هَلْ يَرَى عَلَيْهِ مِنْ الْبُؤْسِ شَيْئًا ثُم قَالَ لَهُ عُمَرُ كَمْ مَالُكَ قَالَ أَرْبَعُونَ مِنْ الْإِبِلِ قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ فَقُلْتُ صَدَقَ اللهُ وَرَسُولُهُ لَوْ كَانَ لِٱبنِ آدَمَ وَادِيَانِ مِنْ ذَهَبٍ لَٱبْتَغى الثالِثَ وَلَا يَمْلَأُ جَوْفَ ٱبنِ آدَمَ إِلا التُرَابُ وَيَتُوبُ اللهُ عَلى مَنْ تَابَ فَقَالَ عُمَرُ مَا هَذَا فَقُلْتُ هَكَذَا أَقْرَأَنِيهَا أُبي قَالَ فَمَرِ بِنَا إِلَيْهِ قَالَ فَجَاءَ إِلى أُبي فَقَالَ مَا يَقُولُ هَذَا قَالَ أُبي هَكَذَا أَقْرَأَنِيهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَفَأُثْبِتُهَا فَأَثْبَتَهَا.

7325 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا كېلىپ مال ـ دۇنيا سورىغان ئىدى، ئۆمەر ئۇنىڭ راست موھتاج ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن باش ـ ئايىقىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن:

ـ قانچىلىك مېلىڭ بار؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى:

ـ قىرىق تۆگەم بار، ـ دېدى. مەن:

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ناۋادا ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغىدا لىق ئالتۇنى بولسا، ئۈچىنچىسى بولۇشىنى خالايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى توپىلا (قەبرە توپىسى) تويدۇرالايدۇ. الله تائالا مەسىيەتتىن قايتىپ، تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن سۆزى نېمىدېگەن توغرا ھەم جايىدا ئېيتىلغان؟! ـ دېسەم، ئۆمەر:

ـ بۇ نېمە (گەپ)؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

[1] ھەيسەمى (11506): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ــ ئۇبەي ماڭا مۇشۇنداق ئوقۇغۇچۇق قويغانىدى، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىزنى ئۇبەينىڭ قېشىغا ئاپىرىپ:

ـ بۇ نېمە دەيدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇبەي:

ــ توغرا دەپتۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇشۇنداق ئوقۇغۇچۇق قويغانىدى، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ ئۇنداقتا بۇنى يادلىۋالايمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇبەي:

ـ شۇنداق قىلغىن! ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 21149)

7326 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَرَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا قَالَ أَتَدْرُونَ مَا أَخْبَارُهَا قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِن أَخْبَارَهَا أَنْ تَشْهَدَ عَلَى كُل عَبْدٍ أَوْ أَمَةٍ بِمَا عَمِلَ عَلَى ظَهْرِهَا أَنْ تَقُولَ عَمِلَ كَذَا وَكَذَا يَوْمَ كَذَا وَكَذَا قَالَ فَهَذِهِ أَخْبَارُهَا.

7326 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ:

ـ ئۇنىڭ خەۋەرلىرى نېمە بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ساھابىلار:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ، ھەر بىر ئەر ۋە ئايال بەندىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە: پالانى كۈنى مۇنداق قىلغان، پوكۈنى كۈنى ئۇنداق قىلغان، ـ دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ـ دېدى[3].

(تىرمىزى: 2429)

[1] ھەيسەمى (11510): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] سۈرە زەلزەلە، 4 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (664): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7327 ـ عَنْ صَعْصَعَةَ بْنِ مُعَاوِيَةَ عَمِّ الْفَرَزْدَقِ أَنَّهُ أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَرَأَ عَلَيْهِ فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ قَالَ حَسْبِي لَا أُبَالِي أَنْ لَا أَسْمَعَ غَيْرَهَا.

7327 ـ فەرەزدەقنىڭ تاغىسى سەئسەئە ئىبنى مۇئاۋىيەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەندى، ئۇ:

ـ بۇ ماڭا كۇپايە، باشقىسىنى ئاڭلىمىساممۇ مۇشۇ يېتەرلىك، ـ دېگەن[2].

(ئەھمەد: 20612؛ «ئەلكەبىر»: 7411)

7328 ـ عن أبي أُمَامَةَ رَفَعَهُ الْكَنُودُ الذي يَضْرِبُ عَبْدَهُ وَيَمْنَعُ رِفْدَهُ وَيَأْكُلُ وَحْدَهُ.

7328 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئادىيات سۈرىسى 6 ـ ئايەتتىكى) كەنۇد دېگەن ئىبارە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كەنۇد دېگەن، تاماقنى يالغۇز ئولتۇرۇپ يەيدىغان، باشقىلارغا نەپ بەرمەيدىغان، خىزمەتچىسىنى (قۇلىنى) ئۇرىدىغان كىشىدۇر»[3].

(«ئەلكەبىر»: 7778)

[1] سۈرە زەلزەلە، 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11513): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (11516): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدە جەئفەر ئىبنى زۇبەير ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. يەنە بىر سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

7329 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَما نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةَ ثُم لَتُسْأَلُن يَوْمَئِذٍ عَنْ النعِيمِ قَالَ الناسُ يَا رَسُولَ اللهِ عَنْ أَي النعِيمِ نُسْأَلُ فَإِنمَا هُمَا الْأَسْوَدَانِ وَالْعَدُو حَاضِرٌ وَسُيُوفُنَا عَلَى عَوَاتِقِنَا قَالَ إِن ذَلِكَ سَيَكُونُ.

7329 — ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر[①] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزدە خورما بىلەن سۇدىن باشقا نەرسە بولمىسا، دۈشمەن كۆز تىكىپ تۇرسا، قىلىچلىرىمىز بوينىمىزدىن چۈشمىسە، بىز قايسى نېئمەتلەردىن سورىلىمىز؟ ـ دەپ سورىغىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— نېمەتلەرگە ئېرىشىدىغان كۈنلەر (يات يېقىندا) كېلىدۇ، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 3357)

7330 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَولَ مَـا يُسْأَلُ عَنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَعْنِي الْعَبْدَ مِنْ النعِيمِ أَنْ يُقَالَ لَهُ أَلَمْ نُصِح لَكَ جِسْمَكَ وَنُرْوِيكَ مِنْ الْمَاءِ الْبَارِدِ.

7330 — ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى بەندىدىن سورىلىدىغان تۇنجى نېمەت: ساڭا جىسمىڭنى ساغلام قىلىپ بەرمىدۇقمۇ؟ سوغۇق سۇ بىلەن ئۇسسۇزلىقىڭنى قاندۇرمىدۇقمۇ؟ ـ دېيىشتىن ئىبارەت»[③].

(تىرمىزى: 3358)

[①] سۈرە تەكاسۇر، 8 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (2673): ھەسەن، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2674): سەھىھ ـ دېگەن.

7331 ـ عن عبد اللهِ قال كنا نَعُد الْمَاعُونَ على عَهْدِ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ عارية الدلْوِ وَالْقِدْرِ.

7331 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، "مائۇن"نى چېلەك ۋە قازاندەك نەرسىلەرنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇش دەپ قارايتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1657)

7332 ـ عَنِ ابن عَباسٍ قال (وَيَمْنُعُونَ الْمَاعُونَ) قال الْعَارِيَةُ.

7332 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ[2] دېگەن ئايىتىنى: ئۆتنە ـ يېرىم قىلمايدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغان[3].

(«ئەلكەبىر»: 12354)

7333 ـ عن أنسٍ قال بَيْنَا رسول اللهِ ﷺ ذَاتَ يَوْمٍ بين أَظْهُرِنَا إِذْ أَغْفَى إِغْفَاءَةً ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ مُتَبسمًا فَقُلْنَا ما أَضْحَكَكَ يا رَسُولَ اللهِ قال أُنزِلَتْ عَلَي آنِفًا سُورَةٌ فَقَرَأَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ (إنا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ فَصَل لِرَبكَ وَانْحَرْ إن شَانِئَكَ هو الْأَبْتَرُ) ثُم قال أَتَدْرُونَ ما الْكَوْثَرُ فَقُلْنَا الله وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قال فإنه نَهْرٌ وَعَدَنِيهِ رَبي عز وجل عليه خَيْرٌ كَثِيرٌ هو حَوْضٌ تَرِدُ عليه أُمتِي يوم الْقِيَامَةِ آنِيَتُهُ عَدَدُ النجُومِ فَيُخْتَلَجُ الْعَبْدُ منهم فَأَقُولُ رَب إنه من أُمتِي فيقول ما تَدْرِي ما أَحْدَثَتْ بَعْدَكَ.

7333 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىر ئاز ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. بىز:

---

[1] ئەلبانى (1459): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] سۈرە مائۇن، 7 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11523): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

— ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىگە كۈلۈپ كەتتىڭ؟ - دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ماڭا بىر سۈرە نازىل قىلىندى، - دېدى ۋە: بِسْمِ اللهِ الـرحْمنِ الـرحِيمِ بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام - نىشانى قالمايدۇ [1] دەپ سۈرە كەۋسەرنى ئوقۇدى، ئاندىن:

— كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى، بىز:

— الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، - دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ، رەببىم ئەززە ۋەجەللە ماڭا ۋەدە قىلغان بىر دەريا بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار. قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ، قاچىلىرى يۇلتۇزنىڭ سانىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئارىدىن بىر بەندە تارتىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ، مەن: "ئى رەببىم! ئۇمۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئىدى" دېسەم، رەببىم: "ئۇنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭ يوق" دەيدۇ، - دېدى.

(مۇسلىم: 400)

وفي رواية: لَما عُرِجَ بِالنبِي ﷺ إلى السمَاءِ قال أَتَيْتُ على نَهَرٍ حَافَتَاهُ قِبَابُ اللؤْلُـؤِ مُجَوفًا فقلت ما هذا يا جِبْرِيلُ قال هذا الْكَوْثَرُ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراج كېچىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «مەن ئىككى قىرغىقى كاۋاك ياقۇت گۈمبەز بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر دەرياغا كېلىپ: ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟ - دەپ سورىسام، ئۇ: بۇ كەۋسەر» دېدى.

(بۇخارى: 4964)

[1] سۈرە كەۋسەر.

7334 ـ عن سَعِيدِ بن جُبَيْرٍ عن بن عَبَّاسٍ رضي الله عنه قال الْكَوْثَرُ الْخَيْرُ الْكَثِيرُ الذي أَعْطَاهُ الله إِيَّاهُ قال أبو بِشْرٍ قلت لِسَعِيدٍ إِنَّ أُنَاسًا يَزْعُمُونَ أَنَّهُ نَهَرٌ في الْجَنَّةِ فقال سَعِيدٌ النَّهَرُ الذي في الْجَنَّةِ من الْخَيْرِ الذي أَعْطَاهُ الله إِيَّاهُ.

7334 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كەۋسەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇ، الله تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتا قىلىنغان نۇرغۇن ياخشىلىقتۇر.

ئەبۇ بىشر مۇنداق دېگەن: مەن سەئىد ئىبنى جۇبەيرگە:

ـ كىشىلەر: "كەۋسەر دېگەن جەننەتتىكى بىر دەريا دېيىشىۋاتىدۇ" دېسەم، ئۇ:

ـــ جەننەتتىكى دەريامۇ اللهنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4966)

7335 ـ عن عبد اللهِ بن عُمَرَ قال قال رسول اللهِ ﷺ الْكَوْثَرُ نَهْرٌ في الْجَنَّةِ حَافَتَاهُ من ذَهَبٍ وَمَجْرَاهُ على الدر وَالْيَاقُوتِ تُرْبَتُهُ أَطْيَبُ من الْمِسْكِ وَمَاؤُهُ أَحْلَى من الْعَسَلِ وَأَبْيَضُ من الثَّلْجِ.

7335 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەۋسەر جەننەتتىكى بىر دەريا بولۇپ، ئىككى ياقىسى ئالتۇندىن، ئېقىنى ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىندۇر. ئۇنىڭ تۇپرىقى مۇشكى ـ ئەنبەردىنمۇ خۇشبۇي، سۈيى ھەسەلدىنمۇ شېرىن، قاردىنمۇ ئاق بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3361)

[1] ئەلبانى (2677): سەھىھ ـ دېگەن.

7336 ـ عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ، عَنْ عَائِشَةَ ـ رضى الله عنها ـ قَالَ سَأَلْتُهَا عَنْ قَوْلِهِ تَعَالَى ﴿إِنا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ﴾ قَالَتْ نَهَرٌ أُعْطِيَهُ نَبِيكُمْ صلى الله عليه وسلم شَاطِئَاهُ عَلَيْهِ دُر مُجَوفٌ آنِيَتُهُ كَعَدَدِ النجُومِ.

7336 ـ ئەبۇ ئۇبەيدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن الله تائالانىڭ: بىز ساڭا كەۋسەرنى ئاتا قىلدۇق [1] دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئۇ سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىغا كاۋاك ياقۇتتىن گۈمبەز قويۇلغان، قاچىلىرىنىڭ سانى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدەك كۆپتۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4965)

7337 ـ عن ابن عباس: قالت قريش: ليس له ولد، وسيموت وينقطع أثره، فنزلت سورة الكوثر إلى قوله: (إن شانئك هو الأبتر).

7337 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كەۋسەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: قۇرەيش مۇشرىكلىرى:

ـ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ پەرزەنتى يوق، بۇ ئۆلۈپ كەتسە، (دۇنيادا) نام ـ نىشانى قالمايدۇ دېگەندە، كەۋسەر سۈرىسى: ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ دېگەن ئايەتكىچە نازىل بولغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7338 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ عُمَرُ يُدْخِلُنِي مَعَ أَشْيَاخِ بَدْرٍ فَكَأَن بَعْضَهُمْ وَجَدَ فِي نَفْسِهِ فَقَالَ لِمَ تُدْخِلُ هَذَا مَعَنَا وَلَنَا أَبْنَاءٌ مِثْلُهُ فَقَالَ عُمَرُ إِنهُ مَنْ قَدْ عَلِمْتُمْ فَدَعَاهُ ذَاتَ يَوْمٍ فَأَدْخَلَهُ مَعَهُمْ فَمَا رُئِيتُ أَنهُ دَعَانِي يَوْمَئِذٍ إِلا لِيُرِيَهُمْ قَالَ مَا تَقُولُونَ فِي قَوْلِ اللهِ تَعَالَى إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللهِ وَالْفَتْحُ فَقَالَ بَعْضُهُمْ أُمِرْنَا أَنْ نَحْمَدَ اللهَ وَنَسْتَغْفِرَهُ إِذَا نُصِرْنَا وَفُتِحَ عَلَيْنَا وَسَكَتَ بَعْضُهُمْ فَلَمْ يَقُلْ شَيْئًا فَقَالَ لِي أَكَذَاكَ تَقُولُ يَا ابْنَ عَباسٍ فَقُلْتُ لَا قَالَ فَمَا

[1] سۈرە كەۋسەر، 1 ـ ئايەت.

تَقُولُ قُلْتُ هُوَ أَجَلُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْلَمَهُ لَهُ قَالَ إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللهِ وَالْفَتْحُ وَذَلِكَ عَلَامَةُ أَجَلِكَ فَسَبحْ بِحَمْدِ رَبكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنهُ كَانَ تَوابًا فَقَالَ عُمَرُ مَا أَعْلَمُ مِنْهَا إِلا مَا تَقُولُ.

7338 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر مېنى بەدرگە قاتناشقان مويسىپىت ساھابىلار بار سورۇنغا قاتناشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خاپا بولغان بولسا كېرەك، ئۆمەرگە:

ــ بىزنىڭ بۇنىڭ بىلەن تەڭ بالىلىرىمىز تۇرسا، ئۇنى بىز بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغۇزغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دېگەن ئىدى، ئۆمەر:

ــ ئۇ ئالىم بولغاچقا شۇنداق قىلدىم، بۇنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ـ دېدى. بىر كۈنى، مېنى يەنە چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزدى. بۇ قېتىم ئۆمەر مېنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن چاقىردى دەپ ئويلايتتىم. ئۆمەر ئۇلاردىن:

ــ الله تائالانىڭ: ﴿اللهنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە﴾[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، بەزىلىرى:

ــ بىزگە نۇسرەت ياكى فەتىھ ئاتا قىلىنسا، اللهقا ھەمدۇ ـ سانا ۋە ئىستىغفار ئېيتىشقا بۇيرۇلدۇق، ـ دېيىشتى، بەزىلىرى بىر نەرسە دېمەي جىم تۇرۇشتى. ئۆمەر مەندىن:

ـــ ئى ئىبنى ئابباس! سەنمۇ شۇنداق دەپ قارامسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ــ ياق، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنداقتا، سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ باقايلى، ـ دېدى. مەن:

ـــ بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەجىلىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، الله ئۇنىڭغا ئەجىلىنى بىلدۇرگەن. الله: ﴿اللهنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەندە رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن

[1] سۈرە نەسر، 1 ـ ئايەت.

تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر [1] دېدى، يەنى بۇ سېنىڭ ئەجىلىڭنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر دېمەكچى، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۆمەر:

ــ بۇ ئايەتنى مەنمۇ سەندەك چۈشىنىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4970)

7339 ـ وفي رواية: فَقَالَ لَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ إِن لَنا أَبْنَاءً مِثْلَهُ فَقَالَ إِنهُ مِنْ حَيْثُ تَعْلَمُ.

7339 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئۆمەرگە:

ــ بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ باللىرىمىز بار، ـ دېگەندى، ئۆمەر:

ــ ئۇ ئالىم بولغاچقا شۇنداق قىلدىم، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3627)

7340 ـ عن ابن عباس قال: عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: لَما نَزَلَتْ تَبتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ، جَاءَتِ امْرَأَةُ أَبِي لَهَبٍ وَرَسُولُ اللهِ جَالِسٌ، وَمَعَهُ أَبو بَكْرٍ، فَقَالَ لَهُ أَبو بَكْرٍ: لَوْ تَنحيْتَ لاَ تُؤْذِيكَ يَا رَسُولَ اللهِ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: إِنهُ سَيُحَالُ بَيْنِي وَبَيْنَهَا فَأَقْبَلَتْ حَتى وَقَفَتْ عَلَى أَبِي بَكْرٍ، فَقَالَتْ: يَا أَبَا بَكْرٍ، هَجَانَا صَاحِبُكَ؟ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ: لاَ وَرَب هَذِهِ الْبَنِيةِ مَا يَنْطِقُ بِالشعْرِ وَلاَ يَتفَوهُ بِهِ، فَقَالَ: إِنكَ لَمُصَدقٌ، فَلَما وَلتْ، قَالَ أَبو بَكْرٍ رَحْمَةُ اللهِ عَلَيْهِ: مَا رَأَتْكَ، قَالَ: لاَ مَا زَالَ مَلَكٌ يَسْتُرُنِي حَتى وَلتْ.

7340 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن [2] دېگەن سۈرە نازىل بولغاندا، ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى ئىككىسى ئولتۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

---

[1] سۈرە نەسر، 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مەسەد.

— ئۆزەڭنى دالدىغا ئالساڭ بولاتتى، بۇ ئايال ساڭا ئازار بېرىپ قويمىسۇن، - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا توساق پەيدا قىلىنىدۇ، - دېدى. ئۇ ئايال ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى ئەبۇ بەكرى! سېنىڭ ھەمراھىڭ بىزنى شېئىر بىلەن سۆكۈپتۇ، - دېدى، ئەبۇ بەكرى:

— ياق، مۇشۇ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇ شېئىر توقۇمايدۇ، ھەتتا شېئىر ئوقۇپمۇ باقمايدۇ، - دېگەندى، ئۇ ئايال:

— سەن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە راستچىل ئادەمسەن. بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىمىز، - دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى (يېنىدا ئولتۇرغان) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئۇ سېنى كۆرمىدىمۇ؟ - دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، بىر پەرىشتە كېلىپ، تاكى ئۇ كەتكىچە مېنى توسۇپ تۇردى، - دېدى[1].

(بەززار: 2294؛ مەۋسىلى)

7341 ـ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ أَنَّ الْمُشْرِكِينَ قَالُوا لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ انْسُبْ لَنَا رَبَّكَ فَأَنْزَلَ اللَّهُ قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ اللَّهُ الصَّمَدُ وَالصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ لِأَنَّهُ لَيْسَ شَيْءٌ يُولَدُ إِلَّا سَيَمُوتُ وَلَا شَيْءٌ يَمُوتُ إِلَّا سَيُورَثُ وَإِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ لَا يَمُوتُ وَلَا يُورَثُ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ قَالَ لَمْ يَكُنْ لَهُ شَبِيهٌ وَلَا عِدْلٌ وَلَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ.

7341 - ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

- بىزگە رەببىڭنى سۈپەتلەپ نەسەبىنى سۆزلەپ بەرگىن! — دېگەن ئىدى، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ الله بىردۇر، ھەممە اللهقا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ

[1] ھەيسەمى (11529): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ سەنەدىدىكى ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك كىشى ھەدىسنى ئېلىشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالغان، - دېگەن..

كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [1] دېگەن سۈرىنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۈرىنى: «تۇغۇلغان ھەرقانداق نەرسە ئۆلمەي قالمايدۇ. ئۆلگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ ۋارىسى قېلىپ قالىدۇ. الله ئەززە ۋەجەللە ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىشى ياكى تەڭتۇشى يوقتۇر. ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئوخشىمايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ» دەپ تەپسىر قىلدى [2].

(تىرمىزى: 3364)

7342 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ اللهُ كَذَبَنِي ابْنُ آدَمَ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ ذَلِكَ وَشَتَمَنِي وَلَمْ يَكُنْ لَهُ ذَلِكَ فَأَما تَكْذِيبُهُ إِيايَ فَقَوْلُهُ لَنْ يُعِيدَنِي كَمَا بَدَأَنِي وَلَيْسَ أَولُ الْخَلْقِ بِأَهْوَنَ عَلَي مِنْ إِعَادَتِهِ وَأَما شَتْمُهُ إِيايَ فَقَوْلُهُ اتخَذَ اللهُ وَلَدًا وَأَنَا الْأَحَدُ الصمَدُ لَمْ أَلِدْ وَلَمْ أُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لِي كُفُئًا أَحَدٌ.

7342 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

«الله ئېيتىدۇ: ئادەم بالىسى مېنى ''يالغانچى'' دېدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ بۇنداق دېيىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇ ماڭا دەشنام قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىش ھەققىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ: ''الله مېنى بۇرۇنقى ھالىمغا ئوخشاش قايتا تىرىلدۈرەلمەيدۇ'' دېگىنى مېنى يالغانچىغا چىقارغىنىدۇر. ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىش قايتا تىرىلدۈرۈشتىنمۇ ئاسان ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ: ''اللهنىڭ بالىسى بار'' دېگىنى ماڭا قىلغان دەشنىمىدۇر. مەن بىرمەن، ھەممە ماڭا موھتاجدۇر. مەن بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ماڭا تەڭداش بولالمايدۇ».

(بۇخارى: 4974)

[1] سۈرە ئىخلاس، 1ـ4ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (2680): ھەسەن، ـ دېگەن.

7343 ـ عَنْ زِرِّ بْنِ حُبَيْشٍ قَالَ سَأَلْتُ أُبَيَّ بْنَ كَعْبٍ عَنْ الْمُعَوِّذَتَيْنِ فَقَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ قِيلَ لِي فَقُلْتُ فَنَحْنُ نَقُولُ كَمَا قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

7343 ـ زىر ئىبنى ھۇبەيشتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى توغرۇلۇق سورىغان ئىدىم. ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ـ مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ توغرۇلۇق سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىككى سۈرە ماڭا مۇشۇنداق ۋەھيي قىلىندى، مەنمۇ شۇ پېتى ئوقۇدۇم» دەپ جاۋاب بەردى. شۇڭا بىزمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقۇغاندەك ئوقۇيمىز.

(بۇخارى: 4976)

7344 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَظَرَ إِلَى الْقَمَرِ فَقَالَ يَا عَائِشَةُ اسْتَعِيذِي بِاللَّهِ مِنْ شَرِّ هَذَا فَإِنَّ هَذَا هُوَ الْغَاسِقُ إِذَا وَقَبَ.

7344 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايغا قاراپ ماڭا مۇنداق دېگەن: «ئى ئائىشە! الله تائالاغا سېغىنىپ بۇنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن، چۈنكى بۇ (فەلەق سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان) غاسىقتۇر»[1].

(تىرمىزى: 3366)

7345 ـ وَيُذْكَرُ عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ الْوَسْوَاسِ إِذَا وُلِدَ خَنَسَهُ الشَّيْطَانُ فَإِذَا ذُكِرَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ ذَهَبَ وَإِذَا لَمْ يُذْكَرِ اللَّهُ ثَبَتَ عَلَى قَلْبِهِ.

7345 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ۋەسۋەسە قىلغۇچى دېگەن ئىبارىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندا،

[1] ئەلبانى (2681): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

شەيتان ئۇنى نوقۇيدۇ. الله تىلغا ئېلىنسا كېتىدۇ. الله تىلغا ئېلىنمىسا، ئۇنىڭ دىلىغا ئورناپ كېتىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7346 ـ وفي رواية عنه: الشيطانُ جَاثِمٌ على قلبِ بن آدمَ فإذا ذكرَ اللهَ خَنَسَ وإذا غفَلَ وَسْوَسَ.

7346 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ دىلىغا چاپلىشىۋالىدۇ. الله تىلغا ئېلىنسا كېتىدۇ، (الله) تىلغا ئېلىنمىسا، ۋەسۋەسە قىلىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7347 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ يَزِيدَ قَالَ كَانَ عَبْدُ اللهِ يَحُكُ الْمُعَوذَتَيْنِ مِنْ مَصَاحِفِهِ وَيَقُولُ إِنهُمَا لَيْسَتَا مِنْ كِتَابِ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى.

7347 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۆزىنىڭ شەخسىي قۇرئانىدىن فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ:

ـ بۇ ئىككىسى الله تائالانىڭ كىتابىدىن ئەمەس، ـ دېگەن[1].

(ئەھمەد: 21226؛ «ئەلكەبىر»: 9150)

7348 ـ وله وللبزار: أن عَبْد اللهِ، أَنهُ كَانَ يَحُكُ الْمُعَوذَتَيْنِ مِنَ الْمُصْحَفِ، وَيَقُولُ: إنمَا أمرَ النبي صلى الله عليه وسلم أَنْ يُتَعَوذَ بِهمَا، وَكَانَ عَبْدُ اللهِ لاَ يَقْرَأُ بِهمَا.

7348 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي قۇرئانىدىن فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ:

[1] ھەيسەمى (11562): بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر؛ تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى بولسا ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىنى ئوقۇپ پاناھلىق تىلەشكە بۇيرۇلغان، ـ دېگەن. ئۇ، بۇ ئىككى سۈرىنى نامازدا ئوقۇمايتتى[1].

(بەززار: 2301؛ «ئەلكەبىر»: 9152)

[1] ھەيسەمى (11563): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا تەرغىب قىلىش، تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ۋە قۇرئاننى ھىزبلەرگە بۆلۈش

7349 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَعَاهَدُوا هَذَا الْقُرْآنَ فَوَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَهُوَ أَشَد تَفَلتًا مِنْ الْإِبِلِ فِي عُقُلِهَا.

7349 ـــ ئەبــۇ مۇســا ئەشــئەرىي رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاننى تاشلىماي ئوقۇپ تۇرۇڭلار، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ (قۇرئان) ئىنسانلارنىڭ ئېسىدىن باغلاقتىن قاچقان تۆگىدىنمۇ تېز قاچىدۇ».

(مۇسلىم: 791)

7350 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنمَا مَثَلُ صَاحِبِ الْقُرْآنِ كَمَثَلِ صَاحِبِ الْإِبِلِ الْمُعَقلَةِ إِنْ عَاهَدَ عَلَيْهَا أَمْسَكَهَا وَإِنْ أَطْلَقَهَا ذَهَبَتْ.

7350 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان ياد ئالغان كىشى خۇددى پۇتى چۇشەپ قويۇلغان تۆگىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ (تۆگىسىنى) داۋاملىق يوقلاپ تۇرسا، جايىدا تۇرىۋېرىدۇ. تاشلىۋەتسە، قېچىپ كېتىدۇ».

(بۇخارى: 5031)

7351 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِئْسَمَا لِأَحَدِهِمْ يَقُولُ نَسِيتُ آيَةَ كَيْتَ وَكَيْتَ بَلْ هُوَ نُسيَ اسْتَذْكِرُوا الْقُرْآنَ فَلَهُوَ أَشَد تَفَصيًا مِنْ صُدُورِ الرجَالِ مِنْ النَعَمِ بِعُقُلِهَا.

7351 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرسىنىڭ: پالانى - پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم، - دېيىشى نېمىدېگەن يامان؟! ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇنتۇلدۇرۇلغان. شۇڭا قۇرئاننى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدىن تۆگە قاچقاندىنمۇ بەكرەك قېچىپ تۇرىدۇ».

(مۇسلىم: 790)

7352 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ نَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَفِينَا الْأَعْرَابِي وَالْأَعْجَمِي فَقَالَ اقْرَءُوا فَكُل حَسَنٌ وَسَيَجِيءُ أَقْوَامٌ يُقِيمُونَهُ كَمَا يُقَامُ الْقِدْحُ يَتَعَجلُونَهُ وَلَا يَتَأَجلُونَهُ.

7352 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز قۇرئان ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقتى. ئارىمىزدا ئەئرابىيلارمۇ، ئەجەملەرمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئوقۇڭلار! ھەممىڭلارنىڭ قىرائىتى ياخشى ئىكەن. كېيىنچە شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، قۇرئاننى خۇددى ئوقنى رۇسلىغاندەك رۇسلاپ راۋۇرۇس ئوقۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن قولغا كېلىدىغان مەنپەئەتنى دۇنيادىلا ئالىدۇ، ئاخىرەت ساۋابىنى كۆزلىمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 830)

7353 ـ عَنْ أَبِي الْأَسْوَدِ قَالَ بَعَثَ أَبُو مُوسَى الْأَشْعَرِي إِلَى قُراءِ أَهْلِ الْبَصْرَةِ فَدَخَلَ عَلَيْهِ ثَلَاثُ مِائَةِ رَجُلٍ قَدْ قَرَءُوا الْقُرْآنَ فَقَالَ أَنْتُمْ خِيَارُ أَهْلِ الْبَصْرَةِ وَقُراؤُهُمْ فَاتْلُوهُ

[1] ئەلبانى (740): سەھىھ ـ دېگەن.

وَلَا يَطُولَن عَلَيْكُمْ الْأَمَدُ فَتَقْسُو قُلُوبُكُمْ كَمَا قَسَتْ قُلُوبُ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ وَإِنا كُنا نَقْرَأُ سُورَةً كُنا نُشَبِهُهَا فِي الطولِ وَالشدةِ بِبَرَاءَةَ فَأُنسِيتُهَا غَيْرَ أَني قَدْ حَفِظْتُ مِنْهَا لَوْ كَانَ لِابْنِ آدَمَ وَادِيَانِ مِنْ مَالٍ لَابْتَغَى وَادِيًا ثَالِثًا وَلَا يَمْلَأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلا الترَابُ وَكُنا نَقْرَأُ سُورَةً كُنا نُشَبِهُهَا بِإِحْدَى الْمُسَبحَاتِ فَأُنسِيتُهَا غَيْرَ أَني حَفِظْتُ مِنْهَا يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ فَتُكْتَبُ شَهَادَةً فِي أَعْنَاقِكُمْ فَتُسْأَلُونَ عَنْهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

7353 ــ ئەبۇ ئەسۋەدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەسرە قارىيلىرىنى چاقىرتقان ئىدى، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا 300 قارىي كىردى. ئەبۇ مۇسا ئۇلارغا:

ــ سىلەر بەسرە ئاھالىسىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، قارىيلىرى سىلەر. شۇڭا دىلىڭلارنىڭ ئىلگىرىكىلەرنىڭكىدەك قارىداپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قۇرئاننى تاشلاپ قويماي ئوقۇپ تۇرۇڭلار. بىز ئۇزۇنلىقى ھەم ئەھكاملىرىنىڭ قاتتىقلىقى جەھەتتە بەرائەت سۈرىسىگە ئوخشىشىدىغان بىر سۈرىنى ئوقۇيتتۇق. كېيىن مەن ئۇ سۈرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم (چۈنكى اللە تائالا ئۇ سۈرىنى مەنسۇخ قىلىۋەتتى). بىراق مەن ئۇنىڭدىن مۇنۇلارنى ئەسلىيەلەيمەن: ”ناۋادا ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى جىلغىدا لىق مېلى بولسا، ئۈچىنچىسى بولۇشىنى خالايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقى (قەبرىگە كىرىپ) تۇپرىغا تولغاندىلا ئاندىن تويىدۇ“. بىز يەنە بىر سۈرىنى تەسبىھ بىلەن باشلىنىدىغان سۈرىلەرنىڭ بىرىگە ئوخشىتاتتۇق. كېيىن ئۇنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم. لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇنۇلارنى ئەسلىيەلەيمەن: ”ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمىشقا ئەمەل قىلمايدىغان سۆزلەرنى قىلىسىلەر؟ ئۇنداق قىلساڭلار، بۇ سۆز بويۇنلىرىڭلارغا گۇۋاھلىق سۈپىتىدە يېزىلىپ قېلىپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن سورالمامسىلەر؟“

(مۇسلىم: 1050)

7354 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَينُوا الْقُرْآنَ بِأَصْوَاتِكُمْ.

7354 ـــ بەرا ئىبنــى ئازىــب رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم: «قۇرئــاننى ئاۋازىڭلار بىلەن بېزەڭلار» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1468)

7355 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا أَذِنَ اللهُ لِشَيْءٍ مَا أَذِنَ لِلنبِي أَنْ يَتَغَنى بِالْقُرْآنِ.

7355 ـــ ئەبــۇ هــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ پەيغەمــبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەمدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلغــان: «اﷲ تائــالا ھېچبىــر نەرسىگە پەيغەمبىرىنىڭ چىرايلىق ئاۋازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلغىنىغا قۇلاق سالغاندەك قۇلاق سالمىغان».

(بۇخارى: 5024)

7356 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا أَذِنَ اللهُ لِشَيْءٍ مَا أَذِنَ لِنَبِي حَسَنِ الصوْتِ بِالْقُرْآنِ يَجْهَرُ بِهِ.

7356 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمــبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەمنىڭ: «اﷲ تائــالا ھېچبىــر نەرســىگە قۇرئــاننى مۇڭلــۇق ئــاۋازدا ئوقۇغــان پەيغەمبىــرىگە قــۇلاق سالغاندەك قۇلاق سالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

(بۇخارى: 7544)

7357 ـ وفي رواية: يتغنى بالقرآن يجهر به.

7357 ـــ يەنە بىــر رىــۋايەتتە: «قۇرئــاننى چىرايلىــق ئــاۋازدا ئۈنلــۈك تىلاۋەت قىلغان پەيغەمبىرىنىڭ ئاۋازى» دەپ كەلگەن.

(بۇخارى: 5023)

[1] ئەلبانى (1303): سەھىھ ـ دېگەن.

7358ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ مِنا مَنْ لَمْ يَتَغَن بِالْقُرْآنِ وَزَادَ غَيْرُهُ يَجْهَرُ بِهِ.

7358 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئۈنلۈك ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس» دېيىلگەن.
(بۇخارى: 7527)

7359 ـ عن حذيفة رفعه: اقرءوا القرآن بلحون العرب وأصواő وإياكم و∑ون أهل العشق والفسق وأهل الكتابين وسيأź قوم يرجعون بالقرآن ترجيع الغناء والنـوح لا ƶاوز حناجرهم قلوõم مفتونة وقلوب من يعجبه شأنم.

7359 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاننى ئەرەبلەرنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئاھاڭى بويىچە ئوقۇڭلار، ئەيش ـ ئىشرەتچىلەرنىڭ، پاسىقلارنىڭ ۋە ئىككى كىتاب ئەھلىنىڭ ئاھاڭ ــ تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. كېيىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى ناخشا ۋە ماتەم ئاھاڭىدا ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ تىلاۋىتى كانىيىدىن ھالقىمايدۇ (يەنى دىلىغا تەسىر قىلمايدۇ). ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارغا مەستانە بولغانلارنىڭ دىللىرى پىتنە ــ پاساتقا تولىدۇ»[1].

(«ئەلئىۋسەت»: 7223؛ رەزىن)

7360 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ اعْتَكَفَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَسْجِدِ فَسَمِعَهُمْ يَجْهَرُونَ بِالْقِرَاءَةِ فَكَشَفَ الستْرَ وَقَالَ أَلَا إِن كُلكُمْ مُنَاجٍ رَبهُ فَلَا يُؤْذِيَن بَعْضُكُمْ بَعْضًا وَلَا يَرْفَعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَعْضٍ فِي الْقِرَاءَةِ أَوْ قَالَ فِي الصلَاةِ.

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. ـ دېگەن.

7360 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئىتىكاپتا ئولتۇراتتى، جامائەتنىڭ قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پەردىنى قايرىپ مۇنداق دېدى:

«دىققەت قىلىڭلار، ھەر بىرىڭلار رەببىڭگە مۇناجات قىلغۇچىدۇر. شۇڭا بىر ـ بىرىڭلارغا ئازار بەرمەڭلار، تىلاۋەت قىلغاندا (ياكى نامازدا) بىر ـ بىرىڭلاردىن ئۈنلۈك ئوقۇماڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1332)

7361 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَمِعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا يَقْرَأُ فِي سُورَةٍ بِاللَّيلِ فَقَالَ يَرْحَمُهُ اللهُ لَقَدْ أَذْكَرَنِي كَذَا وَكَذَا آيَةً كُنتُ أُنسِيتُهَا مِنْ سُورَةِ كَذَا وَكَذَا.

7361 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

«الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق سۈرىلەردىكى (ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇلغان) مۇنداق ـ مۇنداق ئايەتلەرنى ئەسلىتىپ قويدى» دېدى.

(بۇخارى: 5038)

7362 ـ وفي رواية: أَسْقَطْتُهن مِنْ سُورَةِ كَذَا وَكَذَا.

7362 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «پالانى سۈرىدىن ئۇنتۇپ قالغان ئايەتلەرنى...» دېيىلگەن.

(بۇخارى: 2655)

[1] ئەلبانى (1183): سەھىھ ـ دېگەن.

7363 ـ عَنْ قَتَادَةَ قَالَ سُئِلَ أَنَسٌ كَيْفَ كَانَتْ قِرَاءَةُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كَانَتْ مَدا ثُم قَرَأَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ يَمُد بِبِسْمِ اللهِ وَيَمُد بِالرحْمَنِ وَيَمُد بِالرحِيمِ.

7363 ـ قەتادەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانداق قىرائەت قىلىدىغانلىقى سورالغانىدى، ئۇ:

ـ سوزۇپ ئوقۇيتتى، ـ دېدى ۋە: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم»نى ”بىسمىللاھ“؛ ”ئەررەھمان“؛ ”ئەررەھىم“ گە بۆلۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم سوزۇپ ئوقۇپ بەردى.

(بۇخارى: 5046)

7364 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ أَنهَا ذَكَرَتْ أَوْ كَلِمَةً غَيْرَهَا قِرَاءَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ الرحْمَنِ الرحِيمِ مَلِكِ يَوْمِ الدينِ يُقَطعُ قِرَاءَتَهُ آيَةً آيَةً.

7364 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائەت قىلىش ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ بەردى ۋە: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر. الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر دېگەن ئايەتلەرنى ئايەتمۇ ـ ئايەت ئوقۇپ كۆرسىتىپ قويدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4001)

7365 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ بنِ قُرةَ قَالَ: رأيت رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يوم فَتْحِ مَكةَ على نَاقَتِهِ يَقْرَأُ سُورَةَ الْفَتْحِ قال فَقَرَأَ بن مُغَفلٍ وَرَجعَ فقال مُعَاوِيَةُ لَوْلَا الناس لَأَخَذْتُ لَكُمْ بِذَلِكَ الذي ذَكَرَهُ بن مُغَفلٍ عن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

[1] ئەلبانى (3379): سەھىھ ـ دېگەن.

7365 ــ مۇئـاۋىيە ئىبنــى قۇررەنىــڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەككە فەتىـھ قىلىنغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسى ئۈستىدە ئولتـۇرۇپ فەتىـھ سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنىـدىم، ـ دېـدى ۋە فەتىــھ سۈرىســنى ئۈنلــۈك ئوقــۇدى. ئەگەر كىشــىلەرنىڭ ئەتراپىمغا توپلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولسام، مەنمۇ فەتىـھ سۈرىسىنى خـۇددى ئابدۇللاھ ئىبنـى مـۇغەففەل پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىـۋايەت قىلىــپ ئوقـۇپ بەرگىنىــدەك (ئۈنلـۈك) ئوقۇپ بەرگەن بولاتتىم.

(مۇسلىم: 794)

7366 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْرَأْ عَلَي قُلْتُ آقْرَأُ عَلَيْكَ وَعَلَيْكَ أُنزِلَ قَالَ فَإِني أُحِب أَنْ أَسْمَعَهُ مِنْ غَيْرِي فَقَرَأْتُ عَلَيْهِ سُورَةَ النسَاءِ حَتى بَلَغْتُ فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِنْ كُل أُمةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هَؤُلَاءِ شَهِيدًا قَالَ أَمْسِكْ فَإِذَا عَيْنَاهُ تَذْرِفَانِ.

7366 ــ ئابـدۇللاھ ئىبنــى مەسـئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنــداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ (ماڭا) قىرائەت قىلىپ بەرگىن! ـ دېدى، مەن:

ـ قۇرئان ساڭا چۈشۈرۈلگەن تۇرسا، مەن ساڭا ئوقـۇپ بېرەمدىم؟! ــ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن باشقىلاردىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى. شـۇنىڭ بىلەن، مەن نىسا سۈرىسىنى ئوقـۇپ: بىـز ھەر بىـر ئۈممەتتىـن بىـر گـۇۋاھچىنى كەلتـۈرگەن ۋە (ئـى مــۇھەممەد!) سـېنى بۇلارغــا (يەنــى ئۈممىتىڭنىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغـا) گـۇۋاھچى قىلىـپ كەلتـۈرگەن چېغىمىـزدا ئۇلارنىـڭ ھـالى قانـداق بولىـدۇ؟ [1] دېگەن يەرگە كەلگەندە:

[1] سۈرە نىسا، 41 ـ ئايەت.

ـــ توختــا! ـــ دېــدى. قارىســام، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋېتىپتۇ.

(بۇخارى: 4582)

7367 ـ عن عائشة: كان أبو بكر إذا قرأ القرآن كثير البكاء.

7367 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان ئوقۇغاندا بەكمۇ كۆپ يىغلايتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7368 ـ عن أسماء: ما كان أحد من السلف يغشى عليه ولا يصعق عند قـراءة القرآن، وإنما كانوا يبكون ويقشعرون، ثم تلين جلودهم وقلوبهم لذكر الله.

7368 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىلگىرىكىلەردىن ھېچبىر كىشى قۇرئان ئوقۇغاندا ھوشىدىن كەتمەيتتى. ئۇلار پەقەت يىغلىشىپ تىترەپ كېتىشەتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ ئارام تاپاتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7369 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَرَأَ مِنْكُمْ وَالتينِ وَالزيْتُونِ فَانْتَهَى إِلَى آخِرِهَا أَلَيْسَ اللهُ بِأَحْكَمِ الْحَاكِمِينَ فَلْيَقُلْ بَلَى وَأَنَا عَلَى ذَلِكَ مِنْ الشاهِدِينَ وَمَنْ قَرَأَ لَا أُقْسِمُ بِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَانْتَهَى إِلَى أَلَيْسَ ذَلِكَ بِقَادِرٍ عَلَى أَنْ يُحْيِـيَ الْمَوْتَى فَلْيَقُلْ بَلَى وَمَنْ قَرَأَ وَالْمُرْسَلَاتِ فَبَلَغَ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ فَلْيَقُلْ آمَنا بِاللـهِ قَالَ إِسْمَعِيلُ ذَهَبْتُ أُعِيدُ عَلَى الرجُلِ الْأَعْرَابِي وَأَنْظُرُ لَعَلهُ فَقَالَ يَا ابْنَ أَخِي أَتظُن أَني لَـمْ أَحْفَظْهُ لَقَدْ حَجَجْتُ سِتينَ حَجةً مَا مِنْهَا حَجةٌ إِلا وَأَنَا أَعْرِفُ الْبَعِيرَ الذِي حَجَجْتُ عَلَيْهِ.

7369 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قايسىڭلار: ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى دېگەن سۈرىنى ئوقۇپ ئاخىرىدىكى: الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ دېگەن ئايەتكە يەتكەندە: شۇنداق، مەن شۇنداقلىقىغا

گۇۋاھچىدۇرمەن، ـ دېسۇن، كىمكى: قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى دېگەن سۈرىنى ئوقۇپ ئاخىرىدىكى: ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان الله) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: شۇنداق، ـ دېسۇن. كىمكى: ئارقىمۇ ئارقا چىققۇچى (لەرزان) شاماللار بىلەن قەسەمكى دېگەن سۈرىنى ئوقۇپ ئاخىرىدا: ئۇلار (قۇرئانغا ئىشەنمىسە) باشقا قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟ دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: اللهقا ئىمان ئېيتتۇق، ـ دېسۇن!». (راۋىيلاردىن) ئىسمائىل مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەئرابىنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەدىسنى ئۇنىڭغا قايتا ئوقۇپ بېرىۋېدىم، ئۇ ماڭا:

ـ ئى جىيەنىم! سەن مېنى ھەدىسنى ئەستە تۇتالماي قالدىمىكىن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ مەن 60 قېتىم ھەج قىلغانمەن. بۇ جەرياندا مىنگەن تۆگىلىرىمنى ھازىرمۇ بىر ـ بىرلەپ ئېنىق تونۇيالايمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 887)

7370 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا قَرَأَ سَبِّحْ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى قَالَ سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى.

7370 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا: «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىم پاكتۇر» دەيتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 883)

[1] ئەلبانى (188): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئەئلا، 1 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (785): سەھىھ ـ دېگەن.

7371 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذَا قَامَ أَحَدُكُمْ مِنْ اللَّيْلِ فَاسْتَعْجَمَ الْقُرْآنُ عَلَى لِسَانِهِ فَلَمْ يَدْرِ مَا يَقُولُ فَلْيَضْطَجِعْ.

7371 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇرئان ئوقۇماقچى بولۇپ يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئاغزى (قۇرئان ئوقۇشقا) قولاشماي قالسا ياتسۇن».

(مۇسلىم: 787)

7372 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ سِيرِينَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ فِي قَوْمٍ وَهُمْ يَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ فَذَهَبَ لِحَاجَتِهِ ثُم رَجَعَ وَهُوَ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَتَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَلَسْتَ عَلَى وُضُوءٍ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ مَنْ أَفْتَاكَ بِهَذَا أَمُسَيْلِمَةُ.

7372 ـ مۇھەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ جامائەت بىلەن بىللە قۇرئان ئوقۇۋېتىپ، ئارىدا ھاجەتكە چىقىپ كىردى ۋە قايتىپ قۇرئان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بىرەيلەن:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! تاھارەتسىز تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇساڭ قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۆمەر:

ــ كىم ساڭا بۇنداق پەتىۋا بەردى، مۇسەيلىمەمۇ؟ ـ دېدى.

(مالىك: 469)

7373 ـ عَنْ جُنْدَبِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْبَجَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْرَءُوا الْقُرْآنَ مَا ائْتَلَفَتْ عَلَيْهِ قُلُوبُكُمْ فَإِذَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ فَقُومُوا.

7373 ــ جۇندەب ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاننى چۈشىنىشتە ئىختىلاپقا چۈشمىگەن ۋاقىتىڭلاردا قۇرئان ئوقۇشنى داۋام قىلىڭلار. ئەگەر ئىختىلاپقا چۈشۈپ قالساڭلار، قوپۇپ (تارقىلىپ) كېتىڭلار».

(مۇسلىم: 2667)

7374 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فِي كَمْ أَقْرَأُ الْقُرْآنَ قَالَ اخْتِمْهُ فِي شَهْرٍ قُلْتُ إِني أُطِيقُ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ قَالَ اخْتِمْهُ فِي عِشْرِينَ قُلْتُ إِني أُطِيقُ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ قَالَ اخْتِمْهُ فِي خَمْسَةَ عَشَرَ قُلْتُ إِني أُطِيقُ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ قَالَ اخْتِمْهُ فِي عَشْرٍ قُلْتُ إِني أُطِيقُ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ قَالَ اخْتِمْهُ فِي خَمْسٍ قُلْتُ إِني أُطِيقُ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ قَالَ فَمَا رَخصَ لِي.

7374 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرئاننى قانچە كۈندە بىر تاماملىسام بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئايدا بىر تاماملىغىن! ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ـ دېسەم:

ـ 20 كۈندە بىر تاماملىغىن، ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ـ دېسەم:

ـ 15 كۈندە بىر تاماملىغىن، ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، دېسەم:

ـ 10 كۈندە بىر تاماملىغىن، ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ـ دېسەم:

ـ بەش كۈندە بىر تاماملىغىن، ـ دېدى، مەن:

ـ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ـ دېدىم. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن ئاز كۈندە تاماملاشقا رۇخسەت بەرمىدى[1].

(تىرمىزى: 2946)

7375 ـ وفي رواية: قال فَاقْرَأْهُ في كل سَبْعٍ ولا تَزِدْ على ذلك فَإِن لِزَوْجِكَ عَلَيْكَ حَقًا وَلِزَوْرِكَ عَلَيْكَ حَقًا وَلِجَسَدِكَ عَلَيْكَ حَقًا قال فَشَدَدْتُ فَشُدِدَ عَلَي قال وقال

[1] ئەلبانى (567): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ﷺ قال لي النبي ﷺ إلى الذي قال لي النبي ﷺ إنكَ لَا تَدْرِي لَعَلكَ يَطُولُ بِكَ عُمْرٌ قال فَصِرْتُ إلى الذي قال لي النبي ﷺ
فلما كَبِرْتُ وَدِدْتُ أني كنت قَبِلْتُ رُخْصَةَ نَبِي اللهِ ﷺ.

7375 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، ھەر يەتتە كۈندە بىر تاماملىغىن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوقۇما. چۈنكى سېنىڭ ئۈستىڭدە ئاياLىڭنىڭ، مېھمانلىرىڭنىڭ، جىسمىڭنىڭمۇ ھەققى بار، ـ دېدى. مەن ۋاقتىنى تېخىمۇ ئازايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەتئىي ئۇنىمىدى ۋە:

ـ بەلكىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، شۇنداق بولغان تەقدىردە قۇرئاننى مۇنداق قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملاپ بولۇشقا كۈچۈڭ يەتمەي قالىدۇ، ـ دېدى. دەرۋەقە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردۈم ۋە قېرىغان ۋاقتىمدا: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەينى ۋاقىتتا) بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەتنى قوبۇل قىلغان بولسامچۇ“ دەپ كەتتىم.

(مۇسلىم: 1159)

7376 ـ وفي رواية: قال لَا يَفْقَهُ من قَرَأَه في أَقَل من ثَلَاثٍ.

7376 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن قىسقا ۋاقىتتا تاماملىغان كىشى، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە چۈشەنمەيدۇ» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1390)

7377 ـ عن أَوْسُ بْنُ حُذَيْفَةَ سَأَلْتُ أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَيفَ يُحَزبُونَ الْقُرْآنَ قَالُوا ثَلَاثٌ وَخَمْسٌ وَسَبْعٌ وَتِسْعٌ وَإِحْدَى عَشْرَةَ وَثَلَاثَ عَشْرَةَ وَحِزْبُ الْمُفَصلِ وَحْدَهُ.

[1] ئەلبانى (1239): سەھىھ ـ دېگەن.

7377 ـ ئەۋس ئىبنى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ساھابىلەردىن:
ـ قۇرئاننى ھىزىپلارغا قانداق بۆلەتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار:
ـ باشتىكى ئۈچ سۈرىنى بىر ھىزىپ، ئۇندىن كېيىنكى بەش سۈرىنى بىر ھىزىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە سۈرىنى بىر ھىزىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى توققۇزىنى بىر ھىزىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 11 سۈرىنى بىر ھىزىپ، ئۇندىن كېيىنكى 13 سۈرىنى بىر ھىزىپ، ئاخىرىدىكى قىسقا سۈرىلەرنى (قاف سۈرىسىدىن ئاخىرىغىچە) بىر ھىزىپ قىلىپ بۆلەتتۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1393)

7378 ـ عَنْ ابْنِ الْهَادِ قَالَ سَأَلَنِي نَافِعُ بْنُ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ فَقَالَ لِي فِي كَمْ تَقْرَأُ الْقُرْآنَ فَقُلْتُ مَا أُحَزِّبُهُ فَقَالَ لِي نَافِعٌ لَا تَقُلْ مَا أُحَزِّبُهُ فَإِنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَرَأْتُ جُزْءًا مِنْ الْقُرْآنِ قَالَ حَسِبْتُ أَنَّهُ ذَكَرَهُ عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ.

7378 ــ ئىبنى ھاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: نافىئ ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم مەندىن:
ـ قۇرئاننى قانچە كۈنگە بۆلۈپ ئوقۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، مەن:
ـ مەن قۇرئاننى ھىزىبلەرگە بۆلمەيمەن، ـ دېدىم. ئۇ:
ــ ئۇنداق دېمىگىن. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاندىن بىر پارە ئوقۇدۇم» دېگەنىدى، ـ دېدى. مەنچە بۇ ھەدىسنى نافىئ مۇغىرە ئىبنى شۇئبەدىن رىۋايەت قىلغان[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 1392)

[1] ئەلبانى (297): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1241): سەھىھ ـ دېگەن.

7379 ـ عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ نَامَ عَنْ حِزْبِهِ أَوْ عَنْ شَيْءٍ مِنْهُ فَقَرَأَهُ فِيمَا بَيْنَ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَصَلَاةِ الظهْرِ كُتِبَ لَهُ كَأَنمَا قَرَأَهُ مِنْ الليْلِ.

ولفظ الموطأ: فقرأه حين تزول الشمس إلى صلاة الظهر.

7379 ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇرئاندىن كۈندىلىك ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسىنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇيالماي ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇنى بامدات نامىزى بىلەن پېشىن نامىزى ئارىلىقىدا ئوقۇۋالسا، ئۇنى خۇددى كېچىدە ئوقۇغاندەكلا ساۋاب يېزىلىدۇ».

(مۇسلىم: 747)

«مۇۋەتتە»دە كەلگەن رىۋايەتتە: «ئۇنى كۈن تىكلەنگەندىن تارتىپ پېشىن نامىزىغىچە ئوقۇۋالسا» دېگەن.

(مالىك: 471)

7380 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجْوَدَ الناسِ وَكَانَ أَجْوَدُ مَا يَكُونُ فِي رَمَضَانَ حِينَ يَلْقَاهُ جِبْرِيلُ وَكَانَ يَلْقَاهُ فِي كُل لَيْلَةٍ مِنْ رَمَضَانَ فَيُدَارِسُهُ الْقُرْآنَ فَلَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَجْوَدُ بِالْخَيْرِ مِنْ الريحِ الْمُرْسَلَةِ.

7380 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سېخىسى ئىدى. بولۇپمۇ، رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە، تېخىمۇ سېخى بولۇپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز ئارا قۇرئان ئوقۇشاتتى. شۇنىسى جەزمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق قىلىشتا سالقىن شامالدىنمۇ سېخى ئىدى.

(بۇخارى: 6)

7381 ـ وفي رواية: لِأَن جِبْرِيلَ كَانَ يَلْقَاهُ فِي كُل لَيْلَةٍ فِي شَهْرِ رَمَضَانَ حَتى يَنْسَلِخَ يَعْرِضُ عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْقُرْآنَ.

7381 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: چۈنكى جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسى كېلەتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە قۇرئان ئوقۇتۇپ تىڭشايتتى.

(بۇخارى: 4997)

7382 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ يَعْرِضُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْقُرْآنَ كُل عَامٍ مَرةً فَعَرَضَ عَلَيْهِ مَرتَيْنِ فِي الْعَامِ الذِي قُبِضَ فِيهِ وَكَانَ يَعْتَكِفُ كُل عَامٍ عَشْرًا فَاعْتَكَفَ عِشْرِينَ فِي الْعَام الذِي قُبِضَ فِيهِ.

7382 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە ھەر يىلى بىر قېتىم قۇرئان ئوقۇتۇپ تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋاپات بولىدىغان يىلى ئىككى قېتىم ئوقۇتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەر يىلى ئېتىكاپتا ئون كۈن ئولتۇراتتى. ۋاپات بولىدىغان يىلى 20 كۈن ئولتۇردى.

(بۇخارى: 4998)

7383 ـ عن عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا : إِنمَا نَزَلَ أَولَ مَا نَزَلَ مِنْهُ سُورَةٌ مِنْ الْمُفَصلِ فِيهَا ذِكْرُ الْجَنةِ وَالنارِ حَتى إِذَا ثَابَ الناسُ إِلَى الْإِسْلَامِ نَزَلَ الْحَلَالُ وَالْحَرَامُ وَلَوْ نَزَلَ أَولَ شَيْءٍ لَا تَشْرَبُوا الْخَمْرَ لَقَالُوا لَا نَدَعُ الْخَمْرَ أَبَدًا وَلَوْ نَزَلَ لَا تَزْنُوا لَقَالُوا لَا نَدَعُ الزنَا أَبَدًا. مطولا.

7383 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەڭ دەسلەپتە مۇفەسسەل (قىسقا) سۈرىلەردىن بىرى نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەننەت بىلەن دوزاخ زىكرى قىلىنغان. كېيىن، كىشىلەر ئىسلامغا كىرىشكە باشلىغان چاغدا، ھالال ــ ھارام ھەققىدىكى سۈرىلەر نازىل بولدى. ئەگەر دەسلەپتىلا: ''ھاراق

ئىچمەڭلار، زىنا قىلماڭلار“ دېگەن ئايەتلەر نازىل بولغان بولسا، ئۇلار چوقۇم: ھاراقنى، زىنانى ھەرگىز تاشلىمايمىز، ـ دېگەن بولاتتى.

(بۇخارى: 4993)

7384 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَعْـرِفُ فَصْـلَ السورَةِ حَتى تَنزلَ عَلَيْهِ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ.

7384 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ نازىل بولغانغا قەدەر سۈرىلەرنىڭ پاسىلىنى بىلمەيتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 788)

7385 ـ قَالَ الشعْبِي وَأَبو مَالِكٍ وَقَتَادَةُ وَثَابِتُ بْنُ عُمَارَةَ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَكْتُبْ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ حَتى نَزَلَتْ سُورَةُ النمْلِ.

7385 ــ شەئبى، ئەبۇ مالىك، قەتادە ۋە سابىت ئىبنى ئۇمارە قاتارلىقلار مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى نەمل سۈرىسى نازىل بولغىچە (سۈرىلەرنىڭ بېشىغا) ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“نى يازمىغان[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 786)

7386 ـ عن الْبَرَاءِ أَن آخِرَ سُورَةٍ أُنزِلَتْ تَامةً سُورَةُ التوْبَةِ وَأَن آخِرَ آيَةٍ أُنزِلَتْ آيَةُ الْكَلَالَةِ.

7386 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: تولۇق نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى سۈرە تەۋبە سۈرىسىدۇر، ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان ئايەت كەلالە ئايىتىدۇر[③].

(مۇسلىم: 1618)

[①] ئەلبانى (707): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (169): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] سۈرە نىسا، 175 ـ ئايەت.

7387 ـ عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ قَالَ قَالَ لِي ابْنُ عَبَّاسٍ تَعْلَمُ وَقَالَ هَارُونُ تَدْرِي آخِرَ سُورَةٍ نَزَلَتْ مِنْ الْقُرْآنِ نَزَلَتْ جَمِيعًا قُلْتُ نَعَمْ إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللهِ وَالْفَتْحُ قَالَ صَدَقْتَ.

7387 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەندىن:

ـ قۇرئاندىن ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان سۈرىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ نەسىر سۈرىسى، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ توغرا ئېيتتىڭ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 3024)

7388 ـ عن عبد اللهِ بن عَمْرٍو قال آخِرُ سُورَةٍ أُنزِلَتْ الْمَائِدَةُ.

7388 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئەڭ ئاخىردا نازىل قىلىنغان سۈرە مائىدە سۈرىسىدۇر، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1].

(تىرمىزى: 3063)

7389 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ آخِرُ آيَةٍ نَزَلَتْ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آيَةُ الرِّبَا.

7389 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئاخىردا نازىل بولغان ئايەت جازانە ئايىتىدۇر، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4544)

[1] ئەلبانى (589): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

## قىرائەتتىكى پەرقلەر، مۇفەسسەل سۈرىلەر، قۇرئاننىڭ تەرتىۋى ۋە توپلىنىشى

7390 ـ عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ سَمِعْتُ هِشَامَ بْنَ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ يَقْرَأُ سُورَةَ الْفُرْقَانِ فِي حَيَاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَمَعْتُ لِقِرَاءَتِهِ فَإِذَا هُوَ يَقْرَأُ عَلَى حُرُوفٍ كَثِيرَةٍ لَمْ يُقْرِئْنِيهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكِدْتُ أُسَاوِرُهُ فِي الصلَاةِ فَتَصَبرْتُ حَتى سَلمَ فَلَبَبْتُهُ بِرِدَائِهِ فَقُلْتُ مَنْ أَقْرَأَكَ هَذِهِ السورَةَ الَتِي سَمِعْتُكَ تَقْرَأُ قَالَ أَقْرَأَنِيهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ كَذَبْتَ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَقْرَأَنِيهَا عَلَى غَيْرِ مَا قَرَأْتَ فَانْطَلَقْتُ بِهِ أَقُودُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ إِني سَمِعْتُ هَذَا يَقْرَأُ بِسُورَةِ الْفُرْقَانِ عَلَى حُرُوفٍ لَمْ تُقْرِئْنِيهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسِلْهُ اقْرَأْ يَا هِشَامُ فَقَرَأَ عَلَيْهِ الْقِرَاءَةَ الَتِي سَمِعْتُهُ يَقْرَأُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَذَلِكَ أُنْزِلَتْ ثُم قَالَ اقْرَأْ يَا عُمَرُ فَقَرَأْتُ الْقِرَاءَةَ الَتِي أَقْرَأَنِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَذَلِكَ أُنْزِلَتْ إِن هَذَا الْقُرْآنَ أُنْزِلَ عَلَى سَبْعَةِ أَحْرُفٍ فَاقْرَءُوا مَا تَيَسرَ مِنْهُ.

7390 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھىشام ئىبنى ھەكىمنىڭ سۈرە فۇرقاننى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگەتمىگەن شەكىلدە ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ، ناماز ئاخىرلاشقۇچە سەۋر قىلالماي، ياقىسىغا ئېسىلغىلى تاس قالدىم. نامازدىن كېيىن، دەرھال پېشىدىن تۇتۇپ:

ـ ساڭا بۇنداق ئوقۇشنى كىم ئۆگەتتى؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ بۇنى ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگەتكەن، ـ دېدى، مەن:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بۇنى باشقىچە ئۆگەتكەن، ـ دېدىم ۋە ئۇنى سۆرىگەن پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم:

ــ بۇنىڭ سۈرە فۇرقاننى سەن ماڭا ئۆگەتكەن قىرائەتتىن باشقىچە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى قويۇۋەت! ـ دېدى. ئاندىن ھىشامغا:

ــ ئەي ھىشام! قېنى ئوقۇپ باققىنە، ـ دېدى. ھىشام بايىقىدەك قىرائەت قىلىپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ سۈرە مۇشۇنداق چۈشۈرۈلگەن. ئى ئۆمەر! ئەمدى سەن ئوقۇپ باققىن، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ئۆگەتكىنى بويىچە ئوقۇغاندىم:

ــ بۇ سۈرە مۇشۇنداقمۇ چۈشكەن. قۇرئان يەتتە خىل قىرائەت بىلەن چۈشۈرۈلدى. سىلەرگە ئاسان بولغىنىنى ئوقۇڭلار، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4992)

7391 ـ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ كُنْتُ فِي الْمَسْجِدِ فَدَخَلَ رَجُلٌ يُصَلِّي فَقَرَأَ قِرَاءَةً أَنْكَرْتُهَا عَلَيْهِ ثُمَّ دَخَلَ آخَرُ فَقَرَأَ قِرَاءَةً سِوَى قِرَاءَةِ صَاحِبِهِ فَلَمَّا قَضَيْنَا الصَّلَاةَ دَخَلْنَا جَمِيعًا عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ إِنَّ هَذَا قَرَأَ قِرَاءَةً أَنْكَرْتُهَا عَلَيْهِ وَدَخَلَ آخَرُ فَقَرَأَ سِوَى قِرَاءَةِ صَاحِبِهِ فَأَمَرَهُمَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَرَآ فَحَسَّنَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ شَأْنَهُمَا فَسَقَطَ فِي نَفْسِي مِنَ التَّكْذِيبِ وَلَا إِذْ كُنْتُ فِي الْجَاهِلِيَّةِ فَلَمَّا رَأَى رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا قَدْ غَشِيَنِي ضَرَبَ فِي صَدْرِي فَفِضْتُ عَرَقًا وَكَأَنَّمَا أَنْظُرُ إِلَى اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ فَرَقًا فَقَالَ لِي يَا أُبَيُّ أُرْسِلَ إِلَيَّ أَنْ اقْرَأْ الْقُرْآنَ عَلَى حَرْفٍ فَرَدَدْتُ إِلَيْهِ أَنْ هَوِّنْ عَلَى أُمَّتِي فَرَدَّ إِلَيَّ الثَّانِيَةَ اقْرَأْهُ عَلَى حَرْفَيْنِ فَرَدَدْتُ إِلَيْهِ أَنْ هَوِّنْ عَلَى أُمَّتِي فَرَدَّ إِلَيَّ الثَّالِثَةَ اقْرَأْهُ عَلَى سَبْعَةِ أَحْرُفٍ فَلَكَ بِكُلِّ رَدَّةٍ رَدَدْتُكَهَا مَسْأَلَةٌ تَسْأَلُنِيهَا فَقُلْتُ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِأُمَّتِي اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِأُمَّتِي وَأَخَّرْتُ الثَّالِثَةَ لِيَوْمٍ يَرْغَبُ إِلَيَّ الْخَلْقُ كُلُّهُمْ حَتَّى إِبْرَاهِيمُ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

7391 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەسجىدتە ئىدىم، بىرەيلەن كىرىپ، مەن يەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان قىرائەتتە قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئادەم كىرىپ، ئۇمۇ باشقا بىر خىل قىرائەتتە ئوقۇغىلى تۇردى. نامازدىن كېيىن، ھەممەيلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىردۇق، مەن:

ـ ماۋۇ كىشى مەن ئاڭلاپ باقمىغان قىرائەتتە ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ ئادەم كىرىپ، يەنە باشقىچە قىرائەتتە ئوقۇدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئوقۇپ بېقىشقا بۇيرىدى. ئۇلار مەسجىدتە ئوقۇغان قىرائەتنى بىلەن ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىرائىتىگە ياخشى باھا بەردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىش ۋەسۋەسىلىرى پەيدا بولدى. بۇ ۋەسۋەسە كۆڭلۈمگە جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ روھىي ھالىتىمنى سېزىپ قېلىپ، مەيدەمگە بىرنى ئۇرغانىدى، مەن خۇددى الله ئەززە ۋەجەللەنى كۆرگەندەك ۋەھىمە ئىچىدە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى:

ــ جىبرىئىل ماڭا بىر خىل قىرائەت بىلەن كەلگەنىدى، مەن: ”ئۈممىتىمگە ئاسانلىق بەرگىن“ دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتىم. ئىككىنچى قېتىم ئىككى خىل قىرائەت بىلەن كەلگەنىدى، يەنە: ”ئۈممىتىمگە ئاسانلىق بەرگىن!“ دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتىم. جىبرىئىل ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ ماڭا الله تائالانىڭ: ”يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇغىن. ئۇندىن باشقا، مەن ساڭا جىبرىئىلنى ھەر قېتىم قايتۇرغىنىمنىڭ باراۋىرىگە مەندىن بىر تىلەك تىلىگىن، ئىجابەت قىلىمەن“ دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن: ”ئى الله! ئۈممىتىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله! ئۈممىتىمنى مەغپىرەت قىلغىن!“ دەپ تىلىدىم. ئۈچىنچى تىلىكىمنى ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پۈتۈن خالايىق مەندىن شاپائەت تىلەيدىغان كۈنگە ساقلاپ قويدۇم.

(مۇسلىم: 820)

7392 ـ عَنْ أُبي بْن كَعْبٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ عِنْدَ أَضَاةِ بَنِي غِفَارٍ قَالَ فَأَتاهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام فَقَالَ إِن اللهَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمتكَ الْقُرْآنَ عَلَى حَرْفٍ فَقَالَ أَسْأَلُ اللهَ مُعَافَاتَهُ وَمَغْفِرَتَهُ وَإِن أُمتِي لَا تُطِيقُ ذَلِكَ ثُم أَتَاهُ الثانِيَةَ فَقَالَ إِن اللهَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمتكَ الْقُرْآنَ عَلَى حَرْفَيْنِ فَقَالَ أَسْأَلُ اللهَ مُعَافَاتَهُ وَمَغْفِرَتَهُ وَإِن أُمتِي لَا تُطِيقُ ذَلِكَ ثُم جَاءَهُ الثالِثَةَ فَقَالَ إِن اللهَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمتكَ الْقُرْآنَ عَلَى ثَلَاثَةِ أَحْرُفٍ فَقَالَ أَسْأَلُ اللهَ مُعَافَاتَهُ وَمَغْفِرَتَهُ وَإِن أُمتِي لَا تُطِيقُ ذَلِكَ ثُم جَاءَهُ الرابِعَةَ فَقَالَ إِن اللهَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَقْرَأَ أُمتكَ الْقُرْآنَ عَلَى سَبْعَةِ أَحْرُفٍ فَأَيمَا حَرْفٍ قَرَءُوا عَلَيْهِ فَقَدْ أَصَابُوا.

7392 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى غىفار ساسلىقىدا ئىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ﷲ سېنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى بىر خىل قىرائەتتە ئوقۇپ بېرىشىڭنى بۇيرىدى، ـ دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ﷲ تائالانىڭ سالامەت قىلىشىنى ۋە مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ئۈممىتىم بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ، ـ دېدى. جىبرىئىل ئىككىنچى قېتىم كېلىپ:

ـ ﷲ سېنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى ئىككى خىل قىرائەتتە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ـ دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— ﷲ تائالانىڭ سالامەت قىلىشىنى ۋە مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ئۈممىتىم بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ، ـ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ:

— ﷲ سېنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى ئۈچ خىل قىرائەتتە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ـ دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— الله تائالانىڭ سالامەت قىلىشىنى ۋە مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ئۈممىتىم بۇنىڭغىمۇ تاقەت قىلالمايدۇ، - دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى قېتىم كېلىپ:

- الله سېنى ئۈممىتىڭگە قۇرئاننى يەتتە خىل قىرائەتتە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇلار قايسى خىل قىرائەتتە ئوقۇسا، توغرا ئوقۇغان بولىۋېرىدۇ، - دېدى.

(مۇسلىم: 821)

7393 - عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا أُبَيُّ إِنِّي أُقْرِئْتُ الْقُرْآنَ فَقِيلَ لِي عَلَى حَرْفٍ أَوْ حَرْفَيْنِ فَقَالَ الْمَلَكُ الَّذِي مَعِي قُلْ عَلَى حَرْفَيْنِ قُلْتُ عَلَى حَرْفَيْنِ فَقِيلَ لِي عَلَى حَرْفَيْنِ أَوْ ثَلَاثَةٍ فَقَالَ الْمَلَكُ الَّذِي مَعِي قُلْ عَلَى ثَلَاثَةٍ قُلْتُ عَلَى ثَلَاثَةٍ حَتَّى بَلَغَ سَبْعَةَ أَحْرُفٍ ثُمَّ قَالَ لَيْسَ مِنْهَا إِلَّا شَافٍ كَافٍ إِنْ قُلْتَ سَمِيعًا عَلِيمًا عَزِيزًا حَكِيمًا مَا لَمْ تَخْتِمْ آيَةَ عَذَابٍ بِرَحْمَةٍ أَوْ آيَةَ رَحْمَةٍ بِعَذَابٍ.

7393 — ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ئى ئۇبەي! ماڭا قۇرئان ئوقۇتۇلدى. ئاندىن: بىر خىل قىرائەتمۇ، ئىككى خىلمۇ؟ - دەپ سورالغاندى، يېنىمدا تۇرغان پەرىشتە: "ئىككى خىل قىرائەت دېگىن!" دېدى، مەن: "ئىككى خىل قىرائەت" دېدىم. مەندىن يەنە: "ئىككى خىل قىرائەتمۇ، ئۈچ خىلمۇ؟" دەپ سورالغاندى، يېنىمدىكى پەرىشتە: "ئۈچ خىل قىرائەت دېگىن!" دېدى، مەن: "ئۈچ خىل قىرائەت" دېدىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ دىئالوگ يەتتە خىل قىرائەتكىچە داۋاملاشتى. ئازاب ئايىتىنى رەھمەت بىلەن، رەھمەت ئايىتىنى ئازاب بىلەن ئاخىرلاشتۇرمىساڭلا، مۇشۇ يەتتە خىل قىرائەتنىڭ قايسىسىدا ئوقۇساڭ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: سەمىئ (ئاڭلىغۇچى)، ئەلىيم (ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى)، ھەكىيم

(ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى)، ئەزىز (غالىب) قاتارلىق كەلىمىلەر ئالمىشىپ كەتسىمۇ، كۇپايە قىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1477)

7394 ـ عَنْ ابن شِهَابٍ: بَلَغَنِي أن تِلْكَ السَّبْعَةَ الْأَحْرُفَ إِنَمَا هِيَ فِي الْأَمْرِ الذِي يَكُونُ وَاحِدًا لَا يَخْتَلِفُ فِي حَلَالٍ وَلَا حَرَامٍ.

7394 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دېگەن: ئاڭلىشىمچە، ئاشۇ يەتتە خىل قىرائەت بىر خىل مەزمۇندىكى سۆزلەردە جائىز بولىدۇ، ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ قويىدىغان سۆزلەردە جائىز بولمايدۇ.

(مۇسلىم: 819)

7395 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَجُلًا قَرَأَ آيَةً وَسَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ خِلَافَهَا فَجِئْتُ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْتُهُ فَعَرَفْتُ فِي وَجْهِهِ الْكَرَاهِيَةَ وَقَالَ كِلَاكُمَا مُحْسِنٌ وَلَا تَخْتَلِفُوا فَإِن مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ اخْتَلَفُوا فَهَلَكُوا.

7395 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەمنىڭ قۇرئاننى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىرائىتىدىن باشقا بىر خىل قىرائەتتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشتىن نارازى بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قېنى ئىككىلىڭلار ئوقۇپ بېقىڭلار! ــ دېدى. ئىككىمىز ئوقۇغاندىن كېيىن:

ــ ھەر ئىككىڭلارنىڭ توغرا. (قۇرئان توغرىسىدا) ئىختىلاپ قىلماڭلار. سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3476)

[1] ئەلبانى (1310): سەھىھ ـ دېگەن.

7396 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ عُمَرُ أُبَي أَقْرَؤُنَا وَإِنا لَنَدَعُ مِنْ لَحَنِ أُبَي وَأُبَي يَقُولُ أَخَذْتُهُ مِنْ فِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَا أَتْرُكُهُ لِشَيْءٍ قَالَ اللهُ تَعَالَى مَا نَنْسَخْ مِنْ آيَةٍ أَوْ نُنْسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِنْهَا أَوْ مِثْلِهَا.

7396 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئارىمىزدا قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان قارى ئۇبەيدۇر. بىز بەزى ئايەتلەر توغرىسىدا ئۇبەينىڭ قىرائىتىنى تۇتمايمىز. چۈنكى ئۇ: "مەن بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇنداق ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ھېچنېمىنى تەرك ئەتمەيمەن" دەپ تۇرىۋالىدۇ. ھالبۇكى، الله تائالا: قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، ئورنىغا تېخىمۇ ياخشىسىنى كەلتۈرىمىز [1] دېگەن.

(بۇخارى: 5005)

7397 ـ عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ كُنا بِحِمْصَ فَقَرَأَ ابْنُ مَسْعُودٍ سُورَةَ يُوسُفَ فَقَالَ رَجُلٌ مَا هَكَذَا أُنْزِلَتْ قَالَ قَرَأْتُ عَلَى رَسُولِ الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَحْسَنْتَ وَوَجَدَ مِنْهُ رِيحَ الْخَمْرِ فَقَالَ أَتَجْمَعُ أَنْ تُكَذبَ بِكِتَابِ اللهِ وَتَشْرَبَ الْخَمْرَ فَضَرَبَهُ الْحَد.

7397 ـ ئەلقەمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ھىمس شەھرىدە ئىدۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد سۈرە يۈسۈفنى ئوقىغان ئىدى. بىر ئادەم:

ـ بۇ سۈرە بۇنداق نازىل بولمىغان، ـ دېدى. ئابدۇللاھ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇشۇنداق ئوقۇپ بەرسەم، ئۇ: «ياخشى ئوقۇدۇڭ» دېگەن ئىدى، ـ دېدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن ھاراق پۇرىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ:

ـ سەن ھەم ھاراق ئىچىپ ھەم اللهنىڭ كىتابىغا يالغان چاپلاپ قوش جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭ؟ ـ دېدى ۋە بەلگىلىمە بويىچە ئۇنىڭغا دەررە جازاسى بەردى.

(بۇخارى: 5001)

[1] سۈرە بەقەرە، 106 ـ ئايەت.

7398 ـ عن الزهْري أن النF ﷺ وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ كَانُوا يقرؤون ﴿مَالِـكِ يَـوْمِ الدين﴾.

7398 ــ زۆھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۆكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار: مالىكى يەۋمىددىين دەپ ئوقۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2928)

7399 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ اللهُ عَز وَجَل لِبَنِي إِسْرَائِيلَ ادْخُلُوا الْبَابَ سُجدًا وَقُولُوا حِطةٌ تُغْفَرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ.

7399 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۆكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بەنى ئىسرائىلغا: (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناھىڭلار مەغفىرەت قىلىنىدۇ[2] دېگەن»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4006)

7400 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ صَاحِبَ الصور فَقَالَ عَنْ يَمِينِهِ جِبْرَائِلُ وَعَنْ يَسَارِهِ مِيكَائِلُ.

7400 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۆكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇر چالغۇچى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جىبرىئىل، سول تەرىپىدە مىكائىل بار» دېگەن[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 3999)

[1] ئەلبانى (563): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 58 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (3384): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (863): زەئىپ، ـ دېگەن.

7401 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأ وَاتخِذُوا مِنْ مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلى.

7401 ـــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە بەقەرەنىڭ 125 ـ ئايىتىنى: مەقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار دەپ (يەنى ئۆتكەن زامان شەكلىدە ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە) ئوقۇغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3969)

7402 ـ عن زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ غَيْـرُ أُولِـي الضرَرِ.

7402 ـــ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: غەيرۇ ئۇلىززەرەر [2] (ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) دەپ ئوقۇغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3975)

7403 ـ أنسِ بْنِ مَالِكٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ أن الـنفْسَ بِـالنفْسِ وَالْعَيْنُ بِالْعَيْنِ.

7403 ـــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە مائىدەنىڭ 45 ـ ئايىتىنى: ئەننەننەفسە بىننەفسى ۋەلئەينۇ بىلئەينى دەپ (''ۋەلئەينۇ''نى پېش ھالىتىدە) ئوقۇغان[4].

(تىرمىزى: 2929)

---

[1] ئەلبانى (3358): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە نىسا، 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەلبانى (3364): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (564): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7404 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ هَلْ تَسْتَطِيعُ رَبكَ.

7404 ـــ مۇئــاز ئىبنــى جەبەل رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە مائىدەنىڭ 112 ـ ئايىتىنى: ھەل تەستەتىيئۇ رەببەكە دەپ (''ي''نىڭ ئورنىغا ''ت''نى) ئوقۇغان①.

(تىرمىزى: 2930)

7405 ـ قَالَ أُبي بْنُ كَعْبٍ بِفَضْلِ اللهِ وَبِرَحْمَتِهِ فَبِذَلِكَ فَلْتفْرَحُوا.

7405 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە يۇنۇسنىڭ 58 ـ ئــايىتىنى: فەبىـــزالىكە فەلتەفرەھــۇ دەپ (''ت'' ھەرپــى بىـــلەن) ئوقۇغان②.

(ئەبۇ داۋۇد: 3980)

7406 ـ عن عبد اللهِ أنهُ كان يقول مَجْرَاهَا وَمَرْسَاهَا.

7406 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە ھۇدنىڭ 41 ـ ئايىتىنى: مەجراھا ۋەمەرساھا دەپ (يەنى ''مۇرسا'' دېمەي، ''مەرسا'' دەپ) ئوقۇغان③.

(«ئەلكەبىر»: 8682)

7407 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ وَهِيَ أَسْمَاءُ بِنْتُ يَزِيدَ الْأَنْصَارِيةِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَؤُهَا إِنهُ عَمِلَ غَيْرَ صَالِحٍ.

7407 ـ ئۇممۇ سەلەمە ئەسما بىنتى يەزىد ئەنسارىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ھۇدنىڭ 46 ـ ئايىتىنى: ئىننەھۇ ئەمىلە غەيرە سالىھ (يەنى

① ئەلبانى (565): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3367): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (11597): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

’’ئەمەلۇن‘‘ ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن زامان پېئىلى شەكلىدە ’’ئەمىلە‘‘ دەپ ئوقۇغان[1].

(تىرمىزى: 2931)

7408 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ هَيتَ لَكَ قَالَ وَإِنمَا نَقْرَؤُهَا كَمَا عُلِمْنَاهَا.

7408 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە يۇسۇفنىڭ 23 ـ ئايىتىنى: ھەيتە لەكە دەپ ئوقۇغان ۋە: بىزگە قانداق ئۆگىتىلگەن بولسا، شۇنداق ئوقۇيمىز، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4692)

7409 ـ وعن ابن مَسْعُودٍ بَل عَجِبْتُ وَيَسْخَرُونَ.

7409 ــ يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە سافقاتنىڭ 12 ـ ئايىتىنى: بەل ئەجىبتۇ ۋە يەسخەرۇن (يەنى ’’ئەجىبتە دېمەي، ’’ئەجىبتۇ‘‘) دەپ ئوقۇغان.

(بۇخارى: 4692)

7410 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ أَنهُ قَرَأَ هَيتَ لَكَ فَقَالَ شَقِيقٌ إنا نَقْرَؤُهَا هِئْتُ لَكَ يَعْنِي فَقَالَ ابْنُ مَسْعُودٍ أَقْرَؤُهَا كَمَا عُلمْتُ أَحَب إلَي.

7410 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۈرە يۇسۇفنىڭ 23 ـ ئايىتىنى: ھەيتە لەكە دەپ ئوقۇغانىدى، شەقىق بۇنى ئاڭلاپ:

ـ بىز: ھەيتۇ لەكە دەپ ئوقۇيمىز، ـ دېدى، ئابدۇللاھ:

ـ مەن قانداق ئۆگەنگەن بولسام، شۇنداق ئوقۇشنى ياقتۇرىمەن، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4004)

[1] ئەلبانى (1/2336): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3382): سەھىھ ـ دېگەن.

7411 ـ عَنْ أُبي بْنِ كَعْبٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَرَأَ قَدْ بَلَغتَ مِـنْ لَدُني عُذْرًا مُثَقلَةً.

7411 ــ ئــۇبەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كەھف سۈرىسى 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمىنى: قەد بەلەغتە مىن لەدۇننىي ئۇزرا دەپ (تەشدىد بىلەن) ئوقۇغان①.

(تىرمىزى: 2933)

7412 ـ عَنْ أُبي بْنِ كَعْبٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ فِي عَيْنٍ حَمِئَةٍ.

7412 ــ ئــۇبەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم كەھف سۈرىسى 76 ـ ئايەتنىڭ يەنە بىر قىسمىنى: فى ئەيىنىن ھەمىئەتىن (يەنى ''ھامىيەتىن'' ئەمەس، ''ھەمىئەتىن'') دەپ ئوقۇغان②.

(تىرمىزى: 2934)

7413 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ وَتَرَى النـاسَ سُكَارَى وَمَا هُمْ بِسُكَارَى.

7413 ــ ئىمــران ئىبنــى ھۇســەين رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ رىــۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم سۈرە ھەجنىڭ 2 ـ ئايىتىنى: ۋە تەرەنناسە سۇكارا ۋەماھۇم بىسۇكارا (يەنى ''سەكەرا'' ئەمەس، ''سۇكارا'') دەپ ئوقۇغان③.

(تىرمىزى: 2941)

① ئەلبانى (566): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2337): تېكىستى سەھىھ ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (2344): سەھىھ ـ دېگەن.

7414 ـ عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ نَزَلَ الْوَحْيُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَرَأَ عَلَيْنَا سُورَةٌ أَنزَلْنَاهَا وَفَرَضْنَاهَا.

7414 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھىي نازىل بولغان ئىدى، بىزگە: سۈرەتۇن ئەنزەلناھا ۋە فەرەزناھا [1] دەپ ئوقۇپ بەردى (يەنى ''فەرەزناھا'' دىگەن سۆزدىكى ''رە'' ھەرپىنى تەشدىدسىز ئوقۇدى)[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4008)

7415 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَانَتْ تَقْرَأُ إِذْ تَلِقُونَهُ بِأَلْسِنَتِكُمْ وَتَقُولُ الْوَلْقُ الْكَذِبُ.

7415 ــ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئىز تەلىقۇنەھۇ بىئەلسىنەتىكۇم [3] (يەنى ''تەلەققەۋنەھۇ'' ئەمەس، ''تەلىقۇنەھۇ'') دەپ ئوقۇيتتى ۋە: ''ۋەلق'' دىگەن سۆز يالغان دىگەن مەنىدە كېلىدۇ، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 4144)

7416 ـ عَنْ عَطِيةَ بنِ سَعْدٍ الْعَوْفِي قَالَ قَرَأْتُ عَلَى عَبْدِ اللهِ بنِ عُمَرَ اللهُ الـذِي خَلَقَكُمْ مِنْ ضَعْفٍ فَقَالَ مِنْ ضُعْفٍ قَرَأْتُهَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا قَرَأْتَهَا عَلَي فَأَخَذَ عَلَي كَمَا أَخَذْتُ عَلَيْكَ.

7416 ــ ئەتىييە ئىبنى سەئد ئەۋفىيىنىڭ مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا سۈرە رۇمنىڭ 34 ـ ئايىتىنى:

ــ خەلەقەكۇم مىن زەئفىن دەپ ئوقۇپ بەرسەم، ئۇ:

[1] سۈرە نۇر، 1 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3385): سەنەدى سەھىھ ـ دىگەن.

[3] سۈرە نۇر، 15 ـ ئايەت.

ــــ زەئىفـــن ئەمەس، توغرىســـى زۇئىفـــن . مەن پەيغەمـــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەن ئوقۇغانىدەك ئوقۇپ بەرسەم، مەن سېنىڭكىنى تۇزىتىپ قويغاندەك تۇزىتىپ قويغانىدى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3978)

7417 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رِوَايَةً فَذَكَرَ حَدِيثَ الْوَحْيِ قَالَ فَذَلِكَ قَوْلُهُ تَعَالَى حَتَّى إِذَا فُزِعَ عَنْ قُلُوبِهِمْ.

7417 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەھيي توغرىسىدىكى بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە سۈرە سەبەئنىڭ 23 ـ ئايىتىنى: ھەتتا ئىزا فۇززىئە ئەن قۇلۇبىھىم دەپ ئوقۇغان[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3989)

7418 ـ عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ قِرَاءَةُ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَلَى قَدْ جَاءَتْكِ آيَاتِي فَكَذَّبْتِ بِهَا وَاسْتَكْبَرْتِ وَكُنْتِ مِنْ الْكَافِرِينَ.

7418 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بەلا قەد جائەتكى ئاياتىي فەكەززەبتى بىھا ۋەستەكبەرتى ۋە كۇنتى مىنەل كافىرىين [③] دەپ ئوقۇيتتى[④].

(ئەبۇ داۋۇد: 3990)

7419 ـ عَنْ صَفْوَانَ بْنِ يَعْلَى عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْرَأُ عَلَى الْمِنْبَرِ وَنَادَوْا يَا مَالِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ.

---

① ئەلبانى (3365): ھەسەن، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (3374): سەھىھ ـ دېگەن.

③ سۈرە زۇمەر، 59 ـ ئايەت.

④ ئەلبانى (858): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7419 ـ يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ﴿ۋە نادەۋ يا مالىكۇ لىيەقزى ئەلەينا رەببۇكە﴾[1] دەپ ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 4819)

7420 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ أَقْرَأَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني أَنا الرزاقُ ذُو الْقُوةِ الْمَتِينُ.

7420 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنى: ﴿ئىننىي ئەنەررەززاقۇ زۇلقۇۋۋەتىل مەتىين﴾[2] دەپ ئوقۇشقا بۇيرىغانىدى[3].

(تىرمىزى: 2940)

7421 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقْرَأُ فَرُوحٌ وَرَيْحَانٌ وَجَنةُ نَعِيمٍ.

7421 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ۋاقىئەنىڭ 89 ـ ئايىتىنى: ﴿فەرۇھۇن ۋە رەيھانۇن ۋە جەننەتۇ نەئىيم﴾ دەپ قىرائەت قىلغان[4].

(تىرمىزى: 2938)

7422 ـ عَنْ أَبِي إِسْحَاقَ أَنهُ سَمِعَ رَجُلًا سَأَلَ الْأَسْوَدَ فَهَلْ مِنْ مُدكِرٍ أَوْ مُـذكِرٍ فَقَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ يَقْرَؤُهَا فَهَلْ مِنْ مُدكِرٍ قَالَ وَسَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ يَقْرَؤُهَا فَهَلْ مِنْ مُدكِرٍ دَالًا.

---

[1] سۈرە زۇخرۇف، 77 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زارىيات، 58 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2343): تېكىستى سەھىھ ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (2340): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7422 ـ ئەبۇ ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بىر كىشىنىڭ ئەسۋەدتىن:

ـ فەھەل مىممۇززەكىر مۇ ياكى مىممۇددەكىر مۇ؟[1] ـ دەپ سورىغانلىقىنى ۋە ئەسۋەدنىڭ:

ـ مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: فەھەل مىممۇددەكىر دەپ ئوقۇغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ: فەھەل مىممۇددەكىر دەپ دال ھەرپى بىلەن قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 4871)

7423 ـ وفي رواية: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مُدكِرٍ دَالًا.

7423 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: مىممۇددەكىر دەپ دال ھەرپى بىلەن قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 823)

7424 ـ عن أبي بكرة أن النبي ﷺ كان يقرأ على رفـارف خضـر وعبـاقري حسان.

7424 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەلە رەفارىفە خۇزرىن ۋەئەباقىرىيىن ھىسان [2] دەپ قىرائەت قىلاتتى[3].

(بەززار: 2317)

[1] سۈرە قەمەر، 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە رەھمان، 76 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11608): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ سەنەدىدە ئاسىم جۆھدەرىي ئىسىملىك بىر قارىي بار بولۇپ، زەھەبىي ئۇنىڭ قىرائىتىگە "شاز" دەپ باھا بەرگەن، ـ دېگەن.

7425 ـ عَنْ مَالِكٍ أَنَّهُ سَأَلَ ابْنَ شِهَابٍ عَنْ قَوْلِ اللهِ عَزَّ وَجَلَّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللهِ فَقَالَ ابْنُ شِهَابٍ كَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ يَقْرَؤُهَا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَامْضُوا إِلَى ذِكْرِ اللهِ.

7425 ـ ئىمام مالىك ئىبنى شىھابتىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈرە جۇمۇئە 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمىنى: فەمزۇ ئىلا زىكرىللاھى دەپ قىرائەت قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

(مالىك: 240)

7426 ـ عن الأعمش قال سمعت أنس بن مالك يقول في قول الله عز وجل (وأقوم قيلا) قال وأصدق، فقيل له: إنا نقرأ وأقوم فقال: أقوم وأصدق واحد.

7426 ـ ئەئمەشتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ۋە ئەقۋەمۇ قىيلا [1] دېگەن ئايەتنى: ۋە ئەسدەقۇ دەپ ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ ئايەت: ۋە ئەقۋەمۇ دەپ ئوقۇلىدىغۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ:

ـ ئەقۋەمۇ بىلەن ئەسدەقۇ بىر گەپ، ـ دېگەن [2].

(بەززار: 2319؛ مەۋسىلى: 4022)

7427 ـ عَنْ أَبِي قِلَابَةَ عَمَّنْ أَقْرَأَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَيَوْمَئِذٍ لَا يُعَذَّبُ عَذَابَهُ أَحَدٌ وَلَا يُوثَقُ وَثَاقَهُ أَحَدٌ.

7427 ـ ئەبۇ قىلابەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىرائەت ئۆگەنگەن ساھابىلار سۈرە فەجرنىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ ئايەتلىرىنى: لا يۇئەززەبۇ ئەزابەھۇ ئەھەدۇن ۋەلا يۇسەقۇ

[1] سۈرە مۇززەممىل، 6 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11613): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، بەززارنىڭ راۋىيلىرىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمدىن) ئۆزىگە ئاڭلىتىپ ئوقۇغان. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: (ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر: "يۇئەززىبۇ"، "يۇسىقۇ" دەپ ئوقۇيدۇ)[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3996)

7428 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ أَيَحْسَبُ أَن مَالَـهُ أَخْلَدَهُ.

7428 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈرە ھۇمەزە 3 ـ ئايەتنى: ئەيەھسەبۇ ئەننە مالەھۇ ئەخلەدەھۇ دەپ قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3995)

7429 ـ عَنْ عَلْقَمَةَ قَالَ دَخَلْتُ فِي نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِ عَبْدِ اللهِ الشأْمَ فَسَمِعَ بِنَا أَبُو الدرْدَاءِ فَأَتَانَا فَقَالَ أَفِيكُمْ مَنْ يَقْرَأُ فَقُلْنَا نَعَمْ قَالَ فَأَيكُمْ أَقْرَأُ فَأَشَارُوا إِلَي فَقَالَ اقْرَأْ فَقَرَأْتُ وَاللَيْلِ إِذَا يَغْشَى وَالنهَارِ إِذَا تَجَلى وَالذكَرِ وَالأُنْثَى قَالَ أَنْتَ سَمِعْتَهَا مِنْ فِي صَاحِبِكَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ وَأَنَا سَمِعْتُهَا مِنْ فِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهَؤُلَاءِ يَأْبَوْنَ عَلَيْنَا.

7429 ـ ئەلقەمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن بىللە شامغا باردىم. ئەبۇ دەردا بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، يېنىمىزغا كېلىپ:

ــ ئاراڭلاردا قۇرئان ئوقۇيالايدىغان كىشى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى. بىز:

ـ ھەئە، بار، ـ دېدۇق. ئۇ:

ـ كىم ئەڭ ياخشى ئوقۇيالايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار مېنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ:

---

[1] ئەلبانى (860): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (859): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئوقۇغىن! ــ دېگەن ئىدى، مەن: ۋەللەيلى ئىزا يەغشا، ۋەننەھارى ئىزا تەجەللا، ۋەززەكەرى ۋەلئۇنسا [1] دەپ ئوقۇدۇم، ئۇ:

ــ سەن بۇ خىل قىرائەتنى ئۇستازىڭ (ئابدۇللاھ)نىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ــ دېدىم. ئۇ:

ـــ مەنمۇ مۇشۇنداق قىرائەت قىلىشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن شاملىقلار بىزنىڭ بۇ قىرائىتىمىزگە قارشى چىقىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

(بۇخارى: 4943)

7430 ــ وفي رواية قَالَ: أَشْهَدُ أَني سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ هَكَذَا وَهَؤُلَاءِ يُرِيدُونِي عَلَى أَنْ أَقْرَأَ وَمَا خَلَقَ الذكَرَ وَالْأُنْثَى وَاللهِ لَا أُتَابِعُهُمْ.

7430 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەبۇ دەردا مۇنداق دېگەن: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن شاملىقلار ماڭا:

ــ ۋەما خەلەقەززەكەرە ۋەلئۇنسا دەپ ئوقۇغىن! ــ دېيىشىۋاتىدۇ. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ئۇنىمايمەن.

(بۇخارى: 4944)

7431 ــ عَنْ أُبَي بْنِ كَعْبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَهُ إِن اللهَ أَمَرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ الْقُرْآنَ فَقَرَأَ عَلَيْهِ لَمْ يَكُنْ الذِينَ كَفَرُوا وَقَرَأَ فِيهَا إِن ذَاتَ الدينِ عِنْدَ اللهِ الْحَنِيفِيةُ الْمُسْلِمَةُ لَا الْيَهُودِيةُ وَلَا النصْرَانِيةُ وَلَا الْمَجُوسِيةُ مَنْ يَعْمَلْ خَيْرًا فَلَنْ يُكْفَرَهُ وَقَرَأَ عَلَيْهِ لَوْ أَن لِابْنِ آدَمَ وَادِيًا مِنْ مَالٍ لَابْتَغَى إِلَيْهِ ثَانِيًا وَلَوْ كَانَ لَهُ ثَانِيًا لَابْتَغَى إِلَيْهِ ثَالِثًا وَلَا يَمْلَأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلا تُرَابٌ وَيَتُوبُ اللهُ عَلَى مَنْ تَابَ.

[1] سۈرە لەيل، 1 ـ دىن 3 ـ ئايەتكىچە.

7431 ــ ئــۇبەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ الله مېنى ساڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ـ دېدى ۋە: لەم يەكۇنىللەزىينە كەفەرۇ ① سۈرىسىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: «اللەنىڭ ھۇزۇرىدىكى ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر. يەھۇدىزم، خرىستىئانىزم ياكى ئاتەشپەرەستلىك ئەمەستۇر. كىمكى ياخشىلىق قىلىدىكەن، ساۋابسىز قالمايدۇ» ۋە: «ناۋادا ئادەم بالىسىنىڭ مالغا لىق تولغان بىر جىلغىسى بولسا، ئىككىنچىسى بولۇشىنى خالايدۇ. ئىككى جىلغىسى بولسا، ئۈچىنچىسى بولۇشىنى خالايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقى (قەبرىگە كىرىپ) تۇپىغا توشقاندىلا ئاندىن تويىدۇ. الله تائالا مەئسىيەتتىن قايتىپ، تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەنلەرنى ئوقۇدى ②.

(تىرمىزى: 3898)

7432 ـ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَمَرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ قَالَ فَقَرَأَ عَلَيَّ لَمْ يَكُنْ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ وَالْمُشْرِكِينَ مُنْفَكِّينَ حَتَّى تَأْتِيَهُمْ الْبَيِّنَةُ رَسُولٌ مِنْ اللَّهِ يَتْلُو صُحُفًا مُطَهَّرَةً فِيهَا كُتُبٌ قَيِّمَةٌ وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُمْ الْبَيِّنَةُ إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْحَنِيفِيَّةُ غَيْرُ الْمُشْرِكَةِ وَلَا الْيَهُودِيَّةِ وَلَا النَّصْرَانِيَّةِ وَمَنْ يَفْعَلْ خَيْرًا فَلَنْ يُكْفَرَهُ قَالَ شُعْبَةُ ثُمَّ قَرَأَ آيَاتٍ بَعْدَهَا ثُمَّ قَرَأَ لَوْ أَنَّ لِابْنِ آدَمَ وَادِيَيْنِ مِنْ مَالٍ لَسَأَلَ وَادِيًا ثَالِثًا وَلَا يَمْلَأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلَّا التُّرَابُ قَالَ ثُمَّ خَتَمَهَا بِمَا بَقِيَ مِنْهَا.

7432 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ الله تەبارەكە ۋەتائالا مېنى ساڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ـ دېدى ۋە: لەم يەكۇنىللەزىينە كەفەرۇ سۈرىسىنى ئوقۇپ، 5 ـ ئايەتكە

① سۈرە بەييىنە.

② ئەلبانى (2982): سەھىھ ـ دېگەن.

كەلگەنىدە مۇنداق ئوقۇدى: «ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ھەق دىن ئىسلام دىنىدۇر، يەھۇدىزم ياكى خرىستىئانىزم ئەمەستۇر. كىمكى ياخشىلىق قىلىدىكەن، ساۋابسىز قالمايدۇ». ئاندىن يەنە بىر قانچە ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «ناۋادا ئادەم بالىسىنىڭ مال بىلەن تولغان ئىككى جىلغىسى بولسا، ئۈچىنچىسى بولۇشىنى خالايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقى (قەبرىگە كىرىپ) تۇپىغا توشقاندىلا، ئاندىن تويىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ سۈرىدىن قالغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ تاماملىدى[1].

(ئەھمەد: 21241)

7433 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ بَعَثَ إِلَيَّ أَبُو بَكْرٍ لِمَقْتَلِ أَهْلِ الْيَمَامَةِ وَعِنْدَهُ عُمَرُ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ إِنَّ عُمَرَ أَتَانِي فَقَالَ إِنَّ الْقَتْلَ قَدْ اسْتَحَرَّ يَوْمَ الْيَمَامَةِ بِقُرَّاءِ الْقُرْآنِ وَإِنِّي أَخْشَى أَنْ يَسْتَحِرَّ الْقَتْلُ بِقُرَّاءِ الْقُرْآنِ فِي الْمَوَاطِنِ كُلِّهَا فَيَذْهَبَ قُرْآنٌ كَثِيرٌ وَإِنِّي أَرَى أَنْ تَأْمُرَ بِجَمْعِ الْقُرْآنِ قُلْتُ كَيْفَ أَفْعَلُ شَيْئًا لَمْ يَفْعَلْهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ عُمَرُ هُوَ وَاللَّهِ خَيْرٌ فَلَمْ يَزَلْ عُمَرُ يُرَاجِعُنِي فِي ذَلِكَ حَتَّى شَرَحَ اللَّهُ صَدْرِي لِلَّذِي شَرَحَ لَهُ صَدْرَ عُمَرَ وَرَأَيْتُ فِي ذَلِكَ الَّذِي رَأَى عُمَرُ قَالَ زَيْدٌ قَالَ أَبُو بَكْرٍ وَإِنَّكَ رَجُلٌ شَابٌّ عَاقِلٌ لَا نَتَّهِمُكَ قَدْ كُنْتَ تَكْتُبُ الْوَحْيَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَتَتَبَّعْ الْقُرْآنَ فَاجْمَعْهُ قَالَ زَيْدٌ فَوَاللَّهِ لَوْ كَلَّفَنِي نَقْلَ جَبَلٍ مِنْ الْجِبَالِ مَا كَانَ بِأَثْقَلَ عَلَيَّ مِمَّا كَلَّفَنِي مِنْ جَمْعِ الْقُرْآنِ قُلْتُ كَيْفَ تَفْعَلَانِ شَيْئًا لَمْ يَفْعَلْهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ هُوَ وَاللَّهِ خَيْرٌ فَلَمْ يَزَلْ يَحُثُّ مُرَاجَعَتِي حَتَّى شَرَحَ اللَّهُ صَدْرِي لِلَّذِي شَرَحَ اللَّهُ لَهُ صَدْرَ أَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَرَأَيْتُ فِي ذَلِكَ الَّذِي رَأَيَا فَتَتَبَّعْتُ الْقُرْآنَ أَجْمَعُهُ مِنْ الْعُسُبِ وَالرِّقَاعِ وَاللِّخَافِ وَصُدُورِ الرِّجَالِ فَوَجَدْتُ فِي آخِرِ سُورَةِ التَّوْبَةِ لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِنْ أَنْفُسِكُمْ إِلَى آخِرِهَا مَعَ خُزَيْمَةَ أَوْ أَبِي خُزَيْمَةَ فَأَلْحَقْتُهَا فِي سُورَتِهَا وَكَانَتْ الصُّحُفُ عِنْدَ أَبِي بَكْرٍ حَيَاتَهُ حَتَّى تَوَفَّاهُ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ ثُمَّ عِنْدَ عُمَرَ حَيَاتَهُ حَتَّى تَوَفَّاهُ اللَّهُ ثُمَّ عِنْدَ حَفْصَةَ بِنْتِ عُمَرَ.

[1] ھەيسەمى (11508): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى بەھدەلە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7433 ـ زەيد ئىبنى سابىت ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: يامامە جېڭىدا قارىيلار كۆپلەپ شېھىد بولۇپ كەتتى. جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى مېنى چاقىرتتى، ئۇنىڭ قېشىدا ئۆمەر بار ئىدى. ئەبۇ بەكرى ماڭا:

ــ ئۆمەر مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: ”يەمامە كۈنى مۇسۇلمانلار كۆپ قىرىلىپ كەتتى. قۇرئاننى توپلىۋالمايدىغان بولساڭلار، جەڭگاھلاردا قارىيلارنىڭ كۆپلەپ قىرىلىپ كېتىشى بىلەن قۇرئاننىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا قۇرئاننى توپلاپ قويۇشۇڭلار كېرەك دەپ ئويلايمەن“ دېدى، مەن ئۆمەرگە:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلمىغان ئىشنى قىلسام قانداق بولىدۇ؟ ـ دېسەم، ئۆمەر:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىش، ـ دېدى. ئۇ، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئېغىز ئاچاتتى، ئاخىرى الله تائالا مېنىڭ كۆڭلۈمنى قانائەت تاپقۇزدى، مەنمۇ ئۆمەرنىڭ قارىشىنى توغرا تاپتىم، ـ دېدى. زەيد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىدا گەپ ـ سۆز قىلماي جىم ئولتۇراتتى. ئەبۇ بەكرى ماڭا:

ــ سەن تېخى ياش، ئەقىللىق ئادەم، بىز ساڭا ئىشىنىمىز. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي يېزىپ بېرەتتىڭ، شۇڭا قۇرئاننى ئىزدەپ توپلىغىن، ـ دېدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاغلاردىن بىرەرسىنى يۆتكەش ۋەزىپىسى تاپشۇرغان بولسا، ماڭا نىسبەتەن قۇرئان توپلاش ئىشىدىن يەڭگىل كەلگەن بولاتتى، ـ دېدى. مەن:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلمىغان ئىشنى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ ـ دېسەم، ئەبۇ بەكرى:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىش، ـ دېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز مۇنازىرىلەشتىم. ئاخىرى الله تائالا مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ كۆڭلىنى قانائەت تاپقۇزغاندەك قانائەت تاپقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى

خورما قوزاقلىرىغا، تېرىلەرگە، ياپىلاق تاشلارغا يېزىپ قالدۇرۇلغان قول يازمىلاردىن ۋە يادلىغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن توپلىغىلى تۇردۇم. تەۋبە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئەبۇ خۇزەيمە ئەنسارىدىن باشقا ھېچكىمدىن تاپالمىدىم. ئۇ ئىككىسى: (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرىسە، سەن: «اللّٰه ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى اللّٰهقا يۆلەندىم، اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن [1] دېگەن ئايەتلەر ئىدى. توپلانغان قول يازمىلار ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىدا ساقلاندى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆمەرنىڭ قېشىدا ساقلاندى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قىزى ھەفسەنىڭ قېشىدا ساقلاندى.

(بۇخارى: 4986)

7434 ـ عن أَنس ْبن َمَالِكٍ حَدثُه أن حُذْيفَةَ ْبنَ الْيَمَانِ قَدِمَ عَلَى عُثْمَانَ وَكَانَ يُغَازِي أَهْلَ الشأمِ ِفي فَتْحِ إِرْمِينِيَةَ وَأَذْرَبِيجَانَ مَعَ أَهْلِ الْعِرَاقِ فَأَفْزَعَ حُذْيفَةَ اخْتِلَافُهُمْ ِفي الْقِرَاءَةِ فَقَالَ حُذْيفَةُ ِلعُثْمَانَ َيا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَدْرِكْ هَذِهِ الْأمةَ قبْلَ أَنْ َيخْتِلفُوا ِفي الْكِتَابِ اخْتِلَافَ الْيهُودِ وَالنصَارَى فَأَرْسَلَ عُثْمَانُ إِلَى حَفْصَةَ أَنْ أَرْسِلِي إِلْيَنا ِبالصحُفِ َنْنسَخُهَا ِفي الْمَصَاحِفِ ثُم َنرُدهَا إِلْيكِ فَأَرْسَلَتْ ِبهَا حَفْصَةُ إِلَى عُثْمَانَ فَأَمَرَ زَيْدَ ْبنَ َثاِبتٍ وَعَْبدَ اللهِ ْبنَ الزبْيرِ وَسَعِيدَ ْبنَ الْعَاصِ وَعَْبدَ الرحْمَنِ ْبنَ الْحَارِثِ ْبنِ هِشَامٍ فَنسَخُوهَا ِفي الْمَصَاحِفِ وَقَالَ عُثْمَانُ ِللرهْطِ الْقُرَشِيينَ الثلَاَثةِ إِذَا اخْتَلَفْتُمْ أَْنتُمْ وَزَْيدُ ْبنُ َثاِبتٍ ِفي شَيْءٍ مِنْ الْقُرْآنِ فَاكُْتبُوهُ ِبلِسَانِ قُرَْيشٍ فَإِنمَا َنزَلَ ِبلِسَاِنهِمْ فَفَعَلُوا حَتى إِذَا َنسَخُوا الصحُفَ ِفي الْمَصَاحِفِ

[1] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ۋە 129 ـ ئايەتلەر.

رَد عُثْمَانُ الصحُفَ إِلَى حَفْصَةَ وَأَرْسَلَ إِلَى كُل أُفُقٍ بِمُصْحَفٍ مِما نَسَخُوا وَأَمَرَ بِمَا سِوَاهُ مِنْ الْقُرْآنِ فِي كُل صَحِيفَةٍ أَوْ مُصْحَفٍ أَنْ يُحْرَقَ.

عن خَارِجَةَ بْنُ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ سَمِعَ زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ قَالَ فَقَدْتُ آيَةً مِنْ الْأَحْزَابِ حِينَ نَسَخْنَا الْمُصْحَفَ قَدْ كُنتُ أَسْمَعُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْرَأُ بِهَا فَالْتَمَسْنَاهَا فَوَجَدْنَاهَا مَعَ خُزَيْمَةَ بْنِ ثَابِتٍ الْأَنْصَارِي مِنْ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللهَ عَلَيْهِ فَأَلْحَقْنَاهَا فِي سُورَتِهَا فِي الْمُصْحَفِ.

7434 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەرمىنىيە بىلەن ئەزەربەيجاننى پەتھى قىلىش ئۈچۈن شام ۋە ئىراق ئەھلى بىللە ئۇرۇش قىلغان ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىردى. شام ۋە ئىراقلىقلارنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىدىكى پەرق ھۇزەيفەنى چۆچۈتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئوسمانغا:

ــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئۈممەتنى قۇرئان ئوقۇشتا يەھۇدىي ـــ ناسارالارنىڭ (تەۋرات، ئىنجىل ئوقۇشتا) ئىختىلاپلاشقىنىدەك ئىختىلاپلىشىشتىن بۇرۇن قۇتقۇزىۋالغىن! ـ دېدى. ئوسمان ھەفسەگە:

ــ قولۇڭدىكى قۇرئان قول يازمىلىرىنى بىزگە ئەۋەتىپ بەرسەڭ، بىز ئۇنىڭدىن بىر قانچە نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ، قايتۇرۇپ بەرسەك، ـ دەپ ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى، ھەفسە قول يازمىلارنى ئوسمانغا ئەۋەتىپ بەردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ھارىس ئىبنى ھىشاملارنى بۇ قول يازمىلاردىكى ئايەتلەرنى كۆچۈرۈشكە بۇيرىدى ۋە ئۇلارغا:

ـــ ئەگەر (قۇرئاننى رەتلەشتە) زەيد ئىبنى سابىت بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، ئۇنى قۇرەيش شېۋىسى بويىچە يېزىڭلار. چۈنكى قۇرئان قۇرەيش شېۋىسى بويىچە نازىل بولغان، ـ دېدى. ئۇلار ئوسماننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئايەتلەر رەتلىنىپ، كۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسلى قول يازمىنى ھەفسەگە قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ھەر قايسى يۇرتلارغا يېڭى

كۆچۈرۈلگەن قۇرئان نۇسخىسىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق نۇسخىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرئاننى توپلىغان ۋاقتىمدا، ئەھزاب سۈرىسىدىن بىر ئايەتنى تاپالماي قالدىم. ئۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا ئوقۇغىنىنى ئاڭلايتتىم. سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى خۇزەيمە ئىبنى سابىت ئەنسارىدىن تاپتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ قىلاتتى. ئۇ ئايەت جانابى ئاللاھنىڭ: مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شېھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار [1] دېگەن ئايىتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايەتنى تېگىشلىك جايىغا يېزىپ قويدۇق.

(بۇخارى: 4987 ـ 4988)

7435 ـ وفي رواية: مَعَ خُزَيْمَةَ الأَنْصَارِي، الذِي جَعَلَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم شَهَادَتَهُ شَهَادَةَ رَجُلَيْنِ.

7435 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇزەيمە ئىبنى سابىت ئەنسارىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ قىلاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3607)

7436 ـ وفي رواية: قَالَ الزهْري فَاخْتَلَفُوا يَوْمَئِذٍ فِي التَّابُوتِ وَالتَّابُوهِ فَقَالَ الْقُرَشِيونَ التَّابُوتُ وَقَالَ زَيْدٌ التَّابُوهُ فَرُفِعَ اخْتِلَافُهُمْ إِلَى عُثْمَانَ فَقَالَ اكْتُبُوهُ التَّابُوتُ فَإِنَّهُ نَزَلَ بِلِسَانِ قُرَيْشٍ.

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 23 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3073): سەھىھ ـ دېگەن.

7436 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، زۇھرىي مۇنداق دېگەن: شۇ كۈنلەردە ''تابۇت''مۇ ياكى ''تابۇھ''مۇ دەپ ئىختىلاپ چىققان ئىدى. قۇرەيشلەر: تابۇت، ـ دېسە، زەيد: تابۇھ ـ دېگەن. بۇ تالاش ـ تارتىش ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىلدۈرۈلگەندە، ئۇ: ''تابۇت'' دەپ يېزىڭلار، چۈنكى قۇرئان قۇرەيش شېۋىسى بىلەن نازىل بولغان، ـ دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3104)

7437 ـ وزاد في هذه الرواية: قال الزهْرِي فَأَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللهِ بن عبد اللهِ بن عُتْبَةَ أن عَبْدَ اللهِ بن مَسْعُودٍ كَرِهَ لِزَيْدِ بن ثَابِتٍ نَسْخَ الْمَصَاحِفِ وقال يا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ أُعْزَلُ عن نَسْخِ كِتَابَةِ الْمُصْحَفِ وَيَتَوَلاهَا رَجُلٌ والله لقد أَسْلَمْتُ وَإِنَّهُ لَفِي صُلْبِ رَجُلٍ كَافِرٍ يُرِيدُ زَيْدَ بن ثَابِتٍ وَلِذَلِكَ قال عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ يا أَهْلَ الْعِرَاقِ اكْتُمُوا الْمَصَاحِفَ التي عِنْدَكُمْ وَغُلُّوهَا فإن اللَّهَ يقول ) وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يوم الْقِيَامَةِ ( فَالْقُوا اللهَ بِالْمَصَاحِفِ قال الزهْرِي فَبَلَغَنِي أن ذلك كَرِهَهُ من مَقَالَةِ بن مَسْعُودٍ رِجَالٌ من أَفَاضِلِ أَصْحَابِ النبي ﷺ.

7437 ـ بۇ رىۋايەتتە زۇھرىي يەنە مۇنداق دېگەن: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەردى: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرئان نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىشىنى ياقتۇرماي مۇنداق دېگەن:

ـــ ئى مۇسۇلمانلار جامائىتى! قۇرئان نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىشنى مەن قىلماي، باشقا بىر ئادەم قىلامدۇ؟ مەن مۇسۇلمان بولغاندا، ئۇ (زەيد ئىبنى سابىت) تېخى بىر كاپىرنىڭ سۇلبىدا ئىدى.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

ـ ئى ئىراق خەلقى! قولۇڭلاردىكى قۇرئانلارنى يوشۇرۇڭلار، چۈنكى الله تائالا: كىمكى يوشۇرىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ يوشۇرغان نەرسىسى

[1] ئەلبانى (2480): سەھىھ ـ دېگەن.

بىلەن كېلىدۇ [1] دەيدۇ، شۇنداق قىلساڭلار، اﷲنىڭ ھۇزۇرىغا قۇرئاننى كۆتۈرگەن ھالەتتە بارىسىلەر.

زۇھرىي مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر نەچچە كاتتا زات ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ياقتۇرمىغان [2].

(تىرمىزى: 3104)

7438 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ جَمَعَ الْقُرْآنَ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَرْبَعَةٌ كُلُّهُمْ مِنْ الْأَنصَارِ أُبَي وَمُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ وَأَبو زَيْدٍ وَزَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ قُلْتُ لِأَنسٍ مَنْ أَبو زَيْدٍ قَالَ أَحَدُ عُمُومَتِي.

7438 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا قۇرئاننى پىششىق يادلىۋالغان كىشىلەردىن تۆتىلا ئەنسارى بولۇپ، ئۇلار: ئۇبەي، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەبۇ زەيد ۋە زەيد ئىبنى سابىتلار ئىدى. قەتادە مۇنداق دېگەن: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ ئەبۇ زەيد دېگەن كىم؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ـ مېنىڭ تاغىلىرىمدىن بىرى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3810)

7439 ـ عن أنسٍ بن مَالِكٍ قال مَاتَ النبي ﷺ ولم يَجْمَعْ الْقُرْآنَ غَيرُ أَرْبَعَةٍ أبـو الدرْدَاءِ وَمُعَاذُ بن جَبَلٍ وَزَيْدُ بن ثَابِتٍ وأبو زَيْدٍ قال وَنَحْنُ وَرِثْنَاهُ.

7439 ـ سۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، قۇرئاننى تۆتلا كىشى پىششىق يادلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار: ئەبۇ دەردا، مۇئاز ئىبنى جەبەل، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار ئىدى. ئەنەس

[1] سۈرە ئال ئىمران، 161 ـ ئايەت. بۇ ئايەتنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد يۇقىرىقىدەك چۈشەنگەن.

[2] ئەلبانى (2480): سەھىھ ـ دېگەن.

يەنە مۇنداق دېگەن: ئەبۇ زەيدنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، بىز ئۇنىڭ مىراسخورى بولغان.

(بۇخارى: 5004)

7440 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا جَمَعْتُ الْمُحْكَمَ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ لَهُ وَمَا الْمُحْكَمُ قَالَ الْمُفَصَّلُ.

7440 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىلا مۇھكەم سۈرىلەرنى يادلاپ بولغان ئىدىم، ـ دېگەن ئىدى. مەن:

ـ مۇھكەم دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ مۇفەسسەل سۈرىلەر (ھۇجۇراتتىن ناسقىچە)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5036)

# چۈش تەبىرى بۆلۈمى

7441 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا اقْتَرَبَ الزمَانُ لَمْ تَكَدْ رُؤْيَا الْمُسْلِمِ تَكْذِبُ وَأَصْدَقُكُمْ رُؤْيَا أَصْدَقُكُمْ حَدِيثًا وَرُؤْيَا الْمُسْلِمِ جُزْءٌ مِنْ خَمْسٍ وَأَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنْ النبوةِ وَالرؤْيَا ثَلَاثَةٌ فَرُؤْيَا الصالِحَةِ بُشْرَى مِنْ اللهِ وَرُؤْيَا تَحْزِينٌ مِنْ الشيْطَانِ وَرُؤْيَا مِما يُحَدثُ الْمَرْءُ نَفْسَهُ فَإِنْ رَأَى أَحَدُكُمْ مَا يَكْرَهُ فَلْيَقُمْ فَلْيُصَلِّ وَلَا يُحَدثْ بِهَا الناسَ قَالَ وَأُحِب الْقَيْدَ وَأَكْرَهُ الْغُل وَالْقَيْدُ ثَبَاتٌ فِي الدينِ فَلَا أَدْرِي هُوَ فِي الْحَدِيثِ أَمْ قَالَهُ ابْنُ سِيرِينَ.

7441 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى، مۇسۇلماننىڭ چۈشى ئاساسەن راستقا چىقىدۇ، سىلەرنىڭ چۈشى راستقا چىقىدىغىنىڭلار راست سۆزلەيدىغىنىڭلاردۇر. مۇسۇلماننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 45 پارچىسىنىڭ بىرىدۇر. چۈش مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ياخشى چۈش بولۇپ، اللهتىن بېشارەتتۇر. يەنە بىرى يامان چۈش بولۇپ، شەيتاندىندۇر. ئۈچىنچىسى، كىشى ئويلاپ ياتقان ئىشنى چۈشىدە كۆرىدۇ. كىمكى يامان چۈش كۆرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن ۋە چۈشىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىسۇن. چۈشتە كىشەننى ياخشى كۆرىمەن، تاقاقنى يامان كۆرىمەن، كىشەن دىگەن دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ».

ئەييۇب (راۋى) مۇنداق دەيدۇ: ئاخىرقى جۈملىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ دېگەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

(مۇسلىم: 2263)

7442 ـ وفي رواية لهوه، قال أبو هُرَيْرَةَ: يُعْجِبُنِي الْقَيْدُ وَأَكْرَهُ الْغُلَ الْقَيْدُ ثَبَاتٌ فِي الدين.

7442 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «چۈشتە كىشەننى ياخشى كۆرىمەن، تاقاقنى يامان كۆرىمەن. كىشەن دېگەن دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2280)

7443 ـ عن أبي قَتَادَةَ الْأَنْصَارِي وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفُرْسَانِهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الرؤْيَا مِنْ اللهِ وَالْحُلْمُ مِنْ الشيْطَانِ فَإِذَا حَلَمَ أَحَدُكُمْ الْحُلُمَ يَكْرَهُهُ فَلْيَبْصُقْ عَنْ يَسَارِهِ وَلْيَسْتَعِذْ بِاللهِ مِنْهُ فَلَنْ يَضُرهُ.

7443 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ۋە ئاتلىق سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان:

«ياخشى چۈش الله تەرەپتىن، يامان چۈش شەيتاندىن بولىدۇ. كىمكى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە تۈكۈرۈۋەتسۇن. اللهقا سېغىنىپ ئۇنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن. شۇندىلا، يامان چۈش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».

(بۇخارى: 7005)

7444 ـ وفي رواية: فَلْيَتْفُلْ عَنْ يَسَارِهِ ثَلَاثًا وَلْيَتَعَوذْ بِاللهِ مِنْ شَر الشيْطَانِ وَشَرهَا وَلَا يُحَدثْ بِهَا أَحَدًا فَإِنهَا لَنْ تَضُرهُ.

7444 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن، اللهقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ ۋە ئەشۇ چۈشنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن، ئۇنى ھېچكىمگە سۆزلەپ يۈرمىسۇن، شۇندىلا چۈش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2261)

[1] ئەلبانى (1859): سەھىھ ـ دېگەن.

7445 ـ وفي رواية: قَالَ أُبو سَلَمَةَ إِنْ كُنتُ لَأَرى الرؤْيا هِيَ أَثْقَلُ عَلَي مِنْ الْجَبَلِ فَلَما سَمِعْتُ هَذَا الْحَدِيثَ فَمَا كُنتُ أُبَالِيهَا.

7445 ــ ئەبۇ سەلەمە مۇنداق دېگەن: مەن بۇرۇن چۈش كۆرسەم، (ئۇنىڭ يامانلىقىدىن) ماڭا تاغدىنمۇ ئېغىر كېلەتتى، بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغىنىمدىن تارتىپ، ئۇنداق چۈشلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم.

(مالىك: 1784؛ بۇخارى: 5747)

7446 ـ عَنْ جَابِرٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ إِذَا رَأَى أَحَدُكُمْ الرؤْيَا يَكْرَهُهَا فَلْيَبْصُقْ عَنْ يَسَارِهِ ثَلَاثًا وَلْيَسْتَعِذْ بِاللهِ مِنْ الشيْطَانِ ثَلَاثًا وَلْيَتَحَولْ عَنْ جَنْبِهِ الذِي كَانَ عَلَيْهِ.

7446 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرىۋەتسۇن ۋە اللهقا سېغىنىپ، ئۇنىڭ شەررىدىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسۇن. ئاندىن ياتقان يېنىدىن يەنە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ ياتسۇن».

(مۇسلىم: 2261)

7447 ـ عَنْ أَبِي رَزِينٍ الْعُقَيْلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رُؤْيَا الْمُؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ أَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنْ النبُوةِ وَهِيَ عَلَى رِجْلِ طَائِرٍ مَا لَمْ يَتَحَدثْ بِهَا فَإِذَا تَحَدثَ بِهَا سَقَطَتْ قَالَ وَأَحْسَبُهُ قَالَ وَلَا يُحَدثُ بِهَا إِلا لَبِيبًا أَوْ حَبِيبًا.

7447 ــ ئەبۇ رەزىن ئۇقەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنىنىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 40 پارچىسىدىن بىرىدۇر. ئۇنى سۆزلەپ يۈرمىسە، قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىپ قويغاندەك، ساڭگىلاپ

تۇرىدۇ. ئۇنى سۆزلەپ يۈرسە، چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنى پەقەت تەبىر بىرەلەيدىغان ئاقىل ياكى يېقىن دوستۇڭغا ئېيتىپ بەرگىن!»[①].

(تىرمىزى: 2278)

7448 ـ وفي رواية: جُزْءٌ مِنْ سِتةٍ وَأَرْبعِينَ جُزْءًا مِنْ النُّبوةِ.

7448 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «مۇسۇلماننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىرىدۇر»[②].

(تىرمىزى: 2271)

7449 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ الرؤْيا الصـالِحَةُ جُزْءٌ مِنْ سْبعِينَ جُزْءًا مِنْ النُّبوةِ.

7449 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 70 پارچىسىدىن بىرىدۇر» دېگەن.

(مۇسلىم: 2665)

7450 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ قَالَتْ كَانَتْ امْرَأَةٌ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ لَهَا زَوْجٌ تَاجِرٌ يَخْتَلِفُ فَكَانَتْ تَرَى رُؤْيا كُلمَا غَابَ عَنْهَا زَوْجُهَا وَقَلمَا يَغِيبُ إِلا تَرَكَهَا حَامِلًا فَتأْتِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَتقُولُ إِن زَوْجِي خَرَجَ تَاجِرًا فَتَرَكَنِي حَامِلًا فَرَأَيتُ فِيمَا يَرَى النائِمُ أَن سَارِيَةَ بيْتِي انْكَسَرَتْ وَأَني وَلَدْتُ غُلَامًا أَعْـوَرَ فَقَـالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ خَيْرٌ يَرْجِعُ زَوْجُكِ عَلَيْكِ إِنْ شَاءَ اللهُ تَعَـالَى صَـالِحًا وَتَلِدِينَ غُلَامًا برا فَكَانَتْ تَرَاهَا مرتيْنِ أَوْ ثَلَاثًا كُل ذَلِكَ تَأْتِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيـهِ وَسَلمَ فَيقُولُ ذَلِكَ لَهَا فَيرْجِعُ زَوْجُهَا وَتَلِدُ غُلَامًا فَجَاءَتْ يَوْمًا كَمَا كَانَتْ تَأْتِيهِ وَرَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ غَائِبٌ وَقَدْ رَأَتْ تِلْكَ الرؤْيا فَقُلْتُ لَهَا عَم تَسْأَلِينَ رَسُولَ الـهِ

---

[①] ئەلبانى (1858): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1852): سەھىھ ـ دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أَمَةَ اللهِ فَقَالَتْ رُؤْيَا كُنتُ أُرَاهَا فَآتِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَسْأَلُهُ عَنْهَا فَيَقُولُ خَيْرًا فَيَكُونُ كَمَا قَالَ فَقُلْتُ فَأَخْبِرِينِي مَا هِيَ قَالَتْ حَتى يَأْتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَعْرِضَهَا عَلَيْهِ كَمَا كُنتُ أَعْرِضُ فَوَاللهِ مَا تَرَكْتُهَا حَتى أَخْبَرَتْنِي فَقُلْتُ وَاللهِ لَئِنْ صَدَقَتْ رُؤْيَاكِ لَيَمُوتَن زَوْجُكِ وَتَلِدِينَ غُلَامًا فَاجِرًا فَقَعَدَتْ تَبْكِي وَقَالَتْ مَا لِي حِينَ عَرَضْتُ عَلَيْكِ رُؤْيَايَ فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهِيَ تَبْكِي فَقَالَ لَهَا مَا لَهَا يَا عَائِشَةُ فَأَخْبَرْتُهُ الْخَبَرَ وَمَا تَأَولْتُ لَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَهْ يَا عَائِشَةُ إِذَا عَبَرْتُمْ لِلْمُسْلِمِ الرؤْيَا فَاعْبُرُوهَا عَلَى الْخَيْرِ فَإِن الرؤْيَا تَكُونُ عَلَى مَا يَعْبُرُهَا صَاحِبُهَا فَمَاتَ وَاللهِ زَوْجُهَا وَلَا أُرَاهَا إِلا وَلَدَتْ غُلَامًا فَاجِرًا.

7450 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىدە ئېرى تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ئايال ئېرى سەپەرگە چىقىپ كەتسىلا چۈش كۆرەتتى. ئېرى ئۇ ئايالنى كۆپىنچە ۋاقىتتا ھامىلدار ھالەتتە قويۇپ سەپەرگە چىقاتتى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئېرىم مېنى ھامىلدار ھالەتتە قويۇپ سەپەرگە چىقىپ كەتتى، چۈشۈمدە ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى سۇنۇپ كېتىپ، بىر كۆزى يوق بالا تۇغۇپتىمەن، ـ دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ الله خالىسا، ئېرىڭ سالىمەت ھالەتتە قايتقۇدەك، سالىھ پەرزەنت كۆرگۈدەكسەن، ـ دېدى. ئۇ ئايال ئوخشاش چۈشنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆرگەن بولۇپ، ھەر قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ سۆزلەپ بېرەتتى ھەم ھەر قېتىم ئېرى قايتىپ كېلىشىگە، ئۇ ئايال بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغاتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئايال يەنە شۇنداق چۈش كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن:

ــ ئى اللهنىڭ بەندىسى! اللهنىڭ رەسۇلىدىن نېمە توغرىسىدا سورىماقچى ئىدىڭ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ مەن چۈش كۆرۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ماڭا ياخشى تەبىر بېرەتتى، دەرۋەقە، ھەممە ئىش ئۇنىڭ دىگىنىدەك چىقاتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنداقتا ماڭا قانداق چۈش كۆرگەنلىكىڭنى سۆزلەپ بەرگىن! ــ دېسەم، ئۇ:

ـ ياق، رەسۇلۇللاھ كەلسۇن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتاي، ـ دېدى. مەن گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋالدىم، ئاخىرى ئۇ ئايال چۈشىنى سۆزلەپ بەردى. مەن:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، چۈشۈڭ راست بولسا، ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتكۇدەك، سەن ئەسكى بالا تۇغقۇدەكسەن، ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ ئايال ئولتۇرۇپ يىغلىغىلى تۇردى ۋە:

ـ چۈشۈمنى نېمىشقىمۇ ساڭا سۆزلەپ بەرگەندىمەن؟ ـ دېدى. ئۇ يىغلاۋاتقان چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ:

ـ ئى ئائىشە! بۇ ئايالغا نېمە بوپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمە دېدىڭ؟! ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ چۈشىگە تەبىر بەرسەڭلار، ياخشى تەبىر بېرىڭلار، چۈنكى چۈشتە تەبىر بەرگۈچىنىڭ سۆزلىرى راستقا چىقىپ قالىدۇ، ـ دېدى. كېيىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئويلايمەنكى، ئۇ ئايال مەن دىگەندەك ئەسكى بالا تۇغدى[1].

(دارىمى: 2163)

7451 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَمْ يَبْقَ مِنْ النُبوةِ إلا الْمُبَشرَاتُ قَالُوا وَمَا الْمُبَشرَاتُ قَالَ الرؤْيَا الصالِحَةُ.

7451 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ھاپىز ئىبنى ھەجەر «فەتھۇل بارى»دا: سەنەدى ھەسەن، ـ دىگەن.

ــ پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت خۇش بېشارەتلا قالدى، ـ دېگەنىدى، ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! خۇش بېشارەت دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياخشى چۈش، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 6990)

7452 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَصْدَقُ الرؤْيَا بِالْأَسْحَارِ.

7452 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەڭ توغرا چىقىدىغان چۈش سەھەر ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشتۇر» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 2274)

7453 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ تَحَلمَ بِحُلْمٍ لَمْ يَرَهُ كُلفَ أَنْ يَعْقِدَ بَيْنَ شَعِيرَتَيْنِ وَلَنْ يَفْعَلَ وَمَنْ اسْتَمَعَ إِلَى حَدِيثِ قَوْمٍ وَهُمْ لَهُ كَارِهُونَ أَوْ يَفِرونَ مِنْهُ صُب فِي أُذُنِهِ الْآنُكُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَمَنْ صَورَ صُورَةً عُذبَ وَكُلفَ أَنْ يَنْفُخَ فِيهَا وَلَيْسَ بِنَافِخٍ.

7453 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۇم دېسە، ئىككى ئارپا دېنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاشقا بۇيرۇلىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇلىيالمايدۇ. كىمكى بىر جامائەتنىڭ سۆزىنى (ئۇلار خالىمىغان ياكى ئۇلار ئۇزلىرىنى قاچۇرۇپ تۇرغان ھالەتتە) مەخپىي تىڭشىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ. كىمكى سۈرەت سىزسا، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ، لېكىن ئۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ».

(بۇخارى: 7042)

[1] ئەلبانى (396): زەئىپ، ـ دېگەن.

7454 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن مِـنْ أَفْـرَى الْفِرَى أَنْ يُرِيَ عَيْنَيْهِ مَا لَمْ تَرَ.

7454 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چۈشىدە كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۇم دەۋېلىش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر».

(بۇخارى: 7043)

7455 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَـنْ رَآنِي فِي الْمَنَامِ فَسَيَرَانِي فِي الْيَقَظَةِ أَوْ لَكَأَنمَا رَآنِي فِي الْيَقَظَةِ وَلَا يَتَمَثلُ الشيْطَانُ بِي.

7455 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مېنى چۈشىدە كۆرسە، ئويغاق چاغدىمۇ كۆرىدۇ ياكى خۇددى ئويغاق چاغدا كۆرگەندەك بولىدۇ، (چۈنكى) شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5023)

7456 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ رَآنِي فَقَدْ رَأَى الْحَق فَإِن الشيْطَانَ لَا يَتَكَوننِي.

7456 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى مېنى چۈشىدە كۆرسە، مېنى راستىنلا كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى شەيتان مېنىڭ شەكلىمگە كىرەلمەيدۇ».

(بۇخارى: 6997)

[①] ئەلبانى (4201): سەھىھ ـ دېگەن.

7457 ـ عن أŷ سعيد اĺدرى قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم من رأĈ في اĿنام فقد رأĈ حقا فان الشيطان لا يتمثل ŷ ولا بالكعبة.

7457 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«كىمكى مېنى چۈشىدە كۆرسە، مېنى ھەقىقەتەن كۆرگەن بولىدۇ. چۈنكى شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە ياكى كەئبىنىڭ شەكلىگە كىرەلمەيدۇ»①.

(«ئەلسەغىر»: 277؛ «ئەلئەۋسەت»: 3026)

7458 ـ عن سَمُرَةَ بْن جُنْدُبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِما يُكْثِرُ أَنْ يَقُولَ لِأَصْحَابِهِ هَلْ رَأَى أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنْ رُؤْيَا قَالَ فَيَقُص عَلَيْهِ مَنْ شَاءَ اللهُ أَنْ يَقُص وَإِنهُ قَالَ ذَاتَ غَدَاةٍ إِنهُ أَتَانِي اللَّيْلَةَ آتِيَانِ وَإِنهُمَا ابْتَعَثَانِي وَإِنهُمَا قَالَا لِي انْطَلِقْ وَإِني انْطَلَقْتُ مَعَهُمَا وَإِنا أَتَيْنَا عَلَى رَجُلٍ مُضْطَجِعٍ وَإِذَا آخَرُ قَائِمٌ عَلَيْهِ بِصَخْرَةٍ وَإِذَا هُوَ يَهْوِي بِالصخْرَةِ لِرَأْسِهِ فَيَثْلَغُ رَأْسَهُ فَيَتَهَدْهَدُ الْحَجَرُ هَا هُنَا فَيَتْبَعُ الْحَجَرَ فَيَأْخُذُهُ فَلَا يَرْجِعُ إِلَيْهِ حَتى يَصِح رَأْسُهُ كَمَا كَانَ ثُم يَعُودُ عَلَيْهِ فَيَفْعَلُ بِهِ مِثْلَ مَا فَعَلَ الْمَرةَ الْأُولَى قَالَ قُلْتُ لَهُمَا سُبْحَانَ اللهِ مَا هَذَانِ قَالَ قَالَا لِي انْطَلِقْ انْطَلِقْ قَالَ فَانْطَلَقْنَا فَأَتَيْنَا عَلَى رَجُلٍ مُسْتَلْقٍ لِقَفَاهُ وَإِذَا آخَرُ قَائِمٌ عَلَيْهِ بِكَلوبٍ مِنْ حَدِيدٍ وَإِذَا هُوَ يَأْتِي أَحَدَ شِقيْ وَجْهِهِ فَيُشَرْشِرُ شِدْقَهُ إِلَى قَفَاهُ وَمَنْخِرَهُ إِلَى قَفَاهُ وَعَيْنَهُ إِلَى قَفَاهُ قَالَ وَرُبمَا قَالَ أَبُو رَجَاءٍ فَيَشُق قَالَ ثُم يَتَحَولُ إِلَى الْجَانِبِ الْآخَرِ فَيَفْعَلُ بِهِ مِثْلَ مَا فَعَلَ بِالْجَانِبِ الْأَولِ فَمَا يَفْرُĥ مِنْ ذَلِكَ الْجَانِبِ حَتى يَصِح ذَلِكَ الْجَانِبُ كَمَا كَانَ ثُم يَعُودُ عَلَيْهِ فَيَفْعَلُ مِثْلَ مَا فَعَلَ الْمَرةَ الْأُولَى قَالَ قُلْتُ سُبْحَانَ اللهِ مَا هَذَانِ قَالَ قَالَا لِي انْطَلِقْ انْطَلِقْ فَانْطَلَقْنَا فَأَتَيْنَا عَلَى مِثْلِ التنورِ قَالَ فَأَحْسِبُ أَنهُ كَانَ يَقُولُ فَإِذَا فِيهِ لَغَطٌ وَأَصْوَاتٌ قَالَ فَاطلَعْنَا فِيهِ فَإِذَا فِيهِ رِجَالٌ وَنِسَاءٌ عُرَاةٌ

① ھەيسەمى (11757): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ سەرىي ئىسمىلىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

وَإِذَا هُمْ يَأْتِيهِمْ لَهَبٌ مِنْ أَسْفَلَ مِنْهُمْ فَإِذَا أَتَاهُمْ ذَلِكَ اللهَبُ ضَوْضَوْا قَالَ قُلْتُ لَهُمَا مَا هَؤُلَاءِ قَالَ قَالَا لِي انْطَلِقْ انْطَلِقْ قَالَ فَانْطَلَقْنَا فَأَتَيْنَا عَلَى نَهَرٍ حَسِبْتُ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ أَحْمَرَ مِثْلِ الدمِ وَإِذَا فِي النَهَرِ رَجُلٌ سَابِحٌ يَسْبَحُ وَإِذَا عَلَى شَط النَهَرِ رَجُلٌ قَدْ جَمَعَ عِنْدَهُ حِجَارَةً كَثِيرَةً وَإِذَا ذَلِكَ السابِحُ يَسْبَحُ مَا يَسْبَحُ ثُم يَأْتِي ذَلِكَ الذِي قَدْ جَمَعَ عِنْدَهُ الْحِجَارَةَ فَيَفْغَرُ لَهُ فَاهُ فَيُلْقِمُهُ حَجَرًا فَيَنْطَلِقُ يَسْبَحُ ثُم يَرْجِعُ إِلَيْهِ كُلمَا رَجَعَ إِلَيْهِ فَغَرَ لَهُ فَاهُ فَأَلْقَمَهُ حَجَرًا قَالَ قُلْتُ لَهُمَا مَا هَذَانِ قَالَ قَالَا لِي انْطَلِقْ انْطَلِقْ قَالَ فَانْطَلَقْنَا فَأَتَيْنَا عَلَى رَجُلٍ كَرِيهِ الْمَرْآةِ كَأَكْرَهِ مَا أَنتَ رَاءٍ رَجُلًا مَرْآةً وَإِذَا عِنْدَهُ نَارٌ يَحُشهَا وَيَسْعَى حَوْلَهَا قَالَ قُلْتُ لَهُمَا مَا هَذَا قَالَ قَالَا لِي انْطَلِقْ انْطَلِقْ فَانْطَلَقْنَا فَأَتَيْنَا عَلَى رَوْضَةٍ مُعْتَمةٍ فِيهَا مِنْ كُل لَوْنِ الربِيعِ وَإِذَا بَيْنَ ظَهْرَيْ الرَوْضَةِ رَجُلٌ طَوِيلٌ لَا أَكَادُ أَرَى رَأْسَهُ طُولًا فِي السمَاءِ وَإِذَا حَوْلَ الرجُلِ مِنْ أَكْثَرِ وِلْدَانٍ رَأَيْتُهُمْ قَط قَالَ قُلْتُ لَهُمَا مَا هَذَا مَا هَؤُلَاءِ قَالَ قَالَا لِي انْطَلِقْ انْطَلِقْ قَالَ فَانْطَلَقْنَا فَانْتَهَيْنَا إِلَى رَوْضَةٍ عَظِيمَةٍ لَمْ أَرَ رَوْضَةً قَط أَعْظَمَ مِنْهَا وَلَا أَحْسَنَ قَالَ قَالَا لِي ارْقَ فِيهَا قَالَ فَارْتَقَيْنَا فِيهَا فَانْتَهَيْنَا إِلَى مَدِينَةٍ مَبْنِيةٍ بِلَبِنِ ذَهَبٍ وَلَبِنِ فِضةٍ فَأَتَيْنَا بَابَ الْمَدِينَةِ فَاسْتَفْتَحْنَا فَفُتِحَ لَنَا فَدَخَلْنَاهَا فَتَلَقانَا فِيهَا رِجَالٌ شَطْرٌ مِنْ خَلْقِهِمْ كَأَحْسَنِ مَا أَنتَ رَاءٍ وَشَطْرٌ كَأَقْبَحِ مَا أَنتَ رَاءٍ قَالَ قَالَا لَهُمْ اذْهَبُوا فَقَعُوا فِي ذَلِكَ النهَرِ قَالَ وَإِذَا نَهَرٌ مُعْتَرِضٌ يَجْرِي كَأَن مَاءَهُ الْمَحْضُ فِي الْبَيَاضِ فَذَهَبُوا فَوَقَعُوا فِيهِ ثُم رَجَعُوا إِلَيْنَا قَدْ ذَهَبَ ذَلِكَ السوءُ عَنْهُمْ فَصَارُوا فِي أَحْسَنِ صُورَةٍ قَالَ قَالَا لِي هَذِهِ جَنةُ عَدْنٍ وَهَذَاكَ مَنْزِلُكَ قَالَ فَسَمَا بَصَرِي صُعُدًا فَإِذَا قَصْرٌ مِثْلُ الرَبَابَةِ الْبَيْضَاءِ قَالَ قَالَا لِي هَذَاكَ مَنْزِلُكَ قَالَ قُلْتُ لَهُمَا بَارَكَ اللهُ فِيكُمَا ذَرَانِي فَأَدْخُلَهُ قَالَا أَما الْآنَ فَلَا وَأَنتَ دَاخِلَهُ قَالَ قُلْتُ لَهُمَا فَإِني قَدْ رَأَيْتُ مُنْذُ اللَيْلَةِ عَجَبًا فَمَا هَذَا الذِي رَأَيْتُ قَالَ قَالَا لِي أَمَا إِنا سَنُخْبِرُكَ أَما الرجُلُ الْأَولُ الذِي أُتِيتَ عَلَيْهِ يُثْلَغُ رَأْسُهُ بِالْحَجَرِ فَإِنهُ الرجُلُ يَأْخُذُ الْقُرْآنَ فَيَرْفُضُهُ وَيَنَامُ عَنْ الصلَاةِ الْمَكْتُوبَةِ وَأَما الرجُلُ الذِي أُتِيتَ عَلَيْهِ يُشَرْشَرُ شِدْقُهُ إِلَى قَفَاهُ وَمَنْخِرُهُ إِلَى قَفَاهُ وَعَيْنُهُ إِلَى قَفَاهُ فَإِنهُ الرجُلُ يَغْدُو مِنْ بَيْتِهِ فَيَكْذِبُ الْكَذْبَةَ تَبْلُغُ الْآفَاقَ وَأَما الرجَالُ وَالنسَاءُ الْعُرَاةُ الذِينَ فِي مِثْلِ بِنَاءِ التنورِ فَإِنهُمْ الزنَاةُ وَالزوَانِي وَأَما الرجُلُ الذِي أُتِيتَ عَلَيْهِ يَسْبَحُ فِي النهَرِ وَيُلْقَمُ الْحَجَرَ فَإِنهُ آكِلُ الربَا وَأَما الرجُلُ الْكَرِيهُ الْمَرْآةِ الذِي عِنْدَ النارِ يَحُشهَا وَيَسْعَى حَوْلَهَا فَإِنهُ مَالِكٌ

خَازِنُ جَهَنمَ وَأَما الرجُلُ الطوِيلُ الذِي فِي الروْضَةِ فَإِنهُ إِبْرَاهِيمُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَما الْوِلْدَانُ الذِينَ حَوْلَهُ فَكُل مَوْلُودٍ مَاتَ عَلَى الْفِطْرَةِ قَالَ فَقَالَ بَعْضُ الْمُسْلِمِينَ يَا رَسُولَ اللهِ وَأَوْلَادُ الْمُشْرِكِينَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَوْلَادُ الْمُشْرِكِينَ وَأَما الْقَوْمُ الذِينَ كَانُوا شَطْرٌ مِنْهُمْ حَسَنًا وَشَطْرٌ قَبِيحًا فَإِنهُمْ قَوْمٌ خَلَطُوا عَمَلًا صَالِحًا وَآخَرَ سَيئًا تَجَاوَزَ اللهُ عَنْهُمْ.

7458 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن دائىم:

ــ قايسىڭلار چۈش كۆردۇڭلار؟ ـ دەپ سوراپ تۇراتتى، خالىغانلار كۆرگەن چۈشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئەتىگىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ بۇ كېچە ئىككى كىشى كېلىپ، مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ: ”يۈر!“ دېدى. مېڭىپ ـ مېڭىپ، بىر يەردە ياتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا يېتىپ باردۇق. قارىساق، يەنە بىر كىشى ئۇنىڭ بېشىدا يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ تاشنى يەردە ياتقان ئادەمنىڭ بېشىغا تاشلاپ مىجىۋەتتى. تاش دومىلاپ كەتسە، يەنە قولىغا ئېلىپ كەلدى. مىجىلغان باش ئەسلىگە كەلگەندە، ئۇ ئادەم يەنە تاشنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يانجىۋېتەتتى. مەن ئىككىيلەندىن: ”سۇبھانالﻼھ! بۇلار نېمە ئادەملەر؟“ دەپ سورىسام، ئۇلار: ”يۈر، يۈر!“ دېدى. يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ياتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا يېتىپ باردۇق. قارىساق، بىر ئادەم ئۇنىڭ بېشىدا تۆمۈر قاماقلارنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ياتقان ئادەمنىڭ يۈزىگە يېقىنلىشىپ، ئاغزىدىن ئېلىپ گەدىنىگىچە تىلىۋەتتى، ئاندىن بۇرنىدىن ئېلىپ گەدىنىگىچە تىلدى، ئاندىن كۆزىدىن ئېلىپ گەدىنىگىچە تىلدى. ئاندىن يۈزىنىڭ ئۇ تەرىپىگە يۆتكىلىپ، ئۇ تەرەپىنىمۇ شۇنداق قىلدى. بىر تەرىپىنى تىلىپ بولغىچە، يەنە بىر تەرىپى ئەسلىگە قايتىپ بولاتتى. ئۇ يەنە ساقايغان تەرەپكە قايتىپ، تەكرار تىلغىلى تۇردى. مەن ئىككىيلەندىن: ”سۇبھانالﻼھ! بۇلار نېمە ئادەملەر؟“ دەپ سورىسام، ئۇلار يەنە: ”يۈر، يۈر!“ دېدى. يولىمىزنى

داۋاملاشتۇرۇپ، تونۇرغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۇنىڭدىن قىيا ـ چىيا قىلىشقان ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى. ئىچىگە قارىساق، يالىڭاچ ئەر ۋە ئاياللار بار ئىكەن. تويۇقسىز ئۇلارنىڭ ئاستىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت كېلىۋىدى، ئۇلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ كەتتى، مەن ئىككىيلەندىن: ”بۇلار كىملەر؟“ دەپ سورىسام، ئۇلار يەنە: ”يۈر، يۈر!“ دېدى. يەنە يول يۈرۈپ، سۈيى قاندەك قىزىل بىر دەرياغا كەلدۇق. قارىساق، ئۇ دەريادا بىر ئادەم سۇ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ، قىرغاقتا بىر ئادەم نۇرغۇن تاشلارنى يىغىۋاپتۇ. سۇ ئۈزگەن ئادەم تاش يىغىۋالغان ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاغزىنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تاش تىقىپ قوياتتى. ئۇ كەينىگە قايتاتتى ۋە سۇ ئۈزۈپ قايتىپ كېلىپ، ئاغزىنى يوغان ئاچاتتى، قىرغاقتىكى ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا يەنە تاش تىقىپ قوياتتى. مەن ئىككىيلەندىن: ”سۇبھانالله! بۇلار نېمە ئادەملەر؟“ دەپ سورىسام، ئۇلار: ”يۈر، يۈر!“ دېدى. يولىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، كۆرۈنۈشى بەكمۇ يىرگىنچلىك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇ ئادەم يېنىدىكى ئوتنىڭ ئەتراپىدا مېڭىپ يۈرۈپ، توختىماي ئوتۇن تاشلايتتى. مەن ئىككىيلەندىن: ”سۇبھانالله! بۇ كىم؟“ دەپ سورىسام، ئۇلار: ”يۈر، يۈر!“ دېدى. يەنە مېڭىپ، بۈك باراقسان بىر باغقا كەلدۇق، باغدا باھارنىڭ رەڭگا ـ رەڭ گۈللىرى بار ئىدى. قارىساق، باغنىڭ ئوتتۇرىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ قالغۇدەك بىر ئادەم تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بەكمۇ كۆپ بالا بار بولۇپ، مەن ئۇنچە كۆپ بالىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مەن ئىككىيلەندىن: ”بۇلار نېمە ئادەملەر؟“ دەپ سورىسام، ئۇلار: ”يۈر، يۈر!“ دېدى. بىز يۈرۈپ، شۇنداق چوڭ بىر باغقا كەلدۇقكى، مەن ئۇنداق چوڭ باغنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئىككىيلەن ماڭا: ”ئۆرلە!“ دېدى. بىز باغنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قاراپ ئۆرلەپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش خىشلاردىن سېلىنغان بىر شەھەرگە كەلدۇق. شەھەر دەرۋازىسىغا كېلىپ ئېچىشنى تەلەپ قىلغانىدۇق، دەرۋازا ئېچىلدى. شەھەرگە كىرىشىمىزگە، بىزنى شۇنداق ئەرلەر كۈتۈۋالدىكى، ئۇلارنىڭ يېرىمى

شۇنداق كىلىشكەن، يىرىمى شۇنداق بەدبەشرە ئىدى. مەن بىلەن كەلگەن ئىككىيلەن ئۇلارغا: ”ئاۋۇ دەرياغا سەكرەڭلار!“ دېدى. سەل نېرىدا توغرىسىغا ئېقىۋاتقان، سۈيى خۇددى سۈتتەك ئاپئاق بىر دەريا بار ئىدى. ئۇلار دەريادا چۆمۈلۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى بەدبەشرىلىك يوقىلىپ، پۈتۈنلەي كىلىشكەن ھالەتكە كەلگەنىدى. ئىككىيلەن ماڭا: ”مانا بۇ، ئەدن جەننىتى. بۇ ئىككىسى سېنىڭ تۇرالغۇڭ“ دېدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يۇقىرىغا شۇنداق قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر قەسىر تۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن يەنە: ”مانا بۇ ئىككىسى سېنىڭ تۇرالغۇڭ“ دېدى. مەن ئۇ ئىككىيلەنگە: ”اللہ سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلغاي، ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار، ئۇنىڭغا كىرىپ باقسام“ دېدىم. ئىككىيلەن ماڭا: ”ھازىرچە كىرسەڭ بولمايدۇ، كېيىن چوقۇم كىرىسەن“ دېدى. مەن: ”بۇ كېچە ئاجايىب ئىشلارنى كۆردۈم، مېنىڭ كۆرگەنلىرىم قانداق ئىشلار؟“ دېسەم، ئۇلار: ”بىز ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويىمىز. بېشى مىجىلىۋاتقان ئادەم قۇرئاننى يادلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان، پەرز ناماز ئوقۇماي ئۇخلىغان ئادەمدۇر؛ ئاغزى، بۇرنى ۋە كۆزى گەدىنىگىچە تىلىنغان ئادەم بولسا، ئۆيىدىن سەھەر چىقىپ يالغان سۆز قىلغان ۋە ئۇ سۆزى ھەممە يەرگە تارىلىپ كەتكەن ئادەمدۇر؛ تونۇرغا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئىچىدىكى يالىڭاچ ئەر ۋە ئاياللار بولسا، زىناخور ئەر ۋە ئاياللاردۇر؛ دەريادا سۇ ئۈزۈپ ئاغزىغا تاش تىقىلغان ئادەم بولسا، جازانە يېگۈچىدۇر. ئوت قالاۋاتقان، ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كۆرۈمسىز ئادەم بولسا، جەھەننەم گۈندىپايلىرىنىڭ چوڭىدۇر؛ باغدىكى ئېگىز بويلۇق ئادەم بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئەتراپىدىكى باللار تۇغما ئىمان بىلەن ۋاپات بولغان (بارلىق) باللاردۇر“ دېدى.

بەزى مۇسۇلمانلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇشرىكلارنىڭ باللىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ بىللە. بەدىنىنىڭ يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى بەدبەشرە كىشىلەر بولسا، ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان كىشىلەر بولۇپ، الله ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7048)

7459 ـ وفي رواية: فَانْطَلَقْنَا إِلَى ثَقْبٍ مِثْلِ التنورِ أَعْلَاهُ ضَيِّقٌ وَأَسْفَلُهُ وَاسِعٌ يَتَوَقَّدُ تَحْتَهُ نَارًا فَإِذَا اقْتَرَبَ ارْتَفَعُوا حَتى كَادَ أَنْ يَخْرُجُوا فَإِذَا خَمَدَتْ رَجَعُوا فِيهَا وَفِيهَا رِجَالٌ وَنِسَاءٌ عُرَاةٌ بنحوه.

وفيه: وَالدارُ الْأُولَى الِتي دَخَلْتَ دَارُ عَامةِ الْمُؤْمِنِينَ وَأَما هَذِهِ الدارُ فَدَارُ الشهَدَاءِ وَأَنا جِبْرِيلُ وَهَذَا مِيكَائِيلُ.

7459 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەكتىدە ئوت كۆيۈۋاتقان، ئاستى كەڭ، ئۈستى تار تونۇرغا ئوخشاش ئازگالغا كەلدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە يالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار بار ئىدى» دەپ كەلگەن.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق كەلگەن: ”سەن باشتا كىرگەن هويلا بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ هويلىسى، (ئۇنىڭدىن كېيىن كىرگەن) بۇ هويلا شېهىدلارنىڭ باغچىسىدۇر. مەن جىبرىئىل، بۇ مىكائىلدۇر“.

(بۇخارى: 1386)

7460 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نَحْنُ الْآخِرُونَ السابِقُونَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَا أَنا نَائِمٌ إِذْ أُوتِيتُ خَزَائِنَ الْأَرْضِ فَوُضِعَ فِي يَدَي سِوَارَانِ مِنْ ذَهَبٍ فَكَبُرَا عَلَي وَأَهَمانِي فَأُوحِيَ إِلَي أَنْ انْفُخْهُمَا فَنَفَخْتُهُمَا فَطَارَا فَأَولْتُهُمَا الْكَذابَيْنِ اللذَيْنِ أَنا بَيْنَهُمَا صَاحِبَ صَنْعَاءَ وَصَاحِبَ الْيَمَامَةِ.

7460 ـ ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىز دۇنياغا كېيىن كەلدۇق، ئەمما قىيامەتتە هەممىدىن بۇرۇن هازىر بولىمىز. مەن ئۇخلاۋاتسام، زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرى ئالدىمغا

كەلتۈرۈلۈپ، ئىككى قولۇمغا ئالتۇندىن بىلەيزۈك سېلىنىدى. بۇ ئىككى بىلەيزۈك ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلگەچكە، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ماڭا: ”ئۇلارغا پۈۋلىگىن“ دەپ ۋەھيي قىلدى. مەن ئۇلارغا پۈۋلىگەنىدىم، ئىككىلىسى ئۇچۇپ كەتتى. مەن ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى سەنئا بىلەن يەمامەدىكى ئىككى كاززاب ئىكەن دەپ تەبىر بەردىم. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا (يەنى مەدىنىدە) ئىدىم».

(بۇخارى: 7037)

7461 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى أُرَاهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ أني أُهَاجِرُ مِنْ مَكةَ إِلَى أَرْضٍ بِهَا نَخْلٌ فَذَهَبَ وَهَلِي إِلَى أَنهَا الْيَمَامَةُ أَوْ هَجَرُ فَإِذَا هِيَ الْمَدِينَةُ يَثْرِبُ وَرَأَيْتُ فِي رُؤْيَايَ هَذِهِ أني هَزَزْتُ سَيْفًا فَانْقَطَعَ صَدْرُهُ فَإِذَا هُوَ مَا أُصِيبَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ أُحُدٍ ثُم هَزَزْتُهُ بِأُخْرَى فَعَادَ أَحْسَنَ مَا كَانَ فَإِذَا هُوَ مَا جَاءَ اللهُ بِهِ مِنْ الْفَتْحِ وَاجْتِمَاعِ الْمُؤْمِنِينَ وَرَأَيْتُ فِيهَا بَقَرًا وَاللهُ خَيْرٌ فَإِذَا هُمْ الْمُؤْمِنُونَ يَوْمَ أُحُدٍ وَإِذَا الْخَيْرُ مَا جَاءَ اللهُ بِهِ مِنْ الْخَيْرِ وَثَوَابِ الصدْقِ الذِي آتَانَا اللهُ بَعْدَ يَوْمِ بَدْرٍ

7461 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن چۈشۈمدە مەككىدىن خورمىزارلىق بىر يۇرتقا ھىجرەت قىلىپتىمەن ۋە ئۇ يەرنى يەمامە ياكى ھەجەر دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇ يەر ئەسلىدە يەسرىب (يەنى مەدىنە) ئىكەن. مەن بۇ چۈشۈمدە يەنە قولۇمدىكى قىلىچنى قاتتىق سىلكىگەن ئىدىم، ئۇچى سۇنۇپ كەتتى. ئۇ، ئۇھۇد غازىتىدا شېھىد بولغان مۇئمىنلەر ئىكەن. ئاندىن ئۇنى قايتا سىلكىگەن ئىدىم، ئۇ يەنە ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. ئۇ، مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئۇيۇشۇپ ئىتتىپاقلىشىشى ئىكەن. مەن يەنە چۈشۈمدە بوغۇزلىنىۋاتقان كالىلارنى كۆردۈم ۋە: ”اللهنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر“ دېگەن ئاۋازنىمۇ ئاڭلىدىم. ئۇلار ئەسلىدە ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولغان مۇئمىنلەر ئىكەن. ”ساۋابى ياخشى“ دېگەن

ئاۋاز بولسا، الله كېيىن ئاتا قىلغان ياخشىلىق ۋە بەدر غازىتىدىن كېيىن بىزگە ئاتا قىلغان راستچىللىقنىڭ ساۋابى ئىكەن».

(بۇخارى: 3622)

7462 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَيْتُ ذَاتَ لَيْلَةٍ فِيمَا يَرَى النائِمُ كَأَنا فِي دَارِ عُقْبَةَ بْنِ رَافِعٍ فَأُتِينَا بِرُطَبٍ مِنْ رُطَبِ ابْنِ طَابٍ فَأَولْتُ الرفْعَةَ لَنَا فِي الدنْيَا وَالْعَاقِبَةَ فِي الْآخِرَةِ وَأَن دِينَنَا قَدْ طَابَ.

7462 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كېچىسى چۈشۈمدە بىزنى ئۇقبە ئىبنى رافىئىنىڭ ھويلىسىدا كۆردۈم، بىزگە ئىبنى تاب خورمىلىرىنىڭ غورىسى كەلتۈرۈلدى. مەن بۇ چۈشنى: ''دۇنيادا بىزنىڭ ئۈستۈن بولۇشىمىز، ئاخىرەتتە ئاقىۋىتىمىزنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە دىنىمىزنىڭ مۇكەممەللىشىپ ھۆكۈمران بولۇشىنىڭ بېشارىتى'' دەپ تەبىر بەردىم».

(مۇسلىم: 2270)

7463 ـ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ يَوْمًا مِنْ الْأَيامِ إِني رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ أَن رَجُلًا أَتَانِي بِكُتْلَةٍ مِنْ تَمْرٍ فَأَكَلْتُهَا فَوَجَدْتُ فِيهَا نَوَاةً فَآذَتْنِي حِينَ مَضَغْتُهَا ثُم أَعْطَانِي كُتْلَةً أُخْرَى فَقُلْتُ إِن الذِي أَعْطَيْتَنِي وَجَدْتُ فِيهَا نَوَاةً آذَتْنِي فَأَكَلْتُهَا فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ نَامَتْ عَيْنُكَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذِهِ السرِيةُ التِي بَعَثْتَ بِهَا غَنِمُوا مَرتَيْنِ كِلْتَاهُمَا وَجَدُوا رَجُلًا يَنْشُدُ ذِمتَكَ فَقُلْتُ لِمُجَالِدٍ مَا يَنْشُدُ ذِمتَكَ قَالَ يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ.

7463 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چۈشۈمدە بىر كىشى ماڭا بىر مۇنچە خورما ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن يېدىم، ئارىدا بىر تال ئۇرۇقنى چايناپ سېلىپ، بەكمۇ بىئارام بولدۇم. ئۇ كىشى ماڭا يەنە بىر مۇنچە خورما بېرىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا:

«سەن بەرگەن خورمىلاردا بىر ئۇرۇق بار ئىكەن، ئۇقماي چاينىۋېتىپ قويۇپ، بەكمۇ بىئارام بولدۇم» دەپتىمەن، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى بۇنى ئاڭلاپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! خاتىرجەم بولغىن، بۇ، سەن ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ بېشارىتى. ئۇلار ئىككى قېتىم غەنىمەت ئالغان ئىكەن، ھەر قېتىم غەنىمەت ئالغان چاغدا، سېنىڭ ئەھدىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ يالۋۇرغان كىشىنى ئۇچرىتىپتۇ، ـ دېدى.

راۋىيلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇجالىدتىن:

ـ ''سېنىڭ ئەھدىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ'' دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ''لا ئىلاھە ئىللاللاھ''نى دېمەكچى، ـ دېدى.

(دارىمى: 2162)

7464 ـ عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَأَيْتُ كَأَن امْرَأَةً سَوْدَاءَ ثَائِرَةَ الرأْسِ خَرَجَتْ مِنْ الْمَدِينَةِ حَتى قَامَتْ بِمَهْيَعَةَ وَهِـيَ الْجُحْفَـةُ فَأَولْتُ أَن وَبَاءَ الْمَدِينَةِ نُقِلَ إِلَيْهَا.

7464 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چۈشۈمدە قاپقارا چېچى چۇۋۇق بىر ئايالنىڭ مەدىنىدىن چىقىپ مەھيەئە دېگەن جايغا بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ جاي جۇھفەدۇر. مەن بۇ چۈشكە: ''مەدىنىنىڭ ۋاباسى ئۇ يەرگە يۆتكىلىپتۇ'' دەپ تەبىر بەردىم».

(بۇخارى: 7038)

7465 ـ عن ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا كَانَ يُحَدثُ أَن رَجُلًا أَتى رَسُولَ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني رَأَيْتُ اللَّيْلَةَ فِي الْمَنَامِ ظُلَّةً تَنْطُفُ السمْنَ وَالْعَسَلَ فَـأَرَى الناسَ يَتَكَففُونَ مِنْهَا فَالْمُسْتَكْثِرُ وَالْمُسْتَقِل وَإِذَا سَبَبٌ وَاصِلٌ مِنْ الْأَرْضِ إِلى السمَاءِ فَأَرَاكَ أَخَذْتَ بِهِ فَعَلَوْتَ ثُم أَخَذَ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَعَلَا بِهِ ثُم أَخَذَ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَعَلَا بِهِ ثُم أَخَذَ بِـهِ

رَجُلٌ آخَرُ فَانْقَطَعَ ثُم وُصِلَ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَاللهِ لَتَدَعَني فَأَعْبُرَهَـا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْبُرْهَا قَالَ أَما الظلةُ فَالْإِسْلَامُ وَأَما الذِي يَنطُفُ مِنْ الْعَسَلِ وَالسمْنِ فَالْقُرْآنُ حَلَاوَتُهُ تَنطُفُ فَالْمُسْتَكْثِرُ مِنْ الْقُرْآنِ وَالْمُسْتَقِل وَأَما السَبَبُ الْوَاصِلُ مِنْ السمَاءِ إِلَى الْأَرْضِ فَالْحَق الذِي أَنتَ عَلَيْهِ تَأْخُذُ بِهِ فَيُعْلِيكَ اللهُ ثُم يَأْخُذُ بِهِ رَجُـلٌ مِـنْ بَعْدِكَ فَيَعْلُو بِهِ ثُم يَأْخُذُ بِهِ رَجُلٌ آخَرُ فَيَعْلُو بِهِ ثُم يَأْخُذُهُ رَجُلٌ آخَرُ فَيَنقَطِعُ بِهِ ثُم يُوَصلُ لَهُ فَيَعْلُو بِهِ فَأَخْبِرْنِي يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ أَصَبْتُ أَمْ أَخْطَأْتُ قَالَ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَصَبْتَ بَعْضًا وَأَخْطَأْتَ بَعْضًا قَالَ فَوَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ لَتُحَدثَني بِالذِي أَخْطَأْتُ قَالَ لَا تُقْسِمْ.

7465 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ بۇ كېچە چۈشۈمدە سېرىق ماي بىلەن ھەسەل تامچىۋاتقان بۇلۇت كۆردۈم. قارىسام، كىشىلەر ئالقانلىرىنى ئېچىپ ئالغىلى تۇرۇپتۇ. بەزىلەر كۆپ، بەزىلەر ئاز ئېلىۋاتقۇدەك. زېمىندىن ئاسمانغا تۇتاشقان بىر ئارغامچا بار ئىكەن. مەن سېنىڭ ئۇ ئارغامچىنى تۇتۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنلىكىڭنى كۆردۈم، ئاندىن ئۇنى باشقا بىر كىشى ئېلىپ ئۆرلىدى، ئاندىن يەنە بىر كىشى ئېلىپ ئۆرلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كىشى ئېلىپ ئۆرلىدى، ئاندىن ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ يەنە تۇتاشتى، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. اللهنىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنەيكى، بۇ چۈشكە مېنىڭ تەبىر بېرىشىمگە رۇخسەت قىلساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قېنى، تەبىر بەرگىن! ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ـ بۇلۇت ئىسلامدۇر؛ ئۇنىڭدىن تامچىغان سېرىق ماي بىلەن ھەسەل قۇرئاندۇر؛ ئۇنىڭ تامچىپ تۇرغان شېرىن تەمىدىن بەزىلەر كۆپ، يەنە بەزىلەر ئاز بەھرىمەن بولىدۇ. زېمىندىن ئاسمانغا تۇتاشقان ئارغامچا بولسا، سەن ئۈستىدە تۇرغان ھەق يولدۇر؛ سەن مۇشۇ ھەق يولدا

ماڭساڭ، الله سېنى ئۇستۇن كۆتۈرىدۇ. سەندىن كېيىن ئۇ يولدا بىر ئادەم مېڭىپ ئۆرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئادەم مېڭىپ ئۆرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئادەم مېڭىۋاتقاندا، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، قايتا ئۇلاپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم يەنە ئۆرلەيدۇ. ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. توغرا تەبىر بەردىممۇ ياكى خاتامۇ، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بەزىسىگە توغرا، بەزىسىگە خاتا تەبىر بەردىڭ، ـ دېدى، ئەبۇ بەكرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ماڭا خاتا تەبىر بەرگەن يەرلىرىمنى ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن ساڭا بۇنى ئېيتىپ بەرمەيمەن، شۇڭا سەن قەسەم قىلمىغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 7046)

7466 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ رَأَيتُ ثَلَاثَـةَ أَقْمَـارٍ سَقَطْنَ فِي حُجْرَتِي فَقَصَصْتُ رُؤْيَايَ عَلَى أَبِي بَكْرٍ الصديقِ قَالَتْ فَلَما تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدُفِنَ فِي بَيْتِهَا قَالَ لَهَا أَبو بَكْرٍ هَذَا أَحَدُ أَقْمَارِكِ وَهُوَ خَيْرُهَا.

7466 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: چۈشۈمدە ئۈچ دانە ئاينىڭ ھۇجرامغا چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم ۋە بۇ چۈشۈمنى دادام ئەبۇ بەكرى سىددىققا سۆزلەپ بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ، ھۇجرامغا دەپنە قىلىنغاندا، دادام مۇنداق دېدى:

ــ بۇ سېنىڭ قۇچىقىڭغا چۈشكەن ئۈچ دانە ئاينىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر، ـ دېدى.

(مالىك: 546)

7467 ـ وفي رواية: أنا قصتها على النبي صلى الله عليه وسلم فَقَالَ لَهَا: إنْ صَدَقَتْ رُؤْيَاكِ دُفِنَ فِي بَيْتِكِ، أُرَاهُ قَالَ:أَفْضَلُ أَهْلِ الْجَنةِ، فَقُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، وَهُوَ أَفْضَلُ أَقْمَارِهَا، ثُم قُبِضَ أَبو بَكْرٍ، ثُم قُبِضَ عُمَرُ، فَدُفِنُوا فِي بَيْتِهَا.

7467 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا چۈشىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ چۈشۈڭ راست بولسا، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى سېنىڭ ھۇجراڭغا دەپنە قىلىنغۇدەك، ـ دېگەن. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى، ئۇ، ئۈچ ئاينىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى، ئاندىن كېيىن ئۆمەر ۋاپات بولدى ۋە ھەممىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىندى[1].

(«ئەلكەبىر»: 48/23)

7468 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ وَرَقَةَ فَقَالَتْ لَهُ خَدِيجَةُ إِنهُ كَانَ صَدقَكَ وَلَكِنهُ مَاتَ قَبْلَ أَنْ تَظْهَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُرِيتُهُ فِي الْمَنَامِ وَعَلَيْهِ ثِيَابٌ بَيَاضٌ وَلَوْ كَانَ مِنْ أَهْلِ النارِ لَكَانَ عَلَيْهِ لِبَاسٌ غَيْرُ ذَلِكَ.

7468 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەرەقە ھەققىدە سورىغان ئىدى، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئۇ ساڭا ئىمان كەلتۈرگەن ئىدى، لېكىن ئۇ ساڭا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ ماڭا چۈشۈمدە كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئاق كىيىم بار ئىدى، ناۋادا دوزاخ ئەھلىدىن بولغان بولسا، ئۈچىسىدا باشقىچە كىيىم بولغان بولاتتى، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2288)

---

[1] ھەيسەمى (11775): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى سەئىد ئەبەھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (397): زەئىپ، ـ دېگەن.

7469 ـ عَنْ جَابِرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ رَآنِي فِي النـوْمِ فَقَدْ رَآنِي إنهُ لَا يَنْبَغِي لِلشيْطَانِ أنْ يَتَمَثلَ فِي صُورَتِي وَقَالَ إذَا حَلَمَ أحَدُكُمْ فَلَا يُخْبِرْ أحَدًا بِتَلَعبِ الشيْطَانِ بِهِ فِي الْمَنَامِ.

7469 ـــ جــابىر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەقىقەتەن مېنى كۆرگەن بولىــدۇ. چۈنكى شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. بىــرىڭلار يامان چۈش كــۆرۈپ قالســا، ئۇيقىـــدىكى چاغــدا شـــەيتاننىڭ ئــۇنى ئــاۋارە قىلىـــپ ئوينىغانلىقىنى ھېچكىمگە دەپ يۈرمىسۇن».

(مۇسلىم: 2268)

7470 ـ عن مُحَمدُ بْنُ قَيْسٍ حَدثَنِي بَعْضُ أصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ قَالَ اللبَنُ الْفِطْرَةُ وَالسفِينَةُ نَجَاةٌ وَالْجَمَلُ حُزْنٌ وَالْخُضْرَةُ الْجَنةُ وَالْمَرْأةُ خَيْرٌ.

7470 ـ مۇھەممەد ئىبنى قەيستىن رىۋايەت قىلىنىـدۇكى، بەزى ساھابىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: سۈت دىن، كېمە نىجاتلىق، تۆگە غەم ـ قايغۇ، يېشىللىق جەننەت، ئايال كىشى ياخشىلىقتۇر.

(دارىمى: 2155)

## تىبابەت ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا

7471 ـ عن عَبْد اللهِ بْنَ عَمْرٍو قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا أُبَالِي مَا أَتَيتُ إِنْ أَنا شَرِبْتُ تِرْيَاقًا أَوْ تَعَلقْتُ تَمِيمَةً أَوْ قُلْتُ الشعْرَ مِنْ قِبَلِ نَفْسِي.

7471 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«ناۋادا مەن تىرياق ئىچسەم، تۇمار ئاسسام ياكى شېئىر توقۇسام، ئۇ چاغدا مەن شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3869)

7472 ـ عَنْ عَقارِ بْنِ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ اكْتَوَى أَوْ اسْتَرْقَى فَقَدْ بَرِئَ مِنْ التَوَكلِ.

7472 ـ ئەققار ئاتىسى مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى داغلانسا ياكى (مەنىسى نامەلۇم سۆزلەرنى ئوقۇيدىغان كىشىگە) دەم سالدۇرسا، تەۋەككۇل قىلمىغان بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2055)

---

[1] ئەلبانى (832): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1677): سەھىھ ـ دېگەن.

7473 ـ عَنْ عُقْبَةَ بنِ عَامِرٍ الْجُهَنِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُكْرِهُوا مَرْضَاكُمْ عَلَى الطَعَامِ فَإِن اللهَ يُطْعِمُهُمْ وَيَسْقِيهِمْ.

7473 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىمارلىرىڭلارنى تاماققا زورلىماڭلار، چۈنكى الله ئۇلارنى يېگۈزۈپ ئىچكۈزۈپ تۇرىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2040)

7474 ـ وَقَالَتْ عَائِشَةُ لَدَدْنَاهُ فِي مَرَضِهِ فَجَعَلَ يُشِيرُ إِلَيْنَا أَنْ لَا تَلُدونِي فَقُلْنَا كَرَاهِيَةُ الْمَرِيضِ لِلدوَاءِ فَلَما أَفَاقَ قَالَ أَلَمْ أَنْهَكُمْ أَنْ تَلُدونِي قُلْنَا كَرَاهِيَةَ الْمَرِيضِ لِلدوَاءِ فَقَالَ لَا يَبْقَى فِي الْبَيْتِ أَحَدٌ إِلا لُد وَأَنَا أَنْظُرُ إِلا الْعَباسَ فَإِنهُ لَمْ يَشْهَدْكُمْ.

7474 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل ياتقان چېغىدا، ئاغزىغا دورا تېمىتقان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە:

ـ تېمىتماڭلار! ـ دەپ ئىشارەت قىلىۋەرگەن بولسىمۇ، بىز: ”بۇ، كېسەل ئادەمنىڭ دورىنى ياقتۇرمىغانلىقىغۇ“ دەپ ئويلاپ دورىنى تېمىتىۋەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كەلگەندە:

ـ مەن سىلەرنى دورا تېمىتىشتىن توسمىدىممۇ؟ ـ دېگەنىدى، بىز:

ـ ”بۇ، كېسەل ئادەمنىڭ دورىنى ياقتۇرمىغانلىقىدىندۇر“ دەپ ئويلىغانىدۇق، ـ دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئابباستىن باشقا (ئۆي ئىچىدىكى) ھەممەيلەننىڭ ئاغزىغا كۆز ئالدىمدا دورا تېمىتىلسۇن، چۈنكى سىلەر دورا تېمىتقاندا ئۇ يوق ئىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5712)

7475 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ أَنْزَلَ الداءَ وَالدوَاءَ وَجَعَلَ لِكُل دَاءٍ دَوَاءً فَتَدَاوَوْا وَلَا تَدَاوَوْا بِحَرَامٍ.

---

[①] ئەلبانى (1661): سەھىھ ـ دېگەن.

7475 ــ ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا كېسەللىكنىمۇ، داۋاسىنىمۇ ياراتقان. ھەر قانداق كېسەللىكنىڭ داۋاسىنى بىللە ياراتقان، شۇڭا داۋالىنىڭلار، ئەمما ھارام (قىلىنغان نەرسە) بىلەن داۋالانماڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3874)

7476 ـ عَنْ أُسَامَةَ بنِ شَرِيكٍ رفعه: تَدَاوَوْا فَإِن اللهَ عَز وَجَل لَمْ يَضَعْ دَاءً إلا وَضَعَ لَهُ دَوَاءً غَيْرَ دَاءٍ وَاحِدٍ الْهَرَمُ.

7476 ــ ئۇسامە ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«داۋالىنىڭلار، چۈنكى الله ئەززە ۋەجەللە ياراتقان ھەرقانداق كېسەللىكنىڭ داۋاسىنى بىللە ياراتقان، پەقەت بىر كېسەللىككىلا داۋا ياراتمىغان، ئۇ بولسىمۇ قېرىلىقتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3855)

7477 ـ عن أبي موسى رفعه: مَا أَنْزَلَ اللهُ دَاءً إلا أَنْزَلَ لَهُ شِفَاءً، فَعَلَيْكُمْ بِأَلْبَانِ الْبَقَرِ، فَإِنهَا تَرُم مِنْ كُل الشجَرِ.

7477 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«الله تائالا چۈشۈرگەن ھەرقانداق كېسەللىككە داۋاسىنىمۇ بىللە قېتىپ چۈشۈرگەن. شۇڭا سىلەر كالا سۈتلىرىنى ئىچىڭلار، چۈنكى ئۇ ھەر تۈرلۈك ئوت ـ گىياھ يەيدۇ»[3].

(بەززار: 3017)

---

[1] ئەلبانى (833): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3264): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8279): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى جابىر ئىبنى سەييار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7478 ـ عَنِ الأَعْمَشِ قَالَ: سَمِعْتُ حَيانَ جَد بن أُبجَرَ الأَكْبَرَ، يَقُولُ: "دَعِ الدوَاءَ مَا احْتَمَلَ جَسَدُكَ الداءَ".

7478 ـ ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئەبجەرنىڭ چوڭ بوۋىسى ھەييانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: جىسمىڭ كېسەللىككە بەرداشلىق بەرسىلا دورا ئىشلەتمىگىن[①].

(«ئەلكەبىر»: 3576)

7479 ـ عن أبي هريرة رفعه: «اţعدة حوض البدن، والعروق إليها واردة، فـإذا صحت اţعدة صدرت العروق بالصحة، وإذا فسدت اţعدة صدرت العروق بالسقم».

7479 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئاشقازان بەدەننىڭ كۆلچىكىدۇر، تومۇرلار ئۇنىڭدىن غىزالىنىدۇ. ئاشقازان ساغلام بولسا، تومۇرلارمۇ ساغلام بولىدۇ. ئاشقازان بۇزۇلسا، تومۇرلارمۇ بۇزۇلىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 4343)

7480 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَعَطَ.

7480 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇرنىغا دورا تېمىتقان[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 3867)

---

① ھەيسەمى (8286): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (8291): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بابىلتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (3276): سەھىھ ـ دېگەن.

7481 ـ عَنْ أُم الْمُنْذِرِ بِنْتِ قَيْسٍ الْأَنصَارِيَةِ قَالَتْ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَهُ عَلِي عَلَيْهِ السلَام وَعَلِي نَاقِهٌ وَلَنا دَوَالِي مُعَلقَةٌ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْكُلُ مِنْهَا وَقَامَ عَلِي لِيَأْكُلَ فَطَفِقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لِعَلِي مَهْ إِنكَ نَاقِهٌ حَتى كَف عَلِي عَلَيْهِ السلَام قَالَتْ وَصَنَعْتُ شَعِيرًا وَسِلْقًا فَجِئْتُ بِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَلِي أَصِبْ مِنْ هَذَا فَهُوَ أَنفَعُ لَكَ.

7481 ــ قەيسنىڭ قىزى ئۇممۇ مۇنزىر ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە قېشىمغا كىرىپ كەلدى. ئەلى كېسەل بولۇپ قېلىپ، تېخى يېڭىلا ساقايغانىدى. ئۆيىمىزدە شاخلىرى بىلەن ئېسىپ قويۇلغان خورما غورىلىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ يېيىشكە باشلىدى، ئەلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يېمەكچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ توختا، سەن تېخى ئەمدىلا ساقىيىپ قوپتۇڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى توختىدى. مەن ئارپا بىلەن قىزىلچىدا تاماق تەييارلاپ ئەكىلىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەلى! بۇنىڭدىن يېگىن، بۇ ساڭا بەكرەك پايدا قىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3867)

7482 ـ عن أَبِي حَازِمٍ أَنهُ سَمِعَ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ يُسْأَلُ عَنْ جُرْحِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ أُحُدٍ فَقَالَ جُرِحَ وَجْهُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكُسِرَتْ رَبَاعِيَتُهُ وَهُشِمَتْ الْبَيْضَةُ عَلَى رَأْسِهِ فَكَانَتْ فَاطِمَةُ بِنْتُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَغْسِلُ الدمَ وَكَانَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ يَسْكُبُ عَلَيْهَا بِالْمِجَن فَلَما رَأَتْ فَاطِمَةُ أَن الْمَاءَ لَا

[1] ئەلبانى (3265): ھەسەن، ـ دېگەن.

يَزِيدُ الدمَ إِلا كَثْرَةً أَخَذَتْ قِطْعَةَ حَصِيرٍ فَأَحْرَقَتْهُ حَتى صَارَ رَمَادًا ثُم أَلْصَقَتْهُ بِالْجُرْحِ فَاسْتَمْسَكَ الدمُ.

7482 ــ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇھۇد غازىتىدىكى يارىسى ھەققىدە سورالغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى يارىلاندى، بىر تال يان چىشى سۇندۇرۇلۇپ، بېشىدىكى دۇبۇلغىسى چېقىۋېتىلدى. فاتىمە قاننى يۇدى، ئەلى دۇبۇلغىدا سۇ ئەكىلىپ قۇيۇپ بەردى، فاتىمە قاننىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بورىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى يارىغا باستى. شۇندىلا قان توختاپ قالدى.

(مۇسلىم: 1790)

7483 ـ عَنْ أَبِي حَازِمٍ، سَمِعَ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ الساعِدِي وَسَأَلَهُ الناسُ، وَمَا بَيْنِي وَبَيْنَهُ أَحَدٌ بِأَى شَىْءٍ دُووِيَ جُرْحُ النبِي صلى الله عليه وسلم فَقَالَ مَا بَقِيَ أَحَدٌ أَعْلَمُ بِهِ مِني، كَانَ عَلِي يَجِيءُ بِتُرْسِهِ فِيهِ مَاءٌ، وَفَاطِمَةُ تَغْسِلُ عَنْ وَجْهِهِ الدمَ، فَأُخِذَ حَصِيرٌ فَأُحْرِقَ فَحُشِيَ بِهِ جُرْحُهُ.

7483 ـ ئەبۇ ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر سەھل ئىبنى سەئدتىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاراھىتى نېمە بىلەن داۋالانغان؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، سەئد:

ــ بۇ ئىشنى مەندىنمۇ ئوبدان بىلىدىغان ئادەم قالمىدى. ئەلى ئۆزىنىڭ قالقىنىغا سۇ ئېلىپ كەلدى. پاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى قاننى يۇدى، ئاندىن بورىدىن ئازراق ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، جاراھەت ئۈستىگە بېسىپ قويىدى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2085)

[1] ئەلبانى (1699): سەھىھ ـ دېگەن.

7484 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنْ كَانَ فِي شَيْءٍ مِما تَدَاوَيْتُمْ بِهِ خَيْرٌ فَالْحِجَامَةُ.

7484 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر سىلەرنىڭ داۋالىنىش ئۇسۇللۇڭلاردىن بىرەرسىدە پايدا بار دەپ قارالسا، قان ئالدۇرۇشتا (پايدا) بار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3857)

7485 ـ عَنْ أَبِي كَبْشَةَ الْأَنْمَارِي: أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَحْتَجِمُ عَلَى هَامَتِهِ وَبَيْنَ كَتِفَيْهِ وَهُوَ يَقُولُ مَنْ أَهْرَاقَ مِنْ هَذِهِ الدمَاءِ فَلَا يَضُرهُ أَنْ لَا يَتَدَاوَى بِشَيْءٍ لِشَيْءٍ.

7485 ــ ئەبۇ كەبشە ئەنمارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىدىن ۋە ئىككى تاغىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قان ئالدۇراتتى ۋە: «مۇشۇنداق (بۇزۇق) قانلارنى ئالدۇرۇۋەتكەن كىشى كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا، باشقا نەرسىلەر بىلەن داۋالانمىسىمۇ بولىدۇ» دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3859)

7486 ـ ولرزين: أن رسولَ الله احتجمَ على هامته منَ الشاة المسمومةِ قال معْمر فاحتجمتُ أنا من غير سم كذلك في يافوخي فذهب حسنُ الكفِّ عني حتى كنتُ أُلقَّنُ فاتحةَ الكتاب في الصلاة.

7486 ــ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەھەرلەنگەن قوي گۆشى سەۋەبىدىن بېشىدىن قان ئالدۇرىۋەتكەن. مەئمەر مۇنداق دەيدۇ: مەنمۇ زەھەر يەپ سالمىغان بولسامۇ، بېشىمدىن قان ئالدۇرغانىدىم، ئەستە تۇتۇۋېلىش

[1] ئەلبانى (3266): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3268): سەھىھ ـ دېگەن.

قابىلىتىيىم يوقاپ كەتتى، ھەتتا نامازدا فاتىھەگە لوقما يەيدىغان بولۇپ قالدىم.

(«مىشكات»: 4572)

7487 ـ عَنْ جَابِرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَجَمَ عَلَى وِرْكِهِ مِنْ وَثْءٍ كَانَ بِهِ.

7487 ـــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاسىسىدىكى ئاغرىق سەۋەبىدىن كاسىسىدىن قان ئالدۇرغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3863)

7488 ـ عَنْ نَافِعٍ قَالَ قَالَ ابْنُ عُمَرَ يَا نَافِعُ تَبيغَ بِيَ الدمُ فَأْتِنِي بِحَجامٍ وَاجْعَلْهُ شَابا وَلَا تَجْعَلْهُ شَيْخًا وَلَا صَبِيا قَالَ وَقَالَ ابْنُ عُمَرَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْحِجَامَةُ عَلَى الريقِ أَمْثَلُ وَهِيَ تَزِيدُ فِي الْعَقْلِ وَتَزِيدُ فِي الْحِفْظِ وَتَزِيدُ الْحَافِظَ حِفْظًا فَمَنْ كَانَ مُحْتَجِمًا فَيَوْمَ الْخَمِيسِ عَلَى اسْمِ اللهِ وَاجْتَنِبُوا الْحِجَامَةَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ وَيَوْمَ السبْتِ وَيَوْمَ الْأَحَدِ وَاحْتَجِمُوا يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَالثلَاثَاءِ وَاجْتَنِبُوا الْحِجَامَةَ يَوْمَ الْأَرْبِعَاءِ فَإِنهُ الْيَوْمُ الذِي أُصِيبَ فِيهِ أَيوبُ بِالْبَلَاءِ وَمَا يَبْدُو جُذَامٌ وَلَا بَرَصٌ إلا فِي يَوْمِ الْأَرْبِعَاءِ أَوْ لَيْلَةِ الْأَرْبِعَاءِ.

7488 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نافىئقا مۇنداق دېگەن: ئەي نافىئ! قان ئېلىپ قويىدىغان ئادەمدىن بىرنى تېپىپ كەلگىن، قان بېسىمىم ئۆرلەپ كەتتى. قان ئالغۇچى ياش ئادەم بولسۇن، قېرى ياكى كىچىك بالا بولمىسۇن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە مۇنداق دېگەنىدى: «ناشتا قىلماي تۇرۇپ قان ئالدۇرۇش ئەڭ پايدىلىقتۇر، ئۇ ئەقىلنى ئاشۇرىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. كىمكى قان ئالدۇرماقچى بولسا، پەيشەنبە كۈنى اللهنىڭ نامىنى ئاتاپ ئالدۇرسۇن، جۈمە، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدە قان

[1] ئەلبانى (3272): سەھىھ ـ دېگەن.

ئالدۇرماڭلار. دۈشەنبە، سەيشەنبە كۈنلىرى ئالدۇرۇڭلار، چارشەنبە كۈنى ئالدۇرماڭلار. چۈنكى ئۇ كۈندە ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسەلگە مۇپتىلا بولغان. ماخاۋ كېسىلى بىلەن ئاق كېسەل چارشەنبە كۈنى ياكى چارشەنبە كېچىسى پەيدا بولىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 3863)

7489 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَحْتَجِمُ فِي الْأَخْدَعَيْنِ وَالْكَاهِلِ وَكَانَ يَحْتَجِمُ لِسَبْعَ عَشْرَةَ وَتِسْعَ عَشْرَةَ وَإِحْدَى وَعِشْرِينَ.

7489 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىننىڭ ئىككى تەرىپىدىن ۋە ئىككى تارغىقىنىڭ ئوتتۇرىدىن قان ئالدۇراتتى. بۇنى ئاينىڭ ئون يەتتىسى، ئون توققۇزى ۋە يىگىرمە بىرىدە قىلاتتى[2].

(تىرمىزى: 2051)

7490 ـ عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَجَمَ ثَلَاثًا فِي الْأَخْدَعَيْنِ وَالْكَاهِلِ.

7490 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىننىڭ ئىككى تەرىپىدىن ۋە ئىككى تارغىقىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۈچ قېتىم قان ئالدۇرغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3860)

7491 ـ عن عِكْرِمَةَ قال كَانَ لِابْنِ عَباسٍ غِلْمَةٌ ثَلَاثَةٌ حَجامُونَ فَكَانَ اثْنَانِ مِنْهُمْ يُغِلانِ عَلَيْهِ وَعَلَى أَهْلِهِ وَوَاحِدٌ يَحْجُمُهُ وَيَحْجُمُ أَهْلَهُ.

7491 ـــ ئىكرىمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قان ئالدۇرۇش كەسپىنى بىلىدىغان ئۈچ

[1] ئەلبانى (2810): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1671): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] پ□لبانۇ (3269): س□ھۇھ، ـ دېء□ن.

خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئىبنى ئاببااس ۋە ئائىلىسىگە كىرىم قىلىپ بېرەتتى، بىرى ئۇنىڭدىن ۋە ئائىلىسىدىن قان ئېلىپ قوياتتى[1].

(تىرمىزى: 2053)

7492 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِعْـمَ الْعَبْـدُ الْحَجامُ يَذْهَبُ بِالدمِ وَيُخِف الصلْبَ وَيَجْلُو الْبَصَرَ.

7492 ـــ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قان ئالدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇل نېمىدېگەن ئوبدان؟! ئۇ، بوزۇق قاننى ئېلىپ، ئومۇرتقىنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 3878)

7493 ـ وقال: إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ عُرِجَ بِهِ مَا مَر عَلَى مَلَإٍ مِنْ الْمَلَائِكَةِ إلا قَالُوا عَلَيْكَ بِالْحِجَامَةِ.

7493 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراجقا كۆتۈرۈلگەندە، قايسىبىر پەرىشتە جامائىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار: قان ئالدۇرغىن! ـ دەپ تاپىلىغان[3].

(تىرمىزى: 2053)

7494 ـ وَقَالَ إن خَيْرَ مَا تَحْتَجِمُونَ فِيهِ يَوْمَ سَبْعَ عَشْرَةَ وَيَوْمَ تِسْعَ عَشْرَةَ وَيَـوْمَ إِحْدَى وَعِشْرِينَ.

[1] ئەلبانى (353): سەنەدى زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (762): زەئىپ. ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1673): سەھىھ ـ دېگەن.

7494 ـ يەنە مۇنداق دېگەن: «قان ئالدۇرۇشقا ئەڭ مۇناسىپ كۈنلەر ئاينىڭ ئون يەتتىسى، ئون توققۇزى ۋە يىگىرمە بىرىدۇر»[①].

(تىرمىزى: 2053)

7495 ـ وَقَالَ إِن خَيْرَ مَا تَدَاوَيْتُمْ بِهِ السعُوطُ وَاللدُودُ وَالْحِجَامَةُ وَالْمَشِي وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَدهُ الْعَباسُ وَأَصْحَابُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَدنِي فَكُلُهُمْ أَمْسَكُوا فَقَالَ لَا يَبْقَى أَحَدٌ مِمنْ فِي الْبَيْتِ إِلا لُد غَيْرَ عَمهِ الْعَباسِ.

7495 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى داۋا بۇرۇن ياكى ئېغىزدىن دورا تامچىتىش، قان ئالدۇرۇش ۋە سۈرگە دورىسى ئىچىش قاتارلىقلاردۇر»[②].

(تىرمىزى: 2053)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە مۇنداق دېگەن: (دادام) ئابباس بىر نەچچە كىشى بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزىغا دورا تېمىتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن:

ــ كىم مېنىڭ ئاغزىمغا دورا تېمىتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ھەممەيلەن جىم تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئابباستىن باشقا ھەممەيلەننىڭ ئاغزىغا دورا تېمىتىلسۇن! ـ دەپ بۇيرىدى[③].

(تىرمىزى: 2053)

[①] ئەلبانى (1674): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (351): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (1675): "ئابباس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دورا تېمىتقان" دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە دورىنى ئابباستىن باشقىلارنىڭ تېمىتقانلىقى ئىسپاتلانغان، ـ دېگەن.

7496 ـ عَنْ أَبِيهِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَـنْ احْتَجَمَ لِسَبْعَ عَشْرَةَ وَتِسْعَ عَشْرَةَ وَإِحْدَى وَعِشْرِينَ كَانَ شِفَاءً مِنْ كُل دَاءٍ.

7496 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«كىمكى ئاينىڭ ئون يەتتىسى، ئون توققۇزى ۋە يىگىرمە بىرىنچى كۈنلىرى قان ئالدۇرسا، ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3861)

7497 ـ وزاد رزين: إذا وافق سبع عشرة يوم الثلاثاء كـان دواء للسـنة لمـن احتجم.

7497 ــ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «ئاينىڭ ئون يەتتىسى قان ئالدۇرسا ۋە ئۇ كۈن سەيشەنبىگە توغرا كەلسە، بىر يىللىق كېسەلگە شىپا بولىدۇ».

7498 ـ عن كَبْشَة بِنْت أَبِي بَكْرَةَ أَن أَبَاهَا كَانَ يَنْهَى أَهْلَهُ عَنْ الْحِجَامَـةِ يَـوْمَ الثلَاثَاءِ وَيَزْعُمُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن يَوْمَ الثلَاثَاءِ يَوْمُ الدمِ وَفِيهِ سَاعَةٌ لَـا يَرْقَأُ.

7498 ــ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى كەبىشەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئائىلىسىدىكىلەرنى سەيشەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇشتىن توسقان ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەيشەنبە كۈنى تۇنجى قان تۆكۈلگەن كۈندۇر، ئۇنىڭدا قان توختىمايدىغان بىر سائەت بار» دېگەنلىكىنى ئېيتقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3862)

7499 ـ وزاد رزين: لا تفتحوا الدم في سلطانه، فإنه اليوم الذي أثر فيه الحديد، ولا تستعملوا الحديد في يوم سلطانه.

[1] ئەلبانى (3271): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (831): زەئىپ، ـ دېگەن.

7499 ـــ رەزىنىنىـــڭ رىۋايىتىـــــدە مۇنـــداق كەلـــگەن: «قـــان توختىمايدىغان كۈندە قاننى ئاچماڭلار. ئۇ كۈنى (يەنى سەيشەنبە كۈنى) تۆمـــۈر تېپىلغـــان كۈنـــدۇر. تۆمـــۈرنى تۆمـــۈر يارىتىلغـــان كۈنـــدە ئىشلەتمەڭلار».

7500 ـ وعن ابن عمر رفعه: نزلت سورة الحديد يوم الثلاثاء وخلق الله الحديـد يوم الثلاثاء وقتل ابن آدم أخاه يوم الثلاثاء ونى رسول الله ﷺ عن الحجامة يوم الثلاثاء.

7500 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ھەدىـد (تۆمـۈر) سۈرىسـى سەيشەنبە كۈنى نازىل بولغان، الله تۆمۈرنى سەيشەنبە كۈنى ياراتقان، ئادەم بالىسى قېرىندىشىنى سەيشەنبە كۈنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن ۋە سەيشـەنبە كۈنى قان ئالدۇرۇشتىن توسقان[①].

(«ئەلكەبىر»)

7501 ـ وعن ابن عمر رفعه: الحجامة في الرأس دواء من الجنون والجذام والبرص والنعاس والضرس.

7501ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بېشىدىن قان ئالدۇرۇش ساراڭلىق، ماخاۋ كېسىلى، ئاق كېسەل، مۈگدەش ۋە چىش ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 4547؛ «ئەلكەبىر»)

7502 ـ عن عَاصِمِ بن عُمَرَ بن قَتَادَةَ قال جَاءَنَا جَابِرُ بن عبد اللهِ في أَهْلِنَا وَرَجُلٌ يَشْتَكِي خُرَاجًا بِهِ أو جِرَاحًا فقال ما تَشْتَكِي قال خُرَاجٌ بِي قد شَق عَلَي فقال يا غُلَامُ ائْتِنِي بِحَجامٍ فقال له ما تَصْنَعُ بِالْحَجامِ يا أَبا عبد اللهِ قال أُرِيدُ أَنْ أُعَلقَ فيه مِحْجَمًا قال

---

[①] ھەيسەمى (8331): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىمە ئىبنى ئەلى خۇشەنى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8338): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۆمەر ئىبنى رىياھ ئەبدى ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

والله إن الذَبَابَ لُيصِيُبِنِي أو يُصِيُبِنِي الثوْبُ فُيُؤْذِينِي وَيَشُق عَلَي فلما رَأى تَبرمَهُ من ذلك قال إِنْ سمعت رَسُولَ اللهِ ﷺ يقول إن كان في شَيْءٍ من أَدْوِيَتكُمْ خَيْرٌ فَفِي شَرْطَةِ مِحْجَمٍ أو شَرْبَةٍ من عَسَلٍ أو لَذْعَةٍ بِنَارٍ قال رسول اللهِ ﷺ وما أُحِب أَنْ أَكْتَوِيَ قال فَجَاءَ بِحَجامٍ فَشَرَطَهُ فَذَهَبَ عنه ما يَجِدُ.

7502 ـ ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى قەتادە مۇنداق دېگەن: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆيىمىزگە كەلدى. بىر كىشى ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراۋاتاتتى. جابىر ئۇنىڭدىن:

ـ نېمە دەردىڭ بار؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ يارام مېنى بەك بىئارام قىلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. جابىر:

ـ ئى خىزمەتچى، قان ئالغۇچىنى چاقىرىپ كەلگىن! ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! قان ئالغۇچىنى چاقىرىپ نېمە قىلماقچى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جابىر:

ـ يارىغا قان شورىۋېتىدىغان يىڭنىنى سانچىپ قويماقچىمەن، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ چىۋىن قونسا ياكى كىيىم تېگىپ كەتسىمۇ ئاغرىپ بەك بىئارام قىلىدۇ، ـ دېدى. جابىر ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «قان ئالغۇچىنىڭ تىغى، ھەسەل ياكى داغمال سىلەر ئۈچۈن ئەڭ شىپالىق نەرسىلەر. لېكىن مەن (باشقا دورىلارنى ئىشلىتىپ باقمايلا) داغلىنىشنى ياقتۇرمايمەن». شۇ ۋاقىتتا قان ئالغۇچى كېلىپ، يارىنى تېشىپ قان ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاغرىقى پەسىيىپ قالدى.

(مۇسلىم: 2205)

7503 ـ عَنْ سَلْمَى خَادِمِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ مَا كَانَ أَحَدٌ يَشْتَكِي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَعًا فِي رَأْسِهِ إِلا قَالَ احْتَجِمْ وَلَا وَجَعًا فِي رِجْلَيْهِ إِلا قَالَ اخْضِبْهُمَا.

7503 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمەتچىسى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باش ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرگە: «قان ئالدۇرىۋەتكىن»؛ پۇت ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرگە: «پۇتۇڭغا خىنە قوي» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3858)

7504 ـ عن أم سعد امرأة زيد بن ثابت قالت سمعت رسول الله يأمر بدفن الدم إذا احتجم.

7504 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدۇرۇلغان قاننى كۆمۈۋېتىشكە بۇيرىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 886)

7505 ـ عَنْ جَابِرِ بن عبد اللهِ قال رُمِيَ أُبي يوم الْأَحْزَابِ على أَكْحَلِهِ فَكَوَاهُ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7505 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئەھزاب غازىتىدا ئۇبەيىنىڭ قولىدىكى جان تومۇرىغا ئوق تەگكەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى داغلاپ قويىدى.

(مۇسلىم: 2207)

[1] ئەلبانى (3267): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8341): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەياج ئىبنى بەستام ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

7506 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى أُبي طَبِيبًا فَقَطَعَ مِنْهُ عِرْقًا.

7506 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەيگە بىر تېۋىپ ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ تېۋىپ ئۇبەيىنىڭ بىر تومۇرىنى كەستى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3864)

7507 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ قَالَ بَلَغَنِي أَن سَعْدَ بْنَ زُرَارَةَ اكْتَوَى فِي زَمَانِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الذبْحَةِ فَمَاتَ.

7507 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دېگەن: ئاڭلىشىمچە، سەئىد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا گال ئاغرىقى سەۋەبىدىن داغلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

(مالىك: 1758)

7508 ـ عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَوَى أَسْعَدَ بْنَ زُرَارَةَ مِنْ الشوْكَةِ.

7508 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جىسمىغا پەيدا بولۇپ قالغان قىزىللىق سەۋەبىدىن داغلىغان[2].

(تىرمىزى: 2050)

7509 ـ عن مُحَمدِ بن عبد الرحمن بن أَسْعَدَ بن زُرَارَةَ عن عمه وفي: أن رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم كَوَاهُ بيده فَمَاتَ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم مِيتَةَ سَوْءٍ لِلْيَهُودِ يَقُولُونَ أَفَلَا دَفَعَ عن صَاحِبِهِ وما أَمْلِكُ له ولا لِنَفْسِي شيئا.

---

[1] ئەلبانى (3273): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1670): سەھىھ ـ دېگەن.

7509 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە تاغىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى داغلىغاندا ئۆلۈپ قالغان. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەھۇدىيلار بۇنى يامان ئۆلۈم دەپ قاراپ: ”ھەمراھىنى قۇتقۇزىۋالسا بولمامدۇ؟!“ دېيىشىدۇ. مەن ئۇنى، ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ (ئەجەل كەلگەندە) قۇتقۇزالمايمەن» دېگەن[①].
(«ئەلكەبىر»: 896)

7510 ـ وفي رواية: شَر مَيتٍ لِيَهُودَ يَقُولُونَ قد دَاوَاهُ صَاحِبُهُ فلم يَنْفَعْهُ.

7510 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئەڭ يامان ئۆلۈم، ئۇلار: ”ھەمراھىنى داۋالىسا پايدىسى بولمىدى“ دېيىشىدۇ»[②].
(«ئەلكەبىر»: 5583)

7511 ـ عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ اكْتَوى مِنْ اللقْوَةِ وَرُقِيَ مِنْ الْعقْرَبِ.

7511 ــ نافىئتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يۈزىگە چىققان بىر كېسەللىك سەۋەبىدىن داغلانغان ۋە چايان چېقىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن دەم سالدۇرغان.
(مالىك: 1691)

7512 ـ قَالَ أَنسٌ كُوِيتُ مِنْ ذَاتِ الْجَنْبِ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَي وَشَهِدَنِي أُبو طَلْحَةَ وَأَنسُ بْنُ النضْرِ وَزَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ وَأُبو طَلْحَةَ كَوَانِي.

7512 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چېغىدا، كۆكرەك پەردە ياللۇغى

---

[①] ھەيسەمى (8369): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8371): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەمئە ئىبنى سالىھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

سەۋەبىدىن داغلاندىم. ئەبۇ تەلھە، ئەنەس ئىبنى نەزر ۋە زەيد ئىبنى سابىتلار يېنىمدا بولۇپ، ئەبۇ تەلھە داغلاپ قويغانىدى.

(بۇخارى: 5721)

7513 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنها قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكَانُ الْكَي التكْمِيدُ وَمَكَانُ الْعِلَاقِ السعُوطُ وَمَكَانُ النفْخِ اللدُودُ.

7513 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«داغلاشنىڭ ئورنىغا تېڭىپ قويسا، بارماقنى گالغا تىقىشنىڭ ئورنىغا بۇرنىغا دورا تېمىتسا، پۈۋلەشنىڭ ئورنىغا ئاغزىغا دورا تېمىتسا (تېخىمۇ ياخشى) بولىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 25410)

7514 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن أَخِي اسْتَطْلَقَ بَطْنُهُ فَقَالَ اسْقِهِ عَسَلًا فَسَقَاهُ ثُم جَاءَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ سَقَيْتُهُ عَسَلًا فَلَمْ يَزِدْهُ إِلا اسْتِطْلَاقًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْقِهِ عَسَلًا فَسَقَاهُ ثُم جَاءَهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ سَقَيْتُهُ عَسَلًا فَلَمْ يَزِدْهُ إِلا اسْتِطْلَاقًا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَدَقَ اللهُ وَكَذَبَ بَطْنُ أَخِيكَ اسْقِهِ عَسَلًا فَسَقَاهُ عَسَلًا فَبَرَأَ.

7514 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ قېرىندىشىمنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ قېرىندىشىڭغا ھەسەل ئىچكۈزگىن! ــ دېدى. ئۇ ئادەم قېرىندىشىغا ھەسەل ئىچكۈزگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتا كېلىپ:

[1] ھەيسەمى (8365): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـــ ئــى رەســۇلۇللاھ! قىرىندىشــىمغا ھەســەل بەرســەم تىخىمــۇ سۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

ـ يەنە ھەسەل ئىچكۈزگىن! ـ دېدى. ئۇ قايتا كېلىپ:

ـ تېخىمۇ سۇرۇۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله راست ئېيتقان، قېرىندىشىڭنىڭ قورسىقى يالغان ئېيتىپتۇ، قېرىندىشىڭغا ھەسەل ئىچكۈزگىن! ــ دېدى. ئۇ قېرىندىشىغا يەنە ھەسەل ئىچكۈزىۋىدى، ساقىيىپ كەتتى[1].

(تىرمىزى: 2082)

7515 ـ عن نافع: كان ابن عمر رضي الله عنهما إذا خرجت به قرحة أو شيء لطÑ اţوضع بالعسل ويقرأ  ƺرج من بطونا شراب ُلاتلف ألوانه فيه شفاء للناس .

7515 ــ نافىئ مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بەدىنىگە يارا ياكى شۇنىڭدەك بىر نەرسە چىقىپ قالسا، ھەسەل سۇرەتتى ۋە: ھەسەل ھەرىسىنىڭ قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7516 ـ أبو هريرة رفعه: اţبطون شهيد ودواء اţبطون العسل.

7516 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەن كىشى شېھىتتۇر، قورسىقى ئاغرىغان كىشىنىڭ دورىسى ھەسەلدۇر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (1697): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈر□ ن□هل، 69 ـ بايى□ت.

7517 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَعِقَ الْعَسَلَ ثَلَاثَ غَدَوَاتٍ كُل شَهْرٍ لَمْ يُصِبْهُ عَظِيمٌ مِنْ الْبَلَاءِ.

7517 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر ئايدا ئۈچ ئەتىگەن ھەسەل يالىسا، بېشىغا چوڭ كېسەل كەلمەيدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 3450)

7518 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي الْحَبةِ السوْدَاءِ شِفَاءٌ مِنْ كُل دَاءٍ إِلا السامَ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ وَالسامُ الْمَوْتُ.

7518 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«سيادان ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەلگە شىپادۇر».

(بۇخارى: 5688)

7519 ـ قَالَ قَتَادَةُ يَأْخُذُ كُل يَوْمٍ إِحْدَى وَعِشْرِينَ حَبةً فَيَجْعَلُهُن فِي خِرْقَةٍ فَلْيَنْقَعْهُ فَيَتَسَعطُ بِهِ كُل يَوْمٍ فِي مَنْخَرِهِ الْأَيْمَنِ قَطْرَتَيْنِ وَفِي الْأَيْسَرِ قَطْرَةً وَالثانِي فِي الْأَيْسَرِ قَطْرَتَيْنِ وَفِي الْأَيْمَنِ قَطْرَةً وَالثالِثُ فِي الْأَيْمَنِ قَطْرَتَيْنِ وَفِي الْأَيْسَرِ قَطْرَةً.

7519 ـ قەتادە مۇنداق دېگەن: (كېسەل ئادەم) ھەر كۈنى يىگىرمە بىر تال سيادانىنى بىر لاتىغا بوغۇپ، سۇغا چىلاپ، سۈيىنى ئوڭ بۇرنىغا ئىككى تامچە، سول بۇرنىغا بىر تامچە تېمىتىدۇ. ئەتىسى ئوڭ بۇرنىغا بىر تامچە، سول بۇرنىغا ئىككى تامچە تېمىتىدۇ. ئۈنىڭدىن كېيىنكى كۈنى ئوڭ بۇرنىغا ئىككى تامچە، سول بۇرنىغا بىر تامچە تېمىتىدۇ[2].

(تىرمىزى: 2070)

---

[1] ئەلبانى (754): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (361): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7520 ـ عَنْ خَالِدِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ خَرَجْنَا وَمَعَنَا غَالِبُ بْنُ أَبْجَرَ فَمَرِضَ فِي الطرِيقِ فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ وَهُوَ مَرِيضٌ فَعَادَهُ ابْنُ أَبِي عَتِيقٍ فَقَالَ لَنَا عَلَيْكُمْ بِهَذِهِ الْحُبَيْبَةِ السوْدَاءِ فَخُذُوا مِنْهَا خَمْسًا أَوْ سَبْعًا فَاسْحَقُوهَا ثُم اقْطُرُوهَا فِي أَنْفِهِ بِقَطَرَاتِ زَيْتٍ فِي هَذَا الْجَانِبِ وَفِي هَذَا الْجَانِبِ فَإِن عَائِشَةَ حَدثَتْنِي أَنهَا سَمِعَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن هَذِهِ الْحَبةَ السوْدَاءَ شِفَاءٌ مِنْ كُل دَاءٍ إِلا مِنْ السامِ قُلْتُ وَمَا السامُ قَالَ الْمَوْتُ.

7520 ـ خالىد ئىبنى سەئد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. غالىب ئىبنى ئەبجەرمۇ بىز بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇ يولدا كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى ساقايماي تۇرۇپ مەدىنىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىبنى ئەبۇ ئەتىيق ئۇنى يوقلاپ كىرىپ، بىزگە مۇنداق دېدى:

ــ سىيادان ئىشلىتىڭلار. سىيادانىدىن بەش ياكى يەتتە تالنى ئېزىپ، بىر قانچە تامچە زەيتۇن يېغى بىلەن بۇرنىنىڭ ماۋۇ تەرىپىگە، ماۋۇ تەرىپىگە (بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىگە) تېمىتىڭلار، چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىيادان سامدىن باشقا ھەرقانداق كېسەلگە شىپادۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن ۋە:

ـ سام دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ ئۆلۈم، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

(بۇخارى: 5687)

7521 ـ عن أنس بن مالك أن النF كان إذا اشتكى تقمح كفا من شونيز ويشرب عليه ماء وعسلا.

7521 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ قالغاندا،

بىر ئالقان سىيادانىنى پۈتۈن پېتى يەپ، ئارقىدىن سۇ بىلەن ھەسەل ئىچىۋېتەتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 109)

7522 ـ عن سَعْدِ بن أبي وَقاصٍ قالَ قالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَـنْ تَصَبحَ كُل يَوْمٍ سَبْعَ تَمَرَاتٍ عَجْوَةً لَمْ يَضُرهُ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ سُم وَلَا سِحْرٌ.

7522 ــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەر كۈنى يەتتە تال ئەجۋە خورمىسىدا ناشتا قىلسا، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا زەھەر ياكى سېھىر تەسىر قىلالمايدۇ».

(بۇخارى: 5445)

7523 ـ عن سَعْدِ بن أبي وَقاصٍ أن رَسُولَ اللهِ ...

سَبْعَ تَمَرَاتٍ مِما بَيْنَ لَابَتَيْهَا حِينَ يُصْبِحُ لَمْ يَضُرهُ سُم حَتى يُمْسِيَ.

7523 ــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەر كۈنى مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىقى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئەجۋە خورمىسىدىن يەتتە تال يەپ ناشتا قىلسا، شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇنىڭغا زەھەر تەسىر قىلمايدۇ».

(مۇسلىم: 2047)

7524 ـ عَنْ سَعْدٍ قَالَ مَرِضْتُ مَرَضًا أَتَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ يَعُودُنِي فَوَضَعَ يَدَهُ بَيْنَ ثَدْيَي حَتى وَجَدْتُ بَرْدَهَا عَلَى فُؤَادِي فَقَالَ إِنكَ رَجُلٌ مَفْئُودٌ ائْتِ الْحَارِثَ بْنَ كَلَدَةَ أَخَا ثَقِيفٍ فَإِنهُ رَجُلٌ يَتَطَببُ فَلْيَأْخُذْ سَبْعَ تَمَرَاتٍ مِنْ عَجْـوَةِ الْمَدِينَـةِ فَلْيَجَأْهُن بِنَوَاهُن ثُم لِيَلُدكَ بِهِن.

7524 ـ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قېتىم قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغىنىمدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

[1] ھەيسەمى (8295): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى سەئىد ئەتتار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈشكە كېلىپ، قولىنى مەيدەمگە قويدى. مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ سوغۇقلىقىنى يۈرىكىمدە ھېس قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سېنىڭ يۈرەك كېسىلىڭ بار ئىكەن، سەقىف قەبىلىسىلىك ھارىس ئىبنى كەلەدەگە بارغىن، ئۇ ئۇستا تېۋىپ. ساڭا مەدىنىنىڭ ئەجۋە خورمىسىدىن يەتتە تالنى ئۇرۇقى بىلەن ئېزىپ ئىچۈرسۇن، ـ دېدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 3875)

7525 ـ عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَالَ إن فِي عَجْوَةِ الْعَالِيَةِ شِفَاءَ أَوْ إِنهَا تِرْيَاقٌ أولَ الْبكْرَةِ.

7525 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئالىيە (مەدىنىنىڭ ئۇستۇن تەرىپىدىكى يېزىلار)نىڭ ئەجۋە خورمىسىدا شىپا بار ياكى ئۇ سەھەردە يېيىلگەن ترىياقتۇر②».

(مۇسلىم: 2048)

7526 ـ عن رَافِعِ بن عَمْرٍو الْمُزَنِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْعَجْوَةُ وَالصخْرَةُ مِنْ الْجَنةِ.

7526 ـ رافىئ ئىبنى ئەمر مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ئەجۋە خورمىسى بىلەن (بەيتۇل مەقدىس) قۇرام تېشى جەننەتتىندۇر»③.

(ئىبنى ماجە: 3456)

① ئەلبانى (834): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ترۇياق: ز□ھ□ر قايتۇرۇش رولۇغا ېۇع□ كۈحلۈك دورا.

③ ئەلبانى (758): زەئىپ، ـ دېگەن.

7527 ـ عن أبي سعيد الخدري قال قال رسول الله ﷺ خير تمراتكم البرني يذهب الداء ولا داء فيه.

7527 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خورمىلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرى بەرنىي خورمىسىدۇر، ئۇ كېسەلگە شىپادۇر ھەم ئۇنىڭ ئۆزىدە كېسەللىك يوق»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 7406)

7528 ـ عَنْ صُهَيْبٍ قَالَ قَدِمْتُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَيْنَ يَدَيْهِ خُبْزٌ وَتَمْرٌ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ادْنُ فَكُلْ فَأَخَذْتُ آكُلُ مِنْ التمْرِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَأْكُلُ تَمْرًا وَبِكَ رَمَدٌ قَالَ فَقُلْتُ إِني أَمْضُغُ مِنْ نَاحِيَةٍ أُخْرَى فَتَبسمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7528 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسەم، ئالدىدا نان بىلەن خورما بار ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ يېقىن ئولتۇرۇپ يېگىن! ــ دېدى. مەن خورمىدىن يېيىشكە باشلىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كۆزۈڭ ئاغرىق تۇرۇپ خورما يەمسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ مەن ئاغزىمنىڭ ئۇ تەرىپىدە چاينايمەن، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى[2].

(ئىبنى ماجە: 3443)

7529 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ أن نَاسًا من أَصْحَابِ النبي ﷺ قالوا الْكَمْأَةُ جُدَرِي الأرض فقال النبي ﷺ الْكَمْأَةُ من الْمَن وَمَاؤُهَا شِفَاءٌ لِلْعَيْنِ وَالْعَجْوَةُ من الْجَنةِ وَهِيَ شِفَاءٌ

[1] ھەيسەمى (8010): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى سۇۋەيد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2776): ھەسەن، ـ دېگەن.

من السم. وعن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ أَخَذْتُ ثَلَاثَةَ أَكْمُؤٍ أو خَمْسًا أو سَبْعًا فَعَصَرْتُهُن فَجَعَلْتُ مَاءَهُن في قَارُورَةٍ فَكَحَلْتُ بِهِ جَارِيَةً لي فَبَرَأَتْ.

7529 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر نەچچە كىشى:

ـ گۇمبەمەدەك (موگو) يەرنىڭ چېچەك كېسىلىدۇر، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ گۇمبەمەدەك الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن شېرىن نەرسىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپالىق. ئەجۋە خورمىسى جەننەتتىن بولۇپ، ئۇ زەھەر قايتۇرىدۇ، ـ دېدى[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ (ياكى بەش ۋەياكى يەتتە) تال گۇمبەمەدەك (موگو)نى سىقىپ، سۈيىنى بىر شىشىگە قۇيۇپ، بىر دېدەكىمنىڭ كۆزىگە سۇرسەم، كۆز ئاغرىقى ساقىيىپ كەتكەن ئىدى[2].

(تىرمىزى: 2069)

7530 ـ عن سَلْمَى وَكَانَتْ تَخْدُمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ مَا كَانَ يَكُونُ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرْحَةٌ وَلَا نَكْبَةٌ إلا أَمَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَضَعَ عَلَيْهَا الْحِنَاءَ.

7530 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمەتچىسى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياكى ئائىلىسىدىكى بىرەرسىنىڭ پۇتىدا يارا ياكى جاراھەت بولۇپ قالسىلا، جاراھەتكە خېنە قويۇشۇمنى بۇيرۇيتتى[3].

(تىرمىزى: 2054)

---

[1] ئەلبانى (1689): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى: سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1676): سەھىھ ـ دېگەن.

7531 ـ عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَأَلَهَا بِـمَ تَسْتَمْشِينَ قَالَتْ بِالشبْرُمِ قَالَ حَار جَار قَالَتْ ثُم اسْتَمْشَيْتُ بِالسنَا فَقَالَ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أَن شَيْئًا كَانَ فِيهِ شِفَاءٌ مِنْ الْمَوْتِ لَكَانَ فِي السنَا.

7531 ـ ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىچىڭنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن نېمە ئىشلىتىسەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، مەن:

ــ شۇبرۇم (بىر خىل ئۆسۈملۈك) ئىشلىتىمەن، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ (بۇنىڭ تەبىئىتى) بەك ئىسسىق ھەم ئىنساننى بىئارام قىلىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن سەنا ئىشلىتىدىغان بولدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ:

ــ ناۋادا ئۆلۈمگە شىپا بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە سەنادا بولغان بولاتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2081)

7532 ـ عَنْ أُم قَيْسٍ قَالَتْ دَخَلْتُ بِابْنٍ لِي عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ أَعْلَقْتُ عَلَيْهِ مِنْ الْعُذْرَةِ فَقَالَ عَلَى مَا تَدْغَرْنَ أَوْلَادَكُن بِهَذَا الْعِلَاقِ عَلَيْكُن بِهَذَا الْعُودِ الْهِنْدِي فَإِن فِيهِ سَبْعَةَ أَشْفِيَةٍ مِنْهَا ذَاتُ الْجَنْبِ يُسْعَطُ مِنْ الْعُذْرَةِ وَيُلَد مِنْ ذَاتِ الْجَنْـبِ فَسَمِعْتُ الزهْرِي يَقُولُ بَينَ لَنَا اثْنَيْنِ وَلَمْ يُبَينْ لَنَا خَمْسَةً.

7532 ــ ئۇممۇ قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئوغلۇمنىڭ گېلى ئاغرىپ قالغانىدى، بارماق بىلەن نوقۇپ داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالاتقاندىن كېيىن، ئوغلۇمنى ئېلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (365): زەئىپ، ـ دېگەن.

«قاچانغىچە بالىلىرىڭلارنىڭ گېلىغا بارماق تىقىپ نوقۇيسىلەر؟ سىلەر ئۇنى مۇشۇ ئۇد ھىندى (قۇستە) بىلەن داۋالاڭلار، ئۇد ھىندى يەتتە خىل ئاغرىققا، جۈملىدىن كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا داۋا بولىدۇ، گال ئاغرىقىغا بۇرنىدىن، كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا ئېغىزدىن تېمىتىلىدۇ» دېدى.

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىككىنى بايان قىلىپ، بەشىنى بايان قىلمىدى.

(بۇخارى: 5713)

7533 ـ عن ابن عباس رفعه: عَلَيْكُمْ بِالْإِثْمِدِ وَإِن مِنْ خَيْرِ أَكْحَالِكُمُ الإِثْمِدَ يَجْلُو الْبَصَرَ وَيُنْبِتُ الشَعَرَ وكان النF صلى الله عليه وسلم إذا اكتحل في اليمI ثلاثا يبتدئ ŏا وΣتم ŏا، وفي اليسرى ثنتين.

7533 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۈرمە سۈرۈڭلار، سىلەر سۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۈرمىدۇر. چۈنكى ئۇ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ». پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرمە سۈرسە، ئوڭ كۆزىگە ئۈچ قېتىم سۈرۈپ، ئوڭدىن باشلاپ يەنە ئوڭ كۆزىدە تاماملايتتى، سول كۆزىگە ئىككى قېتىم سۈرەتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7534 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اكْتَحِلُوا بِالْإِثْمِدِ فَإِنـهُ يَجْلُو الْبَصَرَ وَيُنْبِتُ الشعْرَ وَزَعَمَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَتْ لَهُ مُكْحُلَةٌ يَكْتَحِلُ بِهَا كُل لَيْلَةٍ ثَلَاثَةً فِي هَذِهِ وَثَلَاثَةً فِي هَذِهِ.

7534 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۈرمە سۈرۈڭلار، سىلەر سۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۈرمىدۇر. چۈنكى ئۇ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر سۇرمە قۇتىسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ھەر كېچىسى ئوڭ كۆزىگە ئۈچ قېتىم، سول كۆزىگە ئۈچ قېتىم سۇرمە سۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان[①].

(تىرمىزى: 1757)

7535 ـ عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْحُمى مِنْ فَيْحِ جَهَنمَ فَابْرُدُوهَا بِالْمَاءِ.

7535 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«تەپ كېسىلى جەھەننەمنىڭ تەپتىدىندۇر، ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار».

(بۇخارى: 5725)

7536 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْحُمى مِنْ فَيْحِ جَهَنمَ فَأَطْفِئُوهَا بِالْمَاءِ قَالَ نَافِعٌ وَكَانَ عَبْدُ اللهِ يَقُولُ اكْشِفْ عَنا الرجْزَ.

7536 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تەپ كېسىلى جەھەننەمنىڭ تەپتىدىندۇر، ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار». نافىئ ئابدۇللاھنىڭ: ئى الله! بىزدىن ئازابنى كۆتۈرىۋەت! ــ دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

(بۇخارى: 5723)

7537 ـ عن ثَوْبان عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَصَابَ أَحَدَكُمْ الْحُمى فَإِن الْحُمى قِطْعَةٌ مِنْ النارِ فَلْيُطْفِئْهَا عَنْهُ بِالْمَاءِ فَلْيَسْتَنْقِعْ نَهْرًا جَارِيًا لِيَسْتَقْبِلَ جِرْيَتَهُ فَيَقُولُ بِسْمِ اللهِ اللهُم اشْفِ عَبْدَكَ وَصَدقْ رَسُولَكَ بَعْدَ صَلَاةِ الصبْحِ قَبْلَ طُلُوعِ الشمْسِ

[①] ئەلبانى (1438): سەھىھ ـ دېگەن.

فَلْيَغْتَمِسْ فِيهِ ثَلَاثَ غَمَسَاتٍ ثَلَاثَةَ أيامٍ فَإِنْ لَمْ يَبْرَأْ فِي ثَلَاثٍ فَخَمْسٍ وَإِنْ لَمْ يَبْرَأْ فِي خَمْسٍ فَسَبْعٌ فَإِنْ لَمْ يَبْرَأْ فِي سَبْعٍ فَتِسْعٍ فَإِنَّهَا لَا تَكَادُ تُجَاوِزُ تِسْعًا بِإِذْنِ اللهِ.

7537 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىگە تەپ كېسەلى تېگىپ قالسا (ئۇ ئوتتىن بولىدۇ)، ئۇنى سۇ بىلەن ئۆچۈرسۇن. بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن چىقىپ بولغىچە ئېقىن سۇغا چۆمۈلۈپ، ئېقىنغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ: ”بىسمىللاھ، ئى ﷲ! بەندەڭگە شىپالىق بەرگىن، رەسۇلىڭنىڭ سۆزىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرغىن“ دەپ ئۈچ كۈن ئۈچ قېتىم چۆمۈلسۇن، ئۈچ كۈندە ساقايمىسا، بەش كۈن چۆمۈلسۇن. بەش كۈندە ساقايمىسا، يەتتە كۈن چۆمۈلسۇن. يەتتە كۈندە ساقايمىسا، توققۇز كۈن چۆمۈلسۇن. ئۇ چوقۇم ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن توققۇز كۈنگە بارماي ساقىيىپ كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2484)

7538 ـ عن عبد الرحمن بن المرقع رفعه: إن هذه الحمى رائد الموت وسجن الله في الأرض هي قطعة من النار فإذا أخذتكم فبردوا لها الماء في الشنان يعني القرب وصبوا عليكم ما بين الصلاتين يعني المغرب والعشاء.

7538 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى مۇرەققىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تەپ كېسەلى ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسى، ﷲنىڭ زېمىندىكى تۈرمىسى بولۇپ، ئوتنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەگەر قىززىپ كەتسەڭلار، تۇلۇمدا سۇ سوۋۇتۇپ، ئۇنى شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئۈستىڭلارغا تۆكۈڭلار»[2].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ئەلبانى (366): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8346): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇجىر ئىبنى ھارۇننىڭ تەرجىمىھالى ماڭا نامەلۇم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7539 ـ عن ابن عمر رفعه: إن جΞيل علمني دواء يشفي من كل داء، وقال لي: نسخته في اللوح اţخفوû، تأخذ من ماء مطر لم يمس في سقف، في إناء نظيـف، فتقـرأ عليه فاÕة الكتاب سبعين مرة، وآية الكرسي مثله، وسورة الإخلاص مثله، وقـل أعـوذ برب الفلق مثله، ولا إله إلا الله وحده لا شريك له له اţلك وله اΣمد Ʒيي ويميت وهـو حي دائما لا يموت بيده اĻير وهو على كل شيء قدير، Ż يصوم سبعة أيام ويفطر كـل ليلة بذلك اţاء.

7539 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل ماڭا پۈتۈن كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان داۋانى ئۆگەتتى: ''بۇنى مەن لەۋھۇلمەھپۇزدىن كۆچۈرىۋالغان، ھېچيەرگە تەگمىگەن يامغۇر سۈيىنى پاكىز بىر قاچىغا ئالىسەن، ئاندىن ئۇنىڭغا فاتىھەنى يەتمىش قېتىم ئوقۇيسەن، ئاندىن ئايەتۇل كۇرسىنىمۇ شۇنچىلىك ئوقۇيسەن، ئاندىن ئىخلاس سۈرىسىنىمۇ شۇنچىلىك ئوقۇيسەن، ئاندىن فەلەق سۈرىسىنىمۇ شۇنچىلىك ئوقۇيسەن، ئاندىن: ''لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىيكە لەھۇ، لەھۇل مۇلك، ۋەلەھۇل ھەمدۇ، يۇھيى ۋە يۇمىيتۇ، ۋەھۇۋە ھەييۇن دائىمەن لا يەمۇتۇ، بىيەدىھىل خەيرۇ، ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير'' نى شۇنچىلىك ئوقۇيسەن، ئاندىن يەتتە كۈن روزا تۇتۇپ، ھەر كۈنى ئەشۇ سۇ بىلەن ئىفتار قىلىسەن» دېگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7540 ـ عن عروة عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا كَانَتْ تَأْمُرُ بِالتلْبِينِ لِلْمَـرِيضِ وَلِلْمَحْزُونِ عَلَى الْهَالِكِ وَكَانَتْ تَقُولُ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن التلْبِينَةَ تُجِم فُؤَادَ الْمَرِيضِ وَتَذْهَبُ بِبَعْضِ الْحُزْنِ.

7540 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېسەل ئادەمگە ۋە ھازىدار كىشىلەرگە تەلبىن (كېپەك، سۈت ۋە ھەسەلدىن قىلىنىدىغان شورپا) قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى ۋە مۇنداق

دەيتتى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەلبىن كېسەلنىڭ يۈرىكىگە ئارام بېرىپ، بەزى غەملەردىن خالاس قىلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

(بۇخارى: 5689)

7541 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا كَانَتْ تَأْمُرُ بِالتلْبِينَةِ وَتَقُولُ هُوَ الْبَغِيضُ النافِعُ.

7541 ـ ئۇرۇۋەدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (كېسەل ئادەمگە ياكى ھازىدار كىشىلەرگە) تەلبىن (كېپەك، سۈت ۋە ھەسەلدىن قىلىنىدىغان شورپا) قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى ۋە: ئۇ لەززەتسىز، لېكىن شىپالىق تائامدۇر، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 5690)

7542 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا كَانَتْ إِذَا مَاتَ الْمَيتُ مِنْ أَهْلِهَا فَاجْتَمَعَ لِذَلِكَ النسَاءُ ثُم تَفَرقْنَ إِلا أَهْلَهَا وَخَاصتَهَا أَمَرَتْ بِبُرْمَةٍ مِنْ تَلْبِينَةٍ فَطُبِخَتْ ثُم صُنِعَ ثَرِيدٌ فَصُبتْ التلْبِينَةُ عَلَيْهَا ثُم قَالَتْ كُلْنَ مِنْهَا فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ التلْبِينَةُ مُجِمةٌ لِفُؤَادِ الْمَرِيضِ تَذْهَبُ بِبَعْضِ الْحُزْنِ.

7542 ـ ئۇرۇۋەدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىلىسىدىن بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ھازىدار ئاياللار تارقىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئەڭ يېقىن كىشىلەرلا قالغاندا، بىر قازان تەلبىن (كېپەك، سۈت ۋە ھەسەلدىن قىلىنىدىغان شورپا) قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى، ئاندىن سەرىد (نان چىلانغان شورپا) قىلىپ، تەلبىننى ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكەتتى. ئاندىن: بۇنىڭدىن يەڭلار، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەلبىن كېسەلنىڭ يۈرىكىگە ئارام بېرىپ، بەزى غەم ـ قايغۇلىرىدىن خالاس قىلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 5417)

7543 ـ عن عَائِشَةَ قالت كان رسول اللهِ ﷺ إذا أَخَذَ أَهْلَهُ الْوَعَكُ أَمَرَ بِالْحِسَاءِ فَصُنِعَ ثُم أَمَرَهُمْ فَحَسَوْا منه وكان يقول إنه لَيَرْتُقُ فُؤَادَ الْحَزِينِ وَيَسْرُو عن فُؤَادِ السقِيمِ كما تَسْرُو إِحْدَاكُن الْوَسَخَ بِالْمَاءِ عن وَجْهِهَا.

7543 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلىسىدىن بىرەرسى قىزىتىپ ئاغرىپ قالسا، ھىسا (ئۇن، سۇ، ياغ بىلەن ئېتىلىدىغان ئۇماچ) قىلىشقا بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۇلارنى ئۇماچتىن ئارقىمۇ ئارقا قىزىق ئىچىشكە بۇيرۇيتتى ۋە: «ئۇ، غەم ـ قايغۇ بېسىۋالغان كىشىنىڭ قەلبىنى كۈچلەندۈرۈپ، يۈرەكتىكى ئاغرىقنى خۇددى سۇ يۈزدىكى قاسماقنى يۇيۇۋەتكەندەك يوق قىلىۋېتىدۇ» دەيتتى[1].

(تىرمىزى: 2039)

7544 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَنْعَتُ الزيْتَ وَالْوَرْسَ مِنْ ذَاتِ الْجَنْبِ قَالَ قَتَادَةُ يَلُدهُ وَيَلُدهُ مِنْ الْجَانِبِ الذِي يَشْتَكِيهِ.

7544 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكرەك پەردە ياللۇقىغا گىرىپتار بولغان كىشىگە زەيتۇن يېغى بىلەن ۋەرەس (بىر خىل ئۆسۈملۈك) بۇيرۇيتتى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئاغرىغان تەرەپتىن ئاغزىغا تېمىتىدۇ[2].

(تىرمىزى: 2078)

7545 ـ عن زَيْد بن أَرْقَمَ قَالَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نَتَدَاوَى مِنْ ذَاتِ الْجَنْبِ بِالْقُسْطِ الْبَحْرِي وَالزيْتِ.

7545 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكرەك پەردە

[1] ئەلبانى (350): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (363): زەئىپ، ـ دېگەن.

ياللۇقىغا گىرىپتار بولغان كىشىنى، ئۇ ۋە ھىندى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن داۋالىنىشقا بۇيرۇيتتى[①].

(تىرمىزى: 2079)

7546 ـ عن ابن عباس رفعه: ماذا في الأمرين من الشفاءِ الصبر والثفاء.

7546 ـــ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمــادىن رىــۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سەبر بىلەن قىچىدا نېمىدېگەن كۆپ شىپا بار؟!».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7547 ـ عن أبي سعيد الخدري عن النبي ﷺ قال من شرب الماء على الريق انتقصت قوته.

7547 ـــ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىــۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ناشتىدا سۇ ئىچسە، تېنى زەئىپلىشىپ كېتىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 4646)

7548 ـ عَنْ أنس بْنِ مَالِكٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَصِفُ مِنْ عِرْقِ النسَا أَلْيَةَ كَبْشٍ عَرَبِي أَسْوَدَ لَيْسَ بِالْعَظِيمِ وَلَا بِالصغِيرِ يُجَزأُ ثَلَاثَةَ أَجْزَاءٍ فَيُذَابُ فَيُشْرَبُ كُل يَوْمٍ جُزْءٌ.

7548 ـــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىــۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلارغا ئەرەب قويىدىن ئوتتۇرا بوي قارا

---

[①] ئەلبانى (364): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8292): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى مۇخەللەد رەئىينىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

قوچقارنىڭ قۇيرۇقىنى ئۇچكە پارچىلاپ ئېرىتىپ، ھەر كۈنى بىر پارچە ئىچىشنى تەۋسىيە قىلاتتى[1].

(ئەھمەد: 13319)

7549 ـ عن مُلَيْكَةَ بنتِ عَمْرٍو الزيْدِيةِ رفعته: أَلْبَانُهَا شِفَاءٌ وَسَمْنُهَا دَوَاءٌ وَلُحُومُهَا دَاءٌ.

7549 ـ مۇلەيكە بىنتى ئەمر زەيدىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(كالىنىڭ) سۈتى شىپا، يېغى داۋا، گۆشى كېسەللىكتۇر»[2].

(«ئەلكەبىر»: 42/25)

7550 ـ عن طَارِقِ بْنَ سُوَيْدٍ الْجُعْفِي سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْخَمْرِ فَنَهَاهُ أَوْ كَرِهَ أَنْ يَصْنَعَهَا فَقَالَ إِنمَا أَصْنَعُهَا لِلدوَاءِ فَقَالَ إِنهُ لَيْسَ بِدَوَاءٍ وَلَكِنهُ دَاءٌ.

7550 ـ تارىق ئىبنى سۇۋەيد جۇئفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھاراق ياساش ھەققىدە سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇ ئىشتىن توستى. مەن:

— ئۇنى دورا قىلىش ئۈچۈن ياسايمەن، ـ دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ دورا ئەمەس، بەلكى كېسەلنىڭ دەل ئۆزىدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1984)

7551 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الدوَاءِ الْخَبِيثِ قَالَ أَبو عِيسَى يَعْنِي السم.

[1] ھەيسەمى (8302): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8311): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر ئايال بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7551 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەينەت نەرسىلەردىن دورا ياساشتىن توسقان. تىرمىزى: ''مەينەت'' ئىبارىسىدىن زەھەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دېگەن[1].

(تىرمىزى: 2045)

7552 ـ عن عمر بن الخطاب قال: دَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم وَإِذَا غُلَامٌ أَسْوَدُ يَغْمِزُ ظَهْرَهُ، فَسَأَلْتُهُ، فَقَالَ: إن الناقَةَ اقْتَحَمَتْ بِي.

7552 ـــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرسەم، بىر قارا قۇل ئۇنىڭ ئۇچىسىنى مۇجۇپ قويۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مېنى تۆگە ئېتىۋەتتى، ـ دېدى[2].

(بەززار: 282: «ئەلئەۋسەت»: 8077)

7553 ـ عَنِ ابن عَباسٍ قال أُتِيَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم بِرَجُلٍ بِهِ جُرْحٌ يَسْتَأْذِنُهُ في بَطِهِ فَأَذِنَ له.

7553 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا يارىلانغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ يارىسىنى كېسىپ داۋالاش توغرىسىدا ئىجازەت سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجازەت بەردى[3].

(«ئەلكەبىر»: 11106)

[1] ئەلبانى (1667): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8358): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8378): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى خەرراش ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7554 ـ وعن عبد الله بن [illegible] الحضرمي أن حيان بن أبجر الكناني بقر عن بطن امرأة بني [illegible] عنها.

7554 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى يەھيا ھەزرەمىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەييان ئىبنى ئەبجەر كىنانىي ئۆز نىكاھىدىكى بىر ئايالنىڭ قورسىقىنى يېرىپ داۋالىغان[①].

(«ئەلكەبىر»: 3577)

7555 ـ عن عائشة رفعته: نبات الشعر في الأنف أمان من الجذام.

7555 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇرۇندا ئۆسكەن تۈك ماخاۋ كېسىلىدىن ساقلايدۇ»[②].

(مەۋسىلى: 4368؛ «ئەلئەۋسەت»: 672)

[①] ھەيسەمى (8379): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جابىر جۇئفىي ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (8380): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ رەبىئ سەممان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## دەم سېلىش، تۇمار ئېسىش، كۆز تېگىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار

7556 ـ عن ابن عَباسٍ عن النF ﷺ قال عُرِضَتْ عَلَي الْأُمَمُ فَرَأيتُ النF وَمَعَهُ الرهْيطُ وَالنبِي وَمَعَهُ الرجُلُ وَالرجُلَانِ وَالنبِي ليس معه أَحَدٌ إِذْ رُفِعَ لي سَوَادٌ عَظِيمٌ فَظَنَنْتُ أَنهُمْ أُمتي فَقِيلَ لي هذا مُوسَى ﷺ وَقَوْمُهُ وَلَكِنْ انظُرْ إلى الْأُفُقِ فَنَظَرْتُ فإذا سَوَادٌ عَظِيمٌ فَقِيلَ لي انْظُرْ إلى الْأُفُقِ الْآخَرِ فإذا سَوَادٌ عَظِيمٌ فَقِيلَ لي هذه أُمتُكَ وَمَعَهُمْ سَبْعُونَ أَلْفًا يَدْخُلُونَ الْجَنةَ بِغَيْرِ حِسَابٍ ولا عَذَابٍ ثُم نَهَضَ فَدَخَلَ مَنْزِلَهُ فَخَاضَ الناس في أُولَئِكَ الذِينَ يَدْخُلُونَ الْجَنةَ بِغَيْرِ حِسَابٍ ولا عَذَابٍ فقال بَعْضُهُمْ فَلَعَلهُمْ الذِينَ صَحِبُوا رَسُولَ اللهِ ﷺ وقال بَعْضُهُمْ فَلَعَلهُمْ الذِينَ وُلِدُوا في الْإِسْلَامِ ولم يُشْرِكُوا بِاللهِ وَذَكَرُوا أَشْيَاءَ فَخَرَجَ عليهم رسول اللهِ ﷺ فقال ما الذي تَخُوضُونَ فيه فَأَخْبَرُوهُ فقال هُمْ الذِينَ لَا يَرْقُونَ ولا يَسْتَرْقُونَ ولا يَتَطَيرُونَ وَعَلَى رَبهِمْ يَتَوَكلُونَ فَقَامَ عُكاشَةُ بن مِحْصَنٍ فقال ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي منهم فقال أنت منهم ثُم قام رَجُلٌ آخَرُ فقال ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي منهم فقال سَبَقَكَ ŏا عُكاشَةُ.

7556 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پۈتۈن ئۈممەت ماڭا كۆرسىتىلدى. بەزى پەيغەمبەرلەر بىر مۇنچە كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆتسە، بەزىلىرى ئۆزى يالغۇز ئۆتەتتى. شۇ ئارىدا ناھايىتى چوڭ بىر توپ جامائەت ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن: ”بۇ مېنىڭ ئۈممىتىم“ دەپ ئويلىدىم. لېكىن ماڭا: ”ياق، بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى“ دېيىلدى. ئاندىن ماڭا: ”ئۇپۇققا قارىغىن!“ دېيىلدى. قارىغۇدەك بولسام، ئۇپۇق قاپقارا بولۇپ كېتىپتۇ. ماڭا يەنە: ”ماۋۇ، ماۋۇ تەرەپلەرگە قارىغىن!“ دېيىلدى. قاراپ باققۇدەك بولسام، ئۇپۇقنىڭ

ھەممىلا تەرىپىنى قارىلىق قاپلاپ كېتىپتۇ. ماڭا: ”مانا بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ، ئۇلاردىن 70 مىڭ ئادەم جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابسىز كىرىدۇ“ دېيىلدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بىزگە بايان قىلىپ بەرمەيلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ساھابىلەر جەننەتكە ھېسابسىز، ئازابسىز كىرىدىغان 70 مىڭ كىشى ھەققىدە تەھلىل قىلىشىپ، بەزىلەر:

ــ بەلكىم ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر، ـ دېسە؛ يەنە بەزىلەر:

ــ بەلكىم ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۇغۇلۇپ، اللهقا شېرىك كەلتۈرۈپ باقمىغان ئەۋلادلىرىمىزدۇر، ـ دېيىشىپ، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلىشتى. شۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقىپ:

ــ نېمە توغرۇلۇق تالاش ــ تارتىش قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دېدى. ساھابىلەر ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار جاھىلىيەت رۇقىيىسىنى (دېمىدىسىنى) ئوقۇمىغان، ئوقۇتمىغان، شۇم پال ئالمىغان، ئۆز رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى. ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ شۇلاردىن بولۇشۇمغا دۇئا قىلغىن! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن شۇلاردىن، ـ دېدى. يەنە بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ مېنىڭمۇ شۇلاردىن بولۇشۇمغا دۇئا قىلغىن! ــ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇكاشە سەندىن بۇرۇن دەۋالدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 220)

7557 ـ عَنْ عَقارِ بْنِ الْمُغِيرَةِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ اكْتَوى أَوْ اسْتَرْقَى فَقَدْ بَرِئَ مِنْ التوَكلِ.

7557 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەققار دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى داغلانسا ياكى جاھىلىيەت دېمىدىسىنى ئوقۇتسا، تەۋەككۇلدىن ئاجرىغان بولىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 3489)

7558 ـ عَنْ زَيْنَبَ امْرَأَةِ عَبْدِ اللهِ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن الرقَى وَالتمَائِمَ وَالتوَلَةَ شِرْكٌ قَالَتْ قُلْتُ لِمَ تَقُولُ هَذَا وَاللهِ لَقَدْ كَانَتْ عَيْنِي تَقْذِفُ وَكُنْتُ أَخْتَلِفُ إلَى فُلَانٍ الْيَهُودِي يَرْقِينِي فَإِذَا رَقَانِي سَكَنَتْ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ إنمَا ذَاكَ عَمَلُ الشيْطَانِ كَانَ يَنْخُسُهَا بِيَدِهِ فَإِذَا رَقَاهَا كَف عَنْهَا إنمَا كَانَ يَكْفِيكِ أَنْ تَقُولِي كَمَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ أَذْهِبْ الْبَأْسَ رَب الناسِ اشْفِ أَنْتَ الشافِي لَا شِفَاءَ إلا شِفَاؤُكَ شِفَاءً لَا يُغَادِرُ سَقَمًا.

7558 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «دەم سېلىش، تۇمار ئېسىش ۋە ئىسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىش شېرىكتۇر» دېگەنلىكىنى ئېيتقانىدى، مەن:

ـ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ مېنىڭ كۆزۈم ئاغرىپ، چاپاق بېسىپ كەتكەن ئىدى، پالانى يەھۇدىينىڭ قېشىغا بېرىپ دەپ سالدۇردۇم. شۇ يەھۇدىي سالغان دەم بىلەن كۆزۈم ساقىيىپ قالغانىدى، ـ دېسەم، ئابدۇللاھ:

ـ ئۇ دېگەن شەيتان قىلغان ئىش، ئۇنى ئۇز قولى بىلەن نوقۇپ قويىدۇ، دەم سالغاندا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەك: «ئى خالايىقنىڭ پەرۋەردىگارى الله! ئاغرىقنى كەتكۈزگىن، شىپا بەرگىن. سەنلا شىپا بەرگۈچىسەن،

[1] ئەلبانى (2811): سەھىھ ـ دېگەن.

سەن بەرگەن شىپادىن باشقا شىپا يوق. بىزگە كېسەل بىدارى قويمايدىغان شىپالىق ئاتا قىل!» دېگەن بولساڭ، شۇ كۈپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3883)

7559 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النشْرَةِ فَقَالَ هُوَ مِنْ عَمَلِ الشيْطَانِ.

7559 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سېھىرنى قايتۇرۇش ھەققىدە سورالغاندى: «ئۇ شەيتاننىڭ ئىشلىرىدىن بىرى» دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3868)

7560 ـ عَنْ عِيسَى بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى قَالَ دَخَلْتُ عَلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عُكَيْمٍ أَبِي مَعْبَدٍ الْجُهَنِي أَعُودُهُ وَبِهِ حُمْرَةٌ فَقُلْنَا أَلَا تُعَلقُ شَيْئًا قَالَ الْمَوْتُ أَقْرَبُ مِنْ ذَلِكَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَعَلقَ شَيْئًا وُكِلَ إِلَيْهِ.

7560 ـ ئىيسا ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇكەيم ئەبۇ مەئبەد جۇھەنىي كېسەل بولۇپ قالغاندى، ئۇنى يوقلاپ كىرسەم، ئۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ. مەن:

ــ بىر نەرسە ئېسىۋالساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ ئۇنداق قىلغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر نەرسە ئېسىۋالسا، ئۇنىڭ ئىشى شۇ نەرسىگە تاشلاپ قويۇلىدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى[3].

(تىرمىزى: 3868)

[1] ئەلبانى (3288): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3277): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1691): ھەسەن، ـ دېگەن.

7561 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ الْحُصَيْنِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأى رَجُلًا فِي يَدِهِ حَلْقَةٌ مِنْ صُفْرٍ فَقَالَ مَا هَذِهِ الْحَلْقَةُ قَالَ هَذِهِ مِنْ الْوَاهِنَةِ قَالَ انْزِعْهَا فَإِنهَا لَا تَزِيدُكَ إِلا وَهْنًا.

7561 ــ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ قولىغا مىس ئۈزۈك سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

ــ ئۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم:

ــ بۇ، ئاغرىق پەسەيتكۈچ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى ئېلىۋەت! چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئاغرىقىڭنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3531)

7562 ـ عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ الْأَشْجَعِي قَالَ كُنا نَرْقِي فِي الْجَاهِلِيةِ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ تَرَى فِي ذَلِكَ فَقَالَ اعْرِضُوا عَلَي رُقَاكُمْ لَا بَأسَ بِالرقَى مَا لَمْ يَكُنْ فِيهِ شِرْكٌ.

7562 ــ ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە دەم سالاتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سالىدىغان دەملىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار. شېرىك ئارىلاشمىسىلا، دەم سالسا بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2200)

7563 ـ عن جَابِرٍ قال نهى رسول اللهِ ﷺ عن الرقَى فَجَاءَ آلُ عَمْرِو بن حَزْمٍ إلى رسول اللهِ ﷺ فَقَالُوا يا رَسُولَ اللهِ إنه كانت عِنْدَنَا رُقْيَةٌ نرقى بها من الْعَقْرَبِ وَإِنكَ

---

[1] ئەلبانى (772): زەئىپ، ـ دېگەن.

نَهَيْتَ عن الرقى قال فَعَرَضُوهَا عليه فقال ما أُرَى بَأْسًا من اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ أَنْ يَنفَعَ أَخَـاهُ فَلْيَنفَعْهُ.

7563 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەم سېلىشتىن توسقان. كېيىن ئەمر ئىبنى ھەزم ئائىلىسى بىلەن كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزدە بۇرۇندىن تارتىپ چايان چېقىۋالسا، دەم سالىدىغان دېمىدە بار ئىدى. لېكىن سەن دەم سېلىشتىن توسۇپسەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سالىدىغان دەملىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار! ــ دېدى، ئۇلار كۆرسەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق ئىكەن. قايسىڭلار ئۆز قېرىندىشىغا پايدا يەتكۈزەلىسە يەتكۈزسۇن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2199)

7564 ـ عَنْ عُبَيْدِ بْنِ رِفَاعَةَ الزرَقِي أَن أَسْمَاءَ بِنْتَ عُمَيْسٍ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن وَلَدَ جَعْفَرٍ تُسْرِعُ إِلَيْهِمْ الْعَيْنُ أَفَأَسْتَرْقِي لَهُمْ فَقَالَ نَعَمْ فَإِنهُ لَوْ كَانَ شَيْءٌ سَـابَقَ الْقَـدَرَ لَسَبَقَتْهُ الْعَيْنُ.

7564 ـ ئۇبەيد ئىبنى رىفائە زۇرقىي رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جەئفەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە بەك تېز كۆز تېگىدۇ، ئۇلارغا دەم سالدۇرۇپ قويسام بولامدۇ؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ناۋادا تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىر نەرسە بولىدىغان بولسا، كۆز چوقۇم ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2059)

[1] ئەلبانى (1682): سەھىھ ـ دېگەن.

7565 ـ عَنْ أَبِي خُزَامَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيتَ رُقًى نَسْتَرْقِيهَا وَدَوَاءً نَتَدَاوَى بِهِ وَتُقَاةً نَتقِيهَا هَلْ تَرُد مِنْ قَدَرِ اللهِ شَيْئًا قَالَ هِيَ مِنْ قَدَرِ اللهِ.

7565 ــ ئەبۇ خۇزامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سېلىپ كېلىۋاتقان دېمىدە، داۋالىنىۋاتقان دورا ـ دەرمەك ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇتۇۋاتقان پەرھىزلەرگە قانداق قارايسەن؟ ئۇ اﷲنىڭ تەقدىرىنى قايتۇرالامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇمۇ اﷲنىڭ تەقدىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2065)

7566 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ فِي الرقَى قَالَ رُخصَ فِي الْحُمَةِ وَالنمْلَةِ وَالْعَيْنِ.

7566 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن) بىزگە چايان چېقىۋالغاندا، يىرىڭداپ قالغاندا ۋە كۆز تەگكەندە دەم سېلىشقا رۇخسەت قىلىندى.

(مۇسلىم: 2196)

7567 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِجَارِيَةٍ فِي بَيْتِ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى بِوَجْهِهَا سَفْعَةً فَقَالَ بِهَا نَظْرَةٌ فَاسْتَرْقُوا لَهَا.

7567 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (359): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالام بىر دېدىكىمىنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ، دەم سالدۇرۇڭلار» دېدى.
(مۇسلىم: 2197)

7568 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُعَلمُهُمْ مِنْ الْحُمى وَمِنْ الْأَوْجَاعِ كُلهَا أَنْ يَقُولَ بِسْمِ اللهِ الْكَبِيرِ أَعُوذُ بِاللهِ الْعَظِيمِ مِنْ شَر كُل عِرْقٍ نَعارٍ وَمِنْ شَر حَر النارِ.

7568 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا چايان چېقىۋالغان ياكى بارلىق ئاغرىقلارغا: «بىسمىللاھ ئۇلۇغ اللهقا سېغىنىپ قېنى ئېتىلىپ چىقىدىغان ھەرقانداق تومۇرنىڭ شەررىدىن، ئوتنىڭ تەپتىنىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلەيمەن» دېيىشنى ئۆگىتەتتى[1].
(تىرمىزى: 2075)

7569 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا اشْتَكى الْإِنْسَانُ الشيْءَ مِنْهُ أَوْ كَانَتْ بِهِ قَرْحَةٌ أَوْ جُرْحٌ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِإِصْبَعِهِ هَكَذَا وَوَضَعَ سُفْيَانُ سَبابَتَهُ بِالْأَرْضِ ثُم رَفَعَهَا بِاسْمِ اللهِ تُرْبَةُ أَرْضِنَا بِرِيقَةِ بَعْضِنَا لِيُشْفَى بِهِ سَقِيمُنَا بِإِذْنِ رَبنَا.

7569 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرەر كىشى يېرىلىش، يارا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن بىئارام بولۇپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن كۆتۈرۈپ: «بىسمىللاھ، زېمىنىمىزنىڭ تۇپىسى، بەزىلىرىمىزنىڭ تۈكۈرۈكى رەببىمىزنىڭ ئىجازىتى بىلەن كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ» دەيتتى.
(مۇسلىم: 2194)

[1] ئەلبانى (362): زەئىپ، ـ دېگەن.

7570 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَـانَ يُعَـوذُ بَعْضَ أَهْلِهِ يَمْسَحُ بِيَدِهِ الْيُمْنَى وَيَقُولُ اللهُم رَب الناسِ أَذْهِبْ الْبَاسَ اشْفِهِ وَأَنتَ الشافِي لَا شِفَاءَ إلا شِفَاؤُكَ شِفَاءً لَا يُغَادِرُ سَقَمًا.

7570 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئائىلىلىرىغا: «ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! كېسەللىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، سېنىڭ شىپايىڭدىن باشقا شىپا يوق، ئۇنىڭغا كېسەل بىدارى قويمايدىغان شىپالىق ئاتا قىل!» دەپ، ئوڭ قولى بىلەن سىلىغان ھالدا دەم سالاتتى.

(بۇخارى: 5743)

7571 ـ وفي رواية: فَلَما مَرِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَثَقُلَ أَخَـذْتُ بِيَدِهِ لِأَصْنَعَ بِهِ نَحْوَ مَا كَانَ يَصْنَعُ فَانْتَزَعَ يَدَهُ مِنْ يَدِي ثُم قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِي وَاجْعَلْنِي مَعَ الرفِيقِ الْأَعْلَى قَالَتْ فَذَهَبْتُ أَنظُرُ فَإِذَا هُوَ قَدْ قَضَى.

7571 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا، مەن قولىدىن تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇن ئائىلىرىغا قىلغاندەك (يەنى دەم سالغاندەك) قىلماقچى بولۇۋىدىم، قولىنى تارتىۋالدى، ئاندىن: «ئى الله، مېنى مەغپىرەت قىلغىن، مېنى جەننەتتىكى ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە قىلغىن!» دېدى. (ئاندىن جىمىپ قالدى) بېرىپ قارىسام، جان ئۈزۈپتۇ.

(مۇسلىم: 2191)

7572 ـ عن ثَابِتِ بْنِ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنـهُ دَخَلَ عَلَى ثَابِتِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ أَحْمَدُ وَهُوَ مَرِيضٌ فَقَالَ اكْشِفْ الْبَأْسَ رَب الناسِ عَنْ ثَابِتِ بْنِ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ ثُم أَخَذَ تُرَابًا مِنْ بَطْحَانَ فَجَعَلَهُ فِي قَدَحٍ ثُم نَفَثَ عَلَيْهِ بِمَاءٍ وَصَـبهُ عَلَيْهِ.

7572 ـ سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن كېسەل بولۇپ قالغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا يوقلاپ كىرىپ: «ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماستىن كېسەللىكنى كۆتۈرىۋەتكىن!» دەپ دەم سېلىپ قويدى. ئاندىن بەتھاندىن بىر سىقىم توپا ئېلىپ، بىر پىيالىگە سېلىپ، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ سۈفلىدى، ئاندىن ئۇ سۇنى ئۇستۇمگە تۆكتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3885)

7573 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَعَـوذُ مِـنْ الْجَانِ وَعَيْنِ الْإِنْسَانِ حَتى نَزَلَتْ الْمُعَوذَتَانِ فَلَما نَزَلَتَا أَخَذَ بِهِمَا وَتَرَكَ مَا سِوَاهُمَا.

7573 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنلاردىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن پاناھ تىلەيتتى. فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى نازىل بولغاندىن كېيىن، شۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ، باشقا دۇئالارنى ئوقۇمايدىغان بولدى[2].

(تىرمىزى: 2058)

7574 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَن جِبْرِيلَ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا مُحَمدُ اشْتَكَيْتَ قَالَ نَعَمْ قَالَ بِاسْمِ اللهِ أَرْقِيكَ مِنْ كُل شَيْءٍ يُؤْذِيكَ مِنْ شَر كُل نَفْـسٍ وَعَـيْنِ حَاسِدٍ بِاسْمِ اللهِ أَرْقِيكَ وَاللهُ يَشْفِيكَ.

7574 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى مۇھەممەد! ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ئەلبانى (836): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1681): سەھىھ ـ دېگەن.

ـــ اللەنىـــڭ نـامى بىــلـەن سـاقا دەم سـالـىمـەن، سـاقا ئـازار بىـرىـدىغان ھەرقانداق نەرسىــدىن، ھەرقانــداق نەپسـنىـڭ، ھەسـەتخورنىـڭ كۆزىنىــڭ شەررىدىن (پانـاھ تىـلـەپ) اللەنىــڭ نـامى بىــلـەن دەم سـالـىمـەن، الله سـاقا شىـپالـىق بەرگەي! ـ دەپ دەم سىلـىپ قويدى[1].

(تىـرمـىزى: 972)

7575 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ اشْتَكَى مِنْكُمْ شَيْئًا أَوْ اشْتَكَاهُ أَخٌ لَهُ فَلْيَقُلْ رَبنَا اللهُ الذِي فِي السمَاءِ تَقَدسَ اسْمُكَ أَمْرُكَ فِي السمَاءِ وَالْأَرْضِ كَمَا رَحْمَتُكَ فِي السمَاءِ فَاجْعَلْ رَحْمَتَكَ فِي الْأَرْضِ اغْفِرْ لَنَا حُوبَنَـا وَخَطَايَانَا أَنتَ رَب الطيبِينَ أَنزِلْ رَحْمَةً مِنْ رَحْمَتِكَ وَشِفَاءً مِنْ شِفَائِكَ عَلَى هَذَا الْوَجَـعِ فَيَبْرَأَ.

7575 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئـۇ پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغان:

«كىمكى ئۆزى ياكى يېقىنلىرىدىن بىرەرسى ئاغرىپ قالغاندا: ”ئى بىزنىــڭ ئاسـماندىكى رەببىمـىز! نامىــڭ مـۇقەددەس، ئەمرىـڭ ئاسـمان بىلەن زېمىنـدا ھۆكۈم سۈرىدۇ. تولـۇق رەھـمىتىڭنـى ئاسـمان ئەھلىـگە ئاتـــا قىلغانــدەك، زېمىــــن ئەھلىـگىمـــۇ ئاتـــا قىلغايســـەن. چـــوڭ گۇناھلىرىمىزنى شۇنداقلا بارلىق خاتالىقلىرىمىزنى يۇيىۋەتكەيسـەن. سەن گۇناھلاردىن پاك بولغۇچىلارنىڭ پەرۋەردىگارىسـەن. مۇشـۇ ئاغرىققـا رەھــمەت قىلىـــپ، شـــىپالىق بەرگەيســەن“ دەپ دۇئـا قىلسـا، كېســەل سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3892)

7576 ـ عَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي الْعَاصِ الثقَفِي أَنهُ شَكَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَعًا يَجِدُهُ فِي جَسَدِهِ مُنْذُ أَسْلَمَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ ضَـعْ

---

[1] ئەلبانى (777): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (839): زەئىپ، ـ دېگەن.

يَدَكَ عَلَى الَّذِي تَأَلَّمَ مِنْ جَسَدِكَ وَقُلْ بِاسْمِ اللَّهِ ثَلَاثًا وَقُلْ سَبْعَ مَرَّاتٍ أَعُوذُ بِاللَّهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّ مَا أَجِدُ وَأُحَاذِرُ.

7576 ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس سەقافىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ جىسمىمدا بىر ئاغرىق پەيدا بولغانىدى. بىر كۈنى، بۇ ئاغرىقتىن شىكايەت قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، ماڭا مۇنداق دېگەن: «جىسمىڭدىكى ئاغرىغان جايغا قولۇڭنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۈچ قېتىم ”بىسمىللاھ“، يەتتە قېتىم ”ئاللاھنىڭ ئۆزى ۋە قۇدرىتىگە سىغىنىپ دەردىنى تارتىۋاتقان بۇ ئاغرىقنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن“ دېگىن!» دېدى.

(مۇسلىم: 2202)

7577 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ انْطَلَقَ نَفَرٌ مِنْ أَصْحَابِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفْرَةٍ سَافَرُوهَا حَتَّى نَزَلُوا عَلَى حَيٍّ مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ فَاسْتَضَافُوهُمْ فَأَبَوْا أَنْ يُضَيِّفُوهُمْ فَلُدِĥ سَيِّدُ ذَلِكَ الْحَيِّ فَسَعَوْا لَهُ بِكُلِّ شَيْءٍ لَا يَنْفَعُهُ شَيْءٌ فَقَالَ بَعْضُهُمْ لَوْ أَتَيْتُمْ هَؤُلَاءِ الرَّهْطَ الَّذِينَ نَزَلُوا لَعَلَّهُ أَنْ يَكُونَ عِنْدَ بَعْضِهِمْ شَيْءٌ فَأَتَوْهُمْ فَقَالُوا يَا أَيُّهَا الرَّهْطُ إِنَّ سَيِّدَنَا لُدِĥ وَسَعَيْنَا لَهُ بِكُلِّ شَيْءٍ لَا يَنْفَعُهُ فَهَلْ عِنْدَ أَحَدٍ مِنْكُمْ مِنْ شَيْءٍ فَقَالَ بَعْضُهُمْ نَعَمْ وَاللَّهِ إِنِّي لَأَرْقِي وَلَكِنْ وَاللَّهِ لَقَدْ اسْتَضَفْنَاكُمْ فَلَمْ تُضَيِّفُونَا فَمَا أَنَا بِرَاقٍ لَكُمْ حَتَّى تَجْعَلُوا لَنَا جُعْلًا فَصَالَحُوهُمْ عَلَى قَطِيعٍ مِنْ الْغَنَمِ فَانْطَلَقَ يَتْفِلُ عَلَيْهِ وَيَقْرَأُ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ فَكَأَنَّمَا نُشِطَ مِنْ عِقَالٍ فَانْطَلَقَ يَمْشِي وَمَا بِهِ قَلَبَةٌ قَالَ فَأَوْفَوْهُمْ جُعْلَهُمْ الَّذِي صَالَحُوهُمْ عَلَيْهِ فَقَالَ بَعْضُهُمْ اقْسِمُوا فَقَالَ الَّذِي رَقَى لَا تَفْعَلُوا حَتَّى نَأْتِيَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَنَذْكُرَ لَهُ الَّذِي كَانَ فَنَنْظُرَ مَا يَأْمُرُنَا فَقَدِمُوا عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرُوا لَهُ فَقَالَ وَمَا يُدْرِيكَ أَنَّهَا رُقْيَةٌ ثُمَّ قَالَ قَدْ أَصَبْتُمْ اقْسِمُوا وَاضْرِبُوا لِي مَعَكُمْ سَهْمًا فَضَحِكَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

7577 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

ساھابىلىرىدىن بىر تۇركۇم كىشىلەر سەپەرگە چىقىپ، ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىگە چۈشتى. ساھابىلەر ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى مېھمان قىلىشنى سورىغانىدى، ئۇلار مېھمان قىلىشقا ئۇنىمىدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنى چايان چېقىۋالدى. ئۇلار قىلغۇدەك ئاماللارنى قىلدى، لېكىن ئۇنۇمى بولمىدى. ئاردىن بىرى:

ـ ئاۋۇ مۇساپىرلارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقايلى، بىرەرسىنىڭ ئامالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ـ دېدى. ئۇلار كېلىپ:

ــ ئى جامائەت! بىزنىڭ باشلىقىمىزنى چايان چېقىۋېلىپ، قىلغۇدەك ئاماللارنى قىلىپ بولدۇق، لېكىن ئۇنۇمى بولمىدى. بىرەرسىڭلارنىڭ ئامالى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئاردىن بىرەيلەن:

ــ ھەئە، بار. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن دەم سالىمەن. لېكىن سىلەرگە بىزنى مېھمان قىلىڭلار دېسەك ئۇنىمىدىڭلار. ئۇقۇغانغا بىر نەرسە بەرمىگۈچە ئوقۇمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر توپ پادا بېرىشكە ماقۇل بولدى. ھېلىقى كىشى بېرىپ، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ ھۈرۈپ قويغانىدى، كېسەل ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇلار بېرىشكە پۈتۈشكەن ھەققىنى تولۇق بەردى، بەزىلەر:

ـ قوينى تەقسىم قىلىمىز، ـ دېگەنىدى، دەم سالغان ئادەم:

ـ تەقسىم قىلماي تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرى ئەھۋالنى بىلدۈرەيلى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە كۆرە ئىش قىلايلى، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭ دەم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ ــ دەپ سورىغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ـ توغرا قىلىپسىلەر، تەقسىم قىلىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش ئېلىپ قويۇڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2276)

7578 ـ عن جَبَلَةَ بن الأَزْرَقِ وكان من أَصْحَابِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم صلى إلى جَنْبِ جِدَارٍ كَثِيرِ الأَحْجِرَةِ صلى ظُهْـرًا أو عَصْرًا فلما جَلَسَ في الركْعَتَيْنِ خَرَجَتْ عَقْرَبٌ فَلَدَغَتْهُ فَغُشِيَ عليه فَرَقَاهُ الناس فلما أَفَـاقَ قال اللهُ شَفَانِي وَلَيْسَ بِرُقْيَتِكُمْ.

7578 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان جەبەلە ئىبنى ئەزرەق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشلىرى كۆپ بىر تامنىڭ تۈۋىدە پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئىككىنچى رەكئەتتە ئولتۇرغاندا، بىر چايان چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چېقىۋالغان ئىدى، ئۇ ھوشىدىن كەتتى. ساھابىلار دەرھال دەم سالدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن: «ماشا الله شىپالىق بەردى، سىلەرنىڭ دەم سېلىشىڭلار بىلەن شىپا تاپقىنىم يوق» دېدى[1].
(«ئەلكەبىر»: 2196)

7579 ـ عن علي قال لدغت النF ﷺ عقرب وهو يصلي فلما فرȟ قال لعن الله العقرب لا تدع مصليا ولا غيره Ż دعا ɳاء وملح وجعل يمسح عليها ويقرأ بقل يا أيهـا الكافرون وقل أعوذ برب الفلق وقل أعوذ برب الناس.

7579 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقاندا، بىر چايان چېقىپ چېقىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن پارىغ بولغاندا: «الله چايانغا لەنەت قىلسۇن! ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىمۇ، باشقىسىنىمۇ چېقىۋېرىدۇ» دېدى. ئاندىن سۇ بىلەن تۇز ئەكەلدۈرۈپ، سۈرە كافىرۇن، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسلارنى ئوقۇغاچ چايان چاققان جايغا سۈرگىلى تۇردى[2].
(«ئەلسەغىر»: 830؛ «ئەلئەۋسەت»: 5890)

---

[1] ھەيسەمى (8436): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى بەكر ئىبنى سەھلدىن، ئۇ لەيسنىڭ كاتىۋى ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىگە ھەرخىل باھا بېرىلگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8445): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن..

7580 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى عَنْ أَبِيهِ أَبِي لَيْلَى قَالَ كُنتُ جَالِسًا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَهُ أَعْرَابِي فَقَالَ إِن لِي أَخًا وَجِعًا قَالَ مَا وَجَعُ أَخِيكَ قَالَ بِهِ لَمَمٌ قَالَ اذْهَبْ فَأْتِنِي بِهِ قَالَ فَذَهَبَ فَجَاءَ بِهِ فَأَجْلَسَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَسَمِعْتُهُ عَوذَهُ بِفَاتِحَةِ الْكِتَابِ وَأَرْبَعِ آيَاتٍ مِنْ أَولِ الْبَقَرَةِ وَآيَتَيْنِ مِنْ وَسَطِهَا وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَآيَةِ الْكُرْسِي وَثَلَاثِ آيَاتٍ مِنْ خَاتِمَتِهَا وَآيَةٍ مِنْ آلِ عِمْرَانَ أَحْسِبُهُ قَالَ شَهِدَ اللهُ أَنهُ لَا إِلَهَ إِلا هُوَ وَآيَةٍ مِنْ الْأَعْرَافِ إِن رَبكُمْ اللهُ الذِي خَلَقَ الْآيَةَ وَآيَةٍ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ وَمَنْ يَدْعُ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ لَا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ وَآيَةٍ مِنْ الْجِنِ وَأَنهُ تَعَالَى جَد رَبنَا مَا اتخَذَ صَاحِبَةً وَلَا وَلَدًا وَعَشْرِ آيَاتٍ مِنْ أَولِ الصافاتِ وَثَلَاثِ آيَاتٍ مِنْ آخِرِ الْحَشْرِ وَقُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ وَالْمُعَوذَتَيْنِ فَقَامَ الْأَعْرَابِي قَدْ بَرَأَ لَيْسَ بِهِ بَأْسٌ.

7580 ـ ئابدۇرراھمان ئاتىسى ئەبۇ لەيلادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم، بىر ئەئرابى كېلىپ:

— مېنىڭ بىر قېرىندىشىم ئاغرىپ قالدى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قېرىندىشىڭنىڭ قەيىرى ئاغرىيدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

— قېرىندىشىم ساراڭ بولۇپ قالدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەمسە، بېرىپ ئۇنى ئەكەلگىن! — دېدى. ئەئرابى بېرىپ قېرىندىشىنى ئېلىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا سۈرە فاتىھەنى، سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدىكى تۆت ئايەتنى، ئوتتۇرىدىن ئىككى ئايەتنى، ئاندىن ۋەئىلاھۇكۇم ئىلاھۇن ۋاھىد ئايىتىنى، ئايەتۇل كۇرسىنى، ئاندىن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى، ئال ئىمران سۈرىسىدىن بىر ئايەتنى (ئۇ: شەھىدەللاھۇ ئەننەھۇ لا ئىلاھە ئىللا ھۇۋە دېگەن ئايەتتۇ دەيمەن)، ئاندىن ئەئراف سۈرىسىدىن بىر ئايەتنى، (يەنى: ئىننە رەببەكۇمۇللاھۇللەزىي خەلەقە دېگەن ئايەتنى)، مۇئمىنۇن سۈرىسىدىن: ۋەمەن يەدئۇ مەئەللاھى ئىلاھەن ئاخەرە لا

بۇرھانە لەھۇ بىھى دېگەن ئايەتنى، جىن سۈرىسىدىن: ۋە ئەننەھۇ تەئالا جەددۇ رەببىنا مەتتەخەزە ساھىبەتەن ۋەلا ۋەلەدا دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن ساففات سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئون ئايەت، ھەشر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئۈچ ئايەت، ئاندىن سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسلارنى ئوقۇپ، پاناھلىق تىلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئەئرابى ھېچقانداق ئاغرىقى يوقتەكلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 3549)

7581 ـ عَنْ خَارِجَةَ بنِ الصلْتِ التمِيمِي عَنْ عَمهِ قَالَ أَقْبَلْنَا مِنْ عِنْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَيْنَا عَلَى حَي مِنْ الْعَرَبِ فَقَالُوا إِنا أُنبِئْنَا أَنكُمْ قَدْ جِئْتُمْ مِنْ عِنْدِ هَذَا الرجُلِ بِخَيْرٍ فَهَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ دَوَاءٍ أَوْ رُقْيَةٍ فَإِن عِنْدَنَا مَعْتُوهًا فِي الْقُيُودِ قَالَ فَقُلْنَا نَعَمْ قَالَ فَجَاءُوا بِمَعْتُوهٍ فِي الْقُيُودِ قَالَ فَقَرَأْتُ عَلَيْهِ فَاتِحَةَ الْكِتَابِ ثَلَاثَةَ أَيامٍ غُدْوَةً وَعَشِيةً كُلمَا خَتَمْتُهَا أَجْمَعُ بُزَاقِي ثُم أَتْفُلُ فَكَأَنمَا نَشَطَ مِنْ عِقَالٍ قَالَ فَأَعْطَوْنِي جُعْلًا فَقُلْتُ لَا حَتى أَسْأَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ كُلْ فَلَعَمْرِي مَنْ أَكَلَ بِرُقْيَةِ بَاطِلٍ لَقَدْ أَكَلْتَ بِرُقْيَةِ حَق.

7581 ـ خارىجە ئىبنى سەلت تەمىيمىي تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدىن يۈرۈپ، ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىگە كېلىپ چۈشتۇق، ئۇلار:

ـ بىز سىلەرنىڭ ئۇ كىشى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام)نىڭ قېشىدىن ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىڭلاردىن خەۋەر تاپتۇق. سىلەردە دورا ياكى دەم سالىدىغان دۇئا بارمۇ؟ چۈنكى بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز ئېلىشىپ قالغاندى، ئۇنى كىشەنلەپ قويدۇق، ـ دېگەن ئىدى، بىز:

[1] ئەلبانى (778): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ھەئە، ـ دېدۇق. ئۇلار ئېلىشىپ قالغان ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ فاتىھەسىنى ئۈچ كۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇدۇم، ھەر قېتىم ئوقۇپ بولغىنىمدا، تۈكۈرۈكۈمنى يىغىپ ئۇنىڭغا تۈكۈردۈم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئۇلار ماڭا ھەدىيە بەرمەكچى بولغانىدى، مەن:

ـ ياق، ئالدى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سوراپ باقاي، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يېسەڭ بولىدۇ. ئۆمرۈم بىلەن قەسەمكى، باتىل دەم سېلىپ نان يەيدىغانلار بار، سەن ھەق دەم سېلىپ يېگەن بولىسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3901)

7582 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ هَجَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهَجرْتُ فَصَلَيْتُ ثُم جَلَسْتُ فَالْتَفَتَ إِلَي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اشِكَمَتْ دَرْدْ قُلْتُ نَعَمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ قُمْ فَصَل فَإِن فِي الصلَاةِ شِفَاءً.

7582 ـــ ئەبــۇ ھــۈرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن ئۆرلىگەندە چىقتى. مەنمۇ ئارقىدىن چىقىپ ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بۇرۇلۇپ، پارس تىلىدا:

ـ ئىشكەمەت دەرد (قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدۇ)؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم:

ـ ئۇنداق بولسا، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن، چۈنكى نامازدا شىپا بار، ـ دېدى[2].

(ئىبنى ماجە: 3458)

[1] ئەلبانى (3301): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (759): زەئىپ، ـ دېگەن.

7583 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ عَادَ مَرِيضًا لَمْ يَحْضُرْ أَجَلُهُ فَقَالَ عِنْدَهُ سَبْعَ مِرَارٍ أَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيمَ رَب الْعَرْشِ الْعَظِيمِ أَنْ يَشْفِيَكَ إِلا عَافَاهُ اللهُ مِنْ ذَلِكَ الْمَرَضِ.

7583 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەجىلى كەلمىگەن بىر كېسەلنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قېشىدا يەتتە قېتىم: ”ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ اللهنىڭ ساڭا شىپا ئاتا قىلىشىنى سورايمەن“ دېسە، الله تائالا چوقۇم ئۇ كىشىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3106)

7584 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْعَيْنُ حَق وَلَوْ كَانَ شَيْءٌ سَابَقَ الْقَدَرَ سَبَقَتْهُ الْعَيْنُ وَإِذَا اسْتُغْسِلْتُمْ فَاغْسِلُوا.

7584 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۆز تېگىش ھەقتۇر، ناۋادا تەقدىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر نەرسە بولىدىغان بولسا ئىدى، كۆز ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. (كۆز تەگكەن كىشىنى داۋالاش مەقسىتى بىلەن) سىلەردىن غۇسلى قىلىپ سۇيىنى بېرىش تەلەپ قىلىنسا، غۇسلى قىلىپ بېرىڭلار».

(مۇسلىم: 2188)

7585 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ يُؤْمَرُ الْعَائِنُ فَيَتَوَضأُ ثُم يَغْتَسِلُ مِنْهُ الْمَعِينُ.

7585 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزى تەگكەن كىشىگە تاھارەت

[1] ئەلبانى (2663): سەھىھ ـ دېگەن.

ئالدۇرۇپ، ئاندىن كۆز تەگكەن كىشىنى شۇ تاھارەت سۈيىدە غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3880)

7586 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيفٍ أَنهُ سَمِعَ أَبَاهُ يقُولُ اغْتَسَلَ أَبِي سَهْلُ بْنُ حُنَيفٍ بِالْخَرارِ فَنَزَعَ جُبةً كَانَتْ عَلَيْهِ وَعَامِرُ بْنُ رَبِيعَةَ يَنظُرُ قَالَ وَكَانَ سَهْلٌ رَجُلًا أَبيضَ حَسَنَ الْجِلْدِ قَالَ فَقَالَ لَهُ عَامِرُ بْنُ رَبِيعَةَ مَا رَأَيتُ كَالْيَوْمِ وَلَا جِلْدَ عَذْرَاءَ قَالَ فَوُعِكَ سَهْلٌ مَكَانَهُ وَاشْتَد وَعْكُهُ فَأُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأُخْبِرَ أَن سَهْلًا وُعِكَ وَأَنهُ غَيْرُ رَائِحٍ مَعَكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَأَتَاهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ سَهْلٌ بِالذِي كَانَ مِنْ أَمْرِ عَامِرٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَامَ يَقْتُلُ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ أَلَا بَركْتَ إِن الْعَيْنَ حَق تَوَضأْ لَهُ فَتَوَضأَ لَهُ عَامِرٌ فَرَاحَ سَهْلٌ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ بِهِ بَأْسٌ.

7586 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھل ئىبنى ھۇنەيفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاتام سەھل ئىبنى ھۇنەيف خەررار دېگەن جايدا غۇسلى قىلماقچى بولۇپ، ئۈچىسىدىكى تونىنى سالدى. ئامىر ئىبنى رەبىيئە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. دادامنىڭ تېرىسى ئاپئاق بولۇپ، بەكمۇ كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئامىر ئىبنى رەبىيئە ئۇنى كۆرۈپ:

ـ مەن بۈگۈنكىدەك بىر كۈننى كۆرمىدىم، قىز بالىنىڭ تېرىسىمۇ بۇنداق ئاق ئەمەس، ـ دېۋىدى، دادام شۇ جايدا تۇرۇپلا ئاغرىپ قالدى. ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ سەھل ئاغرىپ قالدى، شۇڭا سەن بىلەن بىللە ماڭالمايدىغان بولدى، ـ دەپ خەۋەر يەتكۈزۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا يوقلاپ بېرىۋىدى، دادام بولغان ۋەقەنى ۋە ئامىرنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (3286): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ نېمىشقا قېرىندىشىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر؟ (بۇنىڭ ئورنىغا بىر - بىرىڭلارغا) بەرىكەت تىلىسەڭلار بولماسمىدى؟ كۆز تېگىش ھەقتۇر. (ئەي ئامىر! ئۇنىڭ ئۈچۈن) تاھارەت ئېلىپ كەلگىن! ــ دېدى، ئامىر تاھارەت ئېلىپ سۈيىنى ئۇنىڭغا بەردى. شۇنىڭ بىلەن، دادام ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ساقىيىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللەن بىللە يولنى داۋاملاشتۇردى.

(مالىك: 1746)

**7587** ـ وعن جابر رفعه: أكثر من يموت من أمتي بعد كتاب الله وقضائه وقدره بالأنفس قال البزار يعني بالعين.

7587 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىم الله تائالا بېكىتكەن ئەجەل ۋە قازا ــ قەدەردىن قالسىلا، ئەڭ كۆپ كۆز تېگىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ»[1].

(بەززار: 3052)

**7588** ـ عن علي: أن النبي صلى الله عليه وسلم أَمَرَ بِالْجَمَاجِمِ أَنْ تُنْصَبَ فِي الزَّرْعِ قَالَ: قُلْتُ: مِنْ أَجْلِ مَاذَا ؟ قَالَ: مِنْ أَجْلِ الْعَيْنِ.

7588 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى ئېتىزلىقلارغا تىكلەپ قويۇشقا بۇيرىدى.

ــ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ - دەپ سورىۋىدىم:

ــ كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن، - دېدى[2].

(بەززار: 3054)

---

[1] ھەيسەمى (8423): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى تالىب ئىبنى ھەبىب ئىبنى ئەمردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8433): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھەيسەم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەفس بىلەن يەئقۇب ئىبنى مۇھەممەد زۇھرىي ئىككىسى ھەدىسى زەئىپ كىشىلەردۇر، - دېگەن.

7589 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا اسْتَجْنَحَ اللَيْلُ أَوْ قَالَ جُنْحُ اللَيْلِ فَكُفوا صِبْيَانَكُمْ فَإِن الشيَاطِينَ تَنْتَشِرُ حِينَئِذٍ فَإِذَا ذَهَبَ سَاعَةٌ مِنْ الْعِشَاءِ فَخَلوهُمْ وَأَغْلِقْ بَابَكَ وَاذْكُرْ اسْمَ اللهِ وَأَطْفِئْ مِصْبَاحَكَ وَاذْكُرْ اسْمَ اللهِ وَأَوْكِ سِقَاءَكَ وَاذْكُرْ اسْمَ اللهِ وَخَمرْ إِنَاءَكَ وَاذْكُرْ اسْمَ اللهِ وَلَوْ تَعْرُضُ عَلَيْهِ شَيْئًا.

7589 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قاراڭغۇ چۈشكەندە، بالىلىرىڭلارنى سىرتقا قويۇۋەتمەڭلار. چۈنكى شەيتانلار شۇ چاغدا تارقىلىدۇ. خۇپتەندىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ. ئىشىكنى بىسمىللاھ دەپ تاقاڭلار. تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بىسمىللاھ دەپ بوغۇڭلار. يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلىرىنىڭ ئاغزىنى نېمىلا بولمىسۇن بىر نەرسە بىلەن بىسمىللاھ دەپ يېپىپ قويۇڭلار. چىراغنى بىسمىللاھ دەپ ئۆچۈرۈڭلار».

(بۇخارى: 3280)

7590 ـ وفي رواية: وَخَمرُوا الطعَامَ وَالشرَابَ.

7590 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە: «يېمەك ــ ئىچمەكلىرىڭلارنىڭ ئۈستىنى يېپىڭلار» دېيىلگەن.

(بۇخارى: 5624)

7591 ـ وفي رواية: غَطوا الْإِنَاءَ وَأَوْكُوا السقَاءَ وَأَغْلِقُوا الْبَابَ وَأَطْفِئُوا السرَاجَ فَإِن الشيْطَانَ لَا يَحُل سِقَاءً وَلَا يَفْتَحُ بَابًا وَلَا يَكْشِفُ إِنَاءً.

7591 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «قاچىلىرىڭلارنىڭ ئۈستىنى يېپىڭلار، تۇلۇمۇڭلارنىڭ ئاغزىنى چىگىڭلار، ئىشىكلىرىڭلارنى تاقاڭلار، چىراقلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار. چۈنكى شەيتان تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى يېشەلمەيدۇ، ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، قاچىنىڭ ئاغزىنىمۇ ئاچالمايدۇ» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2012)

7592 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا سَمِعْتُمْ صِيَاحَ الدِيكَةِ فَاسْأَلُوا اللهَ مِنْ فَضْلِهِ فَإِنهَا رَأَتْ مَلَكًا وَإِذَا سَمِعْتُمْ نَهِيقَ الْحِمَارِ فَتَعَوذُوا بِاللهِ مِنْ الشيْطَانِ فَإِنهَا رَأَتْ شَيْطَانًا.

7592 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، ﷲنىڭ پەزلىدىن تىلەڭلار. ئېشەك ھاڭرىغان چاغدا، شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەڭلار. چۈنكى ئېشەك شەيتاننى كۆرگەندە ھاڭرايدۇ».

(مۇسلىم: 2729)

7593 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَمِعْتُمْ نُبَاحَ الْكِلَابِ وَنَهِيقَ الْحُمُرِ بِاللَيْلِ فَتَعَوذُوا بِاللهِ فَإِنهُن يَرَيْنَ مَا لَا تَرَوْنَ.

7593 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچىدە ئىتلارنىڭ قاۋىغانلىقىنى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، ﷲتىن پاناھلىق تىلەڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەر كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5103)

[1] ئەلبانى (4256): سەھىھ ـ دېگەن.

## ياخشى ۋە يامان پال ئېلىش، شۇملۇق ھېس قىلىش، يۇقۇملىنىشتىن قورقۇش

7594 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ لَا يَتطَيرُ مِنْ شَيْءٍ وَكَانَ إِذَا بَعَثَ عَامِلًا سَأَلَ عَنْ اسْمِهِ فَإِذَا أَعْجَبَهُ اسْمُهُ فَرِحَ بِهِ وَرُئِيَ بِشْرُ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ وَإِنْ كَرِهَ اسْمَهُ رُئِيَ كَرَاهِيَةُ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ وَإِذَا دَخَلَ قَرْيَةً سَأَلَ عَنْ اسْمِهَا فَإِنْ أَعْجَبَهُ اسْمُهَا فَرِحَ وَرُئِيَ بِشْرُ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ وَإِنْ كَرِهَ اسْمَهَا رُئِيَ كَرَاهِيَةُ ذَلِكَ فِي وَجْهِهِ.

7594 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچقانداق نەرسىدىن يامان پال ئالمايتتى. بىرەر كىشىنى ۋەزىپىگە ئەۋەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورايتتى. ئىسمىنى ياقتۇرسا، خۇشال بولاتتى ۋە خۇشاللىقى مۇبارەك يۈزىدە ئەكس ئېتەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ياقتۇرمىسا، ياقتۇرمىغانلىقىمۇ چىرايىدا مەلۇم بولاتتى. بىرەر يۇرتقا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ يۇرتنىڭ نامىنى سورايتتى. نامىنى ياقتۇرسا، خۇشال بولاتتى ۋە خۇشاللىقى يۈزىدە ئەكس ئېتەتتى. ئەگەر يۇرتنىڭ نامى قۇلىقىغا ياقمىسا، ياقتۇرمىغانلىقىمۇ چىرايىدا مەلۇم بولاتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3920)

7595 ـ عَنْ رَجُلٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَمِعَ كَلِمَةً فَأَعْجَبَتْهُ فَقَالَ أَخَذْنَا فَأْلَكَ مِنْ فِيكَ.

7595 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سۆزنى ئاڭلاپ،

[1] ئەلبانى (3319): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇ سۆزنى ياقتۇرۇپ قالدى ــ دە: «بىز سېنىڭ ئاغزىڭدىن ياخشى پال ئالدۇق» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3917)

7596 ـ عَنْ أَنسٍ بنِ مَالِكٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُعْجِبُهُ إذَا خَرَجَ لِحَاجَةٍ أنْ يَسْمَعَ يَا رَاشِدُ يَا نَجِيحُ.

7596 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ سىرتقا چىققاندا:

ـ ئى يول تاپقۇچى! ئى ھاجىتى راۋا بولغۇچى! ـ دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلاشنى بەكمۇ ياقتۇراتتى[2].

(تىرمىزى: 1616)

7597 ـ عَنْ عُرْوَةَ بنِ عَامِرٍ الْقُرَشِي قَالَ ذُكِرَتْ الطَيَرَةُ عِنْدَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَحْسَنُهَا الْفَألُ وَلَا تَرُد مُسْلِمًا فَإذَا رَأى أَحَدُكُمْ مَا يَكْرَهُ فَلْيَقُلْ اللهُم لَا يَـأْتِي بِالْحَسَنَاتِ إلا أنتَ وَلَا يَدْفَعُ السيئَاتِ إلا أنتَ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إلا بِكَ.

7597 ــ ئۇرۋە ئىبنى ئامىر قۇرەشى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىدا شۇم پال ئېلىش تىلغا ئېلىنغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«ئەڭ ئەۋزىلى بىر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاشتۇر. يامان پال مۇسۇلماننى كىشىنى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن توسۇپ قويىسا بولمايدۇ. ئۆزەڭلار يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگىنىڭلاردا: ئى الله! ياخشى ئىشلارنى پەقەت سەنلا ئېلىپ كېلىسەن، يامان ئىشلارنى

[1] ئەلبانى (3317): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1316): سەھىھ ـ دېگەن.

پەقەت سەنلا كەتكۈزىۋېتىسەن. پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ساڭىلا خاستۇر، ـ دەڭلار!»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3919)

7598 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الطِّيَرَةُ شِرْكٌ الطِّيَرَةُ شِرْكٌ ثَلَاثًا وَمَا مِنا إلا وَلَكِن اللهَ يُذْهِبُهُ بِالتَوَكلِ.

7598 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يامان پال ئېلىش شېرىكتۇر، يامان پال ئېلىش شېرىكتۇر، يامان پال ئېلىش شېرىكتۇر. ھەرقانداق بىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بولمىغۇر ئىشلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن الله تائالا بۇنى تەۋەككۇل قىلىشىمىز بىلەن كەتكۈزىۋېتىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3910)

7599 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ رَدتْهُ الطِّيَرَةُ مِنْ حَاجَةٍ فَقَدْ أَشْرَكَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا كَفارَةُ ذَلِكَ قَالَ أَنْ يَقُولَ أَحَدُهُمْ اللهُم لَا خَيْرَ إلا خَيْرُكَ وَلَا طَيْرَ إلا طَيْرُكَ وَلَا إلَهَ غَيْرُكَ.

7599 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قانداق بىر كىشى يامان پال ئېلىپ، ئۆز يولىدىن قايتقان بولسا، ئۇ شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭ كاپپارىتى نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (843): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3309): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ’’ئى اللە! سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن باشقا ياخشىلىق يوقتۇر، سەن بەرگەن بېشارەتتىن باشقا پال يوق، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق‘‘ دېيىش ئۇنىڭ كاپپارىتىدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 7045)

7600 ـ عن عبد اللهِ بن عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا عَدْوَى وَلَا طِيَرَةَ إنمَا الشؤْمُ فِي ثَلَاثٍ فِي الْفَرَسِ وَالْمَرْأَةِ وَالدارِ.

7600 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كېسەل يۇقۇش ۋە يامان پال ئېلىش دەيدىغان بىر نەرسە يوق. شۇملۇق پەقەت ئات، خوتۇن ۋە ئۆيدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ».

(بۇخارى: 5772)

7601 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ ذَكَرُوا الشؤْمَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ كَانَ الشؤْمُ فِي شَيْءٍ فَفِي الدارِ وَالْمَرْأَةِ وَالْفَرَسِ.

7601 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شۇملۇق بىرەر نەرسىدە بولىدىغان بولسا، خوتۇندا، ئاتتا ۋە ئۆيدە بولغان بولاتتى» دېگەن.

(بۇخارى: 5095)

7602 ـ عَنْ أَبِي حَسانَ قَالَ دَخَلَ رَجُلَانِ مِنْ بَنِي عَامِرٍ عَلَى عَائِشَةَ فَأَخْبَرَاهَا أن أَبا هُرَيْرَةَ يُحَدثُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الطيَرَةُ مِنْ الدارِ وَالْمَرْأَةِ وَالْفَرَسِ فَغَضِبَتْ فَطَارَتْ شِقةٌ مِنْهَا فِي السمَاءِ وَشِقةٌ فِي الْأَرْضِ وَقَالَتْ وَالذِي أَنْزَلَ الْفُرْقَانَ عَلَى مُحَمدٍ مَا قَالَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَط إنمَا قَالَ كَانَ أَهْلُ الْجَاهِلِيةِ يَتَطَيرُونَ مِنْ ذَلِكَ.

---

[1] ھەيسەمى (8412): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7602 ـ ئەبۇ ھەسساندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى كىشى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شۇملۇق دېگەن ئات، خوتۇن ۋە ئۆيدىلا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، ـ دېگەندى. ئائىشە غەزەبلىنىپ چېچىلىپ كەتتى ۋە:

ـ قۇرئاننى (قۇرئاننى) مۇھەممەدكە نازىل قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىزمۇ ئۇنداق دېمىگەن. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەرنىڭ شۇ نەرسىلەردىن شۇم پال ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 25209)

7603 ـ وفي رواية: كَانَ أَهْلُ الْجَاهِلِيةِ يَقُولُونَ الطِّيَرَةُ فِي الْمَرْأَةِ وَالدارِ وَالدابـةِ ثُم قَرَأَتْ عَائِشَةُ مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنفُسِكُمْ إِلا فِي كِتَابٍ إِلى آخِـرِ الْآيَةِ.

7603 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر: ”شۇملۇق دېگەن ئات، خوتۇن ۋە ئۆيدە بولىدۇ“ دېيىشەتتى، ـ دېگەن، ئاندىن: يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى، اﷲقا ئاساندۇر[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[3].

(ئەھمەد: 26130)

[1] ھەيسەمى (8404): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ھەدىد، 22 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (8405): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7604 ـ عن حَكِيمِ بن مُعَاوِيَةَ قَالَ سمعت النبي ﷺ يقول لَا شُؤْمَ وقَدْ يَكُونُ الْيُمْنُ في الدارِ وَالْمَرْأَةِ وَالْفَرَسِ.

7604 ــ ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«شۇملۇق يوق. بەرىكەت بەلكىم ئۆيدە، ئايالدا ۋە ئاتتا بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[1].

(تىرمىزى: 2824)

7605 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا عَدْوَى وَلَا طِيَرَةَ وَلَا غُولَ.

7605 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«كېسەل يۇقۇش، شۇم پال ئېلىش ۋە سەراپ (چۆل ئىزىتقۇسى) دېگەن ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

(مۇسلىم: 2222)

7606 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا عَدْوَى وَلَا صَفَرَ وَلَا هَامَةَ فَقَالَ أَعْرَابِي يَا رَسُولَ اللهِ فَمَا بَالُ إِبِلِي تَكُونُ فِي الرمْلِ كَأَنهَا الظبَاءُ فَيَأْتِي الْبَعِيرُ الْأَجْرَبُ فَيَدْخُلُ بَيْنَهَا فَيُجْرِبُهَا فَقَالَ فَمَنْ أَعْدَى الْأَولَ.

7606 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كېسەل يۇقۇش، سەفەر (قورساقتا بار دەپ قارىلىدىغان يىلان) بىلەن شۇم پال ئېلىش، ھوقۇشتىن شۇملۇق ھېس قىلىش دېگەن ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس، ـ دېگەن ئىدى، بىر ئەئرابى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قۇملۇقتا ئوتلاۋاتقان (تېرىسى) كېيىكتەك پارقىراق تۆگەمنىڭ يېنىغا قوتۇر تۆگىدىن بىرسى كېلىپ،

---

[1] ئەلبانى (2264): سەھىھ ـ دېگەن.

دۈمبىسىنى سۈركىۋىدى، ساق تۆگەم قوتۇر بولۇپ قالدى. بۇ قانداق ئىش؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
— سەنچە، (سىنىڭ تۆگەڭگە يېقىنلاشقان) ئۇ قوتۇر تۆگىنى قايسى تۆگە قوتۇر قىلىپ قويغاندۇ؟ - دېدى.
(بۇخارى: 5717)

7607 ـ وَعَنْ أَبِي سَلَمَةَ سَمِعَ أَبا هُرَيْرَةَ بَعْدُ يَقُولُ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُورِدَن مُمْرِضٌ عَلَى مُصِح وَأَنكَرَ أَبو هُرَيْرَةَ حَدِيثَ الْأَول قُلْنا أَلَمْ تُحَدثْ أَنهُ لَا عَدْوَى فَرَطَنَ بِالْحَبَشِيةِ قَالَ أَبو سَلَمَةَ فَمَا رَأَيْتُهُ نَسِيَ حَدِيثًا غَيْرَهُ.

7607 - ئەبۇ سەلەمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئادەم كېسەل تۆگىلىرىنى باشقىلارنىڭ ساق تۆگىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۇغارمىسۇن!» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئالدىنقى ھەدىسكە زىت كېلىپ قالغاچقا:
— سەن: «كېسەل يۇقۇش دېگەن ئىش مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن ھەدىسنى سۆزلەپ بەرمىگەنمىدىڭ؟ - دېسەك، ئۇ ئاچچىقلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ بىر ھەدىستىن باشقا ھەدىسنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىم.
(بۇخارى: 5771)

7608 ـ وفي رواية: فَلَا أَدْرِي أَنسِيَ أَبو هُرَيْرَةَ أَوْ نَسَخَ أَحَدُ الْقَوْلَيْنِ الْآخَرَ.

7608 - يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەبۇ سەلەمە: يا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ياكى ئىككى ھەدىستىن بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى بىلەلمىدىم، - دېگەن.
(مۇسلىم: 2221)

7609 ـ وفي رواية عن أبي هريرة: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم «لاَ عَدْوَى وَلاَ طِيَرَةَ وَلاَ هَامَةَ وَلاَ صَفَرَ، وَفِر مِنَ الْمَجْذُومِ كَمَا تَفِر مِنَ الأَسَدِ».

7609 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كېسەل يۇقۇش، شۇم پال ئېلىش، ھوقۇشتىن شۇملۇق ھېس قىلىش ۋە سەفەر (قورساقتا بار دەپ قارىلىدىغان يىلان) بىلەن شۇم پال ئېلىش دېگەن ئىشلار ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما جۈزام (ماخاۋ) كېسىلى بولغان ئادەمدىن خۇددى شىردىن قاچقاندەك قېچىڭلار!».
(بۇخارى: 5707)

7610 ـ عن قَبِيصَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْعِيَافَةُ وَالطِّيَرَةُ وَالطَّرْقُ مِنْ الْجِبْتِ.

7610 ــ قەبىيسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«قۇشلاردىن پال ئېلىش، شۇملۇق ھېس قىلىش ۋە رەمماللىق بۇتپەرەس (مۇشرىك) لىكتۇر»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 3907)

7611 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا كُنا فِي دَارٍ كَثِيرٌ فِيهَا عَدَدُنَا وَكَثِيرٌ فِيهَا أَمْوَالُنَا فَتَحَوَّلْنَا إِلَى دَارٍ أُخْرَى فَقَلَ فِيهَا عَدَدُنَا وَقَلَّتْ فِيهَا أَمْوَالُنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَرُوهَا ذَمِيمَةً.

7611 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:
ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇرۇنقى ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىمىزدا جان سانىمىز كۆپ، مېلىمىز جىق ئىدى. باشقا بىر ئۆيگە كۆچكەندىن كېيىن، جان سانىمىزمۇ، ماللىرىمىزمۇ ئازلاپ كەتتى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:
ــ ياقتۇرۇلمىغان ئۇ ئۆينى شۇ پېتى تاشلىۋېتىڭلار! ـ دېدى[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 3927)

---

[1] ئەلبانى (842): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3322): ھەسەن، ـ دېگەن.

7612 ـ وعن عمر نحوه وفيه: فقالوا يا رسول الله كيف ندعها قال بيعوهـا أو هبوها.

7612 ــ ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىنمــۇ يۇقىرىقىــدەك رىــۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا كېلىشچە، ئۇلار:

ــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئـۇنى قانـداق تاشـلىۋېتىمىز؟ ـ دەپ سـورىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ سېتىۋېتىڭلار ياكى باشقىلارغا بېرىۋېتىڭلار! ـ دېگەن[1].

(بەززار: 3051)

7613 ـ عَن بن عَطِيَةَ أن رَسُولَ الله ﷺ قال لاَ عَدْوَى وَلاَ هَامَ وَلاَ صَـفَرَ وَلاَ يَحُل الْمُمْرِضُ على الْمُصِح وَلْيُحْلُلِ الْمُصِح حَيْثُ شَاءَ فَقَالُوا يا رَسُولَ الله وما ذَاكَ فقال رسول الله ﷺ إنه أَذًى.

7613 ـ ئىبنى ئەتىييەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كېسەل يۇقۇش، ھوقۇشتىن شۇملۇق ھېس قىلىش ۋە سەفەر (قورساقتا بار دەپ قارىلىدىغان يىلان) بىلەن شۇم پال ئېلىش (دېگەندەك ئىشلار ئەمەلىيەتتە) مەۋجۇت ئەمەس. بىر كىشى كېسەل مېلىنى باشقىلارنىڭ ساق مېلىغا قاتمىسۇن. ساق مالنى قەيەردە قويسا بولىۋېرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چۈنكى كېسەل مال ساق مالغا زىيان سالىدۇ، ـ دېدى.
(مالىك: 1695)

---

[1] ھەيسەمى (8409): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى سەئىد ئىبنى سۇفيان بىلەن سالىھ ئىبنى ئەبۇ ئەخزەر ئىككىسى ھەدىسى زەئىپ كىشىلەردۇر، ـ دېگەن.

7614 ـ عن الشريدِ قال كان في وَفْدِ ثَقِيفٍ رَجُلٌ مَجْذُومٌ فَأَرْسَلَ إليه النبي ﷺ إنا قد بَايَعْنَاكَ فَارْجِعْ.

7614 ـ شەرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغىلى كەلگەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئۆمىكىدە جۈزام (ماخاۋ) كېسىلىگە مۇبتىلا بولغان بىر كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ:

ـ بىز سەندىن بەيئەت ئالغان بولايلى، كېلىپ يۈرمەي قايتىپ كەتكىن، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3544)

7615 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُدِيمُوا النظَرَ إلَى الْمَجْذُومِينَ.

7615 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«جۈزام (ماخاۋ) كېسىلىگە مۇبتىلا بولغانلارغا كۆپ قارىماڭلار!» دېگەن[2].

(ئىبنى ماجە: 3543)

[1] ئەلبانى (2855): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2854): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

## يۇلتۇزلار، سېھىر ۋە كاھىنلىق

7616 ـ وعن ابنِ عباسٍ رفعه: مَنِ اقتبسَ باباً من علم النجومِ لغيرِ ما ذَكَرَ اللـهُ فقدِ اقتبسَ شعبةً منَ السحرِ، المنجمُ كاهنٌ والكاهنُ ساحرٌ والساحرُ كافرٌ.

7616 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىلمى نۇجۇمدىن بىرەر بابنى الله زىكىر قىلغان نەرسىلەردىن باشقا نەرسە ئۈچۈن ئۆگەنسە، سېھىرگەرلىكتىن بىر پارچە ئۆگەنگەن بولىدۇ. مۇنەججىم كاھىندۇر، كاھىن سېھىرگەردۇر، سېھىرگەر كاپىردۇر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7617 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ الْجُهَنِي قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةَ الصبْحِ بِالْحُدَيْبِيَةِ فِي إِثْرِ السمَاءِ كَانَتْ مِنْ اللَيْلِ فَلَما انْصَرَفَ أَقْبَلَ عَلَى الناسِ فَقَالَ هَلْ تَدْرُونَ مَاذَا قَالَ رَبكُمْ قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ قَالَ أَصْبَحَ مِنْ عِبَادِي مُؤْمِنٌ بِـي وَكَافِرٌ فَأَما مَنْ قَالَ مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللهِ وَرَحْمَتِهِ فَذَلِكَ مُؤْمِنٌ بِي كَافِرٌ بِالْكَوْكَبِ وَأَما مَـنْ قَالَ مُطِرْنَا بِنَوْءِ كَذَا وَكَذَا فَذَلِكَ كَافِرٌ بِي مُؤْمِنٌ بِالْكَوْكَبِ.

7617 ـ زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيەدە كېچىچە ياغقان يامغۇردىن كېيىن، ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، بىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

ـ رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

جامائەت:

— اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

— رەببىڭلار: بەندىلىرىمنىڭ بەزىسى ماڭا ئىشەنگەن، بەزىسى مەندىن تانغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى. "اللەنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن يامغۇر ياغدى" دېگەنلەر ماڭا ئىشەنگەن ۋە يۇلتۇزلارنى ئىنكار قىلغانلار؛ "پالانى ۋە پوكۇنى يۇلتۇز چىققانلىقتىن يامغۇر ياغدى" دېگەنلەر بولسا، مېنى ئىنكار قىلىپ، يۇلتۇزلارغا ئىشەنگەنلەردۇر، - دېدى.

(مۇسلىم: 71)

7618 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ اللهُ عَـز وَجَل مَا أَنْعَمْتُ عَلَى عِبَادِي مِنْ نِعْمَةٍ إِلا أَصْبَحَ فَرِيقٌ مِنْهُمْ بِهَا كَافِرِينَ يَقُولُونَ الْكَوْكَبُ وَبِالْكَوْكَبِ.

7618 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دېدى: "قانداقلا بىر نېئمەت ئاتا قىلسام، بەندىلىرىمنىڭ بىر قىسمى ئۇ نېئمەتتىن تېنىپ: "بۇ (نېئمەت) يۇلتۇز سەۋەبىدىن (بېرىلدى)" دېيىشىدۇ»[①].

(نەسائى: 1524)

7619 - عن مَالِكٍ أَنَهُ بَلَغَهُ أن أَبا هُرَيْرَةَ كان يقول إذا أَصْبَحَ وقد مُطِرَ النـاس مُطِرْنَا بِنَوْءِ الْفَتْحِ ثُم يَتْلُو هذه الآيَةَ (ما يَفْتَحِ الله لِلناسِ من رَحْمَةٍ فَلاَ مُمْسِكَ لَهـا ومـا يمسك فلا مرسل له من بعده).

7619 — مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىشىچە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھەردە يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرسە: "رەببىمىزنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن يامغۇر ياغدى" دەيتتى ۋە: اللە رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ، اللە

[①] ئەلبانى (1434): سەھىھ - دېگەن.

رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى، اللە توسقاندىن كېيىن، ئۇنى ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى.

(مالىك: 453)

7620 ـ قَتَادَةُ: خَلَقَ هذه النجُومَ لِثَلَاثٍ جَعَلَهَا زِينَةً لِلسمَاءِ وَرُجُومًا لِلشـيَاطِينِ وَعَلَامَاتٍ يُهْتَدَى ﻬﺎ فَمَنْ تَأولَ فيها بِغَيْرِ ذلك أَخْطَأَ وَأَضَاعَ نَصِيبَهُ وَتَكَلفَ مالا عِلْمَ لـه بِهِ.

وفي رواية رزين: تكلفَ ما لا يعنيه وما علمَ له به وما عجزَ عـن علمِـه الأنبيـاءُ والملائكةُ.

7620 ـ قەتادە اللە تائالانىڭ: ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراقلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: اللە يۇلتۇزلارنى ئۈچ ئىش ئۈچۈن ياراتقان. بىرىنچىسى، ئۇنى ئاسمانغا زىننەت قىلغان؛ ئىككىنچىسى، پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان شەيتانلارنى يوقىتىدىغان قورال قىلغان؛ ئۈچىنچىسى، كېچىسى سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ (يۇلتۇزلارنى بەلگە قىلىش ئارقىلىق) يول تېپىپ مېڭىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن. كىمكى يۇلتۇزلارنى بۇنىڭدىن باشقىچە چۈشەنسە، چوقۇم خاتالاشقان، ئۆز نېسىۋىسىنى زايە قىلغان، بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلىدىغاندەك بولۇۋالغان بولىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

---

[1] سۈرە فاتىر، 2 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇلك، 5 ـ ئايەت.

رەزىنىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز، بىلمەيدىغان، پەيغەمبەرلەر بىلەن پەرىشتىلەرمۇ بىلەلمەي قالغان نەرسىنى بىلىمەن دەپ تۇرىۋالغان بولىدۇ.

7621 ـ عن العباس قال خرجت مع رسول الله ﷺ من المدينة فالتفت إليها فقال إن الله قد طهر هذه القرية من الشرك إن لم تضلهم النجوم.

7621 ـ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىز مەدىنىدىن بىللە چىقتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىگە بۇرۇلۇپ، مەدىنىگە قاراپ: «ئەگەر يۇلتۇزلار ئازدۇرىۋەتمىسىلا، الله بۇ شەھەرنى شېرىكتىن پاكلايدۇ» دېدى[①].

(مەۋسىلى: 5781)

7622 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ عَقَدَ عُقْدَةً ثُم نَفَثَ فِيهَا فَقَدْ سَحَرَ وَمَنْ سَحَرَ فَقَدْ أَشْرَكَ وَمَنْ تَعَلقَ شَيْئًا وُكِلَ إِلَيْهِ.

7622 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر تۈگۈننى تۈگۈپ، ئۇنىڭغا سۈفلىسە، سېھىر قىلغان بولىدۇ. كىمكى سېھىر قىلسا، شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. كىمكى (ۋۇجۇدىغا ياكى كىيىم ـ كېچەككە تۇمارغا ئوخشاش) بىر نەرسە ئېسىۋالسا، ئۇنىڭ ئىشى شۇ نەرسىگە تاشلاپ قويۇلىدۇ»[②].

(نەسائى: 4079)

7623 ـ عن عَبْد اللهِ بن عَباسٍ قَالَ أَخْبَرَنِي رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْأَنصَارِ أَنهُمْ بَيْنَمَا هُمْ جُلُوسٌ لَيْلَةً مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رُمِيَ بِنَجْمٍ فَاسْتَنَارَ فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَاذَا كُنْتُمْ تَقُولُونَ فِي

---

① ھەيسەمى (8475): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەيس ئىبنى رەبىئ ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (276): زەئىپ، ـ دېگەن.

الْجَاهِلِيَةِ إِذَا رُمِيَ بِمِثْلِ هَذَا قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ كُنا نَقُولُ وُلِدَ اللَيْلَةَ رَجُلٌ عَظِيمٌ وَمَاتَ رَجُلٌ عَظِيمٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِنهَا لَا يُرْمَى بِهَا لِمَوْتِ أَحَدٍ وَلَا لِحَيَاتِهِ وَلَكِنْ رَبنَا تَبَارَكَ وَتَعَالَى اسْمُهُ إِذَا قَضَى أَمْرًا سَبحَ حَمَلَةُ الْعَرْêِ ثُم سَبحَ أَهْلُ السمَاءِ الذِينَ يَلُونَهُمْ حَتى يَبْلُغَ التسْبِيحُ أَهْلَ هَذِهِ السمَاءِ الدنْيَا ثُم قَالَ الذِينَ يَلُونَ حَمَلَةَ الْعَرْêِ لِحَمَلَةِ الْعَرْêِ مَاذَا قَالَ رَبكُمْ فَيُخْبِرُونَهُمْ مَاذَا قَالَ قَالَ فَيَسْتَخْبِرُ بَعْضُ أَهْلِ السمَاوَاتِ بَعْضًا حَتى يَبْلُغَ الْخَبَرُ هَذِهِ السمَاءَ الدنْيَا فَتَخْطَفُ الْجِن السمْعَ فَيَقْذِفُونَ إِلَى أَوْلِيَائِهِمْ وَيُرْمَوْنَ بِهِ فَمَا جَاءُوا بِهِ عَلَى وَجْهِهِ فَهُوَ حَق وَلَكِنهُمْ يَقْرِفُونَ فِيهِ وَيَزِيدُونَ.

7623 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارى ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق، بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپ، ئەتراپنى يورۇتىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇشۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق نېمە دەيتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، بىز: ”بۇ كېچە بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆلۈپ، يەنە بىر ئۇلۇغ ئادەم تۇغۇلىدىكەن“ دەيتتۇق، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ــ ئەمەلىيەتتە يۇلتۇزلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن ئاقمايدۇ، بەلكى ئىسمى زاتى ئۇلۇغ ھەم بەرىكەتلىك بولغان رەببىمىز بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەر تەسبىھ ئېيتىشىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن ئاستىدىكى ئاسماندىكىلەر تەسبىھ ئېيتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى تەسبىھ ئېيتىش مۇشۇ تۆۋەن قەۋەتتىكى پەرىشتىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن كېيىنكى پەرىشتىلەر ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن: ”پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟“ دەپ سورايدۇ، ئۇلار اللهنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئاسماندىكىلەر بىر ـ بىرىدىن سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇ خەۋەر مۇشۇ

تۆۋەن قەۋەت ئاسماندىكىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا جىنلار ئۇ خەۋەرنى ئاڭلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە (پالچى، رەممالالارغا) يەتكۈزىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇلارغا يۈلتۇز ئېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاسماندىن ئاڭلىۋالغان خەۋەرنى ئەينەن ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ راست خەۋەر بولىدۇ. لېكىن ئۇلار بىر راست سۆزگە يۈز يالغاننى قېتىۋېتىدۇ.
(مۇسلىم: 229)

7624 ـ قَالَتْ عَائِشَةُ سَأَلَ أُناسٌ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْكُهـانِ فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسُوا بِشَيْءٍ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ فَإِنهُمْ يُحَدثُونَ أَحْيَانًا بِالشيْءِ يَكُونُ حَقًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تِلْكَ الْكَلِمَةُ مِنْ الْحَـقِ يَخْطَفُهَا الْجِني فَيَقُرهَا فِي أُذُنِ وَلِيهِ قَر الدجَاجَةِ فَيَخْلِطُونَ فِيهَا أَكْثَرَ مِنْ مِائَةِ كَذْبَةٍ.

7624 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەزىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پالچىلار توغرىسىدا سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلارنىڭ سۆزى ئاساسسىز، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ لېكىن بەزى ئىشلار پالچىلارنىڭ دېگىنىدەك چىقىپ قالىدىغۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى راست سۆز بولۇپ، ئۇ سۆزنى جىنلار ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالىدۇ ۋە يېقىنلىرىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى توخۇ كۇرۇلدىغاندەك كۇرۇلداپ يەتكۈزىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئاڭلىغان بۇ خەۋەرگە يۈز يالغاننى قاتىدۇ، ـ دېدى.
(بۇخارى: 6213)

7625 ـ وفي رواية: فَيُقَرْقِرُهَا فِي أُذُنِ وَلِيهِ كَقَرْقَرَةِ الدجَاجَةِ.

7625 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاندىن ئۇنى يېقىنلىرىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى توخۇنىڭ كۇرۇلدىغىنىدەك كۇرۇلداپ يەتكۈزىدۇ» دەپ كەلگەن.
(بۇخارى: 7561)

7626 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سُحِرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى إِنهُ لَيُخَيلُ إِلَيْهِ أَنهُ يَفْعَلُ الشيْءَ وَمَا فَعَلَهُ حَتى إِذَا كَانَ ذَاتَ يَوْمٍ وَهُوَ عِنْدِي دَعَا اللهَ وَدَعَاهُ ثُم قَالَ أَشَعَرْتِ يَا عَائِشَةُ أَن اللهَ قَدْ أَفْتَانِي فِيمَا اسْتَفْتَيْتُهُ فِيهِ قُلْتُ وَمَا ذَاكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ جَاءَنِي رَجُلَانِ فَجَلَسَ أَحَدُهُمَا عِنْدَ رَأْسِي وَالْآخَرُ عِنْدَ رِجْلَي ثُم قَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ مَا وَجَعُ الرجُلِ قَالَ مَطْبُوبٌ قَالَ وَمَنْ طَبهُ قَالَ لَبِيدُ بْنُ الْأَعْصَمِ الْيَهُودِي مِنْ بَنِي زُرَيْقٍ قَالَ فِيمَا ذَا قَالَ فِي مُشْطٍ وَمُشَاطَةٍ وَجُف طَلْعَةٍ ذَكَرٍ قَالَ فَأَيْنَ هُوَ قَالَ فِي بِئْرِ ذِي أَرْوَانَ قَالَ فَذَهَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي أُنَاسٍ مِنْ أَصْحَابِهِ إِلَى الْبِئْرِ فَنَظَرَ إِلَيْهَا وَعَلَيْهَا نَخْلٌ ثُم رَجَعَ إِلَى عَائِشَةَ فَقَالَ وَاللهِ لَكَأَن مَاءَهَا نُقَاعَةُ الْحِنَاءِ وَلَكَأَن نَخْلَهَا رُءُوسُ الشيَاطِينِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَأَخْرَجْتَهُ قَالَ لَا أَما أَنَا فَقَدْ عَافَانِيَ اللهُ وَشَفَانِي وَخَشِيتُ أَنْ أُثَورَ عَلَى الناسِ مِنْهُ شَرا وَأَمَرَ بِهَا فَدُفِنَتْ.

7626 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېھىرلىنىپ قېلىپ، قىلمىغان ئىشنىمۇ قىلغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى، مېنىڭ قېشىمدا ئىدى، الله تائالاغا ئارقا ـ ئارقىدىن دۇئا قىلدى، ئاندىن ماڭا:

ـ تۇيدۇڭمۇ؟ الله تىلىگەن نەرسەم توغرۇلۇق مەلۇمات بەردى، ـ دېدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە توغرۇلۇق؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ يېنىمغا ئىككى كىشى كەلدى. بىرى باش تەرىپىمدە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە مۇنداق دېيىشتى:

ـ بۇ ئادەمگە نېمە بوپتۇ؟

ـ سېھىرلىنىپتۇ.

ـ كىم سېھىرلەپتۇ؟

ـ بەنى زۇرەيق قەبىلىسىدىن لۇبەيد ئىبنى ئەئسەم ئىسىملىك بىر يەھۇدىي.

ـ نېمە بىلەن سېھىرلەپتۇ؟

ـ تاغاقتا ئىلىنىپ قالغان چاچ بىلەن ئەركەك خورما چېچىكىنىڭ بەرگىگە.

ـ سېھىرلەنگەن نەرسە هازىر نەدە؟

ـ زىئەرۋان قۇدۇقىدا.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچە ساھابىسى بىلەن ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا باردى. قارىسا، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا خورمىلىق دەرەخلەر بار ئىكەن. ئاندىن يېنىمغا قايتىپ كېلىپ:

ـ ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى خۇددى خىنە چىلىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. خورما دەرەخلىرىمۇ خۇددى ئالۋاستىلارنىڭ كاللىسىغىلا ئوخشايدىكەن، ـ دېدى، مەن:

ـ سېھىرنى قۇدۇقتىن ئېلىۋەتكەن بولساڭچۇ؟ ـ دېسەم:

ـ كېرىكى يوق، چۈنكى الله ماڭا شىپالىق بەردى. ئۇ نەرسىنىڭ خەلققە زەرەر بېرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ قۇدۇق توپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىلدى.

(بۇخارى: 5766)

7627 ـ وفي رواية: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُحِرَ حَتى كَانَ يَرَى أَنهُ يَأْتِي النسَاءَ وَلَا يَأْتِيهن . وفيها: رَجُلٌ مِنْ بَنِي زُرَيْقٍ حَلِيفٌ لِيَهُودَ كَانَ مُنَافِقًا.

7627 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېھىرلەنگەن بولغاچقا، ئاياللىرىغا يېقىنلاشمىسىمۇ يېقىنلاشتىم دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق كەلگەن: ئۇ (سېھىرگەر) بەنى زۇرەيق قەبىلىسىلىك بىر مۇناپىق بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئىدى.

(بۇخارى: 5765)

7628 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ سَحَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ مِنْ الْيَهُودِ فَاشْتَكَى لِذَلِكَ أَيامًا فَأَتَاهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلام فَقَالَ إِن رَجُلًا مِنْ الْيَهُودِ سَحَرَكَ عَقَدَ لَـكَ

عُقَدًا فِي بِئْرِ كَذَا وَكَذَا فَأَرْسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَخْرَجُوهَا فَجِيءَ بِهَا فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَأَنمَا نُشِطَ مِنْ عِقَالٍ فَمَا ذَكَرَ ذَلِكَ لِذَلِكَ الْيَهُودِي وَلَا رَآهُ فِي وَجْهِهِ قَط.

7628 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەھۇدىي تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ، ئاغرىپ قالدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

ــ يەھۇدىيلاردىن بىرى سېنى سېھىرلەپ، تۈگۈنچىنى پالانى قۇدۇقتا كۆمۈپ قويدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ تۈگۈنچىنى چىقارغۇزدى. تۈگۈنچە يېشىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ساقىيىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئۇ يەھۇدىينىڭ يۈزىگە سالمىدى، ھەتتا (چىراي) ئىپادىسىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى[1].

(نەسائى: 4080)

[1] ئەلبانى (3802): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

# تەقدىر بۆلۈمى

## ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشى، كىچىك بالىلارنىڭ ھۆكمى، قەدەرىيە پىرقىسىنى ئەيىبلەش ۋە باشقىلار

7629 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُؤْمِنُ عَبْدٌ حَتى يُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِهِ حَتى يَعْلَمَ أَن مَا أَصَابَهُ لَمْ يَكُنْ لِيُخْطِئَهُ وَأَن مَا أَخْطَأَهُ لَمْ يَكُنْ لِيُصِيبَهُ قَالَ أَبو عِيسَى وَفِي الْبَاب عَنْ عُبَادَةَ وَجَابِرٍ وَعَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْـرٍو وَهَـذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ حَدِيثِ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَيْمُونٍ وَعَبْدُ اللهِ بْنُ مَيْمُـونٍ مُنْكَـرُ الْحَدِيثِ.

7629 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندە تەقدىرگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىر بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرمىگىچە، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن نەرسىنىڭ چوقۇم يەتمەي قالمايدىغانلىقىنى، پۈتۈلمىگىنىنىڭ ھەرگىزمۇ خاتا يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلمىگىچە مۆئمىن بولالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2144)

7630 ـ عَنْ ابْنِ الديْلَمِي قَالَ أَتَيْتُ أُبَي بْنَ كَعْبٍ فَقُلْتُ لَهُ وَقَعَ فِي نَفْسِي شَيْءٌ مِنْ الْقَدَرِ فَحَدثْنِي بِشَيْءٍ لَعَل اللهَ أَنْ يُذْهِبَهُ مِنْ قَلْبِي قَالَ لَوْ أَن اللهَ عَذبَ أَهْلَ سَـمَاوَاتِهِ وَأَهْلَ أَرْضِهِ عَذبَهُمْ وَهُوَ غَيْرُ ظَالِمٍ لَهُمْ وَلَوْ رَحِمَهُمْ كَانَتْ رَحْمَتُهُ خَيْرًا لَهُمْ مِنْ أَعْمَالِهِمْ

[1] ئەلبانى (1743): سەھىھ ـ دېگەن.

وَلَوْ أَنفَقْتَ مِثْلَ أُحُدٍ ذَهَبًا فِي سَبِيلِ اللهِ مَا قَبِلَهُ اللهُ مِنْكَ حَتى تُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ وَتَعْلَمَ أن مَا أَصَابَكَ لَمْ يَكُنْ لِيُخْطِئَكَ وَأن مَا أَخْطَأَكَ لَمْ يَكُنْ لِيُصِيبَكَ وَلَوْ مُت عَلَى غَيْرِ هَذَا لَدَخَلْتَ النارَ قَالَ ثُم أَتَيتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ فَقَالَ مِثْلَ ذَلِكَ قَالَ ثُم أَتَيتُ حُذَيفَةَ بْنَ الْيَمَانِ فَقَالَ مِثْلَ ذَلِكَ قَالَ ثُم أَتَيتُ زَيدَ بْنَ ثَابِتٍ فَحَدثَنِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ مِثْلَ ذَلِكَ.

7630 ـ ئىبنى دەيلەمىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۇبەي ئىبنى كەئبىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ كۆڭلۈمگە تەقدىر ھەققىدە بىر نەرسە كېلىۋالدى. شۇڭا سەن ماڭا بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرگىنكى، مۇشۇ ۋەسىلە بىلەن الله قەلبىمدىكى ۋەسۋەسىنى يوقىتىۋەتسە ئەجەب ئەمەس، ـ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى:

ــ «ئەگەر الله ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنى ئازابلىماقچى بولسا (ئازابلاۋېرىدۇكى)، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولمايدۇ. ئەگەر الله ئۇلارغا رەھمەت قىلماقچى بولسا، اللهنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن كۆپ ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى الله يولىدا سەرپ قىلساڭمۇ، تاكى سەن تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىگىچە، الله ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پېشانەڭگە پۈتۈلگەن نەرسە ساڭا چوقۇم يەتمەي قالمايدۇ، پۈتۈلمىگەن نەرسە ساڭا ھەرگىزمۇ خاتا يېتىپ قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېتىقاد ئۈستىدە ئۆلسەڭ، ئەلۋەتتە دوزاخقا كىرىسەن».

كېيىن مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئۇمۇ ئوخشاش ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ھۇزەيفە ئىبنى يەماننىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئۇمۇ مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئۇمۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4699)

[1] ئەلبانى (3932): سەھىھ ـ دېگەن.

7631 ـ عَنْ أَبِي حَفْصَةَ قَالَ قَالَ عُبَادَةُ بْنُ الصامِتِ لِابْنِهِ يَا بُنَي إِنكَ لَنْ تَجِدَ طَعْمَ حَقِيقَةِ الْإِيمَانِ حَتى تَعْلَمَ أَن مَا أَصَابَكَ لَمْ يَكُنْ لِيُخْطِئَكَ وَمَا أَخْطَأَكَ لَمْ يَكُنْ لِيُصِيبَكَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن أَولَ مَا خَلَقَ اللهُ الْقَلَمَ فَقَالَ لَهُ اكْتُبْ قَالَ رَب وَمَاذَا أَكْتُبُ قَالَ اكْتُبْ مَقَادِيرَ كُل شَيْءٍ حَتى تَقُومَ الساعَةُ يَا بُنَي إِنِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ مَاتَ عَلَى غَيْرِ هَذَا فَلَيْسَ مِني.

7631 ـ ئەبۇ ھەفسەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىغا مۇنداق دېدى: ئى ئوغلۇم! پېشانەڭگە پۈتۈلگەن نەرسىنىڭ ساڭا چوقۇم يېتەي قالمايدىغانلىقىنى، پۈتۈلمىگەننىڭ ساڭا ھەرگىزمۇ خاتا يېتىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلمىگىچە، ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالمايسەن. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «الله دەسلەپ قەلەمنى ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: "يازغىن!" دېدى. قەلەم: "پەرۋەردىگارىم! نېمىنى يازىمەن؟" دەپ سورىغانىدى، الله: "قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر تەقدىر قىلىنغان بارلىق نەرسىلەرنى يازغىن!" دېدى».

ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى مۇشۇنىڭدىن باشقا ئېتىقاد ئۈستىدە ئۆلسە، ئۇ مەندىن ئەمەس»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4700)

7632 ـ عَنْ عَبْد الْوَاحِدِ بْن سُلَيْمٍ قَالَ قَدِمْتُ مَكةَ فَلَقِيتُ عَطَاءَ بْنَ أَبِي رَبَاحٍ فَقُلْتُ لَهُ يَا أَبَا مُحَمدٍ إِن أَهْلَ الْبَصْرَةِ يَقُولُونَ فِي الْقَدَرِ قَالَ يَا بُنَي أَتَقْرَأُ الْقُرْآنَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَاقْرَأْ الزخْرُفَ قَالَ فَقَرَأْتُ حم وَالْكِتَابِ الْمُبِينِ إِنا جَعَلْنَاهُ قُرْآنًا عَرَبِيا لَعَلكُمْ تَعْقِلُونَ وَإِنهُ فِي أُم الْكِتَابِ لَدَيْنَا لَعَلِي حَكِيمٌ فَقَالَ أَتَدْرِي مَا أُم الْكِتَابِ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِنهُ كِتَابٌ كَتَبَهُ اللهُ قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَ السمَاوَاتِ وَقَبْلَ أَنْ يَخْلُقَ الْأَرْضَ فِيهِ إِن فِرْعَوْنَ

[1] ئەلبانى (3933): سەھىھ ـ دېگەن.

مِنْ أَهْلِ النارِ وَفِيهِ تَبتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَب قَالَ عَطَاءٌ فَلَقِيتُ الْوَلِيدَ بْنَ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ صَاحِبَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلْتُهُ مَا كَانَ وَصِيةُ أَبِيكَ عِنْدَ الْمَـوْتِ قَـالَ دَعَانِي أَبِي فَقَالَ لِي يَا بُنَي اتقِ اللهَ وَاعْلَمْ أَنكَ لَنْ تَتقِيَ اللهَ حَتى تُؤْمِنَ بِاللهِ وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ كُلِهِ خَيْرِهِ وَشَرِهِ فَإِنْ مُت عَلَى غَيْرِ هَذَا دَخَلْتَ النارَ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن أَولَ مَا خَلَقَ اللهُ الْقَلَمَ فَقَالَ اكْتُبْ فَقَالَ مَا أَكْتُبُ قَالَ اكْتُبْ الْقَـدَرَ مَا كَانَ وَمَا هُوَ كَائِنٌ إِلَى الْأَبَدِ قَالَ أَبُو عِيسَى وَهَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ مِنْ هَذَا الْوَجْهِ.

7632 ـ ئابدۇلۋاھىد ئىبنى سۇلەيمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەككىگە كېلىپ، ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئەتا! بەسرەلىكلەر تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىكەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئى ئوغلۇم! قۇرئان ئوقۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ سۈرە زۇخرۇفنى ئوقۇغىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ھا، مىم. روشەن كىتاب بىلەن قەسەمكى، سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئۇ لەۋھۇلمەھپۇزدا بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (مۇقىملاشقان) يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھېكمەتلىك (كىتاب)تۇر[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدۇم. ئۇ:

ـ لەۋھۇلمەھپۇزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئۇ شۇنداق بىر كىتابكى، الله ئۇنىڭغا ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن بۇرۇن: ”پىرئەۋن دوزاخ ئەھلىدۇر“ دەپ يېزىۋەتكەن. ئۇنىڭدا يەنە: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى دەپ يېزىلغان، ـ دېدى.

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ ئابدۇلۋاھىد ئىبنى سۇلەيمگە يەنە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] سۈرە زۇخرۇف، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

ساھابىسى ئۇباده ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد ئىبنى ئۇباده بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن:

ــ ئاتاڭ ئۆلۈش ئالدىدا ساڭا نىمىلەرنى ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم. ئۇمۇ تەقدىر ھەققىدە يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلدى[①].

(تىرمىزى: 2155)

7633 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفِي يَدِهِ كِتَابَانِ فَقَالَ أَتَدْرُونَ مَا هَذَانِ الْكِتَابَانِ فَقُلْنَا لَا يَا رَسُولَ اللهِ إِلـا أَنْ تُخْبِرَنَا فَقَالَ لِلذِي فِي يَدِهِ الْيُمْنَى هَذَا كِتَابٌ مِنْ رَب الْعَالَمِينَ فِيهِ أَسْمَاءُ أَهْـلِ الْجَنـةِ وَأَسْمَاءُ آبَائِهِمْ وَقَبَائِلِهِمْ ثُم أُجْمِلَ عَلَى آخِرِهِمْ فَلَا يُزَادُ فِيهِمْ وَلَا يُنْقَصُ مِنْهُمْ أَبَدًا ثُم قَالَ لِلذِي فِي شِمَالِهِ هَذَا كِتَابٌ مِنْ رَب الْعَالَمِينَ فِيهِ أَسْمَاءُ أَهْلِ النارِ وَأَسْمَاءُ آبَائِهِمْ وَقَبَائِلِهِمْ ثُم أُجْمِلَ عَلَى آخِرِهِمْ فَلَا يُزَادُ فِيهِمْ وَلَا يُنْقَصُ مِنْهُمْ أَبَدًا فَقَالَ أَصْحَابُهُ فَفِيمَ الْعَمَـلُ يَـا رَسُولَ اللهِ إِنْ كَانَ أَمْرٌ قَدْ فُرĥ مِنْهُ فَقَالَ سَددُوا وَقَارِبُوا فَإِن صَاحِبَ الْجَنةِ يُخْتَمُ لَهُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنةِ وَإِنْ عَمِلَ أَي عَمَلٍ وَإِن صَاحِبَ النارِ يُخْتَمُ لَهُ بِعَمَلِ أَهْلِ النارِ وَإِنْ عَمِـلَ أَي عَمَلٍ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدَيْهِ فَنَبَذَهُمَا ثُم قَالَ فَرĥ رَبكُمْ مِنْ الْعِبَادِ فَرِيقٌ فِي الْجَنةِ وَفَرِيقٌ فِي السعِيرِ حَدثَنَا قُتَيْبَةُ حَدثَنَا بَكْرُ بْنُ مُضَرٍ عَنْ أَبِي قَبِيلٍ نَحْوَهُ قَالَ أَبُو عِيسَى وَفِي الْبَاب عَنْ ابْنِ عُمَرَ وَهَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ غَرِيبٌ وَأَبُو قَبِيلٍ اسْـمُهُ حُيَي بْنُ هَانِئٍ.

7633 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ كەلدى، قولىدا ئىككى كىتاب بار ئىدى. بىزدىن:

ــ بۇ ئىككىسىنىڭ نىمە كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دېدى. بىز:

[①] ئەلبانى (1749): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىلمەيمىز، لېكىن سەن بىزگە ئۇنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئاندىن بىلىمىز، ـ دېدۇق. ئۇ ئوڭ قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ بۇ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن كىتابتۇر. ئۇنىڭدا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بار. ئۇنىڭدا ئەڭ ئاخىرقى ئادەمگىچە ھەممىسى ئومۇمەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار زىيادىمۇ قىلىنمايدۇ، كەممۇ قىلىنمايدۇ، مەڭگۈ شۇنداق قالىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن سول قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ بۇمۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن كىتابتۇر. ئۇنىڭدا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بار. ئۇنىڭدا ئەڭ ئاخىرقى ئادەمگىچە ھەممىسى ئومۇمەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار زىيادىمۇ قىلىنمايدۇ، كەممۇ قىلىنمايدۇ، مەڭگۈ شۇنداق قالىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئەگەر ئىش ھەقىقەتەن شۇنداق بېكىتىلىپ بولغان بولسا، نېمىشقا ئەمەل قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر توغرا ئىش قىلىڭلار ۋە ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار. شەك ــ شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى بولغان كىشى ئىلگىرى قانداق ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆمرىنى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. دوزاخ ئەھلى بولغان كىشىمۇ ئىلگىرى قانداق ئەمەل قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆمرىنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ قولىدىكى ئىككى كىتابنى قويۇپ:

ــ پەرۋەردىگارىڭلار بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېكىتىپ بولدى. بىر قىسىم ئىنسانلار جەننەتكە، يەنە بىر قىسىم ئىنسانلار دوزاخقا كىرىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2141)

[1] ئەلبانى (1740): ھەسەن، ـ دېگەن.

7634 ـ عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ فَبَسَطَ كَفَّهُ الْيُمْنَى فَقَالَ: بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ هَذَا كِتَابٌ مِنَ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ بِأَسْمَاءِ أَهْلِ الْجَنةِ وَأَسْمَاءِ آبَائِهِمْ وَقَبَائِلِهِمْ وَعَشَائِرِهِمْ لا يُزَادُ فِيهِمْ وَلا يُنْقَصُ مِنْهُمْ ثُم بَسَطَ كَفَّهُ الْيُسْرَى فَقَالَ: بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ هَذَا كِتَابٌ مِنَ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ لأَهْلِ النارِ بِأَسْمَائِهِمْ وَأَسْمَاءِ آبَائِهِمْ وَقَبَائِلِهِمْ وَعَشَائِرِهِمْ لا يُزَادُ فِيهِمْ وَلا يُنْقَصُ مِنْهُمْ.

7634 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا چىقىپ، ئوڭ ئالقىنىنى ئاچتى ۋە: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله تەرىپىدىن كەلگەن كىتابتۇر. بۇنىڭدا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بار. ئۇلار زىيادىمۇ قىلىنمايدۇ، كەممۇ قىلىنمايدۇ» دېدى. ئاندىن سول ئالقىنىنى ئېچىپ: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بۇمۇ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله تەرىپىدىن كەلگەن كىتابتۇر. بۇنىڭدا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرىنىڭ ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بار. ئۇلار زىيادىمۇ قىلىنمايدۇ، كەممۇ قىلىنمايدۇ» دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 13568)

7635 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كُنْتُ خَلْفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا فَقَالَ يَا غُلَامُ إِني أُعَلمُكَ كَلِمَاتٍ احْفَظْ اللهَ يَحْفَظْكَ احْفَظْ اللهَ تَجِدْهُ تُجَاهَكَ إِذَا سَأَلْتَ فَاسْأَلْ اللهَ وَإِذَا اسْتَعَنْتَ فَاسْتَعِنْ بِاللهِ وَاعْلَمْ أَن الْأُمةَ لَوْ اجْتَمَعَتْ عَلَى أَنْ يَنْفَعُوكَ بِشَيْءٍ لَمْ يَنْفَعُوكَ إِلا بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللهُ لَكَ وَلَوْ اجْتَمَعُوا عَلَى أَنْ يَضُروكَ بِشَيْءٍ لَمْ يَضُروكَ إِلا بِشَيْءٍ قَدْ كَتَبَهُ اللهُ عَلَيْكَ رُفِعَتْ الْأَقْلَامُ وَجَفتْ الصحُفُ قَالَ هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ.

[1] ھەيسەمى (11787): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ئىبنى مۇجاھىدتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ماتا ناتونۇش. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7635 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمــادىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغانىدىم. ئۇ: «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىر قانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي. اﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنىڭكى، اﷲ سېنى قوغدايدۇ. اﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلغىنىڭكى، اﷲنى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىساڭ، اﷲتىن سورىغىن. ياردەم تىلىسەڭ، اﷲتىن تىلىگىن. بىلىپ قويغىنىڭكى، بارلىق ئۇممەت ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، اﷲ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر بارلىق ئۇممەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، اﷲ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى»[1].

(تىرمىزى: 2516)

7636 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ: «مَنْ تَكَلَّمَ فِى شَىْءٍ مِنَ الْقَدَرِ سُئِلَ عَنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَمَنْ لَمْ يَتَكَلَّمْ فِيهِ لَمْ يُسْأَلْ عَنْهُ».

7636 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى تەقدىر ھەققىدە بىر نېمىلەرنى دېسە، قىيامەت كۈنى دېگەن سۆزىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. كىمكى تەقدىر ھەققىدە سۆزلىمىسە، قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 84)

7637 ـ عَنْ أَبِي الْأَسْوَدِ الديلي قَالَ قَالَ لِي عِمْرَانُ بْنُ الْحُصَيْنِ أَرَأَيْتَ مَا يَعْمَلُ الناسُ الْيَوْمَ وَيَكْدَحُونَ فِيهِ أَشَيْءٌ قُضِيَ عَلَيْهِمْ وَمَضَى عَلَيْهِمْ مِنْ قَدَرٍ مَا سَبَقَ أَوْ فِيمَا يُسْتَقْبَلُونَ بِهِ مِما أَتَاهُمْ بِهِ نَبِيهُمْ وَثَبَتَتْ الْحُجةُ عَلَيْهِمْ فَقُلْتُ بَلْ شَيْءٌ قُضِيَ عَلَيْهِمْ وَمَضَى

[1] ئەلبانى (2043): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (16): زەئىپ، ـ دېگەن.

عَلَيْهِمْ قَالَ فَقَالَ أَفَلَا يَكُونُ ظُلْمًا قَالَ فَفَزِعْتُ مِنْ ذَلِكَ فَزَعًا شَدِيدًا وَقُلْتُ كُلُّ شَيْءٍ خَلْقُ اللهِ وَمِلْكُ يَدِهِ فَلَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ فَقَالَ لِي يَرْحَمُكَ اللهُ إِنِّي لَمْ أُرِدْ بِمَا سَأَلْتُكَ إِلَّا لِأَحْزِرَ عَقْلَكَ إِنَّ رَجُلَيْنِ مِنْ مُزَيْنَةَ أَتَيَا رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَا يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيْتَ مَا يَعْمَلُ النَّاسُ الْيَوْمَ وَيَكْدَحُونَ فِيهِ أَشَيْءٌ قُضِيَ عَلَيْهِمْ وَمَضَى فِيهِمْ مِنْ قَدَرٍ قَدْ سَبَقَ أَوْ فِيمَا يُسْتَقْبَلُونَ بِهِ مِمَّا أَتَاهُمْ بِهِ نَبِيُّهُمْ وَثَبَتَتْ الْحُجَّةُ عَلَيْهِمْ فَقَالَ لَا بَلْ شَيْءٌ قُضِيَ عَلَيْهِمْ وَمَضَى فِيهِمْ وَتَصْدِيقُ ذَلِكَ فِي كِتَابِ اللهِ عَزَّ وَجَلَّ وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا.

7637 ـ ئەبۇ ئەسۋەد دىيلىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن:

— ئېيتىپ باققىنچۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قىلىۋاتقان ئىشلار ۋە ئەمەللەر ئاللىبۇرۇن ئۇلارغا تەقدىر قىلىنىپ، ئەلمىساقتىنلا بېكىتىلىپ بولغان ئىشلارمۇ ياكى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلارغا قارىتا ئۇلار كەلگۈسىدە ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن ھۆججەت تۇرغۇزۇلىدىغان ئىشلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

— بۇ ئۇلارغا ئاللىبۇرۇن تەقدىر قىلىنىپ، ئەلمىساقتىنلا بېكىتىلىپ بولغان ئىشلار، ـ دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، بۇ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق چۆچۈپ قورقۇپ كەتتىم ۋە:

— بارلىق شەيئى اللەنىڭ مەخلۇقاتىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىدۇر. الله قىلغان ئىشىدىن سوراققا تارتىلمايدۇ. ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، ـ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

— الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! بۇلارنى پەقەت سېنىڭ ئەقلىڭنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سورىدىم. ئەينى زاماندا مۇزەينە قەبىلىسىدىن ئىككى ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى اللەنىڭ رەسۇلى! ئېيتىپ باققىنچۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قىلىۋاتقان ئىشلار ۋە ئەمەللەر

ئالىلىبۇرۇن تەقدىر قىلىنىپ، ئەلمىساقتىنلا بېكىتىلىپ بولغان ئىشلارمۇ ياكى سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلارغا قارىتا ئۇلار كەلگۈسىدە ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن ھۆججەت تۇرغۇزۇلىدىغان ئىشلارمۇ؟“ دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئۇلارغا ئالىلىبۇرۇن تەقدىر قىلىنىپ، ئەلمىساقتىنلا بېكىتىلىپ بولغان ئىشلار. بۇنى الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىكى: روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى دېگەن ئايەتمۇ ئىسپاتلايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

(مۇسلىم: 2650)

7638 ـ عَنْ عَلِي عَلَيْهِ السلَام قَالَ كُنا جُلُوسًا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلا وَقَدْ كُتِبَ مَقْعَدُهُ مِنْ الْجَنةِ وَمَقْعَدُهُ مِنْ النارِ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ أَفَلَا نَتكِلُ قَالَ لَا اعْمَلُوا فَكُلٌّ مُيَسرٌ ثُم قَرَأَ فَأَما مَنْ أَعْطَى وَاتقَى وَصَدقَ بِالْحُسْنَى فَسَنُيَسرُهُ لِلْيُسْرَى إِلَى قَوْلِهِ فَسَنُيَسرُهُ لِلْعُسْرَى.

7638 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىزگە:

ـ ھەممىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزاختىكى ئورنى پۈتۈلۈپ بولدى، ـ دېدى. بىز:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئۇنداق بولسا، بىز شۇنىڭغا تايانساق بولمامدۇ؟ ـ دېگەنىدۇق. ئۇ:

ــ ياق، ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىڭلار. ھەر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئۆزىگە مۇيەسسەر قىلىنىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن: (پۇل ـ مېلىنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (اللهنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار

قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز[1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 4947)

7639 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ كَتَبَ اللهُ مَقَادِيرَ الْخَلَائِقِ قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِخَمْسِينَ أَلْفَ سَنَةٍ قَالَ وَعَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ حَدثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ حَدثَنَا الْمُقْرِئُ حَدثَنَا حَيْوَةُ ح و حَدثَنِي مُحَمدُ بْنُ سَهْلٍ التمِيمِي حَدثَنَا ابْنُ أَبِي مَرْيَمَ أَخْبَرَنَا نَافِعٌ يَعْنِي ابْنَ يَزِيدَ كِلَاهُمَا عَنْ أَبِي هَانِئٍ بِهَذَا الْإِسْنَادِ مِثْلَهُ غَيْرَ أَنهُمَا لَمْ يَذْكُرَا وَعَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ.

7639 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «الله مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى ئاسمان ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن پۈتۈۋەتكەن. ئۇ چاغدا اللهنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى».

(مۇسلىم: 2653)

7640 ـ عَنْ عَبْد اللهِ حَدثَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ الصادِقُ الْمَصْدُوقُ إِن أَحَدَكُمْ يُجْمَعُ فِي بَطْنِ أُمهِ أَرْبَعِينَ يَوْمًا ثُم يَكُونُ عَلَقَةً مِثْلَ ذَلِكَ ثُم يَكُونُ مُضْغَةً مِثْلَ ذَلِكَ ثُم يَبْعَثُ اللهُ إِلَيْهِ مَلَكًا بِأَرْبَعِ كَلِمَاتٍ فَيُكْتَبُ عَمَلُهُ وَأَجَلُهُ وَرِزْقُهُ وَشَقِي أَوْ سَعِيدٌ ثُم يُنْفَخُ فِيهِ الروحُ فَإِن الرجُلَ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النارِ حَتى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلا ذِرَاعٌ فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنةِ فَيَدْخُلُ الْجَنةَ وَإِن الرجُلَ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنةِ حَتى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلا ذِرَاعٌ فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النارِ فَيَدْخُلُ النارَ.

7640 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئانىسىنىڭ

[1] سۈرە لەيل، 5 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

قورسىقىدا 40 كۈن ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇيۇل قانغا، ئاندىن بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن الله ئۇنىڭغا تۆت ئىشنى پۈتۈش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇنىڭ ئەمەلىنى، ئەجىلىنىڭ قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى، رىزقىنى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىنى پۈتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ. شەك ــ شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. تاكى ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسى بىر گەز قالغان چاغدا، ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئالدىغا چىقىدۇ ـ دە، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. بىر ئادەم جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. تاكى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسى بىر گەز قالغان چاغدا، ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئالدىغا چىقىدۇ ـ دە، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ».

(بۇخارى: 3332)

7641 ـ وفي رواية رزين: «فإذا بلغت أن تُخلَقَ بَعَثَ الله ملكا يُصَوِّرُها، فيأخذ ذلك المَلَكُ بتراب بين إصبعيه فَيَخلِطه في المضغة، ثم يعجنه بها، ثم يصور كما يؤمر، فيقول: أذَكَر، أو أنثى؟ أشقيٌّ، أم سعيد؟ وما عمره؟ وما رزقه؟ وما أثره؟ وما مصائبه؟ فيقول الله عز وجل، ويكتب الملك، فإذا مات ذلك الجسد دُفِنَ حيث أُخِذَ ذلك التراب».

7641 ــ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئانىنىڭ رەھمىدىكى مەنىي يارىتىلغۇدەك باسقۇچقا يەتكەندە، الله ئۇنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئىككى بارمىقىغا توپا ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇنى شۇ بىر پارچە گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ، خېمىر يۇغۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى بۇيرۇلغان بويىچە شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئاندىن پەرىشتە: ئوغۇل بولامدۇ ياكى قىزمۇ؟ بەختلىك بولامدۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ ئۆمرى ۋە رىزقى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئىش ــ ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭغا يېتىدىغان مۇسىبەتلەر نېمە بولىدۇ؟ ــ دەيدۇ. الله تائالا بۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ، پەرىشتە ھەممىنى (بىر ـ بىرلەپ) يازىدۇ. ئۇ ئىنسان

ئۆلگەن چاغدا، ئۇنىڭ تېنى ھېلىقى توپا قەيەردىن ئېلىنغان بولسا، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7642 ـ عَنْ مَطَرِ بْنِ عُكَامِسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَضَى اللهُ لِعَبْدٍ أَنْ يَمُوتَ بِأَرْضٍ جَعَلَ لَهُ إِلَيْهَا حَاجَةً .

7642 ـ مەتەر ئىبنى ئۇكامىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر الله بەندىنى مەلۇم بىر جايدا ئۆلۈشكە تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇنى شۇ جايغا بېرىشقا موھتاج قىلىپ قويىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2146)

7643 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل وَكلَ بِالرحِمِ مَلَكًا يَقُولُ يَا رَب نُطْفَةٌ يَا رَب عَلَقَةٌ يَا رَب مُضْغَةٌ فَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَقْضِيَ خَلْقَهُ قَالَ أَذَكَرٌ أَمْ أُنْثَى شَقِي أَمْ سَعِيدٌ فَمَا الرزْقُ وَالْأَجَلُ فَيُكْتَبُ فِي بَطْنِ أُمِهِ

7643 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ــ شۈبھىسىزكى، الله تائالا بەچچىدانغا بىردىن پەرىشتىنى تەيىن قىلىدۇ. پەرىشتە: ''ئى پەرۋەردىگارىم! ھازىر مەنىي ھالىتىدە، ئى پەرۋەردىگارىم! ھازىر ئۇيۇل قان ھالىتىدە، ئى پەرۋەردىگارىم! ھازىر بىر پارچە گۆش ھالىتىدە'' دەپ خەۋەر قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى شەكىللەندۈرۈشكە كىرگۈزىدىغان چاغدا: ''ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟ بەختلىكمۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ رىزقى ۋە ئەجىلى قانچىلىك بولىدۇ؟'' دەپ سورايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالا ئانىسىنىڭ قارنىدىكى چاغدا پۈتۈلىدۇ».

(بۇخارى: 381)

[1] ئەلبانى (1745): سەھىھ ـ دېگەن.

7644 ـ عَنْ طَاوُسٍ أنَّهُ قَالَ أدْرَكْتُ نَاسًا مِنْ أصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُونَ كُل شَيْءٍ بِقَدَرٍ قَالَ وَسَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل شَيْءٍ بِقَدَرٍ حَتى الْعَجْزِ وَالْكَيْسِ أوْ الْكَيْسِ وَالْعَجْزِ.

7644 ـ تاۋۇستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قىسىم ساھابىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار: ”ھەرقانداق نەرسە تەقدىر بىلەن بولىدۇ“ دېيىشەتتى. مەن يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەرقانداق نەرسە، ھەتتا ئەقىللىق بولۇش ۋە ھاماقەت بولۇشمۇ ياكى ھاماقەت بولۇش ۋە ئەقىللىق بولۇشمۇ تەقدىر بىلەن بولىدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 2655)

7645 ـ عَنْ أبِي الدرْدَاءِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَرَȟ اللهُ إلَى كُل عَبْدٍ مِنْ خَمْسٍ مِنْ أجَلِهِ وَرِزْقِهِ وَأثَرِهِ وَشَقِي أمْ سَعِيدٍ.

7645 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«الله ھەرقانداق بەندىنىڭ ئەجىلى، رىزقى، ئىش ــ ئىزلىرى، بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بەش ئىشنى ئالدىن بۇرۇن تەقدىر قىلىۋەتكەن»[1].

(ئەھمەد: 21216؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

7646 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، عَنِ النبِي صلى الله عليه وسلم، قَالَ: خَلَـقَ اللهُ كُل صَانِعٍ، وَصَنْعَتَهُ.

---

[1] ھەيسەمى (11817): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر. ئۇنى ئىمام تەبەرانىمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە سۇلايمان ئىبنى ئەتىييە ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ۋە بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى مەئىن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7646 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ھەر ھۈنەرۋەننى ۋە ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ياراتقۇچىدۇر»[①].

(بەززار: 2160)

7647 ـ عن معاوية قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "لا تعجل علـى شيء تظن أنك إن استعجلت إليه أنك مدركه إن كان الله لم يقدر ذلك ولا تسـتأخرن عن شيء تظن أنك إن استأخرت عنه أنه مدفوع عنك إن كان الله قد قدره عليك".

7647 ــ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سەن بىرەر ئىشنى قىلىشتا: ''چاققان بولسام، ئۇنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلەيمەن'' دەپ ئويلاپ ئالدىراپ كەتمىگىن. ئەگەر الله ئۇنى ساڭا تەقدىر قىلىپ بەرمىسە، سەن ئۇنى قىلىشقا ھەرگىز ئۈلگۈرەلمەيسەن. بىرەر ئىشنى قىلىشنى: ''ئۇنى كېچىكتۈرسەم، ئۆتۈپ كېتىدۇ'' دەپ ئويلاپ ئارقىغا سۈرۈپ يۈرمىگىن. چۈنكى الله ئۇنى ساڭا تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇنى قىلماي چارەڭ يوق»[②].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

7648 ـ عن عبد الله ابن مسعود قال: لأن يقبض أحدكم على Pرة حG تـ∃د خير له من أن يقول لأمر قضاه الله: ليته لم يكن.

7648 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ چوغنى سوۋۇغىچە تۇتۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ الله

[①] ھەيسەمى (11832): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەبۇ ھۇسەين كۇردىيدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەبۇ ھۇسەين كۇردىيمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (11840): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلۋەھھاب ئىبنى مۇجاھىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

تەقدىر قىلغان بىرەر ئىشقا: ”كاشكى بۇ ئىش بولمىغان بولسا“ دېگىنىدىن ياخشىدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 9171)

7649 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَثَلُ الْقَلْبِ مَثَلُ الرِيشَةِ تُقَلِّبُهَا الرِيَاحُ بِفَلَاةٍ.

7649 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يۈرەك خۇددى شامال ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆچۈرتۈپ تۇرىدىغان پەيگە ئوخشايدۇ»[2].

(ئىبنى ماجە: 88)

7650 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَرَادَ اللهُ بِعَبْدٍ خَيْرًا اسْتَعْمَلَهُ فَقِيلَ كَيْفَ يَسْتَعْمِلُهُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ يُوَفقُهُ لِعَمَلٍ صَالِحٍ قَبْلَ الْمَوْتِ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ.

7650 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەگەر اللە بەندىگە بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئىشلىتىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ـ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! ئۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى اللە ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[3].

(تىرمىزى: 2142)

[1] ھەيسەمى (11896): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەسئۇدىي ئىسىملىك بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (71): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1741): سەھىھ ـ دېگەن.

7651 ـ عَنْ سَعْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ سَعَادَةِ ابْنِ آدَمَ رِضَاهُ بِمَا قَضَى اللهُ لَهُ وَمِنْ شَقَاوَةِ ابْنِ آدَمَ تَرْكُهُ اسْتِخَارَةَ اللهِ وَمِنْ شَقَاوَةِ ابْنِ آدَمَ سَخَطُهُ بِمَا قَضَى اللهُ لَهُ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ حَدِيثِ مُحَمدِ بْنِ أَبِي حُمَيْدٍ وَيُقَالُ لَهُ أَيضًا حَمادُ بْنُ أَبِي حُمَيْدٍ وَهُوَ أَبو إِبْرَاهِيمَ الْمَدَنِي وَلَيْسَ هُوَ بِالْقَوِي عِنْدَ أَهْلِ الْحَدِيثِ.

7651 ـ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنساننىڭ الله تەقدىر قىلىپ بەرگەن نەرسىگە رازى بولۇشى ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتىدۇر. ئۇنىڭ ئىستىخارە نامىزىنى تەرك ئېتىشى ۋە الله تەقدىر قىلىپ بەرگەن نەرسىگە نارازى بولۇشى ئۇنىڭ بەدبەختلىكىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 2151)

7652 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُؤْمِنُ الْقَوِي خَيْرٌ وَأَحَب إِلَى اللهِ مِنْ الْمُؤْمِنِ الضعِيفِ وَفِي كُل خَيْرٌ احْرِصْ عَلَى مَا يَنْفَعُكَ وَاسْتَعِنْ بِاللهِ وَلَا تَعْجَزْ وَإِنْ أَصَابَكَ شَيْءٌ فَلَا تَقُلْ لَوْ أَني فَعَلْتُ كَانَ كَذَا وَكَذَا وَلَكِنْ قُلْ قَدَرُ اللهِ وَمَا شَاءَ فَعَلَ فَإِن لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشيْطَانِ.

7652 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشى ۋە اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر. لېكىن ھەر ئىككىلىسى ياخشىدۇر. ساڭا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىن، اللهتىن ياردەم تىلىگىن، ئۆزەڭنى ئاجىز ھېس قىلمىغىن (ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىتۋار بولغىن!) ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە: "كاشكى مۇنداق قىلغان بولسام، بۇ ئىش ئۇنداق بولمايتتى" دېمەستىن، ئەكسىچە: "اللهنىڭ

[1] ئەلبانى (381): زەئىپ، ـ دېگەن.

تەقــدىرى شــۇنداقكەن. الله خــالىغىنىنى قىلىــدۇ“ دېگىــن! چــۈنكى ”كاشكى“ دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئەمەلىگە ئىشىك ئاچىدۇ».

(مۇسلىم: 2664)

7653 ـ عَبْد اللهِ بْن عَمْرٍو يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن اللهَ عَز وَجَل خَلَقَ خَلْقَهُ فِي ظُلْمَةٍ فَأَلْقَى عَلَيْهِمْ مِنْ نُورِهِ فَمَنْ أَصَابَهُ مِنْ ذَلِكَ النــورِ اهْتَدَى وَمَنْ أَخْطَأَهُ ضَل فَلِذَلِكَ أَقُولُ جَف الْقَلَمُ عَلَى عِلْمِ اللهِ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ.

7653 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مەخلۇقاتلىرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياراتتى. ئاندىن ئۇلارغا ئۆز نۇرىدىن تاشلىدى. ئۇ نۇر كىمگە يەتسە، ھىدايەت تاپىدۇ. كىمگە يەتمىسە، ئېزىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن: ”قەلەم اللهنىڭ ئىلمىگە ئاساسەن يازىدىغاننى يېزىپ بولدى“ دېگەنىدىم»[①].

(تىرمىزى: 2642)

7654 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَــلمَ كُــل مَوْلُودٍ يُولَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ حَتى يُعْرِبَ عَنْهُ لِسَانُهُ فَإِذَا أَعْرَبَ عَنْهُ لِسَانُهُ إِما شَــاكِرًا وَإِمــا كَفُورًا.

7654 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بالا ئىسلام ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنگە قەدەر مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئۇ

[①] ئەلبانى (2130): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۆزىنى ئىپادىلىگەن چاغدا، يا شۈكرى قىلغۇچى (يەنى مۇسۇلمان) بولىدۇ ياكى ئىنكار قىلغۇچى (يەنى كاپىر) بولىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 14391)

7655 ـ عن ابن عباس أن النF صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سئل عَمنْ فِى الْجَنةِ قَالَ: «النبِى فِى الْجَنةِ وَالشهيدُ فِى الْجَنةِ وَالْمَوْلُودُ فِى الْجَنةِ وَالْموؤودة فِى الْجَنةِ».

7655 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىملەرنىڭ جەننەتتە بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندى: «پەيغەمبەر جەننەتتە بولىدۇ، شېھىد جەننەتتە بولىدۇ، يېڭى تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بالا جەننەتتە بولىدۇ، تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالا جەننەتتە بولىدۇ» دېدى[2].

(بەززار: 2168)

7656 ـ عَنْ سَمُرَةَ بن جُنْدُبٍ، قَالَ: سَأَلْنا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أَطْفَالِ الْمُشْرِكِينَ، فَقَالَ: "هُمْ خَدَمُ أَهْلِ الْجَنةِ".

7656 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى ھەققىدە سورىغان ئىدۇق، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمەتچىلىرى بولىدۇ»[3].

(بەززار: 2172؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (11946): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ جەئفەر رازىنىڭ ھەدىسىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (11952): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى مۇئاۋىيە ئىسىملىك كىشىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىك كىشىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (11955): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىباد ئىبنى مەنسۇر ئىسىملىك كىشىگە ھەرخىل باھا بېرىلگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7657 ـ عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ تُوُفِيَ صَبِي فَقُلْتُ طُوبَى لَهُ عُصْفُورٌ مِنْ عَصَافِيرِ الْجَنةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوَ لَا تَدْرِينَ أَن اللهَ خَلَقَ الْجَنةَ وَخَلَقَ النارَ فَخَلَقَ لِهَذِهِ أَهْلًا وَلِهَذِهِ أَهْلًا.

7657 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىچىك باللا ئۆلۈپ كەتكەندە، مەن:

ـ ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە؟! ئۇ جەننەت قۇشلىرىدىن بىرى بولىدۇ، ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ﷲنىڭ ھەم جەننەتنى ھەم دوزاخنى ياراتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ﷲ ئۇنىڭغىمۇ بىرمۇنچە ئىنسانلارنى، بۇنىڭغىمۇ بىرمۇنچە ئىنسانلارنى ياراتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2662)

7658 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ذَرَارِي الْمُؤْمِنِينَ فَقَالَ هُمْ مِنْ آبَائِهِمْ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِلَا عَمَلٍ قَالَ اللهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا عَامِلِينَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَذَرَارِي الْمُشْرِكِينَ قَالَ مِنْ آبَائِهِمْ قُلْتُ بِلَا عَمَلٍ قَالَ اللهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا عَامِلِينَ.

7658 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! مۆئمىنلەرنىڭ (ئۆلۈپ كەتكەن) پەرزەنتلىرى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئۇلار ئاتىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! ئەمەل قىلمىسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ﷲ ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! مۇشرىكلارنىڭ پەرزەنتلىرىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئۇلارمۇ ئاتىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەمەل قىلمىسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ـ دېسەم:

ــ الله ئۇلارنىڭمۇ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4712)

7659 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أَوْلَادِ الْمُشْرِكِينَ فَقَالَ اللهُ إِذْ خَلَقَهُمْ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا عَامِلِينَ.

7659 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلارنىڭ (ئۆلۈپ كەتكەن) پەرزەنتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئۇلارنى ياراتقان الله ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ».

(بۇخارى: 1383)

7660 ـ عَنْ خَدِيجَةَ قَالَتْ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ أَيْنَ أَطْفَالِي مِنْكَ؟ قَالَ: فِي الْجَنةِ، قُلْتُ: بِلا عَمَلٍ؟ قَالَ: اللهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا عَامِلِينَ، قُلْتُ: فَأَيْنَ أَطْفَالِي قَبْلَكَ؟ قَالَ: فِي النارِ، قُلْتُ: بِغَيْرِ عَمَلٍ؟ قَالَ: لَقَدْ عَلِمَ اللهُ مَا كَانُوا عَامِلِينَ.

7660 ـ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سەندىن تۇغۇلۇپ (ئۆلۈپ كەتكەن) باللىرىم قەيەردە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ـ جەننەتتە بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن:

ـ ئەمەل قىلمىسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ الله ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ سەندىن ئىلگىرىكى يولدىشىمدىن تۇغۇلۇپ (ئۆلۈپ كەتكەن) باللىرىم قەيەردە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ دوزاختا بولىدۇ، ـ دېدى. مەن:

[1] ئەلبانى (3943): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئەمەل قىلمىسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ الله ئۇلارنىڭمۇ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

7661 ـ عَنْ أنسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: يُؤْتَى بِأَرْبَعَةٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ: بِالْمَوْلُودِ، وَبِالْمَعْتُوهِ، وَبِمَنْ مَاتَ فِي الْفَتْرَةِ، وَالشيْخِ الْفَانِي، كُلُهُمْ يَتَكَلَمُ بِحُجتِهِ، فَيَقُولُ الرب تَبَارَكَ وَتَعَالَى لِعُنقٍ مِنَ النار: أبْرُزْ، فَيقُولُ لَهُمْ: إني كُنتُ أَبْعَثُ إِلَى عِبَادِي رُسُلا مِنْ أَنفُسِهِمْ وَإني رَسُولُ نَفْسِي إِلَيْكُمْ، ادْخُلُوا هَذِهِ، فَيَقُولُ مَنْ كُتِبَ عَلَيْهِ الشقَاءُ: يَا رَب، أَيْنَ نَدْخُلُهَا، وَمِنْهَا كُنا نَفِرُّ؟ قَالَ: وَمَنْ كُتِبَتْ عَلَيْهِ السعَادَةُ يَمْضِي، فَيَتَقَحمُ فِيهَا مُسْرِعًا، قَالَ: فَيقُولُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: أَنْتُمْ لِرُسُلِي أَشَد تَكْذِيبًا وَمَعْصِيَةً، فَيُدْخِلُ هَؤُلاءِ الْجَنةَ، وَهَؤُلاءِ النارَ.

7661 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى تۆت تۈرلۈك ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇلار: يېڭى تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بالا، گومۇش (يەنى ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان كىشى)، پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان زاماندا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ۋە ئىنتايىن قېرىپ كەتكەن ئادەم قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سۆزلەيدۇ. ئاندىن الله تائالا دوزاخنىڭ باش گەۋدىسىگە: ”ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن!“ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ”مەن بەندىلىرىمگە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئەلچى ئەۋەتتىم. بۈگۈن مەن سىلەرگە ئۆزەمنىڭ ئەلچىسىمەن. سىلەر ئۇنىڭغا (دوزاخقا) كىرىڭلار!“ دەيدۇ. ئاندىن پېشانىسىگە بەدبەختلىك پۈتۈلگەن كىشىلەر: ”ئى پەرۋەردىگارىمىز! قەيەرگە كىرىمىز؟ بىز ئۇنىڭدىن قاچاتتۇق ئەمەسمۇ؟“ دەيدۇ. پېشانىسىگە بەخت ـ سائادەت پۈتۈلگەن كىشىلەر

[1] ھەيسەمى (11943): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن ئۇلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ۋە ئىبنى بۇرەيدە ئىككىسى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن زامانداش ئەمەس، ـ دېگەن.

دوزاختىن ئۆتۈپ، ناھايىتى تېز سۈرەتتە جەننەتكە كىرىدۇ. ئاندىن الله تائالا دوزاختا كىرىدىغانلارغا: ”سىلەر مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىمنى قاتتىق ئىنكار قىلغان ئىدىڭلار ۋە ئۇلارغا قارشى چىققانىدىڭلار“ دەيدۇ. نەتىجىدە، جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا كىرىدۇ»[①].

(مەۋسىلى: 4224؛ بەززار)

7662 ـ عَنِ الْأَسْوَدِ بْنِ سَرِيعٍ أَنَّ نَبِيَّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَرْبَعَةٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ رَجُلٌ أَصَمُّ لَا يَسْمَعُ شَيْئًا وَرَجُلٌ أَحْمَقُ وَرَجُلٌ هَرَمٌ وَرَجُلٌ مَاتَ فِي فَتْرَةٍ فَأَمَّا الْأَصَمُّ فَيَقُولُ رَبِّ لَقَدْ جَاءَ الْإِسْلَامُ وَمَا أَسْمَعُ شَيْئًا وَأَمَّا الْأَحْمَقُ فَيَقُولُ رَبِّ لَقَدْ جَاءَ الْإِسْلَامُ وَالصِّبْيَانُ يَحْذِفُونِي بِالْبَعْرِ وَأَمَّا الْهَرَمُ فَيَقُولُ رَبِّي لَقَدْ جَاءَ الْإِسْلَامُ وَمَا أَعْقِلُ شَيْئًا وَأَمَّا الَّذِي مَاتَ فِي الْفَتْرَةِ فَيَقُولُ رَبِّ مَا أَتَانِي لَكَ رَسُولٌ فَيَأْخُذُ مَوَاثِيقَهُمْ لَيُطِيعُنَّهُ فَيُرْسِلُ إِلَيْهِمْ أَنْ ادْخُلُوا النَّارَ قَالَ فَوَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ لَوْ دَخَلُوهَا لَكَانَتْ عَلَيْهِمْ بَرْدًا وَسَلَامًا قَالَ حَدَّثَنَا عَلِيٌّ حَدَّثَنَا مُعَاذُ بْنُ هِشَامٍ قَالَ حَدَّثَنِي أَبِي عَنِ الْحَسَنِ عَنْ أَبِي رَافِعٍ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ مِثْلَ هَذَا غَيْرَ أَنَّهُ قَالَ فِي آخِرِهِ فَمَنْ دَخَلَهَا كَانَتْ عَلَيْهِ بَرْدًا وَسَلَامًا وَمَنْ لَمْ يَدْخُلْهَا يُسْحَبُ إِلَيْهَا.

7662 ـ ئەسۋەد ئىبنى سەرىئتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى تۆت تۈرلۈك ئادەم كېلىدۇ. ئۇلار: ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدىغان گاس، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان گالۋاڭ، بەك قېرىپ كەتكەن ئادەم ۋە پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ياشاپ ئۆلگەن ئادەم قاتارلىقلار بولۇپ، گاس ئادەم: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئىسلام دىنى كەلگەن چاغدا، مەن ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمايتتىم“ دەيدۇ. گالۋاڭ ئادەم: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئىسلام دىنى كەلگەن چاغدا، كىچىك باللار ماڭا تۆگە تېزەكلىرىنى ئېتىپ مەسخىرە قىلاتتى“ دەيدۇ. بەك

---

[①] ھەيسەمى (11937): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان. ئىمام بەززارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ھەدىسى مۇدەللەس كىشىدۇر. ئەبۇ يەئلانىڭ قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قېرىپ كەتكەن ئادەم: ''ئى پەرۋەردىگارىم! ئىسلام دىنى كەلگەن چاغدا، مەن بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالغانىدىم'' دەيدۇ. پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ياشاپ ئۆتكەن ئادەم بولسا: ''ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا سېنىڭ ھېچبىر ئەلچىڭ كەلمىدى'' دەيدۇ[①].

(ئەھمەد: 15866)

7663 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ حَاج مُوسَى آدَمَ فَقَالَ لَهُ أَنتَ الذِي أَخْرَجْتَ الناسَ مِنْ الْجَنةِ بِذَنْبِكَ وَأَشْقَيْتَهُمْ قَالَ قَالَ آدَمُ يَا مُوسَى أَنتَ الذِي اصْطَفَاكَ اللهُ بِرِسَالَتِهِ وَبِكَلَامِهِ أَتَلُومُنِي عَلَى أَمْرٍ كَتَبَهُ اللهُ عَلَي قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَنِي أَوْ قَدرَهُ عَلَي قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَنِي قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَج آدَمُ مُوسَى.

7663 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن تاكاللىشىپ، ئۇنىڭغا: ''سەن گۇناھ ئىشلەپ، ئىنسانلارنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەن ۋە ئۇلارنى بەختسىز قىلىپ قويغان ئادەمسەن'' دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ''ئى مۇسا! الله ئىنسانلار ئىچىدىن سېنى پەيغەمبەرلىككە تاللاش ۋە ئۆزى بىۋاسىتە سۆزلەش بىلەن شەرەپلەندۈردى. ھالبۇكى، الله مېنى يارىتىشتىن ئىلگىرى پۈتىۋەتكەن ياكى الله مېنى يارىتىشتىن ئىلگىرى تەقدىر قىلىۋەتكەن بىر ئىش ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەمسەن؟'' دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام گەپتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىپ قويىدۇ».

(بۇخارى: 4738)

[①] ھەيسەمى (11936): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسۋەد ئىبنى سەرىئ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ سەنەدى ئارقىلىق رىۋايەت قىلغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىمام بەززارنىڭمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ سەنەدى ئارقىلىق رىۋايەت قىلغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7664 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَج آدَمُ وَمُوسَى فَقَالَ مُوسَى يَا آدَمُ أَنتَ أَبُونَا خَيبْتَنَا وَأَخْرَجْتَنَا مِنْ الْجَنةِ فَقَالَ لَهُ آدَمُ أَنتَ مُوسَى اصْطَفَاكَ اللهُ بِكَلَامِهِ وَخَط لَكَ بِيَدِهِ أَتَلُومُنِي عَلى أَمْرٍ قَدرَهُ اللهُ عَلَي قَبْلَ أَنْ يَخْلُقَنِي بِأَرْبَعِينَ سَنَةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَج آدَمُ مُوسَى فَحَج آدَمُ مُوسَى وَفِي حَدِيثِ ابْنِ أَبِي عُمَرَ وَابْنِ عَبْدَةَ قَالَ أَحَدُهُمَا خَط و قَالَ الْآخَرُ كَتَبَ لَكَ التوْرَاةَ بِيَدِهِ.

7664 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇسا ئەلەيھسسالام: ”سەن الله ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ئاندىن ئۆز روھىدىن پۈۋلىگەن، ئاندىن پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلدۇرغان، ئاندىن جەننىتىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەمسەن. ئەمما سەن خاتالىقىڭ تۈپەيلى ئىنسانلارنى يەر يۈزىگە چۈشۈرۈۋەتتىڭ“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھسسالام: ”سەن الله پەيغەمبەرلىككە ۋە ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىشكە تاللىغان، ھەرقانداق نەرسە روشەن يېزىلغان تاختىلار بېرىلگەن، الله ساڭا يېقىن كېلىپ پىچىرلىغان مۇساسەن. سېنىڭچە، الله تەۋراتنى مەن يارىتىلىشتىن قانچە يىل ئىلگىرى يازغاندۇ؟“ دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھسسالام: ”40 يىل بۇرۇن“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئادەم ئەلەيھسسالام: ”ئۇنىڭدا: ئادەم پەرۋەردىگارىغا خىلاپلىق قىلىپ ئېزىپ كەتتى، ـ دەپ يېزىلغانلىقىنى ئۇچراتتىڭمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. مۇسا ئەلەيھسسالام: ”ھەئە“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھسسالام: ”ئۇنداقتا، الله مېنى يارىتىشتىن 40 يىل ئىلگىرى يېزىۋەتكەن ئەمەلنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەمسەن؟“ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادەم ئەلەيھسسالام مۇسا ئەلەيھسسالامنى يېڭىۋالىدۇ».

(مۇسلىم: 2652)

7665 ـ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن مُوسَى قَالَ يَا رَب أَرِنَا آدَمَ الذِي أَخْرَجَنَا وَنَفْسَهُ مِنْ الْجَنةِ فَأَرَاهُ اللهُ آدَمَ فَقَالَ أَنْتَ أَبُونَا آدَمُ فَقَالَ لَهُ آدَمُ نَعَمْ قَالَ أَنتَ الذِي نَفَخَ اللهُ فِيكَ مِنْ رُوحِهِ وَعَلمَكَ الْأَسْمَاءَ كُلهَا وَأَمَرَ الْمَلَائِكَةَ فَسَجَدُوا لَكَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَمَا حَمَلَكَ عَلَى أَنْ أَخْرَجْتَنَا وَنَفْسَكَ مِنْ الْجَنةِ فَقَالَ

لَهُ آدَمُ وَمَنْ أَنتَ قَالَ أَنا مُوسَى قَالَ أَنتَ نَبِي بَنِي إِسْرَائِيلَ الذِي كَلَمَكَ اللـهُ مِـنْ وَرَاءِ الْحِجَابِ لَمْ يَجْعَلْ بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ رَسُولًا مِنْ خَلْقِهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ أَفَمَا وَجَدْتَ أَن ذَلِكَ كَـانَ فِي كِتَابِ اللهِ قَبْلَ أَنْ أُخْلَقَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فِيمَ تَلُومُنِي فِي شَيْءٍ سَبَقَ مِنْ اللهِ تَعَـالَى فِيـهِ الْقَضَاءُ قَبْلِي قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ ذَلِكَ فَحَج آدَمُ مُوسَى فَحَـج آدَمُ مُوسَى.

7665 ــ ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسـا ئەلەيھىسسـالام: ”ئـى پەرۋەردىگـارىم! بىزنـى ۋە ئـۆزىنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەن شۇ ئادەمنى بىزگە كۆرسەتسەڭ!“ دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئادەمنى كۆرسەتكەندە، ئۇ: ”سەن بىزنىڭ ئاتىمىز ئادەم شـۇمۇ؟“ دەيـدۇ. ئـادەم ئەلەيھىسسـالام: ”ھەئە“ دەيـدۇ. ئـۇ: ”الله ئـۆز روھىدىن پۈۋلىگەن، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتكەن، پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان، ئاندىن پەرىشتىلەر سەجدە قىلغان ئادەم سەن شۇمۇ؟“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”ھەئە“ دەيدۇ. ئۇ: ”ئۇنداق بولسا، بىزنى ۋە ئۆزەڭنى جەننەتتىن چىقىرىۋېتىشىڭگە نېمە سەۋەبچى بولدى؟“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ”سەن كىم بولىسەن؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ”مەن مۇسا بولىمەن“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ الله بىۋاسىتە گەپ قىلغان پەيغەمبىرى سەن شـۇمۇ؟“ دەيـدۇ... (داۋامـى يـۇقىرىقى ھەدىسـكە ئوخشاش). شۇنىڭ بىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يېڭىپ قويىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4702)

7666 ـ مالك بن أنس ـ رحمه الله ـ قال: بلغني أنه قيل لإياس بن معاوية: ما رأيك في القدر؟ قال: رأيُ ابنتي، يريد: لا يَعْلَمُ سِرهُ إلا الله، وبه كان يُضْـرَبُ المَثَـلُ في

[①] ئەلبانى (3935): ھەسەن ـ دېگەن.

الفَهم. وقال رجل وقد سُئِلَ عن أمرٍ مَا مِنَ القَدَرِ، فقال: ألسْتَ تؤمِنُ به؟ قال: بلى، قال: فحسْبُكَ.

7666 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئېيتىلىشىچە، ئادەملەر ئىياستىن:

ـ تەقدىر ھەققىدىكى قارىشىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئىياس:

ـ كىچىك قىزىمنىڭ قارىشىدۇر، ـ دېگەن. يەنى ئۇ: تەقدىرنىڭ سىرىنى اللەتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ـ دېمەكچى بولغان. ھالبۇكى، ئۇ زېرەكلىكتە ئۈلگە قىلىنىدىغان كىشى ئىدى. بىر ئادەم ئۆزىدىن تەقدىر ھەققىدە سورىغان بىرىگە:

ـ سەن تەقدىرگە ئىشەنمەمسەن؟ ـ دېگەن. ئۇ:

ـ ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم:

ـ ئۇنداق بولسا، شۇ ئىمانىڭ ساڭا يېتەرلىكتۇر، ـ دېگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7667 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ نَتَنَازَعُ فِي الْقَدَرِ فَغَضِبَ حَتى احْمَر وَجْهُهُ حَتى كَأَنمَا فُقِئَ فِي وَجْنَتَيْهِ الرمانُ فَقَالَ أَبِهَذَا أُمِرْتُمْ أَمْ بِهَذَا أُرْسِلْتُ إِلَيْكُمْ إِنمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ حِينَ تَنَازَعُوا فِي هَذَا الْأَمْرِ عَزَمْتُ عَلَيْكُمْ أَلا تَتَنَازَعُوا فِيهِ قَالَ أَبو عِيسَى وَفِي الْبَاب عَنْ عُمَرَ وَعَائِشَةَ وَأَنسٍ وَهَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ هَذَا الْوَجْهِ مِنْ حَدِيثِ صَالِحٍ الْمُري وَصَالِحٌ الْمُري لَهُ غَرَائِبُ يَنفَرِدُ بِهَا لَا يُتَابَعُ عَلَيْهَا.

7667 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز تەقدىر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ تۇرساق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ قېلىپ، قاتتىق ئاچچىقلاندى. ھەتتا ئاچچىقىدىن يۈزى قىزىرىپ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك بولۇپ كەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«سىلەر مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمۇ ياكى مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىممۇ؟ سىلەردىن ئىلگىرى

ئۆتكەن ئۈممەتلەر بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن. مەن سىلەرنىڭ تەقدىر ھەققىدە تالاشماسلىقىڭلارنى قاتتىق تەۋسىيە قىلىمەن»[1].

(تىرمىزى: 2133)

7668 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُجَالِسُوا أَهْلَ الْقَدَرِ وَلَا تُفَاتِحُوهُمْ.

7668 ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تەقدىر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىدىغانلار بىلەن ئولتۇرماڭلار ۋە ئۇلارغا بۇ ھەقتە گەپ ئاچماڭلار»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4710)

7669 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِكُل أُمةٍ مَجُوسٌ وَمَجُوسُ هَذِهِ الْأُمةِ الذِينَ يَقُولُونَ لَا قَدَرَ مَنْ مَاتَ مِنْهُمْ فَلَا تَشْهَدُوا جَنَازَتَهُ وَمَنْ مَرِضَ مِنْهُمْ فَلَا تَعُودُوهُمْ وَهُمْ شِيعَةُ الدجالِ وَحَق عَلَى اللهِ أَنْ يُلْحِقَهُمْ بِالدجالِ.

7669 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەربىر ئۈممەتتە مەجۇسىيلار بولىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ مەجۇسىيلىرى: ”تەقدىر يوق“ دەيدىغانلاردۇر. ئۇلاردىن كىم ئۆلسە، جىنازىسىغا قاتناشماڭلار. كىم كېسەل بولۇپ قالسا، يوقلىماڭلار. ئۇلار دەججال گۇرۇھىدۇر. ﷲنىڭ ئۇلارنى دەججالغا قېتىۋەتكىنى ھەق بولدى»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4692)

[1] ئەلبانى (1732): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1012): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1010): زەئىپ، ـ دېگەن.

7670 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِيِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْقَدَرِيةُ مَجُوسُ هَـذِهِ الْأُمةِ إِنْ مَرِضُوا فَلَا تَعُودُوهُمْ وَإِنْ مَاتُوا فَلَا تَشْهَدُوهُمْ.

7670 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەدەرىيە گۇرۇھى (تەقدىرگە ئىشەنمەيدىغان گۇرۇھ) بۇ ئۈممەتنىڭ مەجۇسىلىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇلارنى يوقلىماڭلار. ئۆلۈپ قالسا، جىنازىسىغا قاتناشماڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4691)

7671 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صِنْفَانِ مِنْ أُمتِي لَيْسَ لَهُمَا فِي الْإِسْلَامِ نَصِيبٌ الْمُرْجِئَةُ وَالْقَدَرِيةُ.

7671 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمدە ئىككى گۇرۇھ بار بولۇپ، ئۇ گۇرۇھلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئىسلامدىن نېسىۋىسى يوق. ئۇلار مۇرجىئە ۋە قەدەرىيە گۇرۇھلىرىدىن ئىبارەتتۇر»[2].

(تىرمىزى: 2149)

7672 ـ نَافِعٌ أَن ابْنَ عُمَرَ جَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ إِن فُلَانًا يَقْرَأُ عَلَيْكَ السلَامَ فَقَالَ لَهُ إِنهُ بَلَغَنِي أَنهُ قَدْ أَحْدَثَ فَإِنْ كَانَ قَدْ أَحْدَثَ فَلَا تُقْرِئْهُ مِني السلَامَ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَكُونُ فِي هَذِهِ الْأُمةِ أَوْ فِي أُمتِي الشك مِنْهُ خَسْفٌ أَوْ مَسْخٌ أَوْ قَذْفٌ فِي أَهْلِ الْقَدَرِ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ غَرِيبٌ وَأَبو صَخْرٍ اسْـمُهُ حُمَيْدُ بْنُ زِيَادٍ.

[1] ئەلبانى (3925): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (380): زەئىپ، ـ دېگەن.

7672 ـ نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ پالانى ساڭا سالام ئېيتتى، ـ دېگەندى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ـ ئاڭلىشىمچە، ئۇ بىدئەت پەيدا قىلغانمىش. ئەگەر ئۇ راستىنلا بىدئەت پەيدا قىلغان بولسا، مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتمىغىن. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇ ئۇممەتتىن تەقدىر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىدىغانلار ئىچىدە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ياكى تاش يېغىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 2152)

7673 ـ عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ لِابْنِ عُمَرَ صَدِيقٌ مِنْ أَهْلِ الشامِ يُكَاتِبُهُ فَكَتَبَ إِلَيْهِ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ إِنهُ بَلَغَنِي أَنكَ تَكَلمْتَ فِي شَيْءٍ مِنْ الْقَدَرِ فَإِياكَ أَنْ تَكْتُبَ إِلَي فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُ سَيَكُونُ فِي أُمتِي أَقْوَامٌ يُكَذبُونَ بِالْقَدَرِ.

7673 ـ نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەرنىڭ شاملىق بىر دوستى بولۇپ، ئۇ دوستى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئاڭلىشىمچە، سەن تەقدىر ھەققىدە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرۈپسەن. بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا خەت يازغۇچى بولمىغىن! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كەلگۈسىدە مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان بىرمۇنچە قەۋملەر پەيدا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دەپ خەت يازدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4613)

7674 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُما، قَالَ: لما بَعَثَ اللهُ عَز وَجَل مُوسَى عَلَيْهِ السلامُ، وَأَنْزَلَ عَلَيْهِ التوْرَاةَ، قَالَ: اللهُم إِنكَ رَب عَظِيمٌ، وَلَوْ شِئْتَ أَنْ تُطَاعَ لَأُطِعْتَ، وَلَوْ شِئْتَ أَنْ

[①] ئەلبانى (1748): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3857): ھەسەن، ـ دېگەن.

لا تُعْصَى مَا عُصِيتَ، وَأَنتَ تُحِب أَنْ تُطَاعَ، وَأَنتَ فِي ذَلِكَ تُعْصَى، فَكَيْفَ هَذَا يَا رَبِّ؟ فَأَوْحَى اللهُ عَز وَجَل إِلَيْهِ: إِني لا أُسْأَلُ عَما أَفْعَلُ، وَهُمْ يُسْأَلُونَ، فَانْتَهَى مُوسَى عَلَيْهِ السلامُ، فَلَما بَعَثَ اللهُ عَز وَجَل عُزَيْرًا، وَأَنزَلَ عَلَيْهِ التوْرَاةَ بَعْدَمَا كَانَ قَدْ رَفَعَهَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ، حَتى قَالَ مَنْ قَالَ: إِنهُ ابْنُ اللهِ، قَالَ: اللهُم إِنكَ رَب عَظِيمٌ، لَوْ شِئْتَ أَنْ تُطَاعَ لأُطِعْتَ، وَلَوْ شِئْتَ أَنْ لا تُعْصَى مَا عُصِيتَ، وَأَنتَ تُحِب أَنْ تُطَاعَ، وَأَنتَ فِي ذَلِكَ تُعْصَى، فَكَيْفَ يَا رَبِّ؟ فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ: إِني لا أُسْأَلُ عَما أَفْعَلُ، وَهُمْ يُسْأَلُونَ، فَأَبَتْ نَفْسُهُ حَتى سَأَلَ أَيْضًا، فَقَالَ: اللهُم أَنتَ رَب عَظِيمٌ، لَوْ شِئْتَ أَنْ لا تُعْصَى مَا عُصِيتَ، وَأَنتَ تُحِب أَنْ تُطَاعَ، وَأَنتَ تُعْصَى، فَكَيْفَ هَذَا يَا رَبِّ؟ فَأَوْحَى اللهُ: إِني لا أُسْأَلُ عَما أَفْعَلُ، وَهُمْ يُسْأَلُونَ، فَأَبَتْ نَفْسُهُ حَتى سَأَلَ أَيْضًا، فَقَالَ: أَتَسْتَطِيعُ أَنْ تَصُر صُرةً مِنَ الشمْسِ؟ قَالَ: لا، قَالَ: فَتَسْتَطِيعُ أَنْ تَجِيءَ بِمِكْيَالٍ مِنْ رِيحٍ؟ قَالَ: لا، قَالَ: أَفَتَسْتَطِيعُ أَنْ تَجِيءَ بِمِثْقَالٍ مِنْ نُورٍ؟ قَالَ: لا، أَفَتَسْتَطِيعُ أَنْ تَجِيءَ بِقِيرَاطٍ مِنْ نُورٍ؟ قَالَ: لا، قَالَ: فَهَكَذَا لا تَقْدِرُ عَلَى الذِي سَأَلْتَ عَنْهُ، إِني لا أُسْأَلُ عَما أَفْعَلُ، وَهُمْ يُسْأَلُونَ، أَمَا إِني لا أَجْعَلُ عُقُوبَتَكَ إِلا أَنْ أَمْحِيَ اسْمَكَ مِنَ الأَنبِيَاءِ فَلا تُذْكَرُ فِيهِمْ، فَمَحَا اسْمَهُ مِنَ الأَنبِيَاءِ، فَلَيْسَ يُذْكَرُ فِيهِمْ وَهُوَ نَبِي، فَلَما بَعَثَ اللهُ عِيسَى عَلَيْهِ السلامُ، وَرَأَى مَنْزِلَتَهُ مِنْ رَبهِ، وَعَلمَهُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتوْرَاةَ وَالإِنْجِيلَ، وَيُبْرِئُ الأَكْمَهَ وَالأَبْرَصَ، وَيُحْيِي الْمَوْتَى، وَيُنَبئُهُمْ بِمَا يَأْكُلُونَ وَمَا يَدخِرُونَ فِي بُيُوتِهِمْ، قَالَ: اللهُم إِنكَ رَب عَظِيمٌ، لَوْ شِئْتُ أَنْ تُطَاعَ لأُطِعْتَ، وَلَوْ شِئْتَ أَنْ لا تُعْصَى مَا عُصِيتَ، وَأَنتَ تُحِب أَنْ تُطَاعَ، وَأَنتَ فِي ذَلِكَ تُعْصَى، فَكَيْفَ هَذَا يَا رَبِّ؟ فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ: إِني لا أُسْأَلُ عَما أَفْعَلُ، وَهُمْ يُسْأَلُونَ، وَأَنتَ عَبْدِي وَرَسُولِي، وَكَلِمَتِي أَلْقَيْتُكَ إِلَى مَرْيَمَ، وَرَوْحٌ مِني خَلَقْتُكَ مِنْ تُرَابٍ، ثُم قُلْتُ لَكَ: كُنْ فَكُنتَ، لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ لأَفْعَلَن بِكَ كَمَا فَعَلْتُ بِصَاحِبِكَ بَيْنَ يَدَيْكَ، إِني لا أُسْأَلُ عَما أَفْعَلُ، وَهُمْ يُسْأَلُونَ، فَجَمَعَ عِيسَى عَلَيْهِ السلامُ تَبِعَتَهُ، فَقَالَ: الْقَدَرُ سِر اللهِ، فَلا تَكَلفُوهُ.

7674 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋراتنى نازىل قىلغان چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى الله! شۈبھىسىزكى، سەن بۈيۈك پەرۋەردىگارسەن. ئەگەر ساڭا ئىتائەت قىلىنىشنى خالىساڭ، ئەلۋەتتە، ئىتائەت قىلىنىسەن. ئەگەر ساڭا ئاسىيلىق قىلىنماسلىقنى خالىساڭ، ئاسىيلىق قىلىنمايسەن. سەن ئۆزەڭگە ئىتائەت قىلىنىشنى ياخشى كۆرىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق

ساڭا ئاسىيلىق قىلىنىدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ زادى قانداق ئىش؟ ــ دېگەنىدى، الله تائالا ئۇنىڭغا:

ــ مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن سوراققا تارتىلمايمەن. لېكىن ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، ــ دەپ ۋەھيى نازىل قىلدى.

الله تائالا تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئىلىپ كېتىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇزەيرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا تەۋراتنى قايتا نازىل قىلدى. بىراق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى: ''اللەنىڭ ئوغلى'' دەپ ئاتىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇزەير:

ــ ئى الله! شۈبھىسىزكى، سەن بۈيۈك پەرۋەردىگارسەن... (داۋامى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىگە ئوخشاش)، - دېگەنىدى، الله تائالا ئۇنىڭغىمۇ:

ــ مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن سوراققا تارتىلمايمەن. لېكىن ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ، ــ دەپ ۋەھيى نازىل قىلدى. ئۇزەير بۇ جاۋابقا قانائەت قىلماي يەنە سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا:

ــ سەن قۇياشنى كىچىككىنە بولسىمۇ سوۋۇتالامسەن؟ ــ دېدى. ئۇزەير:

ـ ياق، - دېدى. الله تائالا:

ـ ئۇنداقتا، ئازغىنە شامال چىقىرالامسەن؟ - دېدى. ئۇ:

ـ ياق، - دېدى. الله تائالا:

ـ ئۇنداقتا، زەررىچىلىك نۇر كەلتۈرەلەمسەن؟ - دېدى. ئۇ:

ـ ياق، - دېدى. الله تائالا:

ـ دېمەك، سەن مەن سورىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر بولالمايسەن. شۇڭا مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن سوراققا تارتىلمايمەن. لېكىن ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. مەن هازىر سېنى جازالىمايمەن. پەقەت ئىسمىڭنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇلار ئىچىدە تىلغا ئېلىنمايسەن، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، الله تائالا ئۇنىڭ ئىسمىنى پەيغەمبەرلەر تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزەير

پەيغەمبەرلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنمىدى. ھالبۇكى، ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىدى.

الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇنىڭغا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتى. كور ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان، قەۋمىنىڭ نېمە يېگەنلىكىنى ۋە ئۆيلىرىدە نېمىلەرنى ئېلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان خۇسۇسىيەتنى ئاتا قىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدىكى بۇ مەرتىۋىسىنى كۆرۈپ:

— ئى الله! شۇبھىسىزكى، سەن بۇيۈك پەرۋەردىگارسەن... (ئۇمۇ سۆزىنى يۇقىرىدىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش داۋام قىلدى)، - دېدى. الله تائالا ئۇنىڭغا:

— مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن سوراقتا تارتىلمايمەن. لېكىن ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سوراقتا تارتىلىدۇ. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە ئەلچىمسەن. سەن مېنىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمەم ۋە روھىمسەن. مەن سېنى تۇپراقتىن ياراتتىم. ئاندىن ساڭا: ”ۋۇجۇدقا كەل!“ دېۋىدىم، سەن دەرھال ۋۇجۇدقا كەلدىڭ. ئەگەر سەن بۇ سوئالىڭدىن يانمىساڭ، ئەلۋەتتە، مەن سېنى خۇددى سەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر قېرىندىشىڭنى قىلغاندەك قىلىپ قويىمەن. مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن سوراقتا تارتىلمايمەن. لېكىن ئىنسانلار قىلمىشلىرىدىن سوراقتا تارتىلىدۇ، - دەپ ۋەھيى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى توپلاپ:

- تەقدىر اللهنىڭ سىرىدۇر. شۇڭا ئۇنى بىلىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 10606)

[1] ھەيسەمى (11845): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ يەھيا قەتتات ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەدىسى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا زەئىپتۇر. ئىبنى مەئىن بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، قالغان رىۋايەتتە ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يەنە مۇسئەب ئىبنى سۇۋار ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كىملىكى ماڭا نامەلۇم. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، دېگەن.

7675 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَت قال رَسُول اللهِ صلى الله عليه وسلم: لا تَقُولُوا: مَا شَاءَ اللهُ، وَشَاءَ مُحَمدٌ، قُولُوا: مَا شَاءَ اللهُ وَحْدَهُ.

7675 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرگىزمۇ: الله خالىغان ۋە مۇھەممەد خالىغان نەرسە بولىدۇ، ـ دېمەي: پەقەت الله خالىغان نەرسىلا بولىدۇ، ـ دەڭلار!»[①]

(مۇسلىم: 4665)

7676 ـ عن عائشة قالت: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "لا ينفع حذر مـن قـدر والدعاء ينفع ـ أحسبه قال: ـ ما لم ينزل القدر وإن الدعاء ليلقى البلاء فيعتلجان إلى يوم القيامة".

7676 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تەقدىردىن قېچىش مەنپەئەت قىلمايدۇ. تەقدىرگە قارشى دۇئا قىلىش مەنپەئەت قىلىدۇ (ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ: تەقدىر ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى دۇئا قىلىش مەنپەئەت قىلىدۇ، ـ دېگەن). شەك ـ شۈبھىسىزكى، دۇئا بالا ـ قازا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنىگىچە بىر ـ بىرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىدۇ»[②].

(بەززار: 2165)

---

[①] ھەيسەمى (11901): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (11905): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەكەرىيا ئىبنى مەنزۇر ئىسىملىك بىرى بار. ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، لېكىن كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

## سالاملىشىش، قول ئېلىشىش، قولنى سۆيۈش ۋە كىرگەنلەرگە ئورنىدىن تۇرۇش قاتارلىق ئەدەب - قائىدىلەر بۆلۈمى

7677 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا انْتَهى أَحَدُكُمْ إِلى مَجْلِسٍ فَلْيُسَلمْ فَإِنْ بَدَا لَهُ أَنْ يَجْلِسَ فَلْيَجْلِسْ ثُم إِذَا قَامَ فَلْيُسَلمْ فَلَيْسَتْ الْأُولى بِأَحَق مِنْ الْآخِرَةِ.

7677 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرەر سورۇنغا كىرسەڭلار، سالام بېرىڭلار. ئولتۇرۇشنى خالىساڭلار، ئولتۇرۇڭلار. ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ قايتماقچى بولغاندا، يەنە قايتا سالام بېرىپ قايتىڭلار. چۈنكى قايتقاندا بېرىلگەن سالام (ساۋاب جەھەتتىن) كەلگەندە بېرىلگەن سالامدىن قېلىشمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2706)

7677 ـ زاد رزين: ومن سلم على قوم حين يقوم عنهم كان شـريكهم فيمـا خاضوا فيه من خير بعده.

7678 - رەزىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «كىمكى سورۇندىن سالام بېرىپ ئايرىلسا، (ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ) سورۇندا قالغانلار قىلىشقان ياخشى سۆزلەرنىڭ ساۋابىدىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (2177): ھەسەن ۋە سەھىھ - دېگەن.

7679 ـ عن كَلَدَةَ بْنَ حَنْبَلٍ أَخْبَرَهُ أن صَفْوَانَ بْنَ أُمَيةَ بَعَثَهُ بِلَبَنٍ وَلِبَإٍ وَضَغَابِيسَ إلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالنبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَعْلَى الْوَادِي قَالَ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ وَلَمْ أُسَلمْ وَلَمْ أَسْتَأْذِنْ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْجِعْ فَقُلْ السلَامُ عَلَيْكُمْ أَأَدْخُلُ وَذَلِكَ بَعْدَ مَا أَسْلَمَ صَفْوَانُ.

7679 ــ كەلەدە ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مەندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۈت، ئوغۇز سۈتى ۋە تەرخەمەك ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىلغىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدە ئىدى. مەن يېتىپ بېرىپ، سالام قىلماي، ئىجازەتمۇ سورىمايلا يېنىغا كىرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ قايتىپ چىقىپ: ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرسەم بولامدۇ؟“ دەپ، قايتا كىرگىن! ـ دېدى. بۇ، سەفۋان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى چاغ ئىدى[1].

(تىرمىزى: 2710)

7680 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ إِذَا لَقِيَ أَحَدُكُمْ أَخَاهُ فَلْيُسَلمْ عَلَيْهِ فَإِنْ حَالَتْ بَيْنَهُمَا شَجَرَةٌ أَوْ جِدَارٌ أَوْ حَجَرٌ ثُم لَقِيَهُ فَلْيُسَلمْ عَلَيْهِ أَيْضًا.

7680 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرىڭلار قېرىندىشىغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىنى بىرەر دەرەخ ياكى تام ۋەياكى تاش ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، قايتا ئۇچراشقان بولسا، ئۇنىڭغا يەنە سالام قىلسۇن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5200)

7681 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا بُنَي إِذَا دَخَلْتَ عَلَى أَهْلِكَ فَسَلمْ يَكُنْ بَرَكَةً عَلَيْكَ وَعَلَى أَهْلِ بَيْتِكَ.

[1] ئەلبانى (2180): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4332): سەھىھ ـ دېگەن.

7681 ـــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

«ئى ئوغلۇم! ئائىلەڭگە كىرگىنىڭدە سالام قىلغىن، سالىمىڭ ساڭا ۋە ئائىلەڭگە بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 2698)

7682 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ السـلَامُ قَبْلَ الْكَلَامِ.

7682 ـــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «سۆزنىڭ بېشى سالامدۇر» دېگەن.[2]

(تىرمىزى: 2699)

7683 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ مَر عَلَى صِبْيَانٍ فَسَلمَ عَلَيْهِمْ وَقَـالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَفْعَلُهُ.

7683 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلاتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6247)

7684 ـ عن أَسْمَاء ابْنة يَزِيدَ مَر عَلَيْنا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي نِسْوَةٍ فَسَلمَ عَلَيْنا.

7684 ـــ يەزىدنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئاياللار بىللە ئولتۇرغىنىمىزدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزگە سالام قىلدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5204)

[1] ئەلبانى (509): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2170): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4336): سەھىھ ـ دېگەن.

7685 ـ عن الطفيل بن أبي بن كعب أخبره أنه كان يأتي عبد الله بن عمر فيغدو معه إلى السوق قال فإذا غدونا إلى السوق لم يمر عبد الله بن عمر على سقاط ولا صاحب بيعة ولا مسكين ولا أحد إلا سلم عليه قال الطفيل فجئت عبد الله بن عمر يوما فاستتبعني إلى السوق فقلت له وما تصنع في السوق وأنت لا تقف على البيع ولا تسأل عن السلع ولا تسوم بها ولا تجلس في مجالس السوق قال وأقول اجلس بنا هاهنا نتحدث قال فقال لي عبد الله بن عمر يا أبا بطن وكان الطفيل ذا بطن إنما نغدو من أجل السلام نسلم على من لقينا.

7685 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى تۇفەيلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا باراتتىم، ئىككىمىز بىللە بازارغا چىقاتتۇق. ئىبنى ئۆمەر بازاردىكى مەيلى ئۇششاق ــ چۈششەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان كىشى بولسۇن ياكى دۇكاندار ـ سائىل بولسۇن، ئىشقىلىپ قانداقلا بىر كىشىنىڭ قېشىدىن ئۆتسىلا، ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ قېشىغا بارسام، يەنە بىللە بازارغا بېرىشنى ئېيتتى. مەن:

ــ سەن يا سودا ـ سېتىق قىلمىساڭ، يا مال باھاسىنى سورىمىساڭ، باھا تالاشمىساڭ ياكى بازاردا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلارغا داخىل بولمىساڭ، بازارغا چىقىپ نېمە قىلىسەن؟ بىكاردىن بىكارغا بازارغا بېرىپ يۈرمەي، ئۆيدىلا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمايلىمۇ؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ ئى يور قورساق! بىز بازارغا ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ئادەمگە سالام قىلىش ئۈچۈن بارىمىز. ـ دېدى.

(مالىك: 1793)

7686 ـ عن عبدالله بن عمر عن النبي صلى الله عليه وسلم قال من سلم على عشرين رجلا من المسلمين في يوم جماعة أو فرادى ثم مات من يومه ذلك وجبت له الجنة وفي ليلة مثل ذلك.

7686 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر كۈندە (ئەڭ ئاز بولغاندا) 20 كىشىلىك جامائەتكە ياكى ئايرىم ـ ئايرىم 20 كىشىگە سالام قىلىپ شۇ كۈنى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، شۇنىڭدەك كىشىگە كېچىدە سالام قىلسىمۇ شۇنداق بولىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

7687 ـ عن عَلِي بن أبي طَالِبٍ رضي الله عنه قال أبو دَاوُد رَفَعَهُ الْحَسَنُ بن عَلِي قال يُجْزِئُ عن الْجَمَاعَةِ إذا مَروا أَنْ يُسَلمَ أَحَدُهُمْ وَيُجْزِئُ عن الْجُلُوسِ أَنْ يَرُد أَحَدُهُمْ.

وحديث: وَتَقْرَأُ السلَامَ على من عَرَفْتَ وَمَنْ لم تَعْرِفْ مر في خصال الإيمان.

7687 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(يولدا كېتىۋاتقان) بىر توپ كىشىدىن پەقەت بىرىلا (يول بويىدا ئولتۇرغانلارغا) سالام قىلسا، ئولتۇرغانلاردىنمۇ پەقەت بىرلا كىشى ئۇلارغا سالام قايتۇرسا، ھەممەيلەنگە كۇپايە قىلىدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 5210)

«ئىماننىڭ خىسلەتلىرى» بابىدا ئىمام بۇخارى: «تونىغان ـ تونىمىغان ھەممە كىشىگە سالام بېرىش (ئىماننىڭ خىسلەتلىرى قاتارىدىندۇر)» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

7688 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَوْلَى الناسِ بِاللهِ مَنْ بَدَأَهُمْ بِالسلَامِ.

7688 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (12734): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىمە ئىبنى ئەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (4342): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىشىلەردىن اللە تائالانىڭ رەھمىتىگە ئەڭ يېقىن بولغىنى كىشىلەرگە بۇرۇن سالام قىلغىنىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5197)

7689 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسَلمُ الراكِبُ عَلَى الْمَاشِي وَالْمَاشِي عَلَى الْقَاعِدِ وَالْقَلِيلُ عَلَى الْكَثِيرِ.

7689 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇلاغلىق كېتىۋاتقان كىشى پىيادە كىشىگە، پىيادە مېڭىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بېرىدۇ».

(بۇخارى: 6232)

7690 ـ وفي رواية: يُسَلمُ الصغِيرُ عَلَى الْكَبِيرِ.

7690 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىچىكلەر چوڭلارغا سالام قىلىدۇ» دەپ كەلگەن[2].

(تىرمىزى: 2703)

7691 ـ عَنْ فَضَالَةَ بن عُبَيْدٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُسَلمُ الْفَارِسُ عَلَى الْمَاشِي وَالْمَاشِي عَلَى الْقَائِمِ وَالْقَلِيلُ عَلَى الْكَثِيرِ.

7691 ــ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتلىق كىشى پىيادە كىشىگە، پىيادە كېتىۋاتقان كىشى تۇرغان كىشىگە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام قىلىدۇ»[3].

(تىرمىزى: 2705)

[1] ئەلبانى (4328): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2174): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (2175): سەھىھ ـ دېگەن.

7692 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَلَقَ اللهُ آدَمَ وَطُولُهُ سِتونَ ذِرَاعًا ثُم قَالَ اذْهَبْ فَسَلمْ عَلَى أُولَئِكَ مِنْ الْمَلَائِكَةِ فَاسْتَمِعْ مَا يُحَيونَكَ تَحِيتُكَ وَتَحِيةُ ذُريتِكَ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ فَقَالُوا السلَامُ عَلَيْكَ وَرَحْمَةُ اللهِ فَزَادُوهُ وَرَحْمَةُ اللهِ فَكُل مَنْ يَدْخُلُ الْجَنةَ عَلَى صُورَةِ آدَمَ فَلَمْ يَزَلْ الْخَلْقُ يَنْقُصُ حَتى الْآنَ.

7692 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنى 60 گەز ئۇزۇنلۇقتا ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: ”بېرىپ ئاشۇ پەرىشتىلەرگە سالام بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ سالىمىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىگە قۇلاق سالغىن. بۇ، سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ قوللىنىدىغان سالامدۇر“ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە: ”ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم“ دەپ سالام بەرگەنىدى، پەرىشتىلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ”ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ۋە رەھمەتۇللاھى“ دەپ ئۇششۇقى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى (جەننەتكە) ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىدە بولۇپ كىرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئادەملەر ھۆسن ـ چىراي ۋە قەددى ـ قامەت جەھەتتىن چېكىنىپ كېلىۋاتىدۇ».

(بۇخارى: 3326)

7693 ـ عن عَبْدِ اللهِ بن عَباسٍ أنه دَخَلَ عَلَيْهِ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ ثُم زَادَ شَيْئًا مَعَ ذَلِكَ أَيْضًا قَالَ ابْنُ عَباسٍ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ قَدْ ذَهَبَ بَصَرُهُ مَنْ هَذَا قَالُوا هَذَا الْيَمَانِي الذِي يَغْشَاكَ فَعَرفُوهُ إِياهُ قَالَ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ إِن السلَامَ انْتَهَى إِلَى الْبَرَكَةِ.

7693 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەمەنلىك بىر كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، ـ دەپ يەنە بىر نەرسىلەرنى قېتىپ سالام قىلدى. ئىبنى ئاباس (بۇ چاغلاردا ئىبنى ئاباسنىڭ كۆزى ئەما بولۇپ قالغان ئىدى) ئەتراپىدىكىلەردىن:

ـ بۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئەتراپىدىكىلەر:

ــ بۇ ھېلىقى سەندىن دەرس ئېلىشقا كېلىدىغان يەمەنلىك كىشى، ـ دەپ ئۇنى تونۇشتۇرغانىدى، ئىبنى ئاباس ئۇنىڭغا:

ــ سالام دېگەن ۋە بەرەكاتۇھۇ بىلەن تۈگەيدۇ (ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلىۋالما)، ـ دېدى.

(مالىك: 1789)

7694 ـ عَنْ يَحْيى بْنِ سَعِيدٍ أن رَجُلًا سَلمَ عَلى عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ فَقَالَ السـلَامُ عَلَيْكَ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ وَالْغَادِيَاتُ وَالرائِحَاتُ فَقَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ وَعَلَيْكَ أَلْفًا ثُم كَأَنهُ كَرِهَ ذَلِكَ.

7694 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ۋەلغادىيات ۋەررائىھات (ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك بەرىكەت ۋە رەھمەتلەر)، ـ دەپ سالام قىلغان ئىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

ــ ساڭىمۇ شۇنىڭدىن مىڭى بولسۇن، ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇ ئادەمنىڭ سالام قىلىش ئۇسۇلىنى (شەرئىي سالامدىن ئارتۇق قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن) يامان كۆرگەندەك قىلاتتى.

(مالىك: 1789)

7695 ـ عن عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ قال جاء رَجُلٌ إلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فقال السلَامُ عَلَيْكُمْ فَرَد عليه السلَامَ ثُم جَلَسَ فقال النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَشْرٌ ثُم جاء آخَرُ فقال السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ فَرَد عليه فَجَلَسَ فقال عِشْرُونَ ثُم جاء آخَرُ فقال السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ فَرَد عليه فَجَلَسَ فقال ثَلَاثُونَ.

7695 ــ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، ـ دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى. ئۇ كىشى كېلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئون ساۋاب، ـ دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشى كېلىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ ـ دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ سالام قايتۇردى. ئۇ كىشىمۇ كېلىپ ئولتۇرغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ 20 ساۋاب، ـ دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشى كېلىپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، ـ دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ سالام قايتۇردى. ئۇ كىشىمۇ كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ 30 ساۋاب، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5195)

7696 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ أَنسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَعْنَاهُ زَادَ ثُم أَتى آخَرُ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ وَمَغْفِرَتُهُ فَقَالَ أَرْبَعُونَ قَالَ هَكَذَا تَكُونُ الْفَضَائِلُ.

7696 ــ مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق كەلگەن: ئاندىن يەنە بىر كىشى كېلىپ:

ــ ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ۋە مەغفىرەتۇھۇ، ـ دەپ سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ 40 ساۋاب، ـ دېدى. مۇئاز ئىبنى ئەنەس:

ـ پەزىلەتلەر مۇشۇنداق بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5196)

---

[1] ئەلبانى (4327): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1112): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7697 ـ عَنْ غَالِبٍ قَالَ إِنا لَجُلُوسٌ بِبَابِ الْحَسَنِ إِذْ جَاءَ رَجُلٌ فَقَالَ حَدثَنِي أَبِي عَنْ جَدي قَالَ بَعَثَنِي أَبِي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ ائْتِهِ فَأَقْرِئْهُ السلَامَ قَالَ فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ إِن أَبِي يُقْرِئُكَ السلَامَ فَقَالَ عَلَيْكَ السلَامُ وَعَلَى أَبِيكَ السلَامُ.

7697 ـ غالىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ھەسەن بەسرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى: دادام ماڭا بوۋامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: دادام مېنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتتى ۋە: ''رەسۇلۇللاھقا مەندىن سالام ئېيتقىن!'' دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

ـ دادام ساڭا سالام ئېيتتى، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەلەيكەسسالام ۋە ئەلا ئەبىيكە (ساڭا ۋە داداڭغىمۇ سالام بولسۇن)! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5231)

7698 ـ عَنْ أَبِي جُرَيٍ جَابِرِ بْنِ سُلَيْمٍ قَالَ رَأَيْتُ رَجُلًا يَصْدُرُ الناسُ عَنْ رَأْيِهِ لَا يَقُولُ شَيْئًا إِلا صَدَرُوا عَنْهُ قُلْتُ مَنْ هَذَا قَالُوا هَذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ عَلَيْكَ السلَامُ يَا رَسُولَ اللهِ مَرتَيْنِ قَالَ لَا تَقُلْ عَلَيْكَ السلَامُ فَإِن عَلَيْكَ السلَامُ تَحِيةُ الْمَيتِ قُلْ السلَامُ عَلَيْكَ قَالَ قُلْتُ أَنْتَ رَسُولُ اللهِ قَالَ أَنَا رَسُولُ اللهِ الذِي إِذَا أَصَابَكَ ضُر فَدَعَوْتَهُ كَشَفَهُ عَنْكَ وَإِنْ أَصَابَكَ عَامُ سَنَةٍ فَدَعَوْتَهُ أَنْبَتَهَا لَكَ وَإِذَا كُنْتَ بِأَرْضٍ قَفْرَاءَ أَوْ فَلَاةٍ فَضَلتْ رَاحِلَتُكَ فَدَعَوْتَهُ رَدهَا عَلَيْكَ قَالَ قُلْتُ اعْهَدْ إِلَي قَالَ لَا تَسُبن أَحَدًا قَالَ فَمَا سَبَبْتُ بَعْدَهُ حُرا وَلَا عَبْدًا وَلَا بَعِيرًا وَلَا شَاةً قَالَ وَلَا تَحْقِرَن شَيْئًا مِنْ الْمَعْرُوفِ وَأَنْ تُكَلمَ أَخَاكَ وَأَنْتَ مُنْبَسِطٌ إِلَيْهِ وَجْهُكَ إِن ذَلِكَ مِنْ الْمَعْرُوفِ وَارْفَعْ إِزَارَكَ إِلَى نِصْفِ الساقِ فَإِنْ أَبَيْتَ فَإِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِياكَ وَإِسْبَالَ الْإِزَارِ فَإِنهَا مِنْ الْمَخِيلَةِ وَإِن اللهَ لَا يُحِب الْمَخِيلَةَ وَإِنْ امْرُؤٌ شَتَمَكَ وَعَيرَكَ بِمَا يَعْلَمُ فِيكَ فَلَا تُعَيرْهُ بِمَا تَعْلَمُ فِيهِ فَإِنمَا وَبَالُ ذَلِكَ عَلَيْهِ.

[1] ئەلبانى (4358): ھەسەن، ـ دېگەن.

7698 ــ ئەبۇ جۇرەي جابىر ئىبنى سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىگە بارغانىدىم، ئۇ يەردە شۇنداق بىر كىشىنى كۆردۈمكى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ رەيى بويىچە ئىش قىلاتتى، نېمە دېسە، شۇنى قىلاتتى، مەن:

ــ بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىسام، كىشىلەر:

ــ ئۇ اللەنىڭ رەسۇلى بولىدۇ، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلەيكەسسالام، ـ دەپ سالام قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ”ئەلەيكەسسالام“ دېمىگىن، چۈنكى بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ سالىمى. شۇڭا ”ئەسسالامۇ ئەلەيكە“ دېگىن! ـ دېدى. مەن:

ــ سەن اللەنىڭ رەسۇلى بولامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇنداق، مەن اللەنىڭ رەسۇلى بولىمەنكى، ئۇ اللە ساڭا كېسەل تەگكەندە دۇئا قىلساڭ، سېنى كېسەلدىن خالاس قىلىدۇ. قۇرغاقچىلىقتا دۇچار بولغاندا، دۇئا قىلساڭ، زىرائەتلىرىڭنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ. چۆل ـ باياۋانلاردا تۆگەڭنى يۈتتۈرۈپ قويغاندا دۇئا قىلساڭ، تۆگەڭنى ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مەن مانا مۇشۇنداق قۇدرەتلىك اللەنىڭ رەسۇلىمەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا نەسىھەت قىلغىن! ــ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھېچكىمنى تىللىمىغىن (مەن شۇندىن كېيىن مەيلى ھۆر ياكى قۇل، ھەتتا تۆگە ياكى قوينىمۇ تىللاپ باقمىدىم)، كىچىككىنە ياخشىلىقنىمۇ تۆۋەن چاغلىما. قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي سۆزلەشكىن، بۇمۇ ياخشى ئىشتىن ھېسابلىنىدۇ. ئىشتىنىڭنىڭ ئۇزۇنلىقى پاچىقىڭنىڭ يېرىمىغىچە بولسۇن، بۇنى قىسقا كۆرسەڭ، ئوشۇقىڭغىچە بولسۇن، ھەرگىزمۇ يەرگە سۆرىلىپ قالغۇدەك ئۇزۇن بولمىسۇن. چۈنكى بۇ تەكەببۇرلۇق بولۇپ، اللە تەكەببۇرلۇقنى ياخشى

كۆرمەيدۇ. بىر ئادەم ئەيىبىڭنى تىلغا ئېلىپ تىللىسىمۇ، سەن ئۇنىڭ ئەيىبىنى تىلغا ئېلىپ تىللىمىغىن. چۈنكى ئۇنىڭ تىل - ھاقارىتىنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ، - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4084)

**7699 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَنهُ سَمِعَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَسَلمَ عَلْيِهِ رَجُلٌ فَرَد عَلْيِهِ السلَامَ ثُم سَأَلَ عُمَرُ الرجُلَ كَيْفَ أَنتَ فَقَالَ أَحْمَدُ إِلَيْكَ اللهَ فَقَالَ عُمَرُ ذَلِكَ الذِي أَرَدْتُ مِنْكَ.**

7699 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سالام قىلغان ئىدى، ئۆمەر ئۇنىڭغا سالام قايتۇرغاندىن كېيىن:

ــ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ــ اللهقا شۈكرى، ـ دېۋىدى، ئۆمەر:

ــ سېنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭنى ئاڭلاي دېگەنىدىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1792)

**7700 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ بْنِ أَبِي جَهْلٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَوْمَ جِئْتُهُ مَرْحَبًا بِالراكِبِ الْمُهَاجِرِ.**

7700 ـ ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى:

ــ ئۇلاغ مىنىپ، ھىجرەت قىلغۇچىغا مەرھابا! ـ دەپ قارشى ئالدى[2].

(تىرمىزى: 2735)

[1] ئەلبانى (3442): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (518): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7701 ـ عَنْ أَنسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ إِذَا تَكلمَ بِكَلِمَةٍ أَعَادَهَا ثَلَاثًا حَتى تُفْهَمَ عَنْهُ وَإِذَا أَتى عَلَى قَوْمٍ فَسَلمَ عَلَيْهِمْ سَلمَ عَلَيْهِمْ ثَلَاثًا.

7701ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر سۆز قىلسا، چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى. كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بەرسىمۇ ھەم شۇنداق قىلاتتى.

(بۇخارى: 95)

7702 ـ عن عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ كُنا نَقُولُ فِي الْجَاهِلِيةِ أَنْعَمَ اللهُ بِكَ عَيْنًا وَأَنْعِمْ صَبَاحًا فَلَما كَانَ الْإِسْلَامُ نُهِينَا عَنْ ذَلِكَ قَالَ عَبْدُ الرزاقِ قَالَ مَعْمَرٌ يُكْرَهُ أَنْ يَقُولَ الرجُلُ أَنْعَمَ اللهُ بِكَ عَيْنًا وَلَا بَأْسَ أَنْ يَقُولَ أَنْعَمَ اللهُ عَيْنَكَ.

7702 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە:

ـ الله سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلسۇن، ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن! ـ دەپ سالام قىلاتتۇق، ئىسلامىيەت كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق دېيىشتىن چەكلەندۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5227)

7703 ـ عن أَبِي أُسَيْدٍ الساعِدِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْعَباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ وَدَخَلَ عَلَيْهِمْ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ قَالُوا وَعَلَيْكَ السلَامُ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ قَالَ كَيْفَ أَصْبَحْتُمْ قَالُوا بِخَيْرٍ نَحْمَدُ اللهَ فَكَيْفَ أَصْبَحْتَ بِأَبِينَا وَأُمنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَصْبَحْتُ بِخَيْرٍ أَحْمَدُ اللهَ.

7703 ـ ئەبۇ ئۇسەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ـ دەپ سالام قىلغانىدى، ئۇلار:

[1] ئەلبانى (1119): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ــــ ۋەئەلەيكەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، - دەپ سالام قايتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قانداقراق قوپۇپسىلەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

ــ ياخشى قوپۇپتۇق، اللهقا ھەمدۇ ئېيتىمىز. ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ــ ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن. سەن قانداق قوپۇپسەن؟ - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلارغا:

ــ ياخشى قوپۇپتىمەن، اللهقا ھەمدۇ ئېيتىمەن، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3711)

7704 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ الرَّجُلُ مِنا يَلْقَى أَخَاهُ أَوْ صَدِيقَهُ أَيَنْحَنِي لَهُ قَالَ لَا قَالَ أَفَيَلْتَزِمُهُ وَيُقَبِّلُهُ قَالَ لَا قَالَ أَفَيَأْخُذُ بِيَدِهِ وَيُصَافِحُهُ قَالَ نَعَمْ.

زاد رزين: لا إلا أن يأتي من سفر.

7704 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كىشى:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىنداشىمىز ياكى دوستىمىز بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا، ئۇنىڭغا ئېگىلسەك بولامدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، ـ دېدى، ئۇ كىشى:

ــ ئۇنداقتا، قۇچاقلاپ سۆيسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ ياق، ـ دېدى، ئۇ كىشى:

ــ ئۇنداقتا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2728)

---

[1] ئەلبانى (812): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2195): ھەسەن، ـ دېگەن.

رەزىنىنىڭ رىۋايىتىدە: «ياق، سەپەردىن كەلگەندىلا شۇنداق قىلسا (يەنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشسە) بولىدۇ» دەپ كەلگەن.

7705 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَيْسَ مِنَّا مَنْ تَشَبَّهَ بِغَيْرِنَا لَا تَشَبَّهُوا بِالْيَهُودِ وَلَا بِالنَّصَارَى فَإِنَّ تَسْلِيمَ الْيَهُودِ الْإِشَارَةُ بِالْأَصَابِعِ وَتَسْلِيمَ النَّصَارَى الْإِشَارَةُ بِالْأَكُفِّ.

7705 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىزدىن باشقىلارغا ئوخشىۋالغانلار بىزدىن ئەمەس، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار، يەھۇدىيلارنىڭ سالام بېرىشى بارماقتا ئىشارەت قىلىش بىلەن، خرىستىئانلارنىڭ سالامى ئالقاندا ئىشارەت قىلىش بىلەن بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2695)

7706 ـ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا سَلَّمَ عَلَيْكُمْ الْيَهُودُ فَإِنَّمَا يَقُولُ أَحَدُهُمْ السَّامُ عَلَيْكَ فَقُلْ وَعَلَيْكَ.

7706 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەھۇدىيلار سىلەرگە: ''ئەسسامۇ ئەلەيكۇم'' (سىلەرگە ئۆلۈم بولسۇن) دەپ سالام قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارغا: ''ۋەئەلەيكە'' (ساڭىمۇ بولسۇن) دەڭلار!»

(بۇخارى: 6257)

7707 ـ عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا زَوْجَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَتْ دَخَلَ رَهْطٌ مِنْ الْيَهُودِ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالُوا السَّامُ عَلَيْكُمْ قَالَتْ عَائِشَةُ

[1] ئەلبانى (2168): ھەسەن، ـ دېگەن.

فَفَهِمْتُهَا فَقُلْتُ وَعَلَيْكُمْ السامُ وَاللَّعْنَةُ قَالَتْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَهْلًا يَا عَائِشَةُ إِن اللهَ يُحِب الرفْقَ فِي الْأَمرِ كُلهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَوَلَمْ تَسْمَعْ مَا قَالُوا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ قُلْتُ وَعَلَيْكُمْ.

7707 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر تۈپ يەھۇدىي پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ـ ئەسسامۇئەلەيكۇم (سىلەرگە ئۆلۈم تىلەيمەن)! ـ دېدى. مەن ئۇنى چۈشىنىپ:

ـ سىلەرگىمۇ ئۆلۈم بىلەن لەنەت بولسۇن! ـ دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئائىشە! ئۆزەڭنى بېسىۋالغىن. اللە تائالا ھەرقانداق ئىشتا سىپايە بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاڭلىدىم، شۇڭا: "سىلەرگىمۇ شۇنى تىلەيمەن" دېدىمغۇ؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6024)

7708 ـ وفي رواية: عليكم بدون الواو.

7708 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: "ئەلەيكۇم" دېگەن، "ۋە" ھەرپىنى دېمىگەن، ـ دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2165)

7709 ـ وفي رواية: عليكم السام والذام.

7709ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: "سىلەرگە ئۆلۈم ۋە تاپا ـ تەنە بولسۇن!" دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2165)

7710 ـ وعن جَابِرِ بْنَ عَبْدِ اللهِ لاوه وفيه: ي فَقَالَتْ عَائِشَةُ وَغَضِبَتْ أَلَمْ تَسْمَعْ مَا قَالُوا قَالَ بَلَى قَدْ سَمِعْتُ فَرَدَدْتُ عَلَيْهِمْ وَإِنا نُجَابُ عَلَيْهِمْ وَلَا يُجَابُونَ عَلَيْنَا.

7710 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غەزەپلىنىپ:

ــــ ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ ئاڭلىدىم، ئاڭلىغاچقا ئۇلارغا جاۋاب قايتۇردۇم. بىز ئۇلارنى قارغىساق، ئىجابەت بولىدۇ. ئەمما ئۇلار بىزنى قارغىسا، ئىجابەت بولمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2166)

7711 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَبْدَءُوا الْيَهُودَ وَلَا النصَارَى بِالسلَامِ فَإِذَا لَقِيتُمْ أَحَدَهُمْ فِي طَرِيقٍ فَاضْطَرُوهُ إِلَى أَضْيَقِهِ.

7711 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەھۇدىي ـ ناسارالارغا ئالدىن سالام قىلماڭلار. ئۇلاردىن بىرەرسىنى يولدا ئۇچرىتىپ قالساڭلار، ئۇنى يولنىڭ چېتىگە قىستاپ مېڭىڭلار».

(مۇسلىم: 2167)

7712 ـ عن عُرْوَة بن الزبَيْرِ أَن أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَخْبَرَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكِبَ عَلَى حِمَارٍ عَلَى قَطِيفَةٍ فَدَكِيةٍ وَأَرْدَفَ أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ وَرَاءَهُ يَعُودُ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ فِي بَنِي الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ قَبْلَ وَقْعَةِ بَدْرٍ قَالَ حَتى مَر بِمَجْلِسٍ فِيهِ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي ابْنُ سَلُولَ وَذَلِكَ قَبْلَ أَنْ يُسْلِمَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي فَإِذَا فِي الْمَجْلِسِ أَخْلَاطٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُشْرِكِينَ عَبَدَةِ الْأَوْثَانِ وَالْيَهُودِ وَالْمُسْلِمِينَ وَفِي الْمَجْلِسِ عَبْدُ اللهِ بْنُ رَوَاحَةَ فَلَما غَشِيَتْ الْمَجْلِسَ عَجَاجَةُ الدابةِ خَمرَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي أَنْفَهُ بِرِدَائِهِ ثُم قَالَ لَا تُغَبرُوا عَلَيْنَا فَسَلمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْهِمْ ثُم وَقَفَ

فَنَزَلَ فَدَعَاهُمْ إِلَى اللهِ وَقَرَأَ عَلَيْهِمْ الْقُرْآنَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي ابْنُ سَلُولَ أَيهَا الْمَرْءُ إِنهُ لَا أَحْسَنَ مِما تَقُولُ إِنْ كَانَ حَقًا فَلَا تُؤْذِنَا بِهِ فِي مَجْلِسِنَا ارْجِعْ إِلَى رَحْلِكَ فَمَنْ جَاءَكَ فَاقْصُصْ عَلَيْهِ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ رَوَاحَةَ بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ فَاغْشَنَا بِهِ فِي مَجَالِسِنَا فَإِنا نُحِب ذَلِكَ فَاسْتَب الْمُسْلِمُونَ وَالْمُشْرِكُونَ وَالْيَهُودُ حَتى كَادُوا يَتَثَاوَرُونَ فَلَمْ يَزَلْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُخَفضُهُمْ حَتى سَكَنُوا ثُم رَكِبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَابتَهُ فَسَارَ حَتى دَخَلَ عَلَى سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا سَعْدُ أَلَمْ تَسْمَعْ مَا قَالَ أَبُو حُبَابٍ يُرِيدُ عَبْدَ اللهِ بْنَ أُبَي قَالَ كَذَا وَكَذَا قَالَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ يَا رَسُولَ اللهِ اعْفُ عَنْهُ وَاصْفَحْ عَنْهُ فَوَالذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ لَقَدْ جَاءَ اللهُ بِالْحَق الذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ لَقَدْ اصْطَلَحَ أَهْلُ هَذِهِ الْبُحَيْرَةِ عَلَى أَنْ يُتَوجُوهُ فَيُعَصبُوهُ بِالْعِصَابَةِ فَلَما أَبَى اللهُ ذَلِكَ بِالْحَق الذِي أَعْطَاكَ اللهُ شَرِقَ بِذَلِكَ فَذَلِكَ فَعَلَ بِهِ مَا رَأَيْتَ فَعَفَا عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ يَعْفُونَ عَنْ الْمُشْرِكِينَ وَأَهْلِ الْكِتَابِ كَمَا أَمَرَهُمْ اللهُ وَيَصْبِرُونَ عَلَى الْأَذَى قَالَ اللهُ عَز وَجَل وَلَتَسْمَعُن مِنْ الذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَمِنْ الذِينَ أَشْرَكُوا أَذًى كَثِيرًا الْآيَةَ وَقَالَ اللهُ وَد كَثِيرٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدونَكُمْ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفارًا حَسَدًا مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِهِمْ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ وَكَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتَأَولُ الْعَفْوَ مَا أَمَرَهُ اللهُ بِهِ حَتى أَذِنَ اللهُ فِيهِمْ فَلَما غَزَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَدْرًا فَقَتَلَ اللهُ بِهِ صَنَادِيدَ كُفارِ قُرَيْشٍ قَالَ ابْنُ أُبَي ابْنُ سَلُولَ وَمَنْ مَعَهُ مِنْ الْمُشْرِكِينَ وَعَبَدَةِ الْأَوْثَانِ هَذَا أَمْرٌ قَدْ تَوَجهَ فَبَايَعُوا الرسُولَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْإِسْلَامِ فَأَسْلَمُوا.

7712 ــ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر ۋەقەسىدىن ئىلگىرى فەدەكتە ئىشلەنگەن ئەدىيال بىلەن جابدۇلغان بىر ئېشەككە مىنىپ، كەينىگە ئۇسامەنى مىنگەشتۈرۈپ، بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتىدىكى سەئىد ئىبنى ئۇبادەنى يوقلاشقا ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل قاتارلىقلار ئولتۇرغان بىر سورۇندىن ئۆتتۈپ قالدى. بۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى چاغ ئىدى. ئۇ سورۇندا مۇسۇلمانلار، بۇتقا ئىبادەت

قىلىدىغان مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت تۈرلۈك كىشىلەر بار بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئېشەكنىڭ تۇيىقىدىن چىققان چاڭ ـ توزان ئۇلارنىڭ ئۈستى ـ بېشىغا توزۇپ كەتكەندى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي چاپىنى بىلەن بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ:

ـ بىزگە توپا توزۇتماڭلار! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېشىكىنى توختىتىپ ئۇلارغا سالام قىلدى. ئاندىن ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنى اللهقا دەۋەت قىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل:

ـ ئى ئادەم! ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، سېنىڭ سۆزۈڭدىنمۇ چىرايلىق سۆز يوق. بۇنداق سۆزلىرىڭنى سورۇنلىرىمىزغا ئەكىلىپ بىزگە ئازار يەتكۈزمەي، ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ، ئالدىڭغا كىرگەنلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگىن! ـ دېۋىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە:

ـ ياق. ئى رەسۇلۇللاھ! سورۇنلىرىمىزغا كېلىپ، بىزنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغىن. بىز بۇنى ياقتۇرىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلار ئۆز ئارا تىللىشىپ كەتتى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مىڭ تەستە پەسكويغا چۈشۈردى. ئاندىن ئۇلىغىغا مىنىپ، سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە، ئۇنىڭغا:

ـ ئى سەئد! ئەبۇ ھۇباب (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي)نىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق دېدى، ـ دېۋىدى، سەئد ئىبنى ئۇبادە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئەپۇ قىلغىن. ساڭا كىتاب چۈشۈرگەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله ساڭا چۈشۈرگەن ھەقنى ھۆكۈمران قىلدى. بۇ شەھەر خەلقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە تاج كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، الله تائالا ساڭا ئاتا قىلغان ھەق بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى توسۇپ قويدى. شۇ ئىش سەۋەبىدىن ئەبۇ ھۇباب ئۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر (ئۇرۇش قىلىشقا ئىجازەت

قىلىنىشتىن ئىلگىرى) الله ئۇلارنى بۇيرىغان بويىچە مۇشرىكلار بىلەن ئەھلى كىتابلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىپ، قىلغان ئازارلىرىغا سەۋر قىلاتتى. الله ئەززە ۋەجەللە: سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا اللهتىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر [1]،

ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كافىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. اللهنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى الله سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر [2] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. تاكى الله مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئىجازەت قىلغانغا قەدەر، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله بۇيرىغان بويىچە ئۇلارنى كەچۈرىۋېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدردە غازات قىلىپ، كۇففارلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان مۇشرىك ۋە بۇتپەرەسلەر:

— مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ھۆكۈمران بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتى، - دېيىشتى ۋە مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى.

(بۇخارى: 4566)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 186 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 109 ـ ئايەت.

7713 ـ عَن الْمُهَاجِرِ بْنِ قُنفُذٍ أَنهُ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَبولُ فَسَلمَ عَلَيْهِ فَلَمْ يَرُد عَلَيْهِ حَتى تَوَضأَ ثُم اعْتَذَرَ إِلَيْهِ فَقَالَ إِني كَرِهْتُ أَنْ أَذْكُرَ اللهَ عَز وَجَل إِلا عَلَى طُهْرٍ أَوْ قَالَ عَلَى طَهَارَةٍ.

7713 ـ مۇھاجىر ئىبنى قۇنفۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقانىكەن، سالام بەرگەنىدىم، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن سالىمىمنى قايتۇردى. ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ: «مەن تاھارەتسىز ھالدا اﷲنى زىكىر قىلىشنى ياقتۇرمىدىم» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 17)

7714 ـ عن عبد اللهِ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إِن السلامَ اسْمٌ من أَسْمَاءِ اللهِ وَضَعَهُ الله في الأَرْضِ فَأَفْشُوهُ فِيكُمْ فإِن الرجُلَ إِذا سَلمَ على الْقَوْمِ فَرَدوا عليه كان له عليهم فَضْلُ دَرَجَةٍ لأَنهُ ذَكَرَهُمْ فَإِنْ لم يَرُدوا عليه رَد عليه من هو خَيْرٌ منهم وَأَطْيَبُ.

7714ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«''ئەسسالام'' اﷲنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، اﷲ ئۇنى زېمىنغا چۈشۈرگەن، شۇڭا ئۇنى ئاراڭلاردا ئومۇملاشتۇرۇڭلار. بىر كىشى بىر جامائەتكە سالام قىلغاندا، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرسا، جامائەتكە اﷲنىڭ ئىسمىنى ئەسلەتكەن بولغاچقا، ئۇ كىشى بىر دەرىجە ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەگەر جامائەت ئۇ كىشىنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرمىسا، ئۇلاردىنمۇ ئەۋزەل ۋە ئوبدان زاتلار (يەنى پەرىشتىلەر) جاۋاب قايتۇرىدۇ»[2].

(بەززار: 1999؛ «ئەلكەبىر»: 10391)

[1] ئەلبانى (13): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12724): بۇ ھەدىسنى بەززار ئىككى سەنەد بىلەن، تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر سەنەدىدىكى راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7715 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم أعجز الناس من عجز في الدعاء وأNل الناس من Nل بالسلام.

7715 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇئا قىلىشقا ئاجىز كىشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى؛ سالامدا بېخىللىق قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئەڭ بېخىلىدۇر»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

7716 ـ عن أبي هريرة: ـ والشك في رفعه ـ لا يؤذن للمستأذن حـG يبـدأ بالسلام.

7716 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىجازەت سورىغۇچى سالام قىلمىغۇچە ئىجازەت بېرىلمەيدۇ» دەپ رىۋايەت قىلغان. لېكىن راۋىي ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىگەن[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 8603)

7717 ـ عن مُعَاوِيَةَ بن قُرةَ قال قال أبي إذا مَرَرْتَ بِالْمَجْلِسِ فَسَلمْ على أَهْلِهِ فَإِنْ يَكُونُوا في خَيْرٍ فَأَنتَ شَرِيكُهُمْ وَإِنْ يَكُونُوا في غَيْرِ ذلك كان لك أَجْرٌ هَكَـذَا سمعـت رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول.

7717 ـ قۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، دادىسى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: "بىر سورۇندىن ئۆتكىنىڭدە، سورۇن ئەھلىگە سالام قىلغىن. ئەگەر ئۇلار ياخشىلىق ئۈستىدە ئولتۇرۇشقان بولسا، سەن ئۇلارنىڭ شېرىكى بولىسەن. ئۇنداق

① ھەيسەمى (12739): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەسرۇق ئىبنى مەرزەباندىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (12744): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن ئابدۇلمەلىك دېگەن كىشىنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن ھەدىس ئاڭلىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمىدىم. ـ دېگەن.

بولمىغان تەقدىردىمۇ، ساڭا ئەجىر بولىدۇ. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇنداق ئاڭلىغانمەن"[1].

(«ئەلكەبىر»: 28/19)

7718 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ لَما جَاءَ أَهْلُ الْيَمَنِ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ جَاءَكُمْ أَهْلُ الْيَمَنِ وَهُمْ أَولُ مَنْ جَاءَ بِالْمُصَافَحَةِ.

7718 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەمەن ئەھلى كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە يەمەن ئەھلى كەلدى، ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ئەڭ دەسلەپ پەيدا قىلغان كىشىلەردۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5213)

7719 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مِنْ تَمَامِ التحِيةِ الْأَخْذُ بِالْيَدِ.

7719 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئەڭ مۇكەممەل سالامدۇر»[3].

(تىرمىزى: 2730)

7720 ـ عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ مُسْلِمَيْنِ يَلْتَقِيَانِ فَيَتَصَافَحَانِ إِلا غُفِرَ لَهُمَا قَبْلَ أَنْ يَفْتَرِقَا.

7720 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (12759): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4344): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (514): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقان ۋاقىتتا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكىچە ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5212)

7721 ـ عَنْ عَطَاءِ بنِ أَبِي مُسْلِمٍ عَبْدِ اللهِ الْخُرَاسَانِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَصَافَحُوا يَذْهَبْ الْغِل وَتَهَادَوْا تَحَابوا وَتَذْهَبْ الشحْنَاءُ.

7721 ـ ئەتا ئىبنى ئەبۇ مۇسلىم ئابدۇللاھ خۇراسانىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭلار، ئاداۋەت كېتىدۇ. (بىر - بىرىڭلارغا) سوۋغات بېرىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشىسىلەر، ئاراڭلاردىكى ئاداۋەت يوقىلىدۇ».

(مالىك: 1685)

7722 ـ عن جُنْدُبٍ قال كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إذا لَقِيَ أَصْـحَابَه لم يُصَافِحْهُمْ حتى يُسَلمَ عليهم.

7722 ــ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئاۋۋال سالام قىلاتتى، ئاندىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى[②].

(«ئەلكەبىر»: 1721)

7723 ـ عن حذيفة بن اليمان عن النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال إن المؤمن إذا لقي المؤمن فسلم عليه وأخذ بيده فصافحه تناثرت خطاياهما كما يتناثر ورق الشجر.

7723 ــ ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ئەلبانى (4343): سەھىھ - دېگەن.

[②] ھەيسەمى (12763): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىرى بار، - دېگەن.

«ئىككى مۇئمىن ئۇچراشقاندا، بىر ـ بىرىگە سالام قىلىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ئۇ ئىككىيلەننىڭ گۇناھلىرى خۇددى دەرەخنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 245)

7724 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم إن المسلمين إذا التقيا فتصافحا وتساءلا أنزل الله بينهما مائة رحمة تسعة وتسعين لأبشـهما وأطلقهمـا وابرهما وأحسنهما مساءلة بأخيه.

7724 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقاندا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال سوراشسا، الله ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا يۈز رەھمەت چۈشۈرىدۇ. يۈز رەھمەتنىڭ 99 ى بۇ ئىككىيلەندىن ئەڭ ئۇلپەتداش، ئەڭ ئوچۇق چىراي، ياخشىلىقنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ دەردىنى ياخشى چۈشىنىدىغىنى ئۇچۇندۇر»[2].

(«ئەلئەۋسەت: 7672)

7725 ـ وعنه رفعه: لا تصافحوا اليهود والنصارى.

7725 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەھۇدىي ـ ناسارالار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەڭلار» دېگەن[3].

(«ئەلئەۋسەت»: 7300)

---

[1] ھەيسەمى (12766): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى يەئقۇب ئىبنى مۇھەممەد ئىسىملىك كىشىگە ھېچكىم ھەدىسى زەئىپ دەپ باھا بەرمىگەن، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12769): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھەسەن ئىبنى كەسىر ئىبنى ئەدىي دېگەن كىشى ماڭا ناتونۇش. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (12796): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇفيان ئىبنى ۋەكىيئ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

7726 ـ عن كَعْبِ بن مَالِكٍ: أَنهُ لَما نَزَلَ عُذْرُهُ أتى النF صلى اللهُ عليه وسـلم فَأَخَذَ بيده فَقَبلَهَا.

7726 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ ئايەت نازىل قىلغان چاغدا، ئۇ (كەئب) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى تۇتۇپ سۆيگەن[①].

(«ئەلكەبىر»: 95/19)

7727 ـ عن ابن عمر أنه قبل النF صلى اللهُ عليه وسلم.

7727 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيگەن[②].

(مەۋسىلى: 5737)

7728 ـ عن عبد الرpن بن رزين عن سلمة بن الأكوع قال بايعت رسـول الله بيدي هذه. فقبلناها فلم ينكر ذلك.

7728 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى رەزىن مۇنداق دەيدۇ: سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇشۇ قولۇم بىلەن بەيئەت قىلغان، ـ دېدى. بىز بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيگەن ئىدۇق، ئۇ ئەيىبلىمىدى[③].

(«ئەلئەۋسەت»: 657)

7729 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ لَمْ يَكُنْ شَخْصٌ أَحَب إِلَيْهِمْ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَكَانُوا إِذَا رَأَوْهُ لَمْ يَقُومُوا لِمَا يَعْلَمُونَ مِنْ كَرَاهِيَتِهِ لِذَلِكَ.

---

① ھەيسەمى (12797): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇلھەمىد ھەمانىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (12800): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى ئەبۇ زىياد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (12799): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7729 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ سۆيۈملۈك كىشىسى يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى كۆرگەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرمايتتى[①].

(تىرمىزى: 2754)

7730 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُتَوَكِّئًا عَلَى عَصًا فَقُمْنَا إِلَيْهِ فَقَالَ لَا تَقُومُوا كَمَا تَقُومُ الْأَعَاجِمُ يُعَظِمُ بَعْضُهَا بَعْضًا.

7730 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھاسىغا تايانغان ھالدا قېشىمىزغا چىقتى، بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەجەملەر بىر ـ بىرىنى ئۇلۇغلاپ ئورنىدىن تۇرۇشقىنىدەك، ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار! ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 5230)

7731 ـ عَنْ أَبِي مِجْلَزٍ قَالَ خَرَجَ مُعَاوِيَةُ عَلَى ابْنِ الزبَيْرِ وَابْنِ عَامِرٍ فَقَامَ ابْنُ عَامِرٍ وَجَلَسَ ابْنُ الزبَيْرِ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ لِابْنِ عَامِرٍ اجْلِسْ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَحَب أَنْ يَمْثُلَ لَهُ الرجَالُ قِيَامًا فَلْيَتَبَوأْ مَقْعَدَهُ مِنْ النارِ.

7731 ــ ئەبۇ مىجلەزدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ئىبنى ئامىر ئورنىدىن تۇردى، لېكىن زۇبەير ئورنىدىن تۇرماي ئولتۇرۇۋەردى. مۇئاۋىيە ئىبنى ئامىرغا:

ــ ئولتۇر! چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى كىشىلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت

---

① ئەلبانى (2211): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1120): زەئىپ ـ دېگەن.

قىلىشىنى ئارزۇلىسا، دوزاختىن ئورۇن ئالسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5229)

[1] ئەلبانى (4357): سەھىھ ـ دېگەن.

## كىرىشكە ئىجازەت سوراش

7732 ـ عَنْ رِبْعِي قَالَ حَدثَنَا رَجُلٌ مَنْ بَنِي عَامِرٍ أَنهُ اسْتَأْذَنَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ وَهُوَ فِي بَيْتٍ فَقَالَ أَلِجُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ لِخَادِمِهِ اخْرُجْ إِلَى هَذَا فَعَلمْهُ الِاسْتِئْذَانَ فَقُلْ لَهُ قُلْ السلَامُ عَلَيْكُمْ أَأَدْخُلُ فَسَمِعَهُ الرجُلُ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ أَأَدْخُلُ فَأَذِنَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ.

7732 ـ رىبئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىرىشكە ئىجازەت سوراپ:

ــ كىرسەم بولامدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىزمەتچىسىگە:

ــ سەن چىقىپ، ماۋۇ ئادەمگە ئىجازەت سوراش قائىدىسىنى ئۆگىتىپ قويغىن. ئۇ: ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! كىرسەم بولامدۇ؟“ دېسۇن، ـ دېدى. خىزمەتچى چىقىپ ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! كىرسەم بولامدۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىلدى. ئۇ شۇندىلا كىردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5177)

7733 ـ عَنْ قَيْسِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ زَارَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فِي مَنْزِلِنَا فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ فَرَد سَعْدٌ رَدا خَفِيا قَالَ قَيْسٌ فَقُلْتُ أَلَا تَأْذَنُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَقَالَ ذَرْهُ يُكْثِرُ عَلَيْنَا مِنْ السلَامِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ فَرَد سَعْدُ رَدا خَفِيا ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ ثُم رَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ وَاتبَعَهُ سَعْدٌ

[1] ئەلبانى (4312): سەھىھ ـ دېگەن.

فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنِي كُنتُ أَسْمَعُ تَسْلِيمَكَ وَأَرُد عَلَيْكَ رَدا خَفِيا لِتُكْثِرَ عَلَيْنَا مِنْ السلَامِ قَالَ فَانْصَرَفَ مَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَ لَهُ سَعْدٌ بِغُسْلٍ فَاغْتَسَلَ ثُم نَاوَلَهُ مِلْحَفَةً مَصْبُوغَةً بِزَعْفَرَانٍ أَوْ وَرْسٍ فَاشْتَمَلَ بِهَا ثُم رَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَيْهِ وَهُوَ يَقُولُ اللهُم اجْعَلْ صَلَوَاتِكَ وَرَحْمَتَكَ عَلَى آلِ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ قَالَ ثُم أَصَابَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الطَعَامِ فَلَما أَرَادَ الِانْصِرَافَ قَربَ لَهُ سَعْدٌ حِمَارًا قَدْ وَطأَ عَلَيْهِ بِقَطِيفَةٍ فَرَكِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ سَعْدٌ يَا قَيْسُ اصْحَبْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَيْسٌ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْكَبْ فَأَبَيْتُ ثُم قَالَ إِما أَنْ تَرْكَبَ وَإِما أَنْ تَنْصَرِفَ قَالَ فَانْصَرَفْتُ.

7733 ـ قەيس ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى يوقلاپ ئۆيىمىزگە كەلدى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! ـ دېدى. دادام سەئد ئۇنىڭ سالىمىغا ناھايىتى بوش ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى. مەن:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەرمەمسەن؟ ـ دەپ سورىسام، دادام:

ـ جىم تۇر. بىز ئۇنىڭ كۆپرەك سالىمىغا ئېرىشىۋالايلى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! ـ دېدى. دادامۇ بايىقىدەك جاۋاب قايتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ! ـ دېگەندىن كېيىن، كەينىگە قايتتى. دادام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىزنىڭ سالىمىڭىزنى كۆپرەك ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن بوش ئاۋازدا جاۋاب بەرگەنىدىم. قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلغىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى بىللە ئۆيگە كىردى. دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇيۇنۇۋېلىشىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ) يۇيۇندى. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، زەپەر ياكى شۇنىڭدەك بىر نەرسە بىلەن بويالغان ئەدىيال

سۇنۇپ بىرىلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئوراندى، ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى الله! سەئد ئىبنى ئۇبادەگە رەھمەت ۋە سالامەتلىك ئاتا قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاماق تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتماقچى بولغاندى، دادام پالاس توقۇلغان بىر ئېشەكنى يېتىلەپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مىندى. دادام:

ــ ئى قەيس! رەسۇلۇللاھقا ھەمرا بولغىن! ــ دېدى. (ئازراق ماڭغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئارقامغا مىنگەشتۈرۈۋالغىن! ــ دېدى، لېكىن مەن ئۇنىماي تۇرۇۋالسام:

ـ يا مىنگەشىۋال ياكى (ئاۋارە بولۇپ يۈرمەي) قايتىپ كەتكىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، (ئۆيگە) قايتىپ كەتتىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5185)

7734 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ كُنْتُ فِي مَجْلِسٍ مِنْ مَجَالِسِ الْأَنْصَارِ إِذْ جَاءَ أَبُو مُوسَى كَأَنَّهُ مَذْعُورٌ فَقَالَ اسْتَأْذَنْتُ عَلَى عُمَرَ ثَلَاثًا فَلَمْ يُؤْذَنْ لِي فَرَجَعْتُ فَقَالَ مَا مَنَعَكَ قُلْتُ اسْتَأْذَنْتُ ثَلَاثًا فَلَمْ يُؤْذَنْ لِي فَرَجَعْتُ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا اسْتَأْذَنَ أَحَدُكُمْ ثَلَاثًا فَلَمْ يُؤْذَنْ لَهُ فَلْيَرْجِعْ فَقَالَ وَاللهِ لَتُقِيمَنَّ عَلَيْهِ بِبَيِّنَةٍ أَمِنْكُمْ أَحَدٌ سَمِعَهُ مِنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ أُبَيُّ بْنُ كَعْبٍ وَاللهِ لَا يَقُومُ مَعَكَ إِلَّا أَصْغَرُ الْقَوْمِ فَكُنْتُ أَصْغَرَ الْقَوْمِ فَقُمْتُ مَعَهُ فَأَخْبَرْتُ عُمَرَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ ذَلِكَ وَقَالَ ابْنُ الْمُبَارَكِ أَخْبَرَنِي ابْنُ عُيَيْنَةَ حَدَّثَنِي يَزِيدُ بْنُ خُصَيْفَةَ عَنْ بُسْرِ بْنِ سَعِيدٍ سَمِعْتُ أَبَا سَعِيدٍ بِهَذَا.

7734 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەنسارىلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇراتتىم. ئەبۇ مۇسا ئالاقزادە بولغىنىچە سورۇنغا كىلىپ:

[1] ئەلبانى (1111): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئۆمەرنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىغان بولسامۇ، ماڭا ئىجازەت بېرىلمىگەن ئىدى، قايتىپ كەتتىم. كېيىن ئۆمەر: ''سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا نېمىشقا كىرمەيسەن؟'' دەپ سورىدى. مەن: (سېنىڭ يېنىڭغا كىرىشكە) ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىغان ئىدىم، ماڭا ئىجازەت بېرىلمىدى، شۇڭا قايتىپ كەتتىم. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈچ قېتىم ئىجازەت سوراڭلار، ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ (ئىجازەت) بېرىلمىسە، قايتىپ كېتىڭلار!» دېگەنىدى، ـ دېدىم. ئۆمەر: ''اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان) بۇ سۆزگە ئىسپات كەلتۈرمىسەڭ بولمايدۇ، ـ دەپ تۇرىۋالدى. ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان بىرى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇبەي ئىبنى كەئب:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ سورۇندىكىلەرنىڭ يېشى ئەڭ كىچىكىمۇ بېرىپ، بۇ سۆزگە ئىسپات بولالايدۇ. ئى ئەبۇ سەئىد! ئورنۇڭدىن تۇرغىن! ـ دېدى. مەن ياشتا سورۇندىكىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدىم. شۇڭا ئەبۇ مۇسا بىلەن بىللە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆمەرگە سۆزلەپ بەردىم.

(بۇخارى: 6245)

7735 ـ عن عُبَيْدِ بن عُمَيْرٍ أن أبا مُوسَى اسْتَأْذَنَ على عُمَرَ ثَلَاثًا فَكَأَنَّهُ وَجَدَهُ مَشْغُولًا فَرَجَعَ فقال عُمَرُ أَلَمْ تَسْمَعْ صَوْتَ عبد اللهِ بن قَيْسٍ ائْذَنُوا له فَدُعِيَ له فقال ما حَمَلَكَ على ما صَنَعْتَ قال إنا كنا نُؤْمَرُ بهذا قال لَتُقِيمَن على هذا بَيِّنَةً أو لَأَفْعَلَن فَخَرَجَ فَانْطَلَقَ إلى مَجْلِسٍ من الْأَنْصَارِ فَقَالُوا لَا يَشْهَدُ لك على هذا إلا أَصْغَرُنَا فَقَامَ أبو سَعِيدٍ فقال كنا نُؤْمَرُ بهذا فقال عُمَرُ خَفِيَ عَلَيَّ هذا من أَمْرِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَلْهَانِي عنه الصفْقُ بِالْأَسْوَاقِ.

7735 ـ ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئىجازەت سورىدى، لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر بىر ئىش بىلەن

مەشغۇل بولغاچقا، ئەبۇ مۇساغا ئىجازەت بېرىلمىدى. شۇڭا ئەبۇ مۇسا قايتىپ كەتتى. ئۆمەر ئىشىنى تۈگىتىپ:

— ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس (يەنى ئەبۇ مۇسا)نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلغاندىم، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىڭلار! - دېدى. قاراۋۇللار ئەبۇ مۇسانى تېپىپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. (ئۇنىڭ ساقلىماي كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇققان) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- نېمىشقا قايتىپ كەتتىڭ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ مۇسا:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئىجازەت بېرىلمىگەندە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىغانىدى، - دېدى، ئۆمەر:

— مۇشۇ سۆزۈڭگە ئىسپات كەلتۈر، بولمىسا ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن، - دېدى. ئەبۇ مۇسا ئەنسارىلارنىڭ سورۇنلىرىغا بېرىپ، سورۇشتە قىلغانىدى، ئۇلار:

- بۇنىڭغا ياشتا ئەڭ كىچىكىمىزمۇ گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ سەئىد ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەبۇ مۇسا بىلەن بىللە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

- بىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر:

- مەن بازاردا ئېلىم - بېرىم قىلىمەن دەپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىدىن مەھرۇم قاپتىمەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 2153)

7736 ـ وفي رواية: أن أبا مُوسَى أتى بَابَ عُمَرَ فَاسْتَأْذَنَ فقال عُمَرُ وَاحِدَةٌ ثُم اسْتَأْذَنَ الثانِيَةَ فقال عُمَرُ اثنتان ثُم اسْتَأْذَنَ الثالِثَةَ فقال عُمَرُ ثَلَاثٌ ثُم انْصَرَفَ فَأَتْبَعَهُ فَرَدَّهُ فقال إن كان هذا شيئا حَفِظْتَهُ من رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَهَا وَإِلا فَلَأَجْعَلَنَّكَ عِظَةً قال أبو سَعِيدٍ فَأَتَانَا فقال أَلَمْ تَعْلَمُوا أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال الِاسْتِئْذَانُ ثَلَاثٌ قال فَجَعَلُوا يَضْحَكُونَ قال فقلت أَتَاكُمْ أَخُوكُمْ الْمُسْلِمُ قد أُفْزِعَ تَضْحَكُونَ انْطَلِقْ فَأَنَا شَرِيكُكَ في هذه الْعُقُوبَةِ فَأَتَاهُ فقال هذا أبو سَعِيدٍ.

7736 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەرنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئىجازەت سورىغانىدى، ئۆمەر:

ــ بۇ بىرىنچىسى، ـ دېدى. ئىككىنچى قېتىم ئىجازەت سورىغانىدى، ئۆمەر:

ــ بۇ ئىككىنچىسى، ـ دېدى. ئۈچىنچى قېتىم ئىجازەت سورىغانىدى، ئۆمەر:

ــ بۇ ئۈچىنچىسى، ـ دېدى. ئۇندىن كېيىن، ئەبۇ مۇسا قايتىپ مېڭىۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ:

ــ بۇنى (يەنى ئۈچ قېتىمدا ئىجازەت بېرىلمىسە، قايتىپ كېتىشنى) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆگەنگەن بولساڭ، قويۇپ بېرىمەن. (ئەگەر) ئۇنداق بولمىسا، سېنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ مۇسا بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ:

ــ سىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «(بىر يەرگە) كىرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئىجازەت سوراڭلار!» دېگەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى. مەن سورۇندىكىلەرگە:

ــ مۇسۇلمان قېرىندىشىڭلار قورقۇپ ئالدىڭلارغا كەلسە، سىلەر كۈلۈۋاتىسىلەرغۇ؟! ئەي ئەبۇ مۇسا! يۈر، مەن بۇ جازاغا شېرىك بولاي، ـ دېگىنىمچە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم. ئەبۇ مۇسا ئۆمەرگە:

ــ مانا بۇ، ئەبۇ سەئىد. ئۇ ماڭا گۇۋاھ بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2153)

7737 ـ وفي رواية: فَقَالَ السَّلَامُ عَلَيْكُمْ هَذَا عَبْدُ اللهِ بْنُ قَيْسٍ فَلَمْ يَأْذَنْ لَهُ فَقَالَ السَّلَامُ عَلَيْكُمْ هَذَا أَبُو مُوسَى السَّلَامُ عَلَيْكُمْ هَذَا الْأَشْعَرِي ثُم انْصَرَفَ فَقَالَ رُدوا عَلَيَّ رُدوا عَلَيَّ فَجَاءَ فَقَالَ يَا أَبَا مُوسَى مَا رَدكَ كُنا فِي شُغْلٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الِاسْتِئْذَانُ ثَلَاثٌ فَإِنْ أُذِنَ لَكَ وَإِلا فَارْجِعْ قَالَ لَتَأْتِيَنِّي عَلَى هَذَا بِبَيِّنَةٍ وَإِلا فَعَلْتُ وَفَعَلْتُ فَذَهَبَ أَبُو مُوسَى قَالَ عُمَرُ إِنْ وَجَدَ بَيِّنَةً تَجِدُوهُ عِنْدَ الْمِنْبَرِ عَشِيَّةً وَإِنْ لَمْ

يَجِدْ بَيِّنَةً فَلَمْ تَجِدُوهُ فَلَما أَنْ جَاءَ بِالْعَشِي وَجَدُوهُ قَالَ يَا أَبَا مُوسَى مَا تَقُولُ أَقَدْ وَجَدْتَ قَالَ نَعَمْ أُبَيَّ بْنَ كَعْبٍ قَالَ عَدْلٌ قَالَ يَا أَبَا الطفَيْلِ مَا يَقُولُ هَذَا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ ذَلِكَ يَا ابْنَ الْخَطابِ فَلَا تَكُونَن عَذَابًا عَلَى أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سُبْحَانَ اللهِ إِنمَا سَمِعْتُ شَيْئًا فَأَحْبَبْتُ أَنْ أَتَثَبتَ.

7737 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس بولىمەن، ـ دېدى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلمىگەندىن كېيىن، ئۇ قايتا:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەن ئەبۇ مۇسا بولىمەن، ـ دېدى. يەنە ئىجازەت بېرىلمىگەندى، ئۇ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەن ئەشئەرى بولىمەن، ـ دېدى. يەنە ئىجازەت بېرىلمىگەندى، قايتىپ كەتتى. ئۆمەر:

ـ ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا كەلگەندىن كېيىن:

ـ ئى ئەبۇ مۇسا! نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتتىڭ؟ بىز جىددىي بىر ئىش بىلەن ئالدىراش ئىدۇق، ـ دېيىۋىدى، ئەبۇ مۇسا:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «(بىر يەرگە) كىرىش ئۈچۈن ئۈچ قېتىمغىچە ئىجازەت سوراڭلار. ئىجازەت بېرىلسە كىرىڭلار، بولمىسا قايتىپ كېتىڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ ئى ئەبۇ مۇسا! نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ سۆزۈڭگە گۇۋاھچى كەلتۈر. بولمىسا، سېنى ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن، ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا قايتىپ كەتتى. ئۆمەر:

ـ ئۇ ئىسپات تاپالىسا، كەچتە مۇنبەرنىڭ قېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىسىلەر، تاپالمىسا ئۇ يەردە تۇرمايدۇ، ـ دېدى. كەچ كىرگەندە، ئەبۇ مۇسا مۇنبەرنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۆمەر:

ـ ئى ئەبۇ مۇسا! بىر نەرسە دېمەكچىمۇسەن؟ گۇۋاھچى تاپالىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ ھەئە. ئۇبەي ئىبنى كەئب گۇۋاھلىق بەرمەكچى، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ ئۇ، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان دۇرۇس كىشى. ئى ئەبۇ تۇفەيل (ئۇبەينى دېمەكچى)! بۇ نېمە دەيدۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇبەي:

ـ ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. ئى ئىبنى خەتتاب! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ئۇنداق قىيىنىمىغىن! ــ دېدى. ئۆمەر:

ــ سۇبھاناللاھ! مەن پەقەت بۇ سۆزنى ئېنىقلاپ باقماقچى بولغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2154)

7738 ـ فَقَالَ عُمَرُ لِأَبِي مُوسَى أَمَا إِني لَمْ أَتهِمْكَ وَلَكِنْ خَشِيتُ أَنْ يَتقَولَ الناسُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7738 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئۆمەر ئەبۇ مۇساغا:

ــ مەن سېنى يالغانچى دېمەكچى ئەمەس، لېكىن بۇ سۆزنى ئېنىقلىمايدىغان بولساق، باشقىلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېمىگەن سۆزلەرنى (دېگەن سۆزلەرگە) ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5181)

7739 ـ عن عَوْفِ بن مَالِكٍ الْأَشْجَعِي قال أَتيْتُ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم في غَزْوَةِ تَبُوكَ وهو في قُبةٍ من آدم فَسَلمْتُ فَرَد وقال ادْخُلْ فقلت أَكُلي يا رَسُولَ اللهِ قال كُلكَ فَدَخَلْتُ.

قال عُثْمَانُ بن أبي الْعَاتِكَةِ إنما قال أَأَدْخُلُ كُلي من صِغَرِ الْقُبةِ.

7739 ــ ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەبۇك غازىتىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

[1] ئەلبانى (4317): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ، كۆندىن تىكىلگەن بىر چېدىردا ئىكەن. مەن سالام بەرگەندىم، ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ:

ـ كىرگىن! ـ دېدى. چېدىر كىچىك ئىدى، شۇڭا مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! پۈتۈن (بەدىنىم بىلەن) كىرەيمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنداق، پۈتۈن كىرگىن! ـ دېدى، مەن كىردىم.

(ئەبۇ داۋۇد: 5000)

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ ئاتىكەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: چېدىر بەك كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەۋف ئىبنى مالىك: پۈتۈن كىرەمدىمەن؟ ـ دەپ سورىغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5001)

7740 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُسْرٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَتى بَابَ قَوْمٍ لَمْ يَسْتَقْبِلْ الْبَابَ مِنْ تِلْقَاءِ وَجْهِهِ وَلَكِنْ مِنْ رُكْنِهِ الْأَيْمَنِ أَوْ الْأَيسَرِ وَيَقُولُ السلَامُ عَلَيْكُمْ السلَامُ عَلَيْكُمْ وَذَلِكَ أن الدورَ لَمْ يَكُنْ عَلَيْهَا يَوْمَئِذٍ سُتُورٌ.

7740 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىجازەت سورىماقچى بولغىنىدا، يۈزىنى ئىشىك تەرەپكە قىلماي، ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇرۇپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيتتى، چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئىشىكلەرنىڭ چىمىلدىقى يوق ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5186)

7741 ـ عَنْ هُزَيْلٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ قَالَ عُثْمَانُ سَعْدٌ فَوَقَفَ عَلَى بَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَأْذِنُ فَقَامَ عَلَى الْبَابِ قَالَ عُثْمَانُ مُسْتَقْبِلَ الْبَابِ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَكَذَا عَنْكَ أَوْ هَكَذَا فَإِنمَا الِاسْتِئْذَانُ مِنْ النظَرِ.

---

[1] ئەلبانى (4181): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4318): سەھىھ ـ دېگەن.

7741 ـ ھۇزەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم (ئوسمانىنىڭ رىۋايىتىدە سەئد ئىسىملىك بىرى) كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئىدى (ئوسمانىنىڭ رىۋايىتىدە ئىشىككە يۈزىنى قىلىپ دەپ كەلگەن)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ يا ماۋۇ تەرەپتە ياكى ئاۋۇ تەرەپتە تۇرغىن، ئىجازەت سوراشتىن مەقسەت (ئۆي ئىچىگە) رۇخسەتسىز قارىماسلىق ئۈچۈن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5174)

7742 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا دَخَلَ الْبَصَرُ فَلَا إِذْنَ.

7742 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كۆز كىرىپ بولسا، ئىجازەت سوراشنىڭ كېرىكى يوق»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5173)

7743 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ إِلَى طَعَامٍ فَجَاءَ مَعَ الرسُولِ فَإِن ذَلِكَ لَهُ إِذْنٌ.

7743 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرەيلەن تاماققا چاقىرىلغاندا، چاقىرىشقا ئەۋەتىلگەن ئادەم بىلەن بىللە كەلسە، ئىجازەتسىز كىرسە بولىۋېرىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5190)

7744 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَسُولُ الرجُلِ إِلَى الرجُلِ إِذْنُهُ.

---

[1] ئەلبانى (4310): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1110): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4322): سەھىھ ـ دېگەن.

7744 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بىر كىشىنىڭ بىر كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭ (رۇخسەتسىز) كىرىشىگە ئىجازەت بەرگەنلىكىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5189)

7745 ـ عَنْ عَطَاءِ بنِ يَسَارٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَأَلَهُ رَجُلٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَسْتَأْذِنُ عَلَى أُمي فَقَالَ نَعَمْ قَالَ الرجُلُ إني مَعَهَا فِي الْبَيتِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَأْذِنْ عَلَيْهَا فَقَالَ الرجُلُ إني خَادِمُهَا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَأْذِنْ عَلَيْهَا أَتحِب أنْ تَرَاهَا عُرْيَانَةً قَالَ لَا قَالَ فَاسْتَأْذِنْ عَلَيْهَا.

7745 ـ ئەتا ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:
ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئانامنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىشىم كېرەكمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ ھەئە، ـ دېدى. ئۇ كىشى:
ــ مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە ياشايدىغان تۇرسام؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ شۇنداقتىمۇ ئىجازەت سورىغىن، ـ دېدى، ئۇ كىشى:
ـ مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان تۇرسام؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ شۇنداق بولسىمۇ ئىجازەت سورىغىن. ئاناڭنى يالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈشنى ياقتۇرامسەن؟ ـ دېدى. ئۇ كىشى:
ـ ياق، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ شۇڭا ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىغىن، ـ دېدى.

(مالىك: 1796)

[1] ئەلبانى (4221): سەھىھ ـ دېگەن.

7746 ـ عَنْ عَلِي قَالَ كَانَ لِي مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَاعَةٌ آتِيهِ فِيهَا فَإِذَا أَتَيْتُهُ اسْتَأْذَنْتُ إِنْ وَجَدْتُهُ يُصَلي فَتَنَحْنَحَ دَخَلْتُ وَإِنْ وَجَدْتُهُ فَارِغًا أَذِنَ لِي.

7746 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىغان مۇئەييەن بىر ۋاقتىم بار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، ئىجازەت سورىسام، گېلىنى قىرىپ قويۇاتتى، مەن كىرىۋېرەتتىم. بىكار بولسا، ماڭا ئىجازەت بېرەتتى، ئاندىن كىرەتتىم[1].

(نەسائى: 1211)

7747 ـ عن عَلِي: كَانَ لِي مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَدْخَلَانِ مَدْخَلٌ بِاللَّيْلِ وَمَدْخَلٌ بِالنهَارِ فَكُنْتُ إِذَا دَخَلْتُ بِاللَّيْلِ تَنَحْنَحَ لِي.

7747ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كۈندۈز ۋە كېچىدە باردىغان مۇئەييەن ۋاقتىم بار ئىدى. كېچىدە بېرىپ، ئىجازەت سورىسام، گېلىنى قىرىپ ئىجازەت بېرەتتى[2].

(نەسائى: 1212)

7748 ـ عَنْ أَبِي أَيوبَ الْأَنْصَارِي قَالَ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا السلَامُ فَمَا الِاسْتِئْذَانُ قَالَ يَتَكَلمُ الرجُلُ تَسْبِيحَةً وَتَكْبِيرَةً وَتَحْمِيدَةً وَيَتَنَحْنَحُ وَيُؤْذِنُ أَهْلَ الْبَيْتِ.

7748 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سالامنىغۇ مۇشۇنداق قىلىدىكەنمىز، ئىجازەتنى قانداق سورايمىز؟ ـ دەپ سورىساق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (58): سەنەدى زەئىپ. ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (59): سەنەدى زەئىپ. ـ دېگەن.

— كىشى بىر قېتىم: ‹‹سۇبھاناللا ياكى الله ئەكبەر ۋەياكى ئەلھەمدۇلىللاھ›› دەيدۇ ياكى گېلىنى قېقىپ قويىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆي ئىگىلىرىگە بىلدۈرىدۇ. - دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3707)

7749 ـ عن ابن مسعود يقول قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم إذنك علي أن يرفع الحجاب وأن تستمع سوادي حتى أنهاك.

7749 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «چىمىلدىقنىڭ ئېچىلىشى ياكى مېنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازىم ساڭا بېرىلگەن ئىجازەتتۇر. بۇ چاغدا، مەن سېنى توسمىسىلا كىرسەڭ بولىۋېرىدۇ».

(مۇسلىم: 2169)

7750 ـ عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما يقول أتيت النبي صلى الله عليه وسلم في دين كان على أبي فدققت الباب فقال من ذا فقلت أنا فقال أنا أنا كأنه كرهها.

7750 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دادامنىڭ گەردىنىدىكى قەرز توغرۇلۇق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كىم بولىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

— مەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزۈمدىن خاپا بولغاندەك:

ـ مەن؟ مەن؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6250)

[1] ئەلبانى (809): زەئىپ. ـ دېگەن.

7751 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَجُلًا اطلَعَ مِنْ بَعْضِ حُجَرِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ إِلَيْهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِشْقَصٍ أَوْ بِمَشَاقِصَ فَكَأَني أَنظُرُ إِلَيْهِ يَخْتِلُ الرجُلَ لِيَطْعَنَهُ.

7751 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىلىرىدىن بىرىگە ئوغرىلىقچە قارىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇيۇپ قېلىپ، قولىغا يا ئوقنى ئالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇيدۇرماي بېرىپ، ئوقنى ئۇنىڭغا سانجىماقچى بولغان شۇ ھالىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

(بۇخارى: 6242)

7752 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَن أَعْرَابِيا أَتَى بَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَلْقَمَ عَيْنَهُ خُصَاصَةَ الْبَابِ فَبَصُرَ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَوَخاهُ بِحَدِيدَةٍ أَوْ عُودٍ لِيَفْقَأَ عَيْنَهُ فَلَما أَنْ بَصُرَ انْقَمَعَ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنكَ لَوْ ثَبَت لَفَقَأْتُ عَيْنَكَ.

7752 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراشقا باشلىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۇيۇپ قېلىپ، قولىغا تۆمۈر (ياكى تاياق) پارچىسى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتمەكچى بولۇپ، (ئىشىك تەرەپكە) ئاستاغىنە يېقىنلاشتى. ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىغا داجىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ ئۇنىڭغا:

ـ ئەگەر بۇ يەردە تۇرۇپ ماراۋەرگەن بولساڭ، كۆزۈڭنى قۇيۇۋەتكەن بولاتتىم، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4858)

[1] ئەلبانى (4514): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7753 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ اطلَعَ فِي بَيْتِ قَوْمٍ بِغَيْرِ إِذْنِهِمْ فَقَدْ حَل لَهُمْ أَنْ يَفْقَئُوا عَيْنَهُ.

7753 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە مارىسا، ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىش ئۆي ئىگىلىرىگە ھالال بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2158)

7754 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ اطلَعَ فِي دَارِ قَوْمٍ بِغَيْرِ إِذْنِهِمْ فَفَقَئُوا عَيْنَهُ فَقَدْ هَدَرَتْ عَيْنُهُ.

7754 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە ماراپ، (ئۆي ئىگىلىرى تەرىپىدىن) كۆزى قۇيۇۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆلەم تۆلەنمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5172)

7755 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَشَفَ سِتْرًا فَأَدْخَلَ بَصَرَهُ فِي الْبَيْتِ قَبْلَ أَنْ يُؤْذَنَ لَهُ فَرَأَى عَوْرَةَ أَهْلِهِ فَقَدْ أَتَى حَدا لَا يَحِل لَهُ أَنْ يَأْتِيَهُ لَوْ أَنهُ حِينَ أَدْخَلَ بَصَرَهُ اسْتَقْبَلَهُ رَجُلٌ فَفَقَأَ عَيْنَيْهِ مَا عَيرْتُ عَلَيْهِ وَإِنْ مَر الرجُلُ عَلَى بَابٍ لَا سِتْرَ لَهُ غَيْرِ مُغْلَقٍ فَنَظَرَ فَلَا خَطِيئَةَ عَلَيْهِ إِنمَا الْخَطِيئَةُ عَلَى أَهْلِ الْبَيْتِ.

7755 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىجازەت بېرىلىشتىن بۇرۇن پەردىنى قايرىپ، ئۆي ئىچىدىكى نامەھرەملەرگە قارىسا، نامەھرەمگە تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ مارىلاۋاتقاندا، باشقا بىرى كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى قۇيۇۋەتسە، مەن ئۇنى (يەنى قۇيۇۋەتكۈچىنى) پەقەتلا ئەيىبلىمەيمەن.

[1] ئەلبانى (4309): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەگەر بىرى چىمىلدىقى يوق ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى گۇناھ ئۆي ئىگىلىرىدە»[1].

(تىرمىزى: 2707)

7756 ـ عَنِ ابن عَباسٍ قال إنما كان نفي النF صلى اللهُ عليه وسلم الْحَكَمَ بـن أبي الْعَاصِ مِنَ الْمَدِينَةِ إلى الطائِفِ بَيْنَمَا النF صلى اللهُ عليه وسلم في حُجْرَتـهِ إذا هـو بِإِنْسَانٍ يَطِلِعُ عليه فقال النF صلى اللهُ عليه وسلم الْوَزَȟ الْوَزَȟ فنظر فإذا هـو الْحَكَـمُ فقال النF صلى اللهُ عليه وسلم اخْرُجْ لا تُسَاكِنِي بِالْمَدِينَةِ ما بَقِيتُ فَنَفَاهُ إلى الطائِفِ.

7756 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەكەم ئىبنى ئەبۇل ئاسنى مەدىنىدىن تائىفقا سۈرگۈن قىلىۋېتىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىدا تۇراتتى، تۇيۇقسىز بىر نېمىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە: «سالما، سالما» دەپ ۋارقىرىدى. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ھەكەم ئىبنى ئەبۇل ئاس ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن: «بۇ شەھەردىن چىق. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سەن مەدىنىدە تۇرمايسەن» دېدى ۋە ئۇنى تائىفقا سۈرگۈن قىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12724)

7757 ـ عن أَعْيَن ال وارزمي قال أَتَيْتُ أَنَسَ بن مَالِكٍ وهو في دِهْلِيزِهِ فَسَـلَمْتُ عليه قلت أَأَدْخُلُ قال هذا مَكَانٌ لا يُسْتَأْذَنُ فيه.

7757 ـ ئەئيەن خاۋارەزمىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ دەھلىزدە تۇرغانىكەن. سالام بېرىپ:

ـ كىرسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

[1] ئەلبانى (511): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12805): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇدرىك ئىبنى سۇلايمان ئىسىملىك ماڭا ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ بۇ يەرگە كىــرىش ئۈچــۈن ئىجــازەت سوراشــنىــڭ ھــاجىــتى يــوق، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىــر»: 697)

[1] ھەيســەمى (12821): بــۇ ھەدىســنى تەبەرانــى رىــۋايەت قىلغــان بولــۇپ، ســەنەدىدە ئەئىــيەن ئىســىملىك كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

## چۈشكۈرۈش، ئەسنەش، سورۇننىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى، ئۇخلاش ۋە ئولتۇرۇش ھالەتلىرى

7758 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ عَطَسَ رَجُلَانِ عِنْدَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَشَمتَ أَحَدَهُمَا وَلَمْ يُشَمتْ الْآخَرَ فَقِيلَ لَهُ فَقَالَ هَذَا حَمِدَ اللهَ وَهَذَا لَمْ يَحْمَدْ اللهَ.

7758 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا چۈشكۈرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىگە تەشمىت (يەرھەمۇكەللاھ) ئېيتتى، يەنە بىرىگە ئېيتمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندى: «بۇ، ﷲقا ھەمدى ئېيتتى. لېكىن ئۇ ھەمدى ئېيتمىدى» دېدى.

(بۇخارى: 6221)

7759 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنْ عَطَسَ فَشَمتْهُ ثُم إِنْ عَطَسَ فَشَمتْهُ ثُم إِنْ عَطَسَ فَشَمتْهُ ثُم إِنْ عَطَسَ فَقُلْ إِنكَ مَضْنُوكٌ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ لَا أَدْرِي أَبَعْدَ الثالِثَةِ أَوْ الرابِعَةِ.

7759 ـ ئابدۇللاھ دادىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىم بىر قېتىم چۈشكۈرسە، تەشمىت ئېيتىسەن. يەنە بىر قېتىم چۈشكۈرسە، يەنە تەشمىت ئېيتىسەن. يەنە بىر قېتىم چۈشكۈرسە، يەنە تەشمىت ئېيتىسەن. تۆتىنچى قېتىم چۈشكۈرسە: سەن زۇكامداپ قاپسەن، - دەيسەن.

ئابدۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ (سەن زۇكامداپ قاپسەن دېگەن) بۇ سۆزنى ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى قېتىمدا دېگەنلىكى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ.

(مالىك: 1799)

7760 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ إِسْحَقَ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ عَنْ أُمِهِ عَنْ أَبِيهَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُشَمتُ الْعَاطِسُ ثَلَاثًا فَإِنْ زَادَ فَإِنْ شِئْتَ فَشَمتْهُ وَإِنْ شِئْتَ فَلَا.

7760 ـ ئۆمەر ئىبنى ئىسهاق ئىبنى ئەبۇ تەلهە ئانىسى ئارقىلىق بوۋىسى (يەنى ئانىسىنىڭ دادىسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى رىفائە)دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ قېتىمغىچە چۈشكۈرگەن ئادەمگە تەشمىت ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق چۈشكۈرگەنلەر ئۈچۈن خالىسا ئېيتىدۇ، خالىمىسا ئېيتمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2744)

7761 ـ عن إِيَاس بن سَلَمَةَ بْنِ الْأَكْوَعِ أن أَبَاهُ حَدثَهُ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَطَسَ رَجُلٌ عِنْدَهُ فَقَالَ لَهُ يَرْحَمُكَ اللهُ ثُم عَطَسَ أُخْرَى فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرجُلُ مَزْكُومٌ.

7761 ـ ئىياس دادىسى سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدىكى بىر كىشى بىر قېتىم چۈشكۈرگەندە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «يەرھەمۇكەللاھ!» دېگەنلىكىنى، يەنە بىر قېتىم چۈشكۈرگەندە: «بۇ ئادەم زۇكام بولۇپ قاپتۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

(مۇسلىم: 2993)

7762 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ يُحِب الْعُطَاسَ وَيَكْرَهُ التثَاؤُبَ فَإِذَا عَطَسَ فَحَمِدَ اللهَ فَحَق عَلَى كُل مُسْلِمٍ سَمِعَهُ أَنْ

[1] ئەلبانى (521): زەئىپ، ـ دېگەن.

يُشَمِّتَهُ وَأَما التَثَاؤُبُ فَإِنمَا هُوَ مِنْ الشيْطَانِ فَلْيَرُدهُ مَا اسْتَطَاعَ فَإِذَا قَالَ هَا ضَحِكَ مِنْهُ الشيْطَانُ.

7762 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ. بىر كىشى چۈشكۈرۈپ: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ (بارلىق ھەمدۇسانا اللهقا خاستۇر) دېسە، بۇنى ئاڭلىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ: ”يەرھەمۇكەللاھ“ ( الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەسنەك شەيتاندىن بولۇپ، نامازدا كەلگەن ئەسنەكنى مۇمكىنقەدەر توسۇش كېرەك. كىشى نامازدا: ”ھا...“ دەپ ئەسنىسە، شەيتان ئۇنىڭ ئەسنىگىنىگە قاراپ كۈلىدۇ».

(بۇخارى: 6223)

7763 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْعُطَاسُ مِنْ اللهِ وَالتثَاؤُبُ مِنْ الشيْطَانِ فَإِذَا تَثَاءَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَضَعْ يَدَهُ عَلَى فِيهِ وَإِذَا قَالَ آهْ آهْ فَإِن الشيْطَانَ يَضْحَكُ مِنْ جَوْفِهِ وَإِن اللهَ يُحِب الْعُطَاسَ وَيَكْرَهُ التثَاؤُبَ فَإِذَا قَالَ الرجُلُ آهْ آهْ إِذَا تَثَاءَبَ فَإِن الشيْطَانَ يَضْحَكُ فِي جَوْفِهِ.

7763 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چۈشكۈرۈك اللهتىن، ئەسنەك شەيتاندىندۇر. كىمكى ئەسنەپ قالسا، قولىنى ئاغزىغا قويۇۋالسۇن. ئەگەر ئۇ: ”ھا“ دەپ ئەسنىسە، شەيتان ئۇنىڭغا قاراپ تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىدۇ. الله چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ. كىمكى ئەسنەپ قالسا، قولىنى ئاغزىغا قويۇۋالسۇن. ئەگەر ئۇ: ”ھا“ دەپ ئەسنىسە، شەيتان ئۇنىڭغا قاراپ تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2746)

[1] ئەلبانى (2206): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

7764 ـ عَنْ أَبِى سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إذَا تَثَاءَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيُمْسِكْ عَلَى فِيهِ فَإِن الشيْطَانَ يَدْخُلُ.

7764 ـــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەسنەپ قالسا، ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالسۇن. بولمىسا، (ئېغىزىغا) شەيتان كىرىۋالىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5026)

7765 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إذَا عَطَسَ غَطى وَجْهَهُ بِيَدِهِ أَوْ بِثَوْبِهِ وَغَض بِهَا صَوْتَهُ.

7765 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكۈرۈپ قالغىنىدا يۈزىنى قولى ياكى كىيىمى بىلەن توسۇۋالاتتى ۋە ئاۋازىنى پەس چىقىراتتى[2].

(تىرمىزى: 2745)

7766 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ كَانَ الْيَهُودُ يَتَعَاطَسُونَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَرْجُونَ أَنْ يَقُولَ لَهُمْ يَرْحَمُكُمْ اللهُ فَيَقُولُ يَهْدِيكُمُ اللهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ.

7766 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا قەستەن چۈشكۈرۈشۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارغا: «يەرھەمۇكۇمۇللاھ» (الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن) دېيىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «الله سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، دىلىڭلارنى ئوڭشىسۇن» دەيتتى[3].

(تىرمىزى: 2739)

[1] ئەلبانى (4204): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2205): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (2201): سەھىھ ـ دېگەن.

7767 ـ عن علي رفعه: من بادر العاطس باΣمد عوفي من وجع ا᾿اصـرة ولم يشتك ضرسه أبدا.

7767 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى چۈشكۈرگەن ھامان الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتسا، بەل ئاغرىقىدىن قۇتۇلىدۇ ۋە ئېزىق چىشى ئاغرىقىغا مۇبتىلا بولمايدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 7141)

7768 ـ عن أبي هريرة رفعه: من حدث ىاديث فعطس عنده فهو حق.

7768 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر سۆزنى ئاڭلىغىنىدا چۈشكۈرۈپ قالسا، ئۇ سۆز راست سۆزدۇر»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 6509)

7769 ـ وعن أنس رفعه: أصدق اΣديث ما عطس عنده.

7769 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۆزنىڭ ئەڭ راستى چۈشكۈرۈلگەندە ئېيتىلغان سۆزدۇر»[3].

(«ئەلئەۋسەت»: 3360)

---

[1] ھەيسەمى (12909): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھارىس ئەئۋەر ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. ئۇنىدىن باشقا ماڭا ناتونۇش كىشىلەرمۇ بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12913): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇئاۋىيە ئىبنى يەھيا سەدەفى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (12914): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ماجىدتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەن ئۇنى تونۇمايمەن. ئۇنىدىن باشقا ئۇمارە ئىبنى زازان ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7770 ـ عن قَيْلَةَ بِنْتِ مَخْرَمَةَ أَنَّهَا رَأَتْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ قَاعِدٌ الْقُرْفُصَاءَ فَلَما رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُخْتَشِعَ وَقَالَ مُوسَى الْمُتَخَشعَ فِي الْجِلْسَةِ أُرْعِدْتُ مِنْ الْفَرَقِ.

7770 ــ قەيلە بىنتى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنداق كىچىك پېئىللىق بىلەن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيۋىتىدىن مېنى سۈر بېسىپ لاغ ـ لاغ تىترەپ كەتكەنىدىم، ـ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4847)

7771 ـ عن الشرِيدِ بْنِ سُوَيْدٍ قَالَ مَر بِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا جَالِسٌ هَكَذَا وَقَدْ وَضَعْتُ يَدِيَ الْيُسْرَى خَلْفَ ظَهْرِي وَاتكَأْتُ عَلَى أَلْيَةِ يَدِي فَقَالَ أَتَقْعُدُ قِعْدَةَ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ.

7771 ـ شەرىد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سول قولۇمغا تايىنىپ يېنىمچە ئولتۇراتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «غەزەپكە يولۇققانلاردەك ئولتۇرۇۋېسەنغۇ؟» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4848)

7772 ـ عن أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا جَلَسَ احْتَبَى بِيَدِهِ.

[1] ئەلبانى (4057): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4058): سەھىھ ـ دېگەن.

7772 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا، تىزىنى قولى بىلەن قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4846)

7773 ـ عن أَبِي الدرْدَاءِ فَقَالَ أَبو الدرْدَاءِ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا جَلَسَ وَجَلَسْنَا حَوْلَهُ فَقَامَ فَأَرَادَ الرجُوعَ نَزَعَ نَعْلَيْهِ أَوْ بَعْضَ مَا يَكُونُ عَلَيْهِ فَيَعْرِفُ ذَلِكَ أَصْحَابُهُ فَيَثْبُتونَ.

7773 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن ئولتۇرغاندا، بىر يەرگە بېرىپ كەلمەكچى بولسا، بىر پاي كەش ياكى بىرەر كىيىمىنى ئورنىغا تاشلاپ قويۇپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، تارقىلىپ كەتمەي تۇراتتۇق[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4854)

7774 ـ عن أنس رفعه وقد مر في فضائل القرآن: وَمَثَلُ الْجَلِيسِ الصالِحِ كَمَثَلِ صَاحِبِ الْمِسْكِ.

7774 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(سورۇندىكى) ياخشى سۆھبەتداش خۇددى مۇشكى ــ ئەنبەر ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ... (بۇ ھەدىس «قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلى بايان قىلىنغاندى)[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 4829)

[①] ئەلبانى (4056): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (1033): زەئىپ، ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (4042): سەھىھ ـ دېگەن.

7775 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِياكُمْ وَالْجُلُوسَ عَلَى الطرُقَاتِ فَقَالُوا مَا لَنا بُد إِنمَا هِيَ مَجَالِسُنَا نَتَحَدثُ فِيهَا قَالَ فَإِذَا أَبَيْتُمْ إِلا الْمَجَالِسَ فَأَعْطُوا الطرِيقَ حَقهَا قَالُوا وَمَا حَق الطرِيقِ قَالَ غَض الْبَصَرِ وَكَف الْأَذَى وَرَد السلَامِ وَأَمْرٌ بِالْمَعْرُوفِ وَنَهْيٌ عَنْ الْمُنْكَرِ.

7775 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار! ـ دېگەنىدى، كىشىلەر:

ـ كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ۋاز كېچەلمىگۇدەكمىز. چۈنكى كوچىلار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان جايىمىز. ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ ئۇنداقتا، كوچىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار! ـ دېدى. ئۇلار:

ـ كوچىنىڭ ھەققى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كوچىنىڭ ھەققى ھارامدىن كۆزنى يىغىش، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزمەسلىك، سالام بەرگەنلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش، كىشىلەرگە ئەمرى مەرۇپ، نەھيي مۇنكەر قىلىشتۇر. ـ دېدى.

(بۇخارى: 2465)

7776 ـ عن عُمَر بْن الْخَطابِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي هَذِهِ الْقِصةِ قَالَ وَتُغِيثُوا الْمَلْهُوفَ وَتَهْدُوا الضال.

7776 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىدا يەنە: «قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىگە ياردەم بېرىسىلەر، ئېزىپ قالغانلارغا يول كۆرسىتىپ قويىسىلەر» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4815)

[1] ئەلبانى (4032): سەھىھ ـ دېگەن.

7777 ـ قَالَ قَالَ أَبو طَلْحَةَ كُنا قُعُودًا بِالْأَفْنِيَةِ نَتَحَدثُ فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَامَ عَلَيْنَا فَقَالَ مَا لَكُمْ وَلِمَجَالِسِ الصُعُدَاتِ اجْتَنِبُوا مَجَالِسَ الصُعُدَاتِ فَقُلْنَا إِنمَا قَعَدْنَا لِغَيْرِ مَا بَاسٍ قَعَدْنَا نَتَذَاكَرُ وَنَتَحَدثُ قَالَ إِما لَا فَأَدوا حَقهَا غَض الْبَصَرِ وَرَد السلَامِ وَحُسْنُ الْكَلَامِ.

7777 ـ ئەبۇ تەلھەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئۆينىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىك ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ـ نېمە ئۈچۈن كوچىلاردا ئولتۇرىسىلەر؟ كوچىلاردا ئولتۇرماڭلار! ـ دېدى. بىز:

ـ بىز گۇناھ ئىش قىلماي، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، ـ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر بۇ يەرلەردە بەك ئولتۇرغۇڭلار كەلسە، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار. يەنى نامەھرەملەرگە قارىماڭلار، سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2161)

7778 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ دِينَارٍ قَالَ كُنتُ أَنا وَعَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ عِنْدَ دَارِ خَالِدِ بْنِ عُقْبَةَ التِي بِالسوقِ فَجَاءَ رَجُلٌ يُرِيدُ أَنْ يُنَاجِيَهُ وَلَيْسَ مَعَ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَحَدٌ غَيْرِي وَغَيْرُ الرجُلِ الذِي يُرِيدُ أَنْ يُنَاجِيَهُ فَدَعَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ رَجُلًا آخَرَ حَتى كُنا أَرْبَعَةً فَقَالَ لِي وَلِلرجُلِ الذِي دَعَاهُ اسْتَأْخِرَا شَيْئًا فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ وَاحِدٍ.

7778 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى دىناردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىمىز خالىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ بازار ئىچىدىكى ئۆيىگە باردۇق. ئىشىك ئالدىدا تۇرساق، بىر ئادەم كېلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئايرىم پاراڭلاشماقچى بولدى. ئۇ يەردە ئۈچىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى

ئۆمەر يەنە بىر ئادەمنى چاقىردى، تۆت كىشى بولدۇق. ئىبنى ئۆمەر چاقىرىپ كېلىنگەن ئادەم بىلەن ماڭا:

— سەل نېرىراق تۇرۇپ تۇرۇڭلار. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىككى كىشى بىر كىشىنى ئايرىپ قويۇپ كۇسۇلداشمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1856)

7779 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ نَهى أَنْ يُقَامَ الرجُلُ مِنْ مَجْلِسِهِ وَيَجْلِسَ فِيهِ آخَرُ وَلَكِنْ تَفَسحُوا وَتَوَسعُوا.

7779 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزەڭلار بىر يەرگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن، (شۇ يەردە ئولتۇرغان) باشقا بىرىنى تۇرغۇزىۋەتمەڭلار. لېكىن سورۇنغا بىر ئادەم كەلسە، سورۇننى كېڭەيتىپ ئورۇن چىقىرىپ بەرسەڭلار بولىدۇ».

(بۇخارى: 6270)

7780 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي الْحَسَنِ قَالَ جَاءَنَا أَبُو بَكْرَةَ فِي شَهَادَةٍ فَقَامَ لَهُ رَجُلٌ مِنْ مَجْلِسِهِ فَأَبى أَنْ يَجْلِسَ فِيهِ وَقَالَ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ ذَا وَنَهى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَمْسَحَ الرجُلُ يَدَهُ بِثَوْبِ مَنْ لَمْ يَكْسُهُ.

7780 ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ھەسەندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر گۇۋاھلىق ئىشى ئۈچۈن يېنىمىزغا كەلگەنىدى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئورنىنى بوشىتىپ بەردى. لېكىن ئەبۇ بەكرە ئولتۇرۇشقا ئۇنىماي:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق قىلىشتىن توسقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە باشقىلارنىڭ كىيىمىگە قولىنى سۈرتۈشنىمۇ چەكلىگەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4827)

[1] ئەلبانى (1029): زەئىپ، ـ دېگەن.

7781 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَامَ أَحَـدُكُمْ وَفِي حَدِيثِ أَبِي عَوَانَةَ مَنْ قَامَ مِنْ مَجْلِسِهِ ثُم رَجَعَ إِلَيْهِ فَهُوَ أَحَق بِهِ.

7781 ـــ ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرى ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ، يەنە شۇ يەرگە قايتىپ كەلسە، ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇشقا باشقىلاردىن ھەقلىقراقتۇر».

(مۇسلىم: 2179)

7782 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ كُنا إِذَا أَتَيْنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَلَـسَ أَحَدُنَا حَيْثُ يَنْتَهِي.

7782 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگىنىمىزدە، نەدە بوش ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتۇق[1].

(تىرمىزى: 2725)

7783 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُـولُ خَيْرُ الْمَجَالِسِ أَوْسَعُهَا.

7783 ـــ ئەبــۇ ســەئىد خــۇدرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئــۇ پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ: «سورۇنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كەڭرى ـ كۇشادە (ئازادە) بولغىنىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4820)

7784 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ قَالَ ابْنُ عَبْدَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن رَسُـولَ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُجْلَسْ بَيْنَ رَجُلَيْنِ إِلا بِإِذْنِهِمَا.

---

[1] ئەلبانى (2193): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4035): سەھىھ ـ دېگەن.

7784 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا ئۇلارنىڭ ئىجازىتىسىز كىرىپ ئولتۇرماڭلار!»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 4844)

7785 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَعَنَ مَنْ جَلَسَ وَسْطَ الْحَلْقَةِ.

7785 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورۇننىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان كىشىگە لەنەت قىلغان[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 4826)

7786 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَسْجِدَ وَهُمْ حِلَقٌ فَقَالَ مَالِي أَرَاكُمْ عِزِينَ.

7786 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرىپ، ساھابىلارنىڭ چەمبەر ـ چەمبەر بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە: «نېمە ئۈچۈن بۇنداق چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئولتۇرىۋالدىڭلار؟» دېدى[3].
(ئەبۇ داۋۇد: 4823)

7787 ـ عن أَبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ أَبو الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ أَحَدُكُمْ فِي الشمْسِ وَقَالَ مَخْلَدٌ فِي الْفَيْءِ فَقَلَصَ عَنْهُ الظل وَصَارَ بَعْضُهُ فِي الشمْسِ وَبَعْضُهُ فِي الظل فَلْيَقُمْ.

[1] ئەلبانى (4054): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1028): زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (4038): سەھىھ ـ دېگەن.

7787 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇل قاسىم[1] سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار سايىدا (يەنە بىر رىۋايەتتە "ئاپتاپتا" دەپ كەلگەن) ئولتۇرغان بولسا، سايە كېتىپ، بەدىنىنىڭ يېرىمى سايىدا، يېرىمى ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ قالسا، دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ كەتسۇن»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4821)

7788 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم إن لكل شيء سيدا وإن سيد المجالس قبالة القبلة.

7788 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق نەرسىنىڭ كاتتىسى بولىدۇ. سورۇننىڭ كاتتىسى قىبلە تەرەپكە قارالغىنىدۇر»[3].

((«ئەلئەۋسەت»: 2354)

7788 ـ عن سهل بن سعد قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم لا يجلس الرجل بين الرجل وابنه في المجلس.

7789 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سورۇندا بالا بىلەن ئاتىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرماڭلار!»[4].

(«ئەلئەۋسەت»: 4429)

7790 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ مَر بِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا مُضْطَجِعٌ عَلَى بَطْنِي فَرَكَضَنِي بِرِجْلِهِ وَقَالَ يَا جُنَيْدِبُ إِنمَا هَذِهِ ضِجْعَةُ أَهْلِ النارِ.

---

[1] ئەبۇلقاسىم ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۇنيە ئىسمى.

[2] ئەلبانى (4036): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (12915): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[4] ھەيسەمى (12932): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

7790 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دۈم ياتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ (دۈم ياتقىنىمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە)، پۇتى بىلەن تۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئى جۇنەيدىب! بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ يېتىشىدۇر» دېدى[1]. (ئىبنى ماجە: 3724)

7791 ـ عَنْ يَعِيشَ بْنِ طَخْفَةَ بْنِ قَيْسٍ الْغِفَارِيِّ قَالَ كَانَ أَبِي مِنْ أَصْحَابِ الصفةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْطَلِقُوا بِنَا إِلَى بَيْتِ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَانْطَلَقْنَا فَقَالَ يَا عَائِشَةُ أَطْعِمِينَا فَجَاءَتْ بِحَشِيشَةٍ فَأَكَلْنَا ثُم قَالَ يَا عَائِشَةُ أَطْعِمِينَا فَجَاءَتْ بِحَيْسَةٍ مِثْلِ الْقَطَاةِ فَأَكَلْنَا ثُم قَالَ يَا عَائِشَةُ اسْقِينَا فَجَاءَتْ بِعُسٍ مِنْ لَبَنٍ فَشَرِبْنَا ثُم قَالَ يَا عَائِشَةُ اسْقِينَا فَجَاءَتْ بِقَدَحٍ صَغِيرٍ فَشَرِبْنَا ثُم قَالَ إِنْ شِئْتُمْ بِتمْ وَإِنْ شِئْتُمْ انْطَلَقْتُمْ إِلَى الْمَسْجِدِ قَالَ فَبَيْنَمَا أَنَا مُضْطَجِعٌ فِي الْمَسْجِدِ مِنْ السحَرِ عَلَى بَطْنِي إِذَا رَجُلٌ يُحَرِّكُنِي بِرِجْلِهِ فَقَالَ إِن هَذِهِ ضِجْعَةٌ يُبْغِضُهَا اللهُ قَالَ فَنَظَرْتُ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7791 ـ يەئىش ئىبنى تەخفە ئىبنى قەيس غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام سۇففە ئەھلىدىن بولۇپ، ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ يۈرۈڭلار! ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا بارايلى! ـ دېدى، ھەممەيلەن باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ ئى ئائىشە! بىزگە تاماق بەرگىن! ـ دېۋىدى، ھەزرىتى ئائىشە بۇغداي ئېشى ئېلىپ كەلدى، ھەممەيلەن يېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ ئى ئائىشە! بىزگە تاماق بەرگىن! ـ دېۋىدى، ھەزرىتى ئائىشە بۇ قېتىم قىرغاۋۇلچىلىك (يەنى ئازغىنا) (خورما، سېرىق ماي ۋە سۈزمە بىلەن ئېتىلگەن) ئوماچ ئەكەلدى، ئۇنىمۇ يېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (3001): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى ئائىشە! بىزگە ئۇسسۇلۇق بەرگىن! ــ دېدى. ھەزرىتى ئائىشە يوغان بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ ئى ئائىشە! بىزگە ئۇسسۇلۇق بەرگىن! ـ دېۋىدى، ھەزرىتى ئائىشە كىچىك بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەلدى، سۈتتىنمۇ (قانغۇچە) ئىچتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ خالىساڭلار (مۇشۇ يەردە) قونۇپ قېلىڭلار، خالىساڭلار مەسجىدكە چىقىڭلار! ــ دېدى. سەھەر ۋاقتى ئىدى، مەسجىدتە دۈم يېتىپ ئۇخلاۋاتسام، بىرەيلەن پۇتى بىلەن تۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ بۇ، الله يامان كۆرىدىغان يېتىشتۇر، ـ دېدى. شۇنداق قارىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5040)

7792 ـ عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَلِيٍّ يَعْنِي ابْنَ شَيْبَانَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ بَاتَ عَلَى ظَهْرِ بَيْتٍ لَيْسَ لَهُ حِجَارٌ فَقَدْ بَرِئَتْ مِنْهُ الذِّمَّةُ.

7792 ــ ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى (ئەتراپى) تام بىلەن تورالمىغان ئۆگزىدە ياتسا ۋە ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالسا، ئۇۋالى ئۆزىگە»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5041)

7793 ـ عَنْ عَبَّادِ بْنِ تَمِيمٍ عَنْ عَمِّهِ أَنَّهُ رَأَى رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُسْتَلْقِيًا فِي الْمَسْجِدِ وَاضِعًا إِحْدَى رِجْلَيْهِ عَلَى الْأُخْرَى وَعَنْ ابْنِ شِهَابٍ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيَّبِ قَالَ كَانَ عُمَرُ وَعُثْمَانُ يَفْعَلَانِ ذَلِكَ.

7793 ــ ئەبباد ئىبنى تەمىيم تاغىسى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

[1] ئەلبانى (1069): زەئىپ ۋە مۇزتەرىب، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4215): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدتە يۈتىنى مىنگەشتۇرۇپ، ئوڭدىسىغا ياتقانلىقىنى كۆرگەنىكەن.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: ئۆمەر ۋە ئوسمانلارمۇ شۇنداق ياتاتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 475)

7794 ـ عن جَابِرِ بن عبد اللهِ أن النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال لَا يَسْتَلْقِيَن أحدكم ثُم يَضَعُ إِحْدَى رِجْلَيْهِ على الْأُخْرَى.

7794 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يۈتۈڭلارنى بىر ـ بىرىگە مىنگەشتۇرۇپ ئوڭدىسىغا ياتماڭلار».

(مۇسلىم: 2099)

7795 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُتكِئًا عَلَى وِسَادَةٍ عَلَى يَسَارِهِ.

7795 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سول بېقىنىدىكى ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم[1].

(تىرمىزى: 2770)

7796 ـ عَنْ أَبِي قِلَابَةَ عَنْ بَعْضِ آلِ أُم سَلَمَةَ كَانَ فِرَاشُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَحْوًا مِما يُوضَعُ الْإِنْسَانُ فِي قَبْرِهِ وَكَانَ الْمَسْجِدُ عِنْدَ رَأْسِهِ.

7796 ــ ئەبۇ قىلابە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئائىلىسىدىكى بىرىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتقاندا خۇددى ئىنسان قەبرىگە قويۇلغان

[1] ئەلبانى (2223): سەھىھ ـ دېگەن.

ھالەتتىكىدەك يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى، بېشى مەسجىد تەرەپكە توغرا كېلەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5044)

[1] ئەلبانى (1070): زەئىپ، ـ دېگەن.

## يارده‌ملىشىش، ئىتتىپاق تۇزۇش، قېرىنداش بولۇش ۋه شاپائه‌ت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى هه‌مكارلىق

7797 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ انْصُرْ أَخَاكَ ظَالِمًا أَوْ مَظْلُومًا فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَنْصُرُهُ إِذَا كَانَ مَظْلُومًا أَفَرَأَيْتَ إِذَا كَانَ ظَالِمًا كَيْفَ أَنْصُرُهُ قَالَ تَحْجُزُهُ أَوْ تَمْنَعُهُ مِنْ الظلْمِ فَإِن ذَلِكَ نَصْرُهُ.

7797 ـ ئه‌نه‌س ره‌زىيه‌للاهۇ ئه‌نهۇدىن مۇنداق رىۋايه‌ت قىلىنىدۇ: په‌يغه‌مبه‌ر سه‌للاللاهۇ ئه‌له‌يهى ۋه‌سه‌لله‌م:

ـ قېرىندىشىڭ مه‌يلى زالىم ياكى مه‌زلۇم بولسۇن، (ئۇنىڭغا) يارده‌م به‌رگىن! ـ دېدى. بىر كىشى:

ـ ئى ره‌سۇلۇللاھ! مه‌زلۇمغىغۇ يارده‌م بېره‌رمه‌ن. ئه‌مما زالىمغا قانداق يارده‌م بېرىمه‌ن؟ ـ ده‌پ سورىغانىدى، په‌يغه‌مبه‌ر ئه‌له‌يهىسسالام:

ـ ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇۋالغىنىڭ، ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6952)

7798 ـ عن جَابِر بْنَ عَبْدِ اللهِ وَأَبا طَلْحَةَ بْنَ سَهْلٍ الْأَنصَارِي يَقُولَانِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ امْرِئٍ يَخْذُلُ امْرَأً مُسْلِمًا فِي مَوْضِعٍ تُنْتَهَكُ فِيهِ حُرْمَتُهُ وَيُنْتَقَصُ فِيهِ مِنْ عِرْضِهِ إِلا خَذَلَهُ اللهُ فِي مَوْطِنٍ يُحِب فِيهِ نُصْرَتَهُ وَمَا مِنْ امْرِئٍ يَنْصُرُ مُسْلِمًا فِي مَوْضِعٍ يُنْتَقَصُ فِيهِ مِنْ عِرْضِهِ وَيُنْتَهَكُ فِيهِ مِنْ حُرْمَتِهِ إِلا نَصَرَهُ اللهُ فِي مَوْطِنٍ يُحِب نُصْرَتَهُ.

7798 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ره‌زىيه‌للاهۇ ئه‌نهۇما بىله‌ن ئه‌بۇ ته‌لهه ئىبنى سه‌هل ئه‌نسارى ره‌زىيه‌للاهۇ ئه‌نهۇ ئىككىسىدىن رىۋايه‌ت قىلىنىدۇكى، په‌يغه‌مبه‌ر سه‌للاللاهۇ ئه‌له‌يهى ۋه‌سه‌لله‌م مۇنداق دېگه‌ن:

«قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەق ـ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان، ئىززەت ـ نومۇسى كەمستىلىشكە ئۇچرىغان بىر يەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسا، الله ئۇنى ياردەمگە قاتتىق موھتاج بولغان بىر پەيتتە ياردەم قىلماي تاشلاپ قويىدۇ. قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەق ـ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان، ئىززەت ـ نومۇسى كەمستىلىشكە ئۇچرىغان بىر يەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا، اللهمۇ ئۇنىڭ ياردەمگە قاتتىق موھتاج بولغان بىر پەيتىدە ياردەم قىلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4884)

7799 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ رَد عَنْ عِرْضِ أَخِيهِ رَد اللهُ عَنْ وَجْهِهِ النارَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

7799 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىنى قوغدىسا، الله قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ يۈزىدىن دوزاخ ئوتىنى قايتۇرىۋېتىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1931)

7800 ـ عن سُرَاقَةَ بن مَالِكِ بن جُعْشُمِ الْمُدْلِجِي قال خَطَبَنَا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فقال خَيْرُكُمْ الْمُدَافِعُ عن عَشِيرَتِهِ ما لم يَأْثَمْ.

7800 ـ سۇراقە ئىبنى مالىك ئىبنى جۇئشۇم ئەلمۇدلىجى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە خىتاب قىلىپ: «ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى گۇناھ ئىش قىلىپ سالماي قوغدىغان كىشى سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلاردۇر»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5120)

[1] ئەلبانى (1040): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1575): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1094): زەئىپ، ـ دېگەن.

7801 ـ عَنْ بِنْتِ وَاثِلَةَ بْنِ الْأَسْقَعِ أَنَهَا سَمِعَتْ أَبَاهَا يَقُولُ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا الْعَصَبِيةُ قَالَ أَنْ تُعِينَ قَوْمَكَ عَلَى الظلْمِ.

7801 ــ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ دادىسى (ۋاسىلە)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەسەبىيەت (جەمەتۋازلىق، يۇرتۋازلىق) دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ جەمەتىڭنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەم بېرىشىڭدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5119)

7802 ـ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا حِلْفَ فِي الْإِسْلَامِ وَأَيمَا حِلْفٍ كَانَ فِي الْجَاهِلِيةِ لَمْ يَزِدْهُ الْإِسْلَامُ إِلا شِدةً.

7802 ــ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسلامدا (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك باتىلغا) ئەھدىلىشىش يوق، ئەمما جاھىلىيەت دەۋرىدە (ياخشىلىققا) قىلىنغان ئەھدىنامە بولسا، ئىسلام ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ».

(مۇسلىم: 2530)

7803 ـ عن عَاصِم قَالَ: قُلْتُ لِأَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَبَلَغَكَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا حِلْفَ فِي الْإِسْلَامِ فَقَالَ قَدْ حَالَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ قُرَيْشٍ وَالْأَنصَارِ فِي دَارِي.

وفي رواية: بين الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنصَارِ في دَارِنَا مَرتَيْنِ أو ثَلَاثًا

7803 ـ ئاسىمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەنەستىن:

ــ سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىسلامدا ئەھدىلىشىشكە بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دېسەم، ئەنەس:

[1] ئەلبانى (1093): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى مېنىڭ ھويلامدا ئەھدىلەشتۈرگەنىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2294)

يەنە بىر رىۋايەتتە: مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم بىزنىڭ ھويلىدا ئەھدىلەشتۈرگەنىدى، ـ دېدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2926)

7804 ـ عَنْ أنسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آخَى بَيْنَ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَراحِ وَبَيْنَ أَبِي طَلْحَةَ.

7804 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ بىلەن ئەبۇ تەلھە ئىككىسىنى قېرىنداش قىلىپ قويغان.

(مۇسلىم: 2528)

7805 ـ عن أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا جَاءَهُ السائِلُ أَوْ طُلِبَتْ إِلَيْهِ حَاجَةٌ قَالَ اشْفَعُوا تُؤْجَرُوا وَيَقْضِي اللهُ عَلَى لِسَانِ نَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا شَاءَ.

7805 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىرەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بىر نەرسە سوراپ كەلسە ياكى بىرەر ھاجەتمەن كېلىپ قالسا: «شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ساۋاب تاپىسىلەر. الله پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق خالىغىنىچە ھۆكۈم قىلىۋېرىدۇ» دەيتتى (يەنى، ھاجەتمەننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ گەپ ـــ سۆز قىلغان كىشى، ھاجەتمەننىڭ ھاجىتى راۋا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئوخشاشلا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ دېمەكچى).

(بۇخارى: 1432)

7806 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ اشْفَعُوا تُؤْجَرُوا فَإِني لَأُرِيدُ الْأَمْرَ فَأُؤَخِرُهُ كَيْمَا تَشْفَعُوا فَتُؤْجَرُوا فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اشْفَعُوا تُؤْجَرُوا.

7806 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ساۋاب تاپىسىلەر. مەن بىر ئىشنى قىلماقچى بولساممۇ، سىلەرنىڭ شاپائەت قىلىپ، ساۋاب تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇ ئىشنى ئەتەي كېچىكتۈرىمەن. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ساۋاب تاپىسىلەر» دېگەنىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5132)

7807 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الرجُلَ لَيَسْأَلُنِي الشيْءَ فَأَمْنَعُهُ حَتى تَشْفَعُوا فِيهِ فَتُؤْجَرُوا وَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اشْفَعُوا تُؤْجَرُوا.

7807 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئادەم بىر نەرسە سوراپ كەلسە، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماقچى بولساممۇ، سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ، ساۋاب تېپىشىڭلار ئۈچۈن، (ئۇنىڭ) ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى ئەتەي كېچىكتۈرىمەن» دېگەنلىكىنى ۋە يەنە: «شاپائەت قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ساۋاب تاپىسىلەر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

(نەسائى: 2557)

7808 ـ عن عبدَ الله بن عُمَرَ رضي الله تعالى عنهما أن رسولَ الله صلى اللهُ عليه وسلم قال الْمُسْلِمُ أخُو الْمُسلِمِ لا يَظْلِمُهُ ولا يُسْلِمُهُ وَمَنْ كانَ في حاجَةِ أخِيهِ كانَ الله في حاجَتِهِ وَمَنْ فَرجَ عنْ مُسْلِمٍ كُرْبَةً فَرجَ الله عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرُباتِ يَوْمِ القِيامَةِ وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِماً سَتَرَهُ الله يوْمَ الْقِيامَةِ.

[1] ئەلبانى (4280): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2397): سەھىھ ـ دېگەن.

7808 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ھالاكەتكە تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، الله ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلاردىن بىرنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4893).

7809 ـ وزاد رزين: من مشى مع مظلوم حتى يثبت له حقه ثبت الله تعالى قدميه يوم تزل الأقدام.

7809 ــ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر كىشىگە تاكى ئۇ ھەققىنى ئالغانغا قەدەر يول مېڭىشىپ بەرسە، الله تائالا قەدەملەر تېيىلىپ كېتىدىغان كۈندە ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7810 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مَنْ نَفسَ عَـنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُنْيَا نَفسَ اللهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَمَنْ يَسـرَ عَلَـى مُعْسِرٍ يَسرَ اللهُ عَلَيْهِ فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللهُ فِي عَوْنِ الْعَبْدِ مَا كَانَ الْعَبْدُ فِي عَوْنِ أَخِيهِ.

7810 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[①] ئەلبانى (4091): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقتىن بىرنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. كىمكى بىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، الله ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2699)

7811 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَحَدَكُمْ مِرْآةُ أَخِيهِ فَإِنْ رَأَى بِهِ أَذًى فَلْيُمِطْهُ عَنْهُ.

7811 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ ئەينىكىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا بىرەر ئەيىپنى كۆرسە، ئۇنى تۈزەتسۇن»[1].

(تىرمىزى: 1929)

7812 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْمُؤْمِنَ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُد بَعْضُهُ بَعْضًا وَشَبكَ أَصَابِعَهُ.

7812 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەقىقەتەن مۇئمىنلەر خۇددى كېسەكلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ قوپۇلغان بىناغا ئوخشايدۇ» دەپ، مۇبارەك بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈردى.

(بۇخارى: 481)

[1] ئەلبانى (327): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

7813 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِلْمُؤْمِنِ عَلَى الْمُؤْمِنِ سِت خِصَالٍ يَعُودُهُ إِذَا مَرِضَ وَيَشْهَدُهُ إِذَا مَاتَ وَيُجِيبُهُ إِذَا دَعَاهُ وَيُسَلمُ عَلَيْهِ إِذَا لَقِيَهُ وَيُشَمتُهُ إِذَا عَطَسَ وَيَنْصَحُ لَهُ إِذَا غَابَ أَوْ شَهِدَ.

7813 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنىنىڭ مۇئمىنىدە مۇنداق ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار: ئاغرىپ قالسا يوقلايدۇ؛ ۋاپات بولسا، نامىزىغا قاتنىشىدۇ؛ (ئۆيىگە) چاقىرسا بارىدۇ؛ ئۇچرىسا سالام قىلىدۇ؛ چۈشكۈرسە تەشمىت ئېيتىدۇ (يەنى ”يەرھەمۇكەللاھ“ دەيدۇ)؛ مەيلى ئۇ بار ياكى يوق بولسۇن، (ھەمىشە) سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ»[1].

(نەسائى: 1938)

7814 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَحْقِرَن أَحَدُكُمْ شَيْئًا مِنْ الْمَعْرُوفِ وَإِنْ لَمْ يَجِدْ فَلْيَلْقَ أَخَاهُ بِوَجْهٍ طَلِيقٍ وَإِنْ اشْتَرَيْتَ لَحْمًا أَوْ طَبَخْتَ قِدْرًا فَأَكْثِرْ مَرَقَتَهُ وَاغْرِفْ لِجَارِكَ مِنْهُ.

7814 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قېرىنداشلىرىڭلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ ياخشىلىقنى ئاز كۆرمەڭلار. ياخشىلىق قىلالمىساڭلارمۇ، ئۇچراشقاندا ئوچۇق چىراي بولۇڭلار. گۆش ئالغان ياكى قازان ئاسقاندا، شورپىسىنى جىقراق قىلىپ، قوشنىلىرىڭلارغىمۇ سۇنۇپ بېرىڭلار»[2].

(تىرمىزى: 1833)

7815 ـ عَنِ ابن عُمَرَ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إن لله عز وجل خَلْقًا خَلَقَهُمْ لِحَوَائِجِ الناس يَفْزَعُ الناس إِلَيْهِمْ في حَوَائِجِهِمْ أُولَئِكَ الآمِنُونَ من عَذَابِ اللهِ.

---

[1] ئەلبانى (1830): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1496): سەھىھ ـ دېگەن.

7815 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئەززە ۋەجەللەنىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، (الله) ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشقا ياراتقان بولۇپ، كىشىلەر ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئەنە شۇلار اللهنىڭ ئازابىدىن ئامان بولغۇچىلاردۇر»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 13334)

7816 ـ عن ابن عباس عن النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال من مشى في حاجة أخيه كان خيرا له من اعتكاف عشر سنين ومن اعتكف يوما ابتغاء وجه الله جعل الله بينه وبين النار ثلاث خنادق كل خندق أبعد لما بين الخافقين.

7816 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن يول ماڭسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئون يىل ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندىنمۇ ئەۋزەلدۇر. كىمكى الله رىزالىقىنى تىلەپ بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرسا، الله ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىغا ئۈچ خەندەك توساق قىلىدۇ. ھەر بىر خەندەكنىڭ كەڭلىكى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىلىقىدەك كېلىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 7326)

7817 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ دَعَا إِلَى هُدًى كَانَ لَهُ مِنْ الْأَجْرِ مِثْلُ أُجُورِ مَنْ تَبِعَهُ لَا يَنقُصُ ذَلِكَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْئًا وَمَنْ دَعَا إِلَى ضَلَالَةٍ كَانَ عَلَيْهِ مِنْ الْإِثْمِ مِثْلُ آثَامِ مَنْ تَبِعَهُ لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ آثَامِهِمْ شَيْئًا.

7817 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (13710): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەييۇب ئىسمىلىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13716): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ياخشى، ـ دېگەن.

«كىمكى كىشىلەرنى توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ كىشىگە (شۇ توغرا يولغا) ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بولىدۇ، لېكىن ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابى ھېچ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. كىمكى ئازغۇنلۇققا چاقىرسا، ئۇنىڭغا (ئازغۇن يولغا) ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھىدەك گۇناھ بولىدۇ ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچنېمە كېمەيتىلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2674)

## دوستلىشىش، سىر ساقلاش، ياراشتۇرۇپ قويۇش، بىر ـ بىرىنى هۆرمەتلەش، ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇش، هايا قىلىش قاتارلىق ئەدەب ـ ئەخلاقلار

7818 ـ عن النُّعْمَانِ بن بَشِيرٍ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ في تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ إذا اشْتَكَى منه عُضْوٌ تَدَاعَى له سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى.

7818 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىنلەر بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش ۋە ھېسداشلىق قىلىشتا خۇددى بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇكى، بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، باشقا پۈتۈن ئەزالار بىئارام بولۇپ، ئۇيقۇسىز قالىدۇ».

(مۇسلىم: 2586)

7819 ـ عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ وَقَدْ كَانَ أَدْرَكَهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا أَحَب الرجُلُ أَخَاهُ فَلْيُخْبِرْهُ أَنهُ يُحِبهُ.

7819 ـ مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى بىر قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇ قېرىندىشىغا بىلدۈرسۇن!»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5124)

[1] ئەلبانى (4273): سەھىھ ـ دېگەن.

7820 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أن رَجُلًا كَانَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَر بِهِ رَجُلٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إني لَأُحِب هَذَا فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْلَمْتَهُ قَالَ لَا قَالَ أَعْلِمْهُ قَالَ فَلَحِقَهُ فَقَالَ إني أُحِبكَ فِي اللهِ فَقَالَ أَحَبكَ الذِي أَحْبَبْتَنِي لَهُ.

7820 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا بىر ئادەم تۇراتتى، ئۇ يەردىن يەنە بىر ئادەم ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇ كىشىنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، بىلدۈرۈپ قويغىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ:

ـ مەن سېنى الله رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، ـ دېۋىدى، ئۇ كىشى:

ـ سەن مېنى ياخشى كۆرۈشتە رازىلىقىنى كۆزلىگەن الله سېنىمۇ ياخشى كۆرگەي! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5125)

7821 ـ عن يَزِيدَ بن نَعَامَةَ الضبي قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إذا آخَى الرجُلُ الرجُلَ فَلْيَسْأَلْهُ عن اسْمِهِ وَاسْمِ أبيه وَمِمنْ هو فإنه أَوْصَلُ لِلْمَوَدةِ.

7821 ـ يەزىد ئىبنى نەئامە زەببىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى يەنە بىرى بىلەن قېرىنداش بولماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى، قايسى قەبىلە ـ جەمەتتىن

[1] ئەلبانى (4274): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئىكەنلىكىنىــــى سورىســـۇن، چـــۈنكى بۇنـــداق قىلىـــش دوســـتلۇقنى كۈچەيتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2392)

7822 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أُرَاهُ رَفَعَهُ قَالَ أَحْبِبْ حَبِيبَكَ هَوْنًا مَا عَسَـى أَنْ يَكُـونَ بَغِيضَكَ يَوْمًا مَا وَأَبْغِضْ بَغِيضَكَ هَوْنًا مَا عَسَى أَنْ يَكُونَ حَبِيبَكَ يَوْمًا مَا.

7822 ــ ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىـــدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئامراق كىشىڭگە ھەددىدىن زىيادە ئامراق بولمىغىنىكى، بىر كۈنى ئۇ سېنىڭ ئۆچ ئادىمىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆچ ئادىمىڭگىمۇ ھەددىدىن زىيادە ئۆچ بولمىغىنىكى، بىر كۈنى ئۇ ئامراق ئادىمىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن»[2].

(تىرمىزى: 1997)

7823 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ يَقُـولُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَيْنَ الْمُتَحَابونَ بِجَلَالِي الْيَوْمَ أُظِلهُمْ فِي ظِلي يَوْمَ لَا ظِل إِلا ظِلي.

7823 ــ ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىـــدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائـالا قىيـامەت كـۈنى مۇنـداق دەيـدۇ: مېنىـڭ رازىلىقىمنـى كـۆزلەپ، بىــر ـ بىرىنــى ياخشــى كۆرۈشــكەنلەر قېنــى؟ مانــا مېنىــڭ سايەمدىن باشقا سايە يـوق بۈگـۈنكى كۈنـدە ئـۇلارنى ئـۆز سـايەم ئاسـتىغا ئالىمەن».

(مۇسلىم: 2566)

7824 ـ عن مُعَاذِ بن جَبَلٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُـولُ قَالَ اللهُ عَز وَجَل الْمُتَحَابونَ فِي جَلَالِي لَهُمْ مَنَابِرُ مِنْ نُورٍ يَغْبِطُهُمْ النبِيونَ وَالشهَدَاءُ.

[1] ئەلبانى (419): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1625): سەھىھ ـ دېگەن.

7823 ـــ مۇئــاز ئىبنـــى جەبەل رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىـدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنــى ئاڭلىغــان: «قىيــامەت كــۈنى، الله تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى؟ ئۇلارغـــا نـــۇردىن مـــۇنبەرلەر بـــار، ئۇلارغـــا بىـــرىلگەن مەرتىـــۋىنى پەيغەمبەرلەرمۇ، شېھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2390)

7825 ـ عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلَانِي أَنهُ قَالَ دَخَلْتُ مَسْجِدَ دِمَشْقَ فَإِذَا فَتًى شَاب بَراقُ الثنَايَا وَإِذَا الناسُ مَعَهُ إِذَا اخْتَلَفُوا فِي شَيْءٍ أَسْنَدُوا إِلَيْهِ وَصَدَرُوا عَنْ قَوْلِهِ فَسَأَلْتُ عَنْهُ فَقِيلَ هَذَا مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ فَلَما كَانَ الْغَدُ هَجرْتُ فَوَجَدْتُهُ قَدْ سَبَقَنِي بِالتهْجِيرِ وَوَجَدْتُهُ يُصَلي قَالَ فَانْتَظَرْتُهُ حَتى قَضَى صَلَاتَهُ ثُم جِئْتُهُ مِنْ قِبَلِ وَجْهِهِ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ ثُم قُلْتُ وَاللهِ إِني لَأُحِبكَ لِلهِ فَقَالَ أَللهِ فَقُلْتُ أَللهِ فَقَالَ أَللهِ فَقُلْتُ أَللهِ فَقَالَ أَللهِ فَقُلْتُ أَللهِ قَالَ فَأَخَذَ بِحُبْوَةِ رِدَائِي فَجَبَذَنِي إِلَيْهِ وَقَالَ أَبْشِرْ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَجَبَتْ مَحَبتِي لِلْمُتَحَابينَ فِي وَالْمُتَجَالِسِينَ فِي وَالْمُتَزَاوِرِينَ فِي وَالْمُتَبَاذِلِينَ فِي.

7825 ـ ئەبـۇ ئىـدرىس خەۋلانىـدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: دەمەشـىق جامەسـىگە كىرسـەم، جامـائەت چىشـلىرى ئاپئـاق پـارقىراپ تۇرغــان بىــر يىگىتنىــڭ ئەتراپىغــا ئولىشــۋاپتۇ. بىــرەر مەســىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، شۇ يىگىتتىن سورىشىدىكەن ۋە ئۇ نېمە دېسە، مــاقۇل بولىــدىكەن. مەن ئــۇ يىگىتنىــڭ كىملىكىنــى سورۇشــتە قىلىۋىدىم، ماڭا:

ـــ بـۇ مۇئـاز ئىبنـى جەبەل، ـ دېيىلـدى. ئەتىسـى چۈشـتە جـامەگە بالـدۇرراق بـاردىم. ئـۇ مەنـدىن بـۇرۇن بېرىـپ، نامـاز ئوقـۇغىلى تۇرۇپتـۇ. نامىزىنى ئوقۇپ بولغىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئالدى تەرىپىدىن كېلىپ، سالام بەردىم. ئاندىن:

[1] ئەلبانى (1948): سەھىھ ـ دېگەن.

ـــ اللەنىــڭ نــامى بىــلەن قەســەمكى، مــەن ســېنى ياخشــى كــۆرىمەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەممۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن (قەسەم)، ـ دېدىم، ئۇ يەنە:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەممۇ؟ ـ دېدى، مەنمۇ:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن، ـ دېدىم، ئۈچىنچى قېتىم:

ـ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەممۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ھەئە، اللەنىڭ نامى بىلەن، ـ دېدىم. ئاندىن ئۇ تونۇمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تارتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ساڭا خۇش بېشارەت. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى، الله تائالا: مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىللە ئولتۇرغانلارغا، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلغانلارغا، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر ـ بىرىگە پۇل خەجلىگەنلەرگە مۇھەببىتىم ۋاجىب بولدى، ـ دەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(مالىك: 1779)

7826 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفْضَلُ الْأَعْمَالِ الْحُب فِي اللهِ وَالْبُغْضُ فِي اللهِ.

7826 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى الله (رازىلىقى) ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە الله ئۈچۈن يامان كۆرۈشتۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4599)

[1] ئەلبانى (998): زەئىپ، ـ دېگەن.

7827 ـ عن عُمَرْ بن الْخَطابِ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن مِنْ عِبَـادِ اللهِ لَأُنَاسًا مَا هُمْ بِأَنْبِيَاءَ وَلَا شُهَدَاءَ يَغْبِطُهُمْ الْأَنْبِيَاءُ وَالشهَدَاءُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِمَكَانِهِمْ مِنْ اللهِ تَعَالَى قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ تُخْبِرُنَا مَنْ هُمْ قَالَ هُمْ قَوْمٌ تَحَابوا بِرُوحِ اللهِ عَلَى غَيْرِ أَرْحَـامٍ بَيْنَهُمْ وَلَا أَمْوَالٍ يَتَعَاطَوْنَهَا فَوَاللهِ إن وُجُوهَهُمْ لَنُورٌ وَإِنهُمْ عَلَى نُورٍ لَا يَخَافُونَ إِذَا خَـافَ الناسُ وَلَا يَحْزَنُونَ إِذَا حَزِنَ الناسُ وَقَرَأَ هَذِهِ الْآيَةَ أَلَا إن أَوْلِيَاءَ اللهِ لَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ.

7827 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ﷲنىڭ بەندىلىرىدىن شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرمۇ ئەمەس، شېھىدلەرمۇ ئەمەس. لېكىن پەيغەمبەرلەرمۇ، شېھىدلەرمۇ ﷲ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان مەرتىۋىنى ئارزۇ قىلىپ قېلىشىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇلار ئارىلىرىدا تۇغقاندارچىلىق ياكى پۇل ـ مۈئامىلىسى بولمىسىمۇ، ﷲنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەر بولۇپ، ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى نۇرانە بولىدۇ ھەم ئۇلىرىمۇ نۇر (دىن ياسالغان مۇنبەرلەر) نىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. خالايىق قورقۇنچتا قالغاندا، ئۇلار قورقمايدۇ. خالايىق غەم ـ قايغۇدا قالغاندا، ئۇلاردا غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ، ـ دېدى. ئاندىن: راستىنلا ﷲنىڭ دوستلىرىغا قورقۇش، قايغۇرۇش يوقتۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3527)

[1] سۈرە يۇنۇس، 62 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3012): سەھىھ ـ دېگەن.

7828 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ عن النF صلى اللهُ عليه وسلم أن رَجُلًا زَارَ أخًا له في قَرْيَةٍ أُخْرَى فَأَرْصَدَ الله له على مَدْرَجَتِهِ مَلَكًا فلما أتى عليه قال أيْنَ تُرِيدُ قال أُرِيدُ أخًـا لي في هذه الْقَرْيَةِ قال هل لك عليه من نِعْمَةٍ تَرُبهَا قال لَا غير أbl أَحْبَبْتُهُ في اللهِ عز وجل قـال فَإني رسول اللهِ إِلَيْكَ بِأن اللهَ قد أَحَبكَ كما أَحْبَبْتَهُ فيه.

7828 ــ ئەبـۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى باشقا بىر كەنتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچــۈن ماڭغانـــدى، الله تائـــالا ئۇنــــڭ يولىغـــا بىـــر پەرىشـــتىنى كۆزەتچىلىككە تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ ئادەم پەرىشتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، پەرىشتە:

ـ نەگە بارىسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ـ بۇ كەنتتىكى قېرىندىشىمنى يوقلاپ ماڭدىم، ـ دېدى. پەرىشتە:

ـ ئۇنىڭدا ئېلىشىڭ بارمىدى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ ياق، مەن ئۇنى الله ئەززە ۋەجەللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن، ـ دېگەندى، پەرىشتە:

ـ ئۇنداقتا، بىلىپ قويغىنكى، مەن اللهنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن. سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولساڭ، اللهمۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆردى، ـ دېدى».

(مۇسلىم: 2567)

7829 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إِن اللهَ إذا أَحَب عَبْدًا دَعَا جِبْرِيلَ فقال إِC أُحِب فُلَانًا فَأَحِبهُ قال فَيُحِبهُ جِبْرِيلُ ثُم يُنَادِي في السمَاءِ فيقول إِن اللهَ يُحِب فُلَانًا فَأَحِبوهُ فَيُحِبهُ أَهْلُ السمَاءِ قال ثُم يُوضَعُ لـه الْقَبُـولُ في الأرض وإذا أَبْغَضَ عَبْدًا دَعَا جِبْرِيلَ فيقول إِC أُبغِضُ فُلَانًا فَأَبغِضْهُ قال فَيُبغِضُهُ جِبْرِيلُ ثُم يُنَـادِي في أَهْلِ السمَاءِ إِن اللهَ يُبغِضُ فُلَانًا فَأَبغِضُوهُ قال فَيُبغِضُونَهُ ثُم تُوضَعُ له الْبَغْضَاءُ في الأرض.

7829 ــ ئەبـۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بىر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: ”الله پالانى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن!“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ: ”الله پالانى بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار!“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ زېمىندىمۇ ياخشى كۆرۈلىدۇ. الله تائالا بىر بەندىسىنى يامان كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: ”الله پالانى بەندىسىنى يامان كۆرىدۇ، سەنمۇ ئۇنى يامان كۆرگىن!“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى جىبرىئىلمۇ يامان كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ: ”الله پالانى بەندىسىنى يامان كۆرىدۇ، سىلەرمۇ ئۇنى يامان كۆرۈڭلار!“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ يامان كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ زېمىندىمۇ يامان كۆرۈلىدۇ».

(مۇسلىم: 2637)

7830 ـ وفي رواية عن سُهَيْلِ بن أبي صَالِحٍ: كنا بِعَرَفَةَ فَمَرَّ عُمَرُ بن عبد الْعَزِيزِ وهو على الْمَوْسِمِ فَقَامَ الناس يَنْظُرُونَ إليه فقلت لِأَبِي يا أَبَتِ إني أَرَى اللَّهَ يُحِبُّ عُمَرَ بن عبد الْعَزِيزِ قال وما ذَاكَ قلت لِمَا له من الْحُبِّ في قُلُوبِ الناس فقال بِأَبِيكَ أنت سمعت أَبَا هُرَيْرَةَ. وذكر الحديث.

7830 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، سۇھەيل ئىبنى ئەبۇ سالىھ مۇنداق دېگەن: بىز ئەرافاتتا ئىدۇق، ئالدىمىزدىن ھەج پائالىيىتىگە مەسئۇل بولغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆتۈپ قېلىۋىدى، ھەممە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ قاراشقا باشلىدى. مەن دادامغا:

ــ ئى ئاتا! مەن الله تائالانىڭ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم، ـ دېسەم، دادام:

ــ قانداق دەيسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ چۈنكى ئۇنى كىشىلەر بەك ياخشى كۆرىشىدىكەن، ـ دېسەم، دادام ماڭا:

ــ ئاتا ـ ئانائڭ ساڭا پىدا بولسۇنكى، مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن، ـ دېدى ۋە يۇقىرىقى ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى.

(مۇسلىم: 2637)

7831 ـ عَنْ أنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَجُلًا سَأَلَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَـنْ الساعَةِ فَقَالَ مَتى الساعَةُ قَالَ وَمَاذَا أَعْدَدْتَ لَهَا قَالَ لَا شَيْءَ إلا أني أُحِب اللهَ وَرَسُـولَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَنتَ مَعَ مَنْ أَحْبَبتَ قَالَ أنسٌ فَمَا فَرِحْنَا بِشَيْءٍ فَرَحَنَا بِقَـوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنتَ مَعَ مَنْ أَحْبَبتَ قَالَ أَنسٌ فَأَنا أُحِب النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ وَأَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ وَأَرْجُو أَنْ أَكُونَ مَعَهُمْ بِحُبي إياهُمْ وَإِنْ لَمْ أَعْمَلْ بِمِثْلِ أَعْمَالِهِمْ.

7831 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قىيامەتكە نېمە تەييارلىدىڭ؟ ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا تەييارلىقىم يوق، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن (قىيامەت كۈنى) ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، ـ دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: بىز ھېچ نەرسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن» دېگەن سۆزىگە خۇش بولغاندەك خۇشال بولۇپ باقمىدۇق. مەنمۇ رەسۇلۇللاھنى، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنى ياخشى كۆرىمەن، مەن گەرچە ئۇلاردەك ئەمەل قىلالمىساممۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى تىلەيمەن.

(بۇخارى: 3687)

7832 ـ وفي رواية: قال أنسٌ فَأَنا أُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ. وذكره.

7832 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەنمۇ اللهنى ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېگەن ۋە يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى بايان قىلغان.

(مۇسلىم: 2639)

7833 ـ وفي رواية: فَمَر غُلَامٌ لِلْمُغِيرَةِ وَكَانَ مِنْ أَقْرَانِي فَقَالَ إِنْ أُخرَ هَذَا فَلَنْ يُدْرِكَهُ الْهَرَمُ حَتى تَقُومَ الساعَةُ.

7833 ـ مۇغىرەنىڭ مەن بىلەن تەڭتۇش بىر بالىسى يېنىمىزغا كەلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر بۇ (بالا) قىيامەت قوپقىچە ياشاپ قالسا، ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتمەيدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 6167)

7834 ـ عَنْ أَبِي ذَر أَنهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ الرجُلُ يُحِب الْقَوْمَ وَلَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَعْمَلَ كَعَمَلِهِمْ قَالَ أَنتَ يَا أَبا ذَر مَعَ مَنْ أَحْبَبْتَ قَالَ فَإِني أُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ قَالَ فَإِنكَ مَعَ مَنْ أَحْبَبْتَ قَالَ فَأَعَادَهَا أَبو ذَر فَأَعَادَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7834 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم بىر قەۋمنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق ئۇ ئۇلار قىلغان ئەمەللەرنى قىلالمايدۇ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ زەر! (قىيامەت كۈنى) ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، ـ دېدى. مەن:

ـــ مەن اللهنى ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداقتا، سەن (قىيامەت كۈنى) ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن، ـ دېدى. ئەبۇ زەر يۇقىرىقى سۆزنى تەكرارلاۋەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بەرگەن جاۋابىنى تەكرارلاۋەردى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5126)

7835 ـ عن عَائِشَةَ رضي الله عنها قالت سمعت النبي صلى اللهُ عليه وسلم يقول الْأَرْوَاحُ جُنُودٌ مُجَنَدَةٌ فما تَعَارَفَ منها ائْتَلَفَ وما تَنَاكَرَ منها اخْتَلَفَ.

7835 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «روھلار تولۇق قوراللانغان ئەسكەردۇر. (روھ ئالەمدە) بۇرۇندىن تونۇشىدىغانلىرى ئۆز ئارا چىقىشىپ ئۆتىدۇ. لېكىن بۇرۇندىن تونۇشمايدىغانلىرى بىر ـ بىرى بىلەن پەقەتلا چىقىشالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 3336)

7836 ـ عن أبي سعيد الخدري قال قال رسول الله صلى اللهُ عليـه وسـلم ألا أخبركم بأحبكم إلى الله قلنا بلى يا رسول الله وظننا أنه يسمي رجلا فقال إن أحبكم إلى الله أحبكم إلى الناس ثم قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم ألا أخبركم بأبغضكم إلى الله قلنا بلى يا رسول الله فظننا أنه يسمي رجلا فقال إن أبغضكم إلى الله أبغضكم إلى الناس.

7836 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەرگە سىلەردىن الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلارنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! دەپ بەرگىن! ــ دېدۇق ۋە ئۆز ئىچىمىزدە: "بىرەرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتايدىغان بولدى" دەپ ئويلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

① ئەلبانى (4275): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ـــ كىشــىلەرگە ئەڭ ســۆيۈملۈك بــولغىنىڭلار ﷲ تائالاغـــا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلاردۇر، ـ دېدى. ئاندىن:

ـــ سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ﷲ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغىنىڭلارنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېگەنىدى، بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئېيتىپ بەرگىن، ـ دېدۇق ۋە يەنە ئىچىمىزدە: "بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتايدىغان بولدى" دەپ ئويلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كىشىلەرگە ئەڭ يامان كۆرىلىدىغىنىڭلار، ﷲ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغىنىڭلاردۇر، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 6019)

7837 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَجَالِسُ بِالْأَمَانَةِ إلا ثَلَاثَةَ مَجَالِسَ سَفْكُ دَمٍ حَرَامٍ أَوْ فَرْجٌ حَرَامٌ أَوْ اقْتِطَاعُ مَالٍ بِغَيْرِ حَق.

7837 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سورۇنلار ئامانەتتۇر (يەنى ئۇنىڭدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر، بولغان ئىشلارنى سىرتقا يېيىشقا بولمايدۇ). پەقەت ئۈچ تۈرلۈك سورۇنلا بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلار: ناھەق قان تۆكۈلگەن، زىنا ئۆتكۈزۈلگەن ياكى باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋالغان سورۇنلاردۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4869)

7838 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَـالَ إذَا حَـدثَ الرجُلُ الْحَدِيثَ ثُم الْتَفَتَ فَهِيَ أَمَانَةٌ.

7838 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (17966): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ھەيدە ئەنبارى ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1037): زەئىپ، ـ دېگەن.

«بىر ئادەم بىرەر سۆزنى قىلىپ بولۇپ، ئىككى يېنىغا قارىسا، بۇ، ئۇ سۆزنىڭ (تارقىتىشقا بولمايدىغان) ئامانەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1959)

7839 ـ عَنْ أنسٍ قالَ أتى عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأنا ألْعَبُ مَعَ الْغِلْمَانِ قالَ فَسَلمَ عَلَيْنا فَبَعَثَنِي إلَى حَاجَةٍ فَأبْطَأتُ عَلَى أمي فَلَما جِئْتُ قالَتْ مَا حَبَسَكَ قُلْتُ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِحَاجَةٍ قالَتْ مَا حَاجَتُهُ قُلْتُ إنهَا سِر قالَتْ لَا تُحَدثَن بِسِر رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أحَدًا قالَ أنسٌ وَاللهِ لَوْ حَدثْتُ بِهِ أحَدًا لَحَدثْتُكَ يَا ثَابِتُ.

7839 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمىزغا كېلىپ سالام بەردى، ئاندىن مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتتى. شۇڭا ئانامنىڭ يېنىغا كەچ قايتتىم. ئانام:

ــ نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتكەن ئىدى، ـ دېسەم، ئانام:

ــ نېمە ئىش ئىكەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ بۇ دېگەن سىر، ـ دېسەم، ئانام:

ــ ئۇنداق بولسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە تىنمىغىن! ـ دېدى. ئەنەس يەنە مۇنداق دېدى: ئى سابىت! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ سىرنى بىرەر ئادەمگە ئېيتىپ بېرىدىغان بولسام ئىدىم، ساڭا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم.

(مۇسلىم: 2482)

[1] ئەلبانى (1597): ھەسەن، ـ دېگەن.

7840 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِأَفْضَلَ مِنْ دَرَجَةِ الصيَامِ وَالصلَاةِ وَالصدَقَةِ قَالُوا بَلَى قَالَ صَلَاحُ ذَاتِ الْبَيْنِ فَإِن فَسَادَ ذَاتِ الْبَيْنِ هِيَ الْحَالِقَةُ.

وفي رواية: لَا أَقُولُ تَحْلِقُ الشعَرَ وَلَكِنْ تَحْلِقُ الدينَ.

7840 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەرگە روزا، ناماز ۋە زاكاتنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ ئەۋزەل ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ساھابىلار:

ـ دەپ بەرگىن! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ (بۇ ئەمەل خۇسۇمەتلىك) ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتۇر. چۈنكى خۇسۇمەت (ئىماننى يىلتىزىدىن) قۇرۇتىۋېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2509)

يەنە بىر رىۋايەتتە: «”چاچنى قىرقىۋېتىدۇ“ دېمىدىم، بەلكى: ”دىننى يىلتىزىدىن قىرقىۋېتىدۇ“ دەۋاتىمەن» دەپ كەلگەن.

7841 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن مِنْ إِجْلَالِ اللهِ إِكْرَامَ ذِي الشيْبَةِ الْمُسْلِمِ وَحَامِلِ الْقُرْآنِ غَيْرِ الْغَالِي فِيهِ وَالْجَافِي عَنْهُ وَإِكْرَامَ ذِي السلْطَانِ الْمُقْسِطِ.

7841 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مويسىپىت مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەش؛ قارى قۇرئانلارنى (ئۇلار ئەمەلدە چەكتىن ئېشىپ كەتمىسە ياكى قۇرئاندىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتمىسىلا) ھۆرمەتلەش ۋە ئادىل ھۆكۈمدارنى ھۆرمەتلەش (قاتارلىقلار) ئاللاھنى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4843)

[1] ئەلبانى (2037): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4053): ھەسەن، ـ دېگەن.

7842 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَكْرَمَ شَابٌ شَيْخًا لِسِنهِ إِلا قَيضَ اللهُ لَهُ مَنْ يُكْرِمُهُ عِنْدَ سِنهِ.

7842 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ياش ۋاقتىدا مويسىپىت كىشىلەرنى (ياشتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن) ھۆرمەتلىسە، ئۆزى قېرىغاندا، الله تائالا (ئۇنىڭغا) ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى مۇيەسسەر قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2022)

7843 ـ عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ جَاءَ شَيْخٌ يُرِيدُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَبْطَأَ الْقَوْمُ عَنْهُ أَنْ يُوَسعُوا لَهُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ مِنا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيرَنَا وَيُوَقرْ كَبِيرَنَا.

7843 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئاقساقال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدى، سورۇندىكىلەر ئۇنىڭغا سەل ئىككىلىنىپرەك ئورۇن بوشىتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «كىچىكلىرىمىزگە مېھىر ـ شەپقەت قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەنلەر بىزدىن ئەمەس» دېدى[2].

(تىرمىزى: 1919)

7844 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ مِنا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيرَنَا وَيَعْرِفْ شَرَفَ كَبِيرِنَا.

7844 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (348): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1565): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىچىكلىرىمىزگە مېھىر ـ شەپقەت، چوڭلىرىمىزغا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلدۈرمىگەنلەر بىزدىن ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 1920)

7845 ـ عَنْ مَيْمُونِ بْنِ أَبِي شَبِيبٍ أَن عَائِشَةَ مَر بِهَا سَائِلٌ فَأَعْطَتْهُ كِسْرَةً وَمَر بِهَا رَجُلٌ عَلَيْهِ ثِيَابٌ وَهَيْئَةٌ فَأَقْعَدَتْهُ فَأَكَلَ فَقِيلَ لَهَا فِي ذَلِكَ فَقَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنزِلُوا الناسَ مَنَازِلَهُمْ.

7845 ـ مەيمۇن ئىبنى ئەبۇ شەبىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدىن بىر تىلەمچى ئۆتكەن ئىدى، ئۇنىڭغا پۇچۇق نان بەردى. كۆپ ئۆتمەي، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئېسىل، تەققى ـ تۇرقى سالاپەتلىك بىر كىشى كېلىۋېدى، ئائىشە ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ تاماق بەردى. ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورالغانىدى:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىڭلار!» دېگەنىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4842)

7846 ـ عن أبي هريرة ان جرير بن عبد الله دخل البيت وهو ملوء فلم ...

فرمى إليه رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم بإزاره أو بردائه وقال اجلس على هذه فاخذه وقبله وضمه إليه وقال أكرمك الله يا رسول الله كما أكرمتني فقال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم اذا أتاكم كريم قوم فأكرموه.

7846 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ (بىر) ئۆيگە كىرگەندە، ئۆي لىق توشۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئولتۇرىدىغان ئورۇن تاپالماي قالدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تونىنى چۆرۈپ بېرىپ:

[1] ئەلبانى (1566): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1032): زەئىپ، ـ دېگەن.

- بۇنى سېلىپ ئولتۇرغىن! - دېدى. لېكىن جەرىر توننى ئېلىپ سۆيدى ۋە باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئىززەتلىگىنىڭدەك، ئاللاھمۇ سېنى ئىززەتلىسۇن! — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سورۇندىكىلەرگە): «قېشىڭلارغا بىرەر قەۋمنىڭ ئېسىل ئادەملىرى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىڭلار!» دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 5416)

7847 ـ عن عبد الله بن مسعود رفعه قال: إِذَا أَكْرَمَ الرجُلُ أَخَاهُ فَإِنمَا يُكْرِمُ رَبهُ.

7847 — ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم (مۇسۇلمان) قېرىندىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلسا، ئەمەلىيەتتە پەرۋەردىگارىنىڭ ئىززىتىنى قىلغان بولىدۇ»[2].

(بەززار: 2006)

7848 ـ عن ابن عباس قال قال رسول الله من أمسك بركاب أخيه اﷺسـلم لا يرجوه ولا ﷺافه غفر الله له.

7848 — ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۆزەڭگىسىنى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەمە قىلمىغان ياكى قورقمىغان ھالدا تۇتۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[3].

(«ئەلئەۋسەت»: 1012)

---

[1] ھەيسەمى (12621): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. بەززارمۇ قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرىدىن بەزىلىرىنى تونۇمايمەن، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12628): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتات بىلەن مۇسئەب ئىبنى سالام ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار، لېكىن بەزى ئالىملار ئۇلارنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى (12629): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەفس ئىبنى ئۆمەر مازىنى ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

7849 ـ عن مَالِكٍ ان مُعَاذَ بن جَبَلٍ قال آخِرُ ما أَوْصَانِي بِهِ رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم حين وَضَعْتُ رِجْلِي في الْغَرْزِ أن قال أَحْسِنْ خُلُقَكَ لِلناسِ يا مُعَاذُ بن جَبَلٍ.

7849 ـ ئىمام مالىك مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن سەپەرگە ھازىرلىنىپ پۇتۇمنى ئۈزەڭگىگە قويغان ۋاقتىمدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى: «ئى مۇئاز ئىبنى جەبەل! كىشىلەرگە ئېسىل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن!» دېيىش بولغانىدى.

(مالىك: 1602)

7850 ـ عن مَالِكٍ انه قد بَلَغَهُ ان رَسُولَ الله صلى اللهُ عليه وسلم قال بُعِثْتُ لِأُتَممَ حُسْنَ الأَخْلَاقِ.

7850 ـ ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

(مالىك: 1609)

7851 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَحِمَهَا اللهُ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الْمُؤْمِنَ لَيُدْرِكُ بِحُسْنِ خُلُقِهِ دَرَجَةَ الصائِمِ الْقَائِمِ.

7851 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇئمىن كىشى ئېسىل ئەخلاقى بىلەن (كۈندۈزى) روزا تۇتۇپ، (كېچىسى) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان كىشىنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشەلەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4798)

[1] ئەلبانى (4013): سەھىھ ـ دېگەن.

7852 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن مِنْ أَكْمَلِ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَانًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا وَأَلْطَفُهُمْ بِأَهْلِهِ.

7852 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەخلاقى ئېسىل، ئائىلىسىگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ـ ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىندۇر»[①].

(تىرمىزى: 2612)

7853 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا شَيْءٌ أَثْقَلُ فِي مِيزَانِ الْمُؤْمِنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ خُلُقٍ حَسَنٍ وَإِن اللهَ لَيُبْغِضُ الْفَاحِشَ الْبَذِيءَ.

7853 ــ ئەبۇ دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا ئېسىل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق توختايدىغان بىر نەرسە يوقتۇر. ﷲ تائالا سەت گەپ قىلىدىغان، ئاغزى بۇزەپ كىشىلەردىن بەكمۇ نەپرەتلىنىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 2002)

7854 ـ عَنْ جَابِرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن مِنْ أَحَبكُمْ إِلَي وَأَقْرَبِكُمْ مِني مَجْلِسًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَحَاسِنَكُمْ أَخْلَاقًا وَإِن أَبْغَضَكُمْ إِلَي وَأَبْعَدَكُمْ مِني مَجْلِسًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ الثرْثَارُونَ وَالْمُتَشَدقُونَ وَالْمُتَفَيْهِقُونَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ عَلِمْنَا الثرْثَارُونَ وَالْمُتَشَدقُونَ فَمَا الْمُتَفَيْهِقُونَ قَالَ الْمُتَكَبرُونَ.

7854 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاراڭلاردىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن ئولتۇرىدىغانلار ئەخلاقى ئېسىل بولغىنىڭلاردۇر. ئاراڭلاردىن

---

[①] ئەلبانى (488): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1628): سەھىھ ـ دېگەن.

ماڭا ئەڭ ئۈچ كۆرۈلىدىغان ۋە قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يىراق ئولتۇرىدىغانلار بولسا، مەمەدانلىق قىلىپ، قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋېرىدىغانلاردۇر، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز: «قۇرۇق گەپنى تولا قىلىدىغان، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋېرىدىغان» دېگەن سۆزنى چۈشەندۇق. لېكىن: «مەمەدانلىق قىلىدىغان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدۇق؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار مۇتەكەببىرلەردۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2018)

7855 ـ عَنْ النواسِ بْنِ سِمْعَانَ الْأَنصَارِي قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْبِر وَالْإِثْمِ فَقَالَ الْبِر حُسْنُ الْخُلُقِ وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ وَكَرِهْتَ أَنْ يَطلِعَ عَلَيْهِ الناسُ.

7855 ــ نەۋۋاس ئىبنى سەمئان ئەنسارى مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشى ئىش ۋە گۇناھ ئىش توغرىسىدا سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياخشىلىق دېگەن ئەخلاقنىڭ ئېسىل بولۇشى؛ گۇناھ دېگەن، دىلىڭ ئارام تاپمىغان ۋە باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىشتۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2553)

7856 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَحْيُوا مِنْ اللهِ حَق الْحَيَاءِ قَالَ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ إِنا نَسْتَحْيِي وَالْحَمْدُ لِلهِ قَالَ لَيْسَ ذَاكَ وَلَكِن الِاسْتِحْيَاءَ مِنْ اللهِ حَق الْحَيَاءِ أَنْ تَحْفَظَ الرأْسَ وَمَا وَعَى وَالْبَطْنَ وَمَا حَوَى وَلْتَذْكُرْ الْمَوْتَ وَالْبِلَى وَمَنْ أَرَادَ الْآخِرَةَ تَرَكَ زِينَةَ الدنْيَا فَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ فَقَدْ اسْتَحْيَا مِنْ اللهِ حَق الْحَيَاءِ.

[1] ئەلبانى (1642): سەھىھ ـ دېگەن.

7856 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللهتىن ھەقىقىي ھايا قىلىڭلار! ـ دېدى، بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلھەمدۇلىللاھ، بىز ھايا قىلىمىز، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداق ئەمەس، اللهتىن ھەقىقىي ھايا قىلىش دېگەن، باشنى ۋە باشتىكى ئەزالارنى ھارامدىن ساقلاش، قورساق ۋە قورساق ئىچىدىكى ئەزالارنىمۇ ھارامدىن ساقلاش، ئۆلۈمنى ۋە سۆڭەكلەرنىڭ چىرىپ كېتىشىنى ئەسلەپ تۇرۇشتۇر. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن، دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى تاشلايدۇ، كىمكى شۇنداق قىلسا، اللهتىن ھەقىقىي ھايا قىلغان بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2458)

7857 ـ عَنْ سَالِمِ بنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَـرَ عَلَى رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ وَهُوَ يَعِظُ أَخَاهُ فِي الْحَيَاءِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ دَعْهُ فَإن الْحَيَاءَ مِنْ الْإِيمَانِ.

7857 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىندىشىغا بەكمۇ ھايالىق بولۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقان بىر ئەنسارىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ: «قېرىندىشىڭنى ئۆز ھاياسى بىلەن قوي، چۈنكى ھايا ئىماندىندۇر» دېگەن.

(بۇخارى: 24)

7858 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَيَـاءُ مِـنْ الْإِيمَانِ وَالْإِيمَانُ فِي الْجَنةِ وَالْبَذَاءُ مِنْ الْجَفَاءِ وَالْجَفَاءُ فِي النارِ.

---

[1] ئەلبانى (2000): ھەسەن، ـ دېگەن.

7858 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھايا ئىماندىندۇر، ئىمان ئەھلى جەننەتتە بولىدۇ. ئاغزى بېزەپلىك قوپاللىقتۇر، قوپاللار دوزاختا بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2009)

7859 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْحَيَاءُ وَالْعِي شُعْبَتَان مِنْ الْإِيمَان وَالْبَذَاءُ وَالْبَيَانُ شُعْبَتَان مِنْ النفَاقِ.

7859 ـــ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھايا ۋە كەمسۆزلۈك ئىماننىڭ ئىككى تارمىقى، ئاغزى بېزەپلىك ۋە ۋات ـ ۋاتلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئىككى تارمىقىدۇر»[2].

(تىرمىزى: 2027)

7860 ـ عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ 3دث عن النF صلى اللهُ عليه وسلم أَنهُ قال الْحَيَاءُ لَا يَأْتِي إلا بِخَيْرٍ فقال بُشَيْرُ بن كَعْبٍ إنه مَكْتُوبٌ في الْحِكْمَةِ أن منه وَقَارًا وَمِنْهُ سَكِينَةً.

7860 ـــ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھايا ئىنساننى ھەردائىم ياخشىلىق ۋە توغرىلىققا يەتكۈزىدۇ» دېگىنىنى رىۋايەت قىلغانىدى، بۇنى ئاڭلىغان بۇشەير ئىبنى كەئب مۇنداق دېدى: «ھېكمەتلەر توپلىمى» دا: "ئېغىر بېسىقلىق ۋە كەمسۆزلۈك ھايانىڭ جۈملىسىدىندۇر" دەپ يېزىلغان.

(مۇسلىم: 37)

7861 ـ فقال عِمْرَانُ أُحَدثُكَ عن رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَتُحَدثُنِي عن صُحُفِكَ.

---

[1] ئەلبانى (1634): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1650): سەھىھ ـ دېگەن.

7861 ـ ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇشەيرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتسام، ماڭا سەھىپىلىرىڭدىن نەقىل كەلتۈرۈۋاتامسەن؟ ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 37)

7862 ـ عن أبي مَسْعُودٍ عُقْبة قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن مِمـا أَدْرَكَ الناسُ مِنْ كَلَامِ النُبوةِ إِذَا لَمْ تَسْتَحْيِ فَافْعَلْ مَا شِئْتَ.

7862 ــ ئەبــۇ مەســئۇد ئــۇقبە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلارغا ئۆتمۈش پەيغەمبەرلەردىن يېتىپ كەلگەن سۆزلەردىن بىرى: ”ھايا قىلمىساڭ، خالىغىنىڭنى قىل!“ دېگەن ئىبارىدۇر».

(بۇخارى: 3483)

7863 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَشَد حَيَـاءً مِنْ الْعَذْرَاءِ فِي خِدْرِهَا فَإِذَا رَأَى شَيْئًا يَكْرَهُهُ عَرَفْنَاهُ فِي وَجْهِهِ.

7863 ــ ئەبــۇ ســەئىد رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم چــۈمپەردە ئىچىــدىكى قىزدىنمــۇ بەكــرەك ھايــالىق ئىــدى. ياقتۇرمايــدىغان بىــرەر نەرســە كۆرســە (گەپ ـ ســۆز قىلمــايتتى)، ئەممــا بىــز چىرايىــدىنلا بىلىۋالاتتۇق.

(بۇخارى: 6102)

7864 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا كَانَ الْفُحْشُ فِـي شَيْءٍ إِلا شَانَهُ وَمَا كَانَ الْحَيَاءُ فِي شَيْءٍ إِلا زَانَهُ.

7864 ـ ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىـۋايەت قىلىــدۇكى، پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«هاياسىزلىق قانداق بىر نەرسىدە بولسا، ئۇنىڭغا داغ كەلتۈرىدۇ. هايا قانداق بىر نەرسىدە بولسا، ئۇنى زىننەتلەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1974)

7865 ـ عن عَائِشَةَ قالت كنت أَدْخُلُ بيتي الذي دُفِنَ فيه رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وأبي فاضع ثوبي فَأَقُولُ إنما هو زوجي وأبي فلما دُفِنَ عُمَرُ مَعَهُمْ فَوَاللهِ ما دَخَلْتُ إلا وأنا مَشْدُودَةٌ عَلَى ثيابي حَيَاءً من عُمَرَ.

7865 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: هۇجرامغا پات ـ پات كىرەتتىم ۋە: "بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلار ئېرىم (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بىلەن دادام (ئەبۇ بەكرى) ئىككىسىغۇ؟!" دېگەن ئوي بىلەن (بەزىدە) تاشقى كىيىملىرىمنى سېلىۋېتەتتىم. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئۇ ھۇجرىغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن هايا قىلىپ، كىيىمىمنى پەقەتلا سالمايدىغان بولدۇم[2].

(ئەھمەد: 25701)

7866 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ طَلْحَةَ بْنِ رُكَانَةَ يَرْفَعُهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِكُل دِينٍ خُلُقٌ وَخُلُقُ الْإِسْلَامِ الْحَيَاءُ.

7866 ـ زەيد ئىبنى تەلھە ئىبنى رۇكانە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھەر بىر دىننىڭ ئالاھىدە بىر ئەخلاقى بولىدۇ. ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بولسا هايادۇر».

(مالىك: 1610)

[1] ئەلبانى (1607): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12704): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7867 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُصَاحِبْ إِلا مُؤْمِنًا وَلَا يَأْكُلْ طَعَامَكَ إِلا تَقِي.

7867 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«مۇئمىندىن باشقىسى بىلەن دوست بولما، تامىقىڭنى تەقۋاداردىن باشقىسى يېمىسۇن!»[1].

(تىرمىزى: 2395)

7868 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرجُلُ عَلَى دِينِ خَلِيلِهِ فَلْيَنظُرْ أَحَدُكُمْ مَنْ يُخَالِلُ.

7868 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشى دوستىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا كىم بىلەن دوست بولۇشقا دىققەت قىلىڭلار»[2].

(تىرمىزى: 2378)

7869 ـ عن عبدالله ابن مسعود قال: اعْتَبِرُوا الناس بِأَخْدَانِهِمْ.

7869 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "كىشىلەرنى دوست ـ يارەنلىرىگە قاراپ باھالاڭلار!" دېگەن[3].

(«ئەلكەبىر»: 8919)

7870 ـ وَرَوَى سَمُرَةُ بْنُ جُنْدَبٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُسَاكِنُوا الْمُشْرِكِينَ وَلَا تُجَامِعُوهُمْ فَمَنْ سَاكَنَهُمْ أَوْ جَامَعَهُمْ فَهُوَ مِثْلُهُمْ.

---

[1] ئەلبانى (1952): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1937): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (13116): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى كەسىر ئىبنى ئەتا ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

7870 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«مۇشرىكلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشماڭلار، ئۇلار بىلەن بىر يەرگە توپلانماڭلار. كىمكى ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشسا ياكى ئۇلار بىلەن بىر يەرگە توپلانسا، (ئەخلاق جەھەتتە) شۇلارغا ئوخشاپ قالىدۇ».
(تىرمىزى: 1605)

7871 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا مَر أَحَدُكُمْ فِي مَجْلِسٍ أَوْ سُوقٍ وَبِيَدِهِ نَبلٌ فَلْيَأْخُذْ بِنِصَالِهَا ثُم لِيَأْخُذْ بِنِصَالِهَا ثُم لِيَأْخُذْ بِنِصَالِهَا قَالَ فَقَالَ أَبُو مُوسَى وَاللهِ مَا مُتْنَا حَتى سَددْنَاهَا بَعْضُنَا فِي وُجُوهِ بَعْضٍ.

7871 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«بىرىڭلار قولىدا يا ئوقى تۇتقان ھالدا بىرەر سورۇن ياكى بازاردىن ئۆتكەن بولسا، (كىشىلەرگە تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئوقنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇۋالسۇن. ئوقنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇۋالسۇن. ئوقنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇۋالسۇن». ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىپ بولۇپ مۇنداق دېگەن: تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئوقنىڭ ئۇچىنى بىر - بىرىمىزگە قاراتتۇق.
(مۇسلىم: 2615)

7872 ـ جَابِرٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُتَعَاطَى السيْفُ مَسْلُولًا.

7872 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇلغان ھالدا ئېلىش ياكى بېرىشتىن توسقان[1].
(تىرمىزى: 2163)

[1] ئەلبانى (1756): سەھىھ ـ دېگەن.

7873 ـ عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم تعـافوا تسـقط الضغائن بينكم.

7873 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ـ بىرىڭلارنى كەچۈرۈڭلاركى، ئاراڭلاردىكى ئاداۋەت يوقالسۇن»[①].

(بەززار: 2058)

7874 ـ عن أنس بن مالك قال قال رسول الله احترسوا من الناس بسوء الظن.

7874 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۇمانخورلۇقتىن ھەزەر ئەيلەڭلار»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 598)

7875 ـ عَنْ مُحَمدٍ قَالَ كُنا مَعَ أَبِي قَتَادَةَ عَلَى ظَهْرِ بَيْتِنَا فَرَأَى كَوْكَبًا انْقَضَ فَنَظَرُوا إِلَيْهِ فَقَالَ أَبو قَتَادَةَ إِنا قَدْ نُهِينَا أَنْ نُتْبِعَهُ أَبْصَارَنَا.

7875 ـ مۇھەممەد ئىبنى سىرىندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ قاتەدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىدە تۇراتتۇق، بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى. باشقىلار يۇلتۇزغا قاراپ تۇراتتى، ئەبۇ قەتادە: بىز ئۇنىڭغا چۈشۈپ بولغىچە قاراپ تۇرۇشتىن چەكلەنگەندۇق، ـ دېدى[③].

(ئەھمەد: 22602)

---

[①] ھەيسەمى (13064): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان بەيلەمانىي ئىسىملىك كىشىنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (13110): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىيە ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (13258): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7876 ـ عن ابن عباس قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم لا ينظر أحدكم إلى ظله في إناء.

7876 ــــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار سۇدىكى شولىسىغا قارىمىسۇن!»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 6919)

7877 ـ عن جابر قال كان رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم يكره السراج عنـد الصبح.

7877 ــــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈبھى ۋاقتىدا چىراق ئىشلىتىشنى يامان كۆرەتتى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 4523)

7878 ـ عن سَعْدٍ قال سمعت رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول: إِذَا تَـنَخَّمَ أَحَدُكُمْ فَلْيُغَيِّبْ نُخَامَتَهُ، لاَ تُصِيبُ جَلْدَ مُؤْمِنٍ أَوْ ثَوْبَهُ فَيُؤْذِيَهُ.

7878 ــــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مىشقىرساڭلار ماخقىنى كۆمۈۋېتىڭلار. بولمىسا بىرەر مۇئمىننىڭ بەدىنى ياكى كىيىمىگە يۇقۇپ قېلىپ، بىئارام قىلىدۇ»[3].

(بەززار: 1127)

---

[1] ھەيسەمى (13259): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەلھە ئىبنى ئەمر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13255): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خەدىج ئىبنى مۇئاۋىيە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (13269): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

7879 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا كَانَتْ تَكْرَهُ أَنْ يَجْعَلَ يَدَهُ فِي خَاصِرَتِهِ وَتَقُولُ إِن الْيَهُودَ تَفْعَلُهُ.

7879 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ نامازدا تۇرغان كىشىنىڭ قولىنى بېلىگە قويۇپ تۇرۇشىنى يامان كۆرەتتى ۋە: ''يەھۇدىيلار شۇنداق قىلىدۇ'' دەيتتى.

(بۇخارى: 3458)

7880 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَجِدُ مِنْ شَر الناسِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عِنْدَ اللهِ ذَا الْوَجْهَيْنِ الذِي يَأْتِي هَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ وَهَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ.

7880 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىلىرىنىڭ بىرىنىڭ يېنىدا بىر خىل، يەنە بىرىنىڭ يېنىدا باشقا بىر خىل گەپ قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىچىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىسىلەر».

(بۇخارى: 6058)

7881 ـ عَنْ عَمارٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَ لَهُ وَجْهَانِ فِي الدنْيَا كَانَ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لِسَانَانِ مِنْ نَارٍ.

7881 ـ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم دۇنيادا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئوتتىن ئىككى تىلى بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4873)

7882 ـ عن سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ الساعِدِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَنَاةُ مِنْ اللهِ وَالْعَجَلَةُ مِنْ الشيْطَانِ.

[1] ئەلبانى (4078): سەھىھ ـ دېگەن.

7882 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«سالماقلىق اللهتىن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىندۇر»[1].
(تىرمىزى: 2012)

7883 ـ عَنْ سَعْدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ التؤَدَةُ فِي كُل شَيْءٍ إِلا فِي عَمَلِ الْآخِرَةِ.

7883 ــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئاخىرەت ئىشلىرىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدە سالماق بولۇش لازىم»[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 4810)

7884 ـ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى أَنْ يُقَد السيْرُ بَيْنَ إِصْبَعَيْنِ.

7884 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورۇمنى تىلغاندا پىچاقنى ئىككى بارماق ئارىسىدا تۇتۇشتىن چەكلىگەن[3].
(ئەبۇ داۋۇد: 2589)

[1] ئەلبانى (346): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4025): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (556): زەئىپ، ـ دېگەن.

## رەھمەت ئېيتىش، مەدھىيىلەش ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىش

7885 ـ عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ صُنِعَ إِلَيْهِ مَعْرُوفٌ فَقَالَ لِفَاعِلِهِ جَزَاكَ اللهُ خَيْرًا فَقَدْ أَبْلَغَ فِي الثَّنَاءِ.

7885 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قايسىبىر كىشىگە ياخشىلىق قىلىنسا، ياخشىلىق قىلغۇچىغا: ”جەزاكەللاھۇ خەيرەن“ (اللہ ساڭا خەيرلىك مۇكاپات بەرسۇن) دېسە، ئەڭ ئەۋزەل رەھمەتنى ئېيتقان بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2035)

7886 ـ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أُعْطِيَ عَطَاءً فَوَجَدَ فَلْيَجْزِ بِهِ وَمَنْ لَمْ يَجِدْ فَلْيُثْنِ فَإِن مَنْ أَثْنَى فَقَدْ شَكَرَ وَمَنْ كَتَمَ فَقَدْ كَفَرَ وَمَنْ تَحَلى بِمَا لَمْ يُعْطَهُ كَانَ كَلَابِسِ ثَوْبَيْ زُورٍ.

7886 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر نەرسە ئاتا قىلىنغان كىشى (ئۆزىگە قىلىنغان) ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بىر نەرسە تاپالىسا قايتۇرسۇن، تاپالمىسا مەدھىيىلىسۇن. چۈنكى مەدھىيىلىسە، رەھمەت ئېيتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە قىلىنغان ياخشىلىقنى يوشۇرۇپ، رەھمەت ئېيتمىسا نانكورلۇق

[1] ئەلبانى (1657): سەھىھ ـ دېگەن.

خۇددى يالغاندىن ئىككى قۇر كىيىم كىيىۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2034)

7887 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ لَا يَشْـكُرُ النَاسَ لَا يَشْكُرُ اللهَ.

7887 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتمىغان كىشى، ﷲقا شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1954)

7888 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ لما قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ أَتَاهُ الْمُهَاجِرُونَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا رَأَيْنَا قَوْمًا أَبْذَلَ مِنْ كَثِيرٍ وَلَا أَحْسَنَ مُوَاسَاةً مِنْ قَلِيلٍ مِنْ قَوْمٍ نَزَلْنَا بَيْنَ أَظْهُرِهِمْ لَقَدْ كَفَوْنَا الْمُؤْنَةَ وَأَشْرَكُونَا فِي الْمَهْنَإِ حَتى لَقَدْ خِفْنَا أَنْ يَذْهَبُوا بِالْأَجْرِ كُلِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا مَا دَعَوْتُمْ اللهَ لَهُمْ وَأَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِمْ.

7888 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، مۇھاجىرلار ئالدىغا چىقىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز مېھمان بولۇپ (ھىجرەت قىلىپ) كەلگەن بۇ قەۋمدىنمۇ ئېسىل، مەرت بىر قەۋمنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپلىرى بىزگە كۆپ بېرىۋېتىدۇ. مال ـ مۈلكى ئازلىرى پىداكارلىق بىلەن بار ـ يوقىنى ئۈلۈشۈپ بېرىدۇ. بىزنى ئىشقا سالماي، ھوسۇلنى تەڭ بۆلۈپ بېرىدۇ. بىز بۇلارنىڭ پۈتۈن ساۋابنى (ھەتتا بىزنىڭ ھىجرەت قىلغان ساۋابىمىزنىمۇ) ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇق، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

---

[1] ئەلبانى (1656): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1592): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ياق، سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىپ ۋە رەھمەت ئېيتىپ تۇرساڭلار، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغان بولىسىلەر، ـ دېدى[1].
(تىرمىزى: 2487)

7889 ـ عَنْ مُطَرِفٍ قَالَ قَالَ أَبِي انْطَلَقْتُ فِي وَفْدِ بَنِي عَامِرٍ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَقُلْنَا أَنتَ سَيِدُنَا فَقَالَ السيدُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى قُلْنَا وَأَفْضَلُنَا فَضْلًا وَأَعْظَمُنَا طَوْلًا فَقَالَ قُولُوا بِقَوْلِكُمْ أَوْ بَعْضِ قَوْلِكُمْ وَلَا يَسْتَجْرِيَنكُمْ الشيْطَانُ.

7889 ــ مۇتەررىپ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ ئۆمىكى بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، ـ دېۋىدۇق، ئۇ:

ــ ئىگە دېگەن الله تەبارەكە ۋەتەئالادۇر، ـ دېدى، بىز:

ــ سەن بىزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىمىز ۋە ئەڭ ئۇلۇغىمىز، ـ دېۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بەك ئاشۇرىۋەتمىگەن ھالدا مۇشۇ سۆزۈڭلارنى ياكى بىر قىسمىنى دەڭلار، شەيتان سىلەرنى ئۆزىنىڭ مۇئەككىلى قىلىۋالمىسۇن! ـ دېدى[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 4806)

7890 ـ وفي رواية زاد في آخره: ا؟ لا أريد أن ترفعو؟ فوق م؟ال؟ ال؟ أنزلنيها الله تعالى أنا محمد بن عبد الله عبده ورسوله.

7890 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «مېنى الله تائالا قويغان مەرتىۋەمدىن يۇقىرى كۆتۈرىۋېتىشىڭلارنى خالىمايمەن. مەن بولسام مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ. اللهنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى بولىمەن».
(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (2020): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4021): سەھىھ ـ دېگەن.

7891 ـ عن ابنِ عَباسٍ سَمِعَ عُمَرَ رضي الله تعالى عنهُ يَقُولُ عَلى المِنْبرِ سَمِعْتُ النبِي صلى اللهُ عليه وسلم يَقولُ لا تُطرُوني كَما أطرَتِ النصارَى ابنَ مَرْيَمَ فإنمَا أنا عَبْدُهُ فَقُولُوا عَبْدُ الله ورسُولُهُ.

7891 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: « ناسارالار مەريەم ئوغلى ئىيسانى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتكەندەك، (سىلەرمۇ) مېنى چەكتىن ئارتۇق ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتمەڭلار. مەن اللهنىڭ بەندىسى بولىمەن، مېنى اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 3445)

7892 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَثْنَى رَجُلٌ عَلَى رَجُلٍ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ وَيْلَكَ قَطَعْتَ عُنُقَ صَاحِبِكَ قَطَعْتَ عُنُقَ صَاحِبِكَ مِرَارًا ثُم قَالَ مَنْ كَانَ مِنْكُمْ مَادِحًا أَخَاهُ لَا مَحَالَةَ فَلْيَقُلْ أَحْسِبُ فُلَانًا وَاللهُ حَسِيبُهُ وَلَا أُزَكِّي عَلَى اللهِ أَحَدًا أَحْسِبُهُ كَذَا وَكَذَا إِنْ كَانَ يَعْلَمُ ذَلِكَ مِنْهُ.

7892 ــ ئەبۇ بەكرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا يەنە بىر ئادەمنى ماختىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسىت ساڭا! بۇرادىرىڭنىڭ بوينىنى چېپىۋەتتىڭ» دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن: «بىرىڭلار بىر كىمنى زادى ماختىماقچى بولسا ۋە ھەقىقەتەن ئۇ كىشىدە شۇ خىسلەت تېپىلسا: ”مەن پالانىنى مۇنداق دەپ ئويلايمەن، توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر. مەن پالانىنى مۇنداق ـ مۇنداق دەپ بىلىمەن ۋە الله تائالا ئاقىۋەتنى خەيرلىك قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن“ دېسۇن» دېدى.

(بۇخارى: 2662)

7893 ـ عن هَمامِ بن الْحَارِثِ أن رَجُلًا جَعَلَ يَمْدَحُ عُثْمَانَ فَعَمِدَ الْمِقْدَادُ فَجَثَـا على رُكْبَتَيْهِ وكان رَجُلًا ضَخْمًا فَجَعَلَ يَحْثُو في وَجْهِهِ الْحَصْبَاءَ فقال له عُثْمَانُ ما شَأْنُكَ فقال إن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال إذا رَأَيْتُمْ الْمَداحِينَ فَـاحْثُوا في وُجُـوهِهِمْ التُرَابَ.

7893 ـ ھەممام ئىبنى ھارىس مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ھەزرىتى ئوسماننى ماختىغىلى تۇرۇۋىدى، مىقداد تىزلىنىپ تۇرۇپ (ئۇ سېمىز، يوغان ئادەم ئىدى) ئۇنىڭ يۈزىگە توپا چاچقىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن ھەزرىتى ئوسمان:

ـ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر مەدداھلارنى كۆرسەڭلار، يۈزلىرىگە توپا چېچىڭلار» دېگەنىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 3002)

7894 ـ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ قَالَ إن الرفْقَ لَا يَكُونُ في شَيْءٍ إلا زَانَهُ ولا يُنْزَعُ من شَيْءٍ إلا شَانَهُ.

7894 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىپايىلىق قانداق نەرسىدە بولىدىكەن، ئۇنى زىننەتلەيدۇ. قانداق بىر نەرسىدە بولمايدىكەن، ئۇنى سەتلەشتۈرىدۇ».

(مۇسلىم: 2594)

7895 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال يا عَائِشَةُ إن اللهَ رَفِيقٌ يُحِب الرفْقَ ويعطى على الرفْقِ ما لَا يعطى على الْعُنْـفِ وما لَا يعطى على ما سِوَاهُ.

7895 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله سىپايىدۇر، سىپايىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. قوپاللىقتا ياكى ئۇنىڭدىن باشقىسىغا بەرمىگەننى سىپايىلىقتا بېرىدۇ».

(مۇسلىم: 2593)

7896 ـ عَنْ جَرِيرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ يُحْرَمْ الرفْقَ يُحْرَمْ الْخَيْرَ.

7896 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سىپايىلىقتىن مەھرۇم قىلىنسا، ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2592)

## ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، نەسىھەت قىلىش ۋە مەسلىھەت بېرىش

7897 ـ عن أبي سَعِيدٍ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَن رَأى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيرْهُ بيده فَإِنْ لم يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لم يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ.

7897 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنداق قىلالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشسۇن. ئۇنداقمۇ قىلالمىسا، دىلىدا ئۇ ئىشنى يامان كۆرسۇن. مانا بۇ، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدۇر».

(مۇسلىم: 49)

7898 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَولَ مَا دَخَلَ النقْصُ عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ كَانَ الرجُلُ يَلْقَى الرجُلَ فَيَقُولُ يَا هَذَا اتقِ اللهَ وَدَعْ مَا تَصْنَعُ فَإِنهُ لَا يَحِل لَكَ ثُم يَلْقَاهُ مِنْ الْغَدِ فَلَا يَمْنَعُهُ ذَلِكَ أَنْ يَكُونَ أَكِيلَهُ وَشَرِيبَهُ وَقَعِيدَهُ فَلَما فَعَلُوا ذَلِكَ ضَرَبَ اللهُ قُلُوبَ بَعْضِهِمْ بِبَعْضٍ ثُم قَالَ لُعِنَ الذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُدَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ إِلَى قَوْلِهِ فَاسِقُونَ ثُم قَالَ كَلا وَاللهِ لَتَأْمُرُن بِالْمَعْرُوفِ وَلَتَنْهَوُن عَنْ الْمُنْكَرِ وَلَتَأْخُذُن عَلَى يَدَيْ الظالِمِ وَلَتَأْطُرُنهُ عَلَى الْحَق أَطْرًا وَلَتَقْصُرُنهُ عَلَى الْحَق قَصْرًا وفي رواية زَادَ: أَوْ لَيَضْرِبَن اللهُ بِقُلُوبِ بَعْضِكُمْ عَلَى بَعْضٍ ثُم لَيَلْعَنَنكُمْ كَمَا لَعَنَهُمْ.

7898 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەنى ئىسرائىلغا ئەڭ دەسلەپ كىرگەن بۇزۇلۇش شۇكى، بىر كىشى بىر كىشىنى ئۇچراتقىنىدا: ''ئى پالانچى! مۇنداق ـ مۇنداق قىلمىغىن، ﷲتىن قورققىن. ئۇنداق قىلساڭ، ساڭا ھالال بولمايدۇ'' دەيتتى ـ يۇ، ئۇ ئادەمنى ئەتىسى ئۇچراتقىنىدا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ يەپ ـ ئىچىپ يۈرۈۋېرەتتى. بۇنداق ئىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، ﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئوخشاش قىلىۋەتتى» دېگەندىن كېيىن: بەنى ئىسرائىلدىن كافىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! ئۇلارنىڭ كافىرلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا ﷲنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابقا قالغۇچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ﷲقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كافىرلارنى دوست تۇتمايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ياق، سىلەر ئۇنداق قىلساڭلار، ھەرگىز بولمايدۇ. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرىشىڭلار، يامانلىقتىن توسىشىڭلار، زالىمنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىشىڭلار، ئۇنى ھەققە قايتۇرىشىڭلار، ھەققە زورلىشىڭلار كېرەك».

[1] سۈرە مائىدە، 78 ـ دىن 81 ـ ئايەتكىچە.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئۇنداق قىلمىساڭلار، اﷲ دىلىڭلارنى ئوخشاش قىلىۋېتىپ، يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىۋېتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4336)

7899 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ أَنهُ قَالَ أَيهَا الناسُ إِنكُمْ تَقْرَءُونَ هَذِهِ الْآيَةَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا عَلَيْكُمْ أَنفُسَكُمْ لَا يَضُركُمْ مَنْ ضَل إِذَا اهْتَدَيْتُمْ وَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الناسَ إِذَا رَأَوْا الظالِمَ فَلَمْ يَأْخُذُوا عَلَى يَدَيْهِ أَوْشَكَ أَنْ يَعُمهُمْ اللهُ بِعِقَابٍ مِنْهُ.

7899 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار اﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، اﷲ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانسىلەر؟! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ ئۇنى توسمىسا، اﷲ تائالا ئۇلارغا پات يېقىندا ئومۇمىيۈزلۈك جازا بېرىدۇ»[3].

(تىرمىزى: 2168)

7900 ـ عَنْ جَرِيرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ رَجُلٍ يَكُونُ فِي قَوْمٍ يُعْمَلُ فِيهِمْ بِالْمَعَاصِي يَقْدِرُونَ عَلَى أَنْ يُغَيرُوا عَلَيْهِ فَلَا يُغَيرُوا إِلا أَصَابَهُمْ اللهُ بِعَذَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَمُوتُوا.

---

[1] ئەلبانى (932ـ933): زەئىپ ـ دېگەن.

[2] سۈرە مائىدە، 105 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (1761): سەھىھ ـ دېگەن.

7900 ـ جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قانداق بىر ئادەم بىر قەۋمدە گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، ئۇ قەۋم ئۇنى توسۇپ ئۆزگەرتەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ئۆزگەرتمىسە، ئۇلار ئۆلۈپ بولغىچە، الله چوقۇم ئۇلارغا بالا (قازا) ئەۋەتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4339)

7901 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَأْمُرُن بِالْمَعْرُوفِ وَلَتَنْهَوُن عَنْ الْمُنْكَرِ أَوْ لَيُوشِكَن اللهُ أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عِقَابًا مِنْهُ ثُم تَدْعُونَهُ فَلَا يُسْتَجَابُ لَكُمْ.

7901 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىشىڭلار كېرەك. بولمىسا، الله پات يېقىندا ئۈستۈڭلارغا قاتتىق بالا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجابەت قىلىنمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2169)

7902 ـ عَنْ الْعُرْسِ ابْنِ عَمِيرَةَ الْكِنْدِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا عُمِلَتْ الْخَطِيئَةُ فِي الْأَرْضِ كَانَ مَنْ شَهِدَهَا فَكَرِهَهَا وَقَالَ مَرةً أَنْكَرَهَا كَانَ كَمَنْ غَابَ عَنْهَا وَمَنْ غَابَ عَنْهَا فَرَضِيَهَا كَانَ كَمَنْ شَهِدَهَا.

7902 ـ ئۇرس ئىبنى ئەمىيرە كىندىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زېمىندا بىر گۇناھ ئىشلەنگەندە، ئۇنى كۆرگەن كىشى نارازىلىقىنى بىلدۈرسە، كۆرمىگەن كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنى

[1] ئەلبانى (3646): ھەسەن. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1762): ھەسەن. ـ دېگەن.

كۆرمىگەن، ئەمما كۆڭلىدە رازى بولغان كىشى ئۇنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرۇپ توسمىغان كىشىگە ئوخشاش بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4345)

7903 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن مِنْ أَعْظَمِ الْجِهَادِ كَلِمَةَ عَدْلٍ عِنْدَ سُلْطَانٍ جَائِرٍ.

7903 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىش ــ جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدىندۇر»[2].

(تىرمىزى: 2174)

7904 ـ عَنْ أَبِي وَائِلٍ قَالَ قِيلَ لِأُسَامَةَ لَوْ أَتَيْتَ فُلَانًا فَكَلمْتَهُ قَالَ إِنكُمْ لَتُرَوْنَ أَني لَا أُكَلمُهُ إِلا أُسْمِعُكُمْ إِني أُكَلمُهُ فِي السر دُونَ أَنْ أَفْتَحَ بَابًا لَا أَكُونُ أَولَ مَنْ فَتَحَهُ وَلَا أَقُولُ لِرَجُلٍ أَنْ كَانَ عَلَي أَمِيرًا إِنهُ خَيْرُ الناسِ بَعْدَ شَيْءٍ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا وَمَا سَمِعْتَهُ يَقُولُ قَالَ سَمِعْتُهُ يَقُولُ يُجَاءُ بِالرجُلِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيُلْقَى فِي النارِ فَتَنْدَلِقُ أَقْتَابُهُ فِي النارِ فَيَدُورُ كَمَا يَدُورُ الْحِمَارُ بِرَحَاهُ فَيَجْتَمِعُ أَهْلُ النارِ عَلَيْهِ فَيَقُولُونَ أَيْ فُلَانُ مَا شَأْنُكَ أَلَيْسَ كُنْتَ تَأْمُرُنَا بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَانَا عَنْ الْمُنْكَرِ قَالَ كُنْتُ آمُرُكُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَلَا آتِيهِ وَأَنْهَاكُمْ عَنْ الْمُنْكَرِ وَآتِيهِ.

7904 ــ ئەبۇ ۋائىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ئوسماننىڭ يېنىغا بېرىپ، خەلق ئارىسىدىكى پىتنىنى يوقاتساق، ـ دېيىلگەنىدى، ئۇ:

ـ سىلەر مېنى ئۇنىڭغا گەپ قىلمايدۇ دەپ قارامسىلەر؟ ئۇنىڭغا مەخپىي ئېيتقان نەسىھەتلىرىمنى سىلەرگە ئېلان قىلايمۇ ـ يە؟ مەن

---

[1] ئەلبانى (3651): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1766): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇنىڭغا مەخپىي هالدا، پىتنە قوزغىمايدىغان مەسلىهەتلەرنى بېرىمەن، پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ بىر هەدىسىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، باشلىقىم بولسىمۇ، بىرىنى ئالدىراپ ياخشى دېمەيدىغان بولۇپ قالدىم، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن قانداق هەدىس ئاڭلىغانىدىڭ، ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇ، ئۈچەيلىرى ئېتىلىپ چىققان هالدا، خۇددى يارغۇنچاققا باغلاپ قويۇلغان ئېشەكتەك توختىماي چۆرگىلەيدۇ. ئەهلى دوزاخ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ: ئەي پالانى! دۇنيادىكى چاغدا سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساۋاتاتتىڭغۇ، بۇ قانداق بولغىنى؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ: مەن سىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيتتۇم، لېكىن ئۆزەم قىلمايتتىم. سىلەرنى يامان ئىشتىن توسايتتىم ـ يۇ، ئەمما ئۆزەم قىلاتتىم، ـ دەيدۇ».

(بۇخارى: 3267)

7905 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما أُسْرِيَ بِي مَرَرْتُ بِرِجَالٍ تُقْرَضُ شِفَاهُهُمْ بِمَقَارِيضَ مِنْ نَارٍ قَالَ فَقُلْتُ مَنْ هَؤُلَاءِ يَا جِبْرِيلُ قَالَ هَؤُلَاءِ خُطَبَاءُ مِنْ أُمتِكَ يَأْمُرُونَ الناسَ بِالْبِر وَيَنْسَوْنَ أَنْفُسَهُمْ وَهُمْ يَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلَا يَعْقِلُونَ.

7905 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسرا كېچىسى (جىبرىئىل بىلەن) كېتىۋېتىپ، كالپۇكلىرى ئوت قايچىلار بىلەن كېسىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۇق. مەن: ئەي جىبرىئىل! بۇلار كىملەر بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ: ئۇلار سېنىڭ ئۈممىتىڭنىڭ ناتىقلىرى. ئۇلار اللهنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ

تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان، خالايىقنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلار، ـ دېدى».

(ئەھمەد: 12879)

7906 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم كيف بكم أيها الناس إذا طغى نساؤكم وفسق فتيانكم قالوا يا رسول الله إن هذا لكائن قال نعم وأشد منه كيف بكم إذا تركتم الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر قالوا يا رسول الله إن هذا لكائن قال نعم وأشد منه كيف بكم إذا رأيتم المنكر معروفا والمعروف منكرا.

7906 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى خالايىق! ئاياللىرىڭلار ھەددىدىن ئېشىپ، ياشلىرىڭلار پاسىقلىشىپ كەتسە، ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ـ دېگەن ئىدى، ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى بولىدۇ. سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تاشلىۋەتكىنىڭلاردا ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ـ دېگەن ئىدى، ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداقمۇ بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بولىدۇ. سىلەر يامان ئىشنى ياخشى، ياخشى ئىشنى يامان دەپ قارىغىنىڭلاردا ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 6420)

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

7907 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ أُذِلَ عِنْدَهُ مُؤْمِنٌ فَلَمْ يَنْصُرْهُ وَهُوَ قَادِرٌ عَلَى أَنْ يَنْصُرَهُ أَذَلهُ اللهُ عَز وَجَل عَلَى رُءُوسِ الْخَلَائِقِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

7907 ــ سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى خارلىنىۋاتقان بىر مۇئمىنگە ياردەم بېرىشكە كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ياردەم بەرمىسە، قىيامەت كۈنى، الله تائالا ئۇنى پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئالدىدا خارلايدۇ»[1].

(ئەھمەد: 16028)

7908 ـ عن جابر قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم أوحى الله إلى ملك من الملائكة أن اقلب مدينة كذا وكذا على أهلها قال إن فيه عبدك فلانا لم يعصك طرفة عين قال اقلبها عليه وعليهم فإن وجهه لم يتمعر لي ساعة قط.

7908 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا پەرىشتىلەردىن بىرىگە: ”پالانى شەھەرنى دۈم كۆمتۈرىۋەت!“ دەپ ۋەھيي قىلدى. پەرىشتە: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇ شەھەردە پالانى بەندەڭ بار. ئۇ ساڭا كىچىككىنە بولسىمۇ ئاسىيلىق قىلىپ باقمىدى“ دېگەنىدى، الله تائالا يەنە: ”شەھەرنى ئۇنىڭدىن باشلاپ، پۈتۈن ئاھالىنىڭ ئۈستىگە بىراقلا دۈم كۆمتۈرىۋەت. چۈنكى ئۇنىڭ يۈزى مەن ئۈچۈن غەزەپلىنىپ كىچىككىنىمۇ تاتىرىپ باقمىدى“ دېدى»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 7661)

[1] ھەيسەمى (12136): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12156): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبەيد ئىبنى ئىسھاق ئەتتار بىلەن ئەممار ئىبنى سەيف ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ـ دېگەن.

7909 ـ عن ابن عمر قال سمعت الحجاج يخطب فذكر كلاما أنكرته فأردت أن أغير فذكرت قول رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم: لَيسَ لِلْمُؤْمِنِ أَنْ يُذِلَ نَفْسَهُ، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَكَيْفَ يُذِلَ نَفْسَهُ؟ قَالَ: يَتَعرضُ مِنَ الْبَلاءِ لِمَا لاَ يُطِيقُ.

7909 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەججاجنىڭ خۇتبىسىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، نامۇۋاپىق سۆز ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۇ سۆزنى تۈزەتمەكچى بولدۇم. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزى يادىمغا يېتىپ، ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ۋاز كەچتىم: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇئمىن ئۆزىنى خار قىلسا بولمايدۇ، ـ دېگەنىدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇئمىن ئۆزىنى قانداق خار قىلىدۇ؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان بالاغا ئارىلىشىش ئارقىلىق، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 5357؛ بەززار)

7910 ـ عن أبي أُمَامَةَ عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وَسَلمْ قـال إذا رَأَيـتُمْ أمـرًا لا تَسْتَطِيعُونَ تَغْيِيرَهُ فاصبروا حتى يَكُونَ اللهُ هو الذي يُغَيرُهُ.

7910 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر تۈزىتەلمەيدىغان بىر يامان ئىشنى كۆرگىنىڭلاردا، الله ئۇنى تۈزەتكىچە سەۋر قىلىڭلار»[2].

(«ئەلكەبىر»: 7685)

[1] ھەيسەمى (12169): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدىكى زەكەرىيا ئىبنى يەھيا ئىبنى ئەييۇب زەرىر ئىسىملىك كىشىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئۆلىمالار زەكەرىياغا باھا بەرمىگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12174): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇفەير ئىبنى مىئدان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

7911 ـ وعن ابن عمر رفعه: من دعا الناس إلى قول أو عمل ولم يعمل هو به لم يزل في سخط الله حGّ يكف أو يعمل ما قال أو دعا إليه.

7911 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشقىلارنى بىرەر سۆز ياكى ئىشقا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئەمەل قىلمىسا، ئۇ تاكى چاقىرىقنى توختاتمىغۇچە ياكى ئۇ ئىشقا ئۆزى ئەمەل قىلمىغۇچە، اﷲنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

7912 ـ عن أنس بن مالك قال قلنا يارسول الله لانأمر باţعروف حGّ نعمل بـه ولا ننهى عن اţنكر حGّ Ʊتنبه كله فقال رسول الله صلى اللهُ عليه وسـلم بـل مـروا باţعروف وإن لم تعملوا به كله وانوا عن اţنكر وإن لم θتنبوه كله.

7912 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىز قىلمىغۇچە ياخشى ئىشقا بۇيرىمامدۇق؟ ئۆزىمىز تاشلىمىغۇچە يامان ئىشتىن توسمامدۇق؟ ـ دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، ئۆزۈڭلار قىلالمىساڭلارمۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار. ئۆزۈڭلار تاشلىيالمىغان بولساڭلارمۇ، يامان ئىشتىن توسۇڭلار! ـ دېدى[2].

(«ئەلسەغىر»: 981؛ «ئەلئەۋسەت»: 6628)

7913 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم لا تزال لا إله إلا الله تدفع عن قائلها ما بالى قائلوها ما أصاƃم في دنياهم إذا سلم Tم دينهم فإذا لم يبـال قائلوها ما اصاƃم في دينهم بسلامة دنياهم فقالوا لا إله إلا الله قيل Tم كذبتم.

---

[1] ھەيسەمى (12183): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى خەرراش ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12185): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇسسالام ئىبنى ئابدۇلقۇددۇس ئىبنى ھەبىب بىلەن ئاتىسى ئىككىيلەن بار، ئۇلارنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

7913 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دۇنيالىقىنى قۇربان قىلالىغان ئادەمگە ئىمانى چوقۇم ئەسقاتىدۇ، ئەمما دۇنيالىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن دىنىنى قۇربان قىلىۋېتىپ تۇرۇپ: "لا ئىلاھە ئىللاللاھ" دېگەن ئادەملەرگە: سىلەر يالغان ئېيتتىڭلار، ـ دېيىلىدۇ»[1].

(بەززار: 3619)

7914 ـ عن تَمِيمٍ الداري أن النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال الدينُ النصِيحَةُ قُلْنـا لِمَنْ قال لِلهِ وَلِكِتَابِهِ وَلِرَسُولِهِ ولائمة الْمُسْلِمِينَ وَعَامَتِهِمْ.

7914 ـــ تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ دىن نەسىھەتتۇر، ـ دېگەنىدى، بىز:

ــ كىمگە نەسىھەت؟ ـ دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ الله ئۈچۈن، اللهنىڭ كىتابى ئۈچۈن، رەسۇلى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 55)

7915 ـ عن جَرِيرِ بن عَبْدِ اللهِ قال: أتَيْتُ النبي صلى الله عليه وسلم قُلْتُ أُبَايِعُكَ عَلَى الإِسْلَامِ. فَشَرَطَ عَلَى وَالنصْحِ لِكُل مُسْلِمٍ.

7915 ـــ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ساڭا ئىسلامدا چىڭ تۇرۇشقا بەيئەت قىلىمەن، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ھەيسەمى (12187): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەجلان ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ ئىسلامدا چىڭ تۇرۇشقا ۋە ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەمىمىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىل، ـ دېدى.

(بۇخارى: 58)

7916 ـ عن الْحَارِثِ بن مُسْلِمٍ التمِيمِي: بَعَثَنا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم في سَرِيةٍ فلما بَلَغْنا الْمُغَارَ اسْتَحْثَثْتُ فَرَسِي فَسَبقْتُ أَصْحَابِي وَتَلَقانِي الْحَي بِالرنِينِ فقلت آم قُولُوا لَا إِلَهَ إلا الله تُحْرَزُوا فَقَالُوهَا فَلَامَنِي أَصْحَابِي وَقَالُوا حَرَمْتَنا الْغَنِيمَةَ فلما قَدِمْنا على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَخْبَرُوهُ بِالذِي صَنَعْتُ فَدَعَانِي فَحَسنَ لي ما صَنَعْتُ وقال أَما إِن اللهَ قد كَتَبَ لك من كل إِنْسَانٍ منهم كَذَا وَكَذَا قال عبد الرحمن فَأَنا نَسِيتُ الثوَابَ ثُم قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَما إني سَأَكْتُبُ لك بِالْوَصَاةِ بَعْدِي قال فَفَعَلَ وَخَتَمَ عليه فَدَفَعَهُ إلي.

7916 ــ ھارس ئىبنى مۇسلىم تەمىمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن سەرخىل قوشۇن تەشكىللەپ، بىر يەرگە ئەۋەتتى. كۆزلىگەن نىشانغا ئاز قالغاندا، ئېتىمنى چاپتۇرۇپ، ھەمراھلىرىمدىن بۇرۇن بىر ھۇجۇم قىلماقچى بولغان قەبىلىگە يېتىپ باردىم. قەبىلە مەنسۇپلىرى چۇقۇراشقان ھالدا ئالدىمغا چىقىشتى. مەن ئۇلارغا:

ـ ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“ دەڭلار! ـ دېدىم. ئۇلار شۇنداق دېيىشتى. بۇ سەۋەبتىن ھەمراھلىرىم ماڭا:

ــ بىزنى ئولجىدىن مەھرۇم قىلدىڭ، ـ دەپ توختىماي تاپا ـ تەنە قىلىشتى. مەدىنىگە قايتىپ بارغىنىمىزدا، ھەمراھلىرىم ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈشكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىرىپ (قىلغان ئىشىم سەۋەبىدىن) ماختىدى، ئاندىن:

ــ الله تائالا ساڭا ئۇ قەبىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۈچۈن مۇنداق ـ مۇنداق ساۋاب يېزىۋەتتى (راۋىيلاردىن ئابدۇرراھمان: مەن ساۋابنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىم، ـ دېگەن). مەن سېنى كېيىنكىلەرگە تاپىلاپ خەت قىلىپ بېرىمەن، ـ دېدى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ، مۆھۈرنى بېسىپ بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5080)

[1] ئەلبانى (1084): زەئىپ، ـ دېگەن.

7917 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أُفْتِيَ بِغَيْرِ عِلْمٍ كَانَ إِثْمُهُ عَلَى مَنْ أَفْتَاهُ زَادَ سُلَيْمَانُ الْمَهْرِي فِي حَدِيثِهِ وَمَنْ أَشَارَ عَلَى أَخِيهِ بِأَمْرٍ يَعْلَمُ أَن الرشْدَ فِي غَيْرِهِ فَقَدْ خَانَهُ.

7917 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمگە ئىلىمسىز كىشى تەرىپىدىن پەتىۋا بېرىلسە، گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ».

سۇلايمان مەھرىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى قايسى ئىشنى قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، قېرىندىشىغا باشقىچە مەسلىھەت بەرسە، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4345)

7918 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُسْتَشَارُ مُؤْتَمَنٌ.

7918 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسلىھەت سورىلىدىغان كىشى مەسلىھەت سورىغۇچى تەرىپىدىن ئىشەنچلىك ھېسابلانغان كىشىدۇر(شۇڭا ئۇنىڭغا خاتا مەسلىھەت بېرىش خىيانەتتۇر)»[2].

(تىرمىزى: 2822)

7919 ـ ولأبي داود عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ "5128".

7919 ـ ئەبۇ داۋۇدمۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى رىۋايەت قىلغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5128)

[1] ئەلبانى (3105): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2263): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (4277): سەھىھ ـ دېگەن.

## نىيەت، ئىخلاس، ۋەدە، راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق

7920 ـ عن عَلْقَمَةَ بن وَقاصٍ اللَّيْثِي قال سمعت عُمَرَ بن الْخَطابِ يقـول قـال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إنما الْأَعْمَالُ بِالنياتِ وَإِنمَا لِكُل امْرِئٍ ما نَوَى فَمَنْ كانت هِجْرَتُهُ إلى اللهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إلى اللهِ وَرَسُولِهِ وَمَنْ كانت هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أو امْرَأَةٍ يَتَزَوجُهَا فَهِجْرَتُهُ إلى ما هَاجَرَ إليه.

7920ـ ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاس لەيسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەمەل نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، كۆزلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. قانداق بىر ئادەمنىڭ ھىجرىتى ئازغىنە دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش بولسا، پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(تىرمىزى: 2201)

7921 ـ وفي رواية: فَمَنْ كانت هِجْرَتُهُ إلى دُنْيَا يُصِيبُهَا أو إلى امْـرَأَةٍ يَنْكِحُهَـا فَهِجْرَتُهُ إلى ما هَاجَرَ إليه.

7921 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «قانداق بىر ئادەمنىڭ ھىجرىتى ئازغىنە دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش بولسا، پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىدۇ».

(بۇخارى: 1)

[1] ئەلبانى (1927): سەھىھ ـ دېگەن.

7922 ـ عن ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَنْزَلَ اللَّهُ بِقَوْمٍ عَذَابًا أَصَابَ الْعَذَابُ مَنْ كَانَ فِيهِمْ ثُمَّ بُعِثُوا عَلَى أَعْمَالِهِمْ

7922 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله بىر قەۋمگە ئازاب چۈشۈرسە، ئازاب ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تېگىدۇ. كېيىن ئۇلار ئۆز نىيەتلىرى بىلەن تىرىلدۈرۈلىدۇ».

(بۇخارى: 7108)

7923 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال قال رسول اللَّهِ صلى اللَّهُ عليه وسلم إِنَّ اللَّهَ لَا يَنْظُرُ إلى صُوَرِكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ وَلَكِنْ يَنْظُرُ إلى قُلُوبِكُمْ وَأَعْمَالِكُمْ.

7923 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا شەكلىڭلارغا، مال ـ مۈلكىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى دىللىرىڭلارغا، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارغا قارايدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 4143)

7924 ـ عن ابن عباس رفعه: من أخلص لله أربعين صباحا ظهرت ينابيع الحكمة من قلبه على لسانه.

7924 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله تائالاغا 40 ئەتىگەن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلسا، ھېكمەت بۇلاقلىرى دىلىدىن تىلىغا نامايەن بولىدۇ»[2].

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (3342): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۇيۇتى: بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە سىۋار ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك كىشى بار. ئىراقىي بۇ ھەدىسنى زەئىپ دەپ باھالىغان، ـ دېگەن.

7925 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي الْحَمْسَاءِ قَالَ بَايَعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِبَيْعٍ قَبْلَ أَنْ يُبْعَثَ وَبَقِيَتْ لَهُ بَقِيةٌ فَوَعَدْتُهُ أَنْ آتِيَهُ بِهَا فِي مَكَانِهِ فَنَسِيتُ ثُم ذَكَرْتُ بَعْدَ ثَلَاثٍ فَجِئْتُ فَإِذَا هُوَ فِي مَكَانِهِ فَقَالَ يَا فَتًى لَقَدْ شَقَقْتَ عَلَي أَنَا هَاهُنَا مُنْذُ ثَلَاثٍ أَنْتَظِرُكَ.

7925 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ھەمسائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى بىر نەرسە سېتىۋالماقچى بولدۇم، لېكىن ئازراق پۇلۇم كەملەپ قېلىپ، كېيىن ئەكىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدىم، لېكىن ۋەدەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېسىمگە كەلدى ـ دە، ۋەدە قىلغان جايغا بېرىپ قارىسام، شۇ جايدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ماڭا:

ـ ئى يىگىت! ماڭا جاپا سېلىپ قويدۇڭ. مەن سېنى ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇ جايدا كۈتۈپ تۇردۇم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4996)

7926 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا وَعَدَ الرجُلُ وَيَنْوِي أَنْ يَفِيَ بِهِ فَلَمْ يَفِ بِهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ.

7926 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى ۋەدىسىدە تۇرۇش نىيىتى بىلەن ۋەدە قىلىپ، كېيىن (مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن) ۋەدىسىدە تۇرالمىسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2633)

7927 ـ عن زيدِ بن أرقمَ مرفوعا: مَنْ وعدَ رجلاً فلم يأتِ أحدُهما إلى وقتِ الصلاةِ وذهبَ الذي جاءَ ليُصلي فلا إثمَ عليه.

---

[1] ئەلبانى (1062): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (493): زەئىپ، ـ دېگەن.

7927 ــ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر يەردە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەن ئىككى كىشىدىن بىرى ۋاقتىدا كېلىپ، يەنە بىرى كېچىكسە ۋە ناماز ۋاقتى كىرىپ قېلىپ، بالدۇر كەلگىنى نامازغا كېتىپ قالسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7928 ـ عن جَابِر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم لَوْ قَدْ جَاءَنِي مَالُ الْبَحْرَيْنِ لَقَدْ أَعْطَيْتُكَ هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا فَلَمْ يَجِئْ حَتى قُبِضَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما جَاءَ مَالُ الْبَحْرَيْنِ أَمَرَ أَبُو بَكْرٍ مُنَادِيًا فَنَادَى مَنْ كَانَ لَهُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَيْنٌ أَوْ عِدَةٌ فَلْيَأْتِنَا فَأَتَيْتُهُ فَقُلْتُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِي كَذَا وَكَذَا فَحَثَا لِي ثَلَاثًا وَجَعَلَ سُفْيَانُ يَحْثُو بِكَفيْهِ جَمِيعًا ثُم قَالَ لَنَا هَكَذَا قَالَ لَنَا ابْنُ الْمُنْكَدِرِ وَقَالَ مَرةً فَأَتَيْتُ أَبَا بَكْرٍ فَسَأَلْتُ فَلَمْ يُعْطِنِي ثُم أَتَيْتُهُ فَلَمْ يُعْطِنِي ثُم أَتَيْتُهُ الثالِثَةَ فَقُلْتُ سَأَلْتُكَ فَلَمْ تُعْطِنِي ثُم سَأَلْتُكَ فَلَمْ تُعْطِنِي ثُم سَأَلْتُكَ فَلَمْ تُعْطِنِي فَإِما أَنْ تُعْطِيَنِي وَإِما أَنْ تَبْخَلَ عَني قَالَ قُلْتَ تَبْخَلُ عَني مَا مَنَعْتُكَ مِنْ مَرةٍ إِلا وَأَنَا أُرِيدُ أَنْ أُعْطِيَكَ قَالَ سُفْيَانُ وَحَدثَنَا عَمْرٌو عَنْ مُحَمدِ بْنِ عَلِي عَنْ جَابِرٍ فَحَثَا لِي حَثْيَةً وَقَالَ عُدهَا فَوَجَدْتُهَا خَمْسَ مِائَةٍ قَالَ فَخُذْ مِثْلَهَا مَرتَيْنِ.

7928 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئەگەر بەھرەيىننىڭ (سەدىقە) مېلى كەلسە، ساڭا مۇنچىلىك نەرسە بېرىمەن» دېدى. لېكىن بەھرەيىننىڭ مېلى كەلمەي تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولغاندىن كېيىن، ماللار كەلدى. ئەبۇ بەكرى بىر ئادەم چىقىرىپ: ”كىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئېلىشى بولسا، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلسۇن“ دەپ جاكارلاتتى. دەرھال ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق دېگەنىدى، ـ دېدىم، ئەبۇ بەكرى:

ــ كۆتۈپ تۇرغىن، ـ دېدى ۋە ھېچنېمە بەرمىدى. كېيىن يەنە بارغانىدىم، يەنە:

ـ كۆتۈپ تۇرغىن، ـ دېدى. ئۈچىنچى قېتىم بېرىپ، ئۇنىڭغا:

ـ سەندىن ئىككى قېتىم سورىسام، ھېچنەرسە بەرمىدىڭ. ئۇ مالنى بەرگىن، بولمىسا مەن سېنى بېخىل دەپ بىلىمەن، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ سەن مېنى بېخىللىق قىلدى دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ھەر قېتىم كەلگىنىڭدە، ساڭا بىر نەرسە بېرىشنى ئويلىدىم. لېكىن قانچىلىك بېرىشىمنى بىلەلمەي قايتۇرۇۋەتكەنىدىم، ـ دېدى. ئاندىن ماڭا بىر چاڭگال (دەرھەم) تۇتقۇزدى. ساناپ باقسام، ساق بەش يۈز دەرھەم چىقتى. ئۇ:

ـ بۇنىڭدىن يەنە ئىككى ھەسسە ئالغىن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3137)

7929 ـ عن عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسـلم إن الصدْقَ بِر وَإِن الْبِر يهدى إلى الْجَنةِ وَإِن الْعَبْدَ لَيَتحَرى الصدْقَ حG يُكْتَبَ عِنْـدَ اللـهِ صِديقًا وَإِن الْكَذِبَ فُجُورٌ وَإِن الْفُجُورَ يهدى إلى النارِ وَإِن الْعَبْدَ لَيَتحَرى الْكَذِبَ حـG يُكْتَبَ كَذاَبا.

7929 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«راستچىللىق ياخشىلىقتۇر، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بەندە داۋاملىق راست سۆزلىسە، ئاخىرى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھتۇر، گۇناھ ئىشلار دوزاخقا باشلايدۇ، بەندە داۋاملىق يالغان سۆزلىسە، ئاخىرى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2607)

7930 ـ عن عبد اللهِ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم عَلَيْكُمْ بِالصِّدْقِ فإن الصدْقَ يهدى إلى الْبِرِ وَإِن الْبِر يهدى إلى الْجَنةِ وما يَزَالُ الرجُلُ يَصْدُقُ وَيَتَحَرى الصدْقَ حتى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ صِديقًا وَإِياكُمْ وَالْكَذِبَ فإن الْكَذِبَ يهدى إلى الْفُجُورِ وَإِن الْفُجُورَ يهدى إلى النارِ وما يَزَالُ الرجُلُ يَكْذِبُ وَيَتَحَرى الْكَذِبَ حتى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ كَذَّابًا.

7930 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«راستچىل بولۇڭلار، چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىشى داۋاملىق راست سۆزلىسە، ئاخىرى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلەپ قالماڭلار، چۈنكى يالغانچىلىق گۇناھقا، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بەندە داۋاملىق يالغان سۆزلىسە، ئاخىرى اللەنىڭ ھۇزۇرىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2607)

7931 ـ عَنْ أَبِي الْحَوْرَاءِ السعْدِي قَالَ قُلْتُ لِلْحَسَنِ بْنِ عَلِي مَا حَفِظْتَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ حَفِظْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْ مَا يَرِيبُكَ إِلَى مَا لَا يَرِيبُكَ فَإِن الصدْقَ طُمَأْنِينَةٌ وَإِن الْكَذِبَ رِيبَةٌ.

7931 ــ ئەبۇ ھەۋرائ سەئدىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى سۆزىنى ئېسىڭدە تۇتۇۋالدىڭ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەن دەرگۇمان بولۇپ قالغان ئىشنى قويۇپ، دەرگۇمان بولمىغان ئىشنى قىلغىن. راستچىللىق كىشىنى خاتىرجەم قىلىدۇ، يالغانچىلىق گۇمان پەيدا قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەستە تۇتۇۋالدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2518)

[1] ئەلبانى (2045): سەھىھ ـ دېگەن.

7932 ـ عن صَفْوَانَ بن سُلَيْمٍ انه قال قِيلَ لِرَسُولِ الله صلى اللهُ عليه وسلم أَيَكُونُ الْمُؤْمِنُ جَبَانًا فقال نعم فَقِيلَ له أَيَكُونُ الْمُؤْمِنُ بَخِيلاً فقال نعم فَقِيلَ له أَيَكُونُ الْمُؤْمِنُ كَذَّابًا فقال لاَ.

7932 ـ سەفۋان ئىبنى سۇلەيمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ مۇئمىن ئادەم قورقۇنچاق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دېدى.

ـ مۇئمىن ئادەم بېخىل بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ مۇئمىن ئادەم يالغانچى بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ـ دېدى.

(مالىك: 1795)

7933 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا كَذَبَ الْعَبْدُ تَبَاعَدَ عَنْهُ الْمَلَكُ مِيلًا مِنْ نَتْنِ مَا جَاءَ بِهِ.

7933 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندە يالغان ئېيتسا، ئۇنىڭدىن كەلگەن بەدبۇي تۈپەيلىدىن پەرىشتە بىر مىل يىراقلىشىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1972)

7934 ـ بَهْزُ بْنُ حَكِيمٍ حَدثَنِي أَبِي عَنْ جَدي قَالَ سَمِعْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَيْلٌ لِلذِي يُحَدثُ بِالْحَدِيثِ لِيُضْحِكَ بِهِ الْقَوْمَ فَيَكْذِبُ وَيْلٌ لَهُ وَيْلٌ لَهُ.

[1] ئەلبانى (337): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

7934 ـ بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆز قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي، ھالىغا ۋاي!»[1].

(تىرمىزى: 2315)

7935 ـ عَنْ سُفْيَانَ بْنِ أَسِيدٍ الْحَضْرَمِيِّ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ كَبُرَتْ خِيَانَةً أَنْ تُحَدثَ أَخَاكَ حَدِيثًا هُوَ لَكَ بِهِ مُصَدقٌ وَأَنْتَ لَهُ بِهِ كَاذِبٌ.

7935 ـ سۇفيان ئىبنى ئۇسەيد ھەزرەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سۆزۈڭگە ئىشىنىدىغان قېرىندىشىڭغا يالغان سۆز قىلىش بەكمۇ ئېغىر خىيانەتتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4971)

7936 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَفَى بِالْمَرْءِ كَذِبًا أَنْ يُحَدثَ بِكُل مَا سَمِعَ.

7936 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى سۆزنى دەپ يۈرۈشى يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر».

(مۇسلىم: 5)

7937 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن امْرَأَةً قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَقُولُ إِن زَوْجِي أَعْطَانِي مَا لَمْ يُعْطِنِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُتَشَبعُ بِمَا لَمْ يُعْطَ كَلَابِسِ ثَوْبَيْ زُورٍ.

7937 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

---

[1] ئەلبانى (1885): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1058): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىرىم ماڭا بىر نەرسە بەرمىگەن بولسىمۇ، باشقىلارغا: "ئىرىم ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەرنى بەردى" دېسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۆزىگە بېرىلمىگەن نەرسىنى بېرىلگەندەك كۆرسەتكەن كىشى يالغاندىن ئىككى قۇر كىيىم كىيگەن كىشىگە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2129)

7938 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَامِرٍ أَنَّهُ قَالَ دَعَتْنِي أُمِّي يَوْمًا وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاعِدٌ فِي بَيْتِنَا فَقَالَتْ هَا تَعَالَ أُعْطِيكَ فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا أَرَدْتِ أَنْ تُعْطِيهِ قَالَتْ أُعْطِيهِ تَمْرًا فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنكِ لَوْ لَمْ تُعْطِهِ شَيْئًا كُتِبَتْ عَلَيْكِ كِذْبَةٌ.

7938 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئانام مېنى:

ــ بۇ ياققا كەل، بىر نەرسە بېرىمەن، ـ دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا:

ـ ئۇنىڭغا نېمە بېرىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئانام:

ـ بىر تال خورما بېرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ناۋادا، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمىسەڭ، ساڭا بىر يالغانچىلىق يېزىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4991)

7939 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكُونُ فِي آخِرِ الزمَانِ دَجالُونَ كَذابُونَ يَأْتُونَكُمْ مِنْ الْأَحَادِيثِ بِمَا لَمْ تَسْمَعُوا أَنْتُمْ وَلَا آبَاؤُكُمْ فَإِياكُمْ وَإِياهُمْ لَا يُضِلونَكُمْ وَلَا يَفْتِنُونَكُمْ.

[1] ئەلبانى (4176): ھەسەن، ـ دېگەن.

7939 ـــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاخىر زاماندا ئالدامچىلار، كاززاپلار بولىدۇ. ئۇلار سىلەر ياكى ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشىنىپ كەتمەڭلار، سىلەرنى ئازدۇرۇپ پىتنىگە تىقىپ قويمىسۇن».

(مۇسلىم: 7)

7940 ـ عن عَامِرِ بن عَبَدَةَ قال قال عبد اللهِ إن الشَّيْطَانَ لَيَتَمَثلُ في صُورَةِ الرجُلِ فَيَأتي الْقَوْمَ فُيحَدثُهُمْ بِالْحَدِيثِ من الْكَذِبِ فَيَتفرقُونَ فيقول الرجُلُ منهم سمعت رَجُلاً أعْرِفُ وَجْهَهُ ولا أدْرِي ما اسْمُهُ يُحَدث.

7940 ـ ئامىر ئىبنى ئەبەدەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: شەيتان بىر كىشىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، جامائەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ يالغان ھەدىس سۆزلەيدۇ. جامائەت تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، بەزىبىر كىشىلەر:

ـــ مەن كۆرسەم تونۇيدىغان، لېكىن ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ مۇنداق ـ مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دەپ يۈرىدۇ.

(مۇسلىم: 7)

7941 ـ عن عبد اللهِ بن عَمْرِو بن الْعَاصِ قال إن في الْبَحْرِ شَيَاطِينَ مَسْجُونَةً أوْثَقَهَا سُلَيْمَانُ يُوشِكُ أنْ تَخْرُجَ فَتقْرَأ على الناس قُرْآنًا.

7941 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: دېڭىزلاردا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام باغلاپ قويغان شەيتانلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ (دېڭىزدىن) چىقىپ، خالايىققا باشقا بىر نەرسىنى قۇرئان دەپ ئوقۇپ بېرىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى.

(مۇسلىم: 7)

7942 ـ عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَحِلِ الْكَذِبُ إِلا فِي ثَلَاثٍ يُحَدثُ الرجُلُ امْرَأَتَهُ لِيُرْضِيَهَا وَالْكَذِبُ فِي الْحَرْبِ وَالْكَذِبُ لِيُصْلِحَ بَيْنَ الناسِ.

7942 ـ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەقەت مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدىلا يالغان ئىيتىشقا بولىدۇ: ئەر كىشى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن سۆز قىلغاندا؛ ئۇرۇشتا؛ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرغاندا».[1]

(تىرمىزى: 1939)

7943 ـ وفي رواية: وَحَدِيثُ الرجُلِ امْرَأَتَهُ وَحَدِيثُ الْمَرْأَةِ زَوْجَهَا.

7943 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئېرى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن سۆز قىلغاندا ۋە ئايالىمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن سۆز قىلغاندا» دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2605)

7944 ـ عَنْ صَفْوَانَ بْنِ سُلَيْمٍ أَن رَجُلًا قَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكْذِبُ امْرَأَتِي يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا خَيْرَ فِي الْكَذِبِ فَقَالَ الرجُلُ يَا رَسُولَ اللهِ أَعِدُهَا وَأَقُولُ لَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا جُنَاحَ عَلَيْكَ.

7944 ـ سەفۋان ئىبنى سۇلەيمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىمغا يالغان ئىيتسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يالغان سۆزلەشتە ياخشىلىق يوق، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

[1] ئەلبانى (1582): "ئايالىنى رازى قىلىش ئۈچۈن" دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ ـ دېگەن.

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىمغا ۋەدە بېرىپ (كۆڭلىنى ئېلىپ رازى قىلىش ئۈچۈن) يالغان گەپ قىلىپ قويسامچۇ؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 1791)

7945 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَمْ يَكْذِبْ إِبْرَاهِيمُ النبِي عَلَيْهِ السلَام قَط إلا ثَلَاثَ كَذَبَاتٍ ثِنْتَيْنِ فِي ذَاتِ اللهِ قَوْلُهُ إني سَقِيمٌ وَقَوْلُهُ بَلْ فَعَلَهُ كَبِيرُهُمْ هَذَا وَوَاحِدَةٌ فِي شَأْنِ سَارَةَ فَإِنهُ قَدِمَ أَرْضَ جَبارٍ وَمَعَهُ سَارَةُ وَكَانَتْ أَحْسَنَ الناسِ فَقَالَ لَهَا إن هَذَا الْجَبارَ إنْ يَعْلَمْ أَنكِ امْرَأَتِي يَغْلِبْنِي عَلَيْكِ فَإِنْ سَأَلَكِ فَأَخْبِرِيهِ أَنكِ أُخْتِي فَإِنكِ أُخْتِي فِي الْإِسْلَامِ فَإِني لَا أَعْلَمُ فِي الْأَرْضِ مُسْلِمًا غَيْرِي وَغَيْرَكِ فَلَما دَخَلَ أَرْضَهُ رَآهَا بَعْضُ أَهْلِ الْجَبارِ أَتَاهُ فَقَالَ لَهُ لَقَدْ قَدِمَ أَرْضَكَ امْرَأَةٌ لَا يَنْبَغِي لَهَا أَنْ تَكُونَ إلا لَكَ فَأَرْسَلَ إلَيْهَا فَأُتِيَ بِهَا فَقَامَ إبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام إلَى الصلَاةِ فَلَما دَخَلَتْ عَلَيْهِ لَمْ يَتَمَالَكْ أَنْ بَسَطَ يَدَهُ إلَيْهَا فَقُبِضَتْ يَدُهُ قَبْضَةً شَدِيدَةً فَقَالَ لَهَا ادْعِي اللهَ أَنْ يُطْلِقَ يَدِي وَلَا أَضُركِ فَفَعَلَتْ فَعَادَ فَقُبِضَتْ أَشَد مِنْ الْقَبْضَةِ الْأُولَى فَقَالَ لَهَا مِثْلَ ذَلِكَ فَفَعَلَتْ فَعَادَ فَقُبِضَتْ أَشَد مِنْ الْقَبْضَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ فَقَالَ ادْعِي اللهَ أَنْ يُطْلِقَ يَدِي فَلَكِ اللهَ أَنْ لَا أَضُركِ فَفَعَلَتْ وَأُطْلِقَتْ يَدُهُ وَدَعَا الذِي جَاءَ بِهَا فَقَالَ لَهُ إنكَ إنمَا أَتَيْتَنِي بِشَيْطَانٍ وَلَمْ تَأْتِنِي بِإِنْسَانٍ فَأَخْرِجْهَا مِنْ أَرْضِي وَأَعْطِهَا هَاجَرَ قَالَ فَأَقْبَلَتْ تَمْشِي فَلَما رَآهَا إبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام انْصَرَفَ فَقَالَ لَهَا مَهْيَمْ قَالَتْ خَيْرًا كَف اللهُ يَدَ الْفَاجِرِ وَأَخْدَمَ خَادِمًا قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَتِلْكَ أُمكُمْ يَا بَنِي مَاءِ السمَاءِ.

7945 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچلا قېتىم يالغان ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ ئىككىسى الله يولىدا ئېيتىلغان بولۇپ، بىرى: مەن ئاغرىق[1]،

---

[1] سۈرە سافات، 89 ـ ئايەت.

بەلكى بۇ ئىشنى مۇشۇ بۇتلارنىڭ چوڭى قىلدى [1] دېگەن سۆزىدۇر. يەنە بىرى، سارە ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزى بولۇپ، ئەينى چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سارە بىلەن بىر زالىم پادىشاھنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قالدى. سارە بەكمۇ چىرايلىق ئايال ئىدى، ئىبراھىم سارەگە: "بۇ زالىم پادىشاھ سېنىڭ مېنىڭ ئايالىم ئىكەنلىكىڭنى ئۇقۇپ قالسا، سېنى مەندىن تارتىۋالىدۇ. ئۇ سوراپ قالسا، ئۆزەڭنى مېنىڭ ھەمشىرەم دەپ تونۇشتۇرغىن، چۈنكى سەن مېنىڭ ئىسلامدىكى ھەمشىرەم، يەر يۈزىدە سەن بىلەن مەندىن باشقا مۇسۇلمان بارلىقىنى بىلمەيمەن" دېدى. بۇ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سارەنى كۆرۈپ قېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىردى ـ دە: "زېمىنىڭغا شۇنداق چىرايلىق بىر ئايالنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان بىر ئادەم كېلىپ قالدى، ئۇ ئايال سەندىن باشقىسىغا لايىق ئەمەس" دېيىشتى. پادىشاھ دەرھال سارەنى چاقىرتىپ كەلدى، ئىبراھىم نامازغا تۇردى. سارە ئۇردىغا كىرگەندە، پادىشاھ ئۆزىنى تۇتالماي، سارەگە قول ئۇزارتقاندى، قولى ھاۋادا قېتىپ قالدى. پادىشاھ: "اللهقا دۇئا قىلغىن، ساڭا ھەرگىز چېقىلمايمەن" دېدى. سارە اللهقا دۇئا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. پادىشاھ سارەگە يەنە قول ئۇزارتقاندى، قولى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك قېتىپ قالدى. پادىشاھ يەنە: "اللهقا دۇئا قىلغىن، ساڭا راستىنلا چېقىلمايمەن" دېدى. سارە يەنە اللهقا دۇئا قىلغان ئىدى، پادىشاھنىڭ قولى يەنە ئەسلىگە كەلدى. پادىشاھ سارەگە ئۈچىنچى قېتىم قول ئۇزارتقان ئىدى، قولى تېخىمۇ بەك قېتىپ قالدى. يەنە سارەگە: "اللهنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ساڭا ۋەدە قىلايكى، اللهقا دۇئا قىلغىن، ئەمدى ساڭا ھەرگىز چېقىلمايمەن" دېدى. سارە اللهقا دۇئا قىلغانىدى، پادىشاھنىڭ قولى يەنە ئەسلىگە كەلدى. پادىشاھ سارەنى ئېلىپ كەلگەن خىزمەتكارىغا: "ماڭا ئادەم ئەمەس، شەيتاننى ئېلىپ كەپسەن، ئۇنى زېمىنىمدىن چىقىرىۋەت. ئۇنىڭغا ھاجەرنى خىزمەتچى قىلىپ بەرگىن!" دەپ بۇيرىدى. سارە ئىبراھىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، ئىبراھىم نامازنى تۈگىتىپ:

[1] سۈرە ئەنبىيا، 63 ـ ئايەت.

"قانداق بولىدى؟" دەپ سورىغانىدى، سارە: "ياخشى، اﷲ تائالا ئۇ كاپىرنىڭ قولىنى ھالاك قىلدى ۋە بىر خىزمەتچىنى خىزمىتىمگە سېلىپ بەردى" دېدى».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاسمان سۈيىنىڭ باللىرى! ئەنە ئەشۇ ھاجەر سىلەرنىڭ ئاناڭلاردۇر، - دېدى.

(مۇسلىم: 2371)

7946 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَاجَرَ إِبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام بِسَارَةَ فَدَخَلَ بِهَا قَرْيَةً فِيهَا مَلِكٌ مِنْ الْمُلُوكِ أَوْ جَبارٌ مِنْ الْجَبَابِرَةِ فَقِيلَ دَخَلَ إِبْرَاهِيمُ بِامْرَأَةٍ هِيَ مِنْ أَحْسَنِ النسَاءِ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ أَنْ يَا إِبْرَاهِيمُ مَنْ هَذِهِ التِي مَعَكَ قَالَ أُخْتِي ثُم رَجَعَ إِلَيْهَا فَقَالَ لَا تُكَذبِي حَدِيثِي فَإِني أَخْبَرْتُهُمْ أَنكِ أُخْتِي وَاللهِ إِنْ عَلَى الْأَرْضِ مُؤْمِنٌ غَيْرِي وَغَيْرُكِ فَأَرْسَلَ بِهَا إِلَيْهِ فَقَامَ إِلَيْهَا فَقَامَتْ تَوَضأُ وَتُصَلي فَقَالَتْ اللهُم إِنْ كُنتُ آمَنْتُ بِكَ وَبِرَسُولِكَ وَأَحْصَنْتُ فَرْجِي إِلا عَلَى زَوْجِي فَلَا تُسَلطْ عَلَي الْكَافِرَ فَغُط حَتى رَكَضَ بِرِجْلِهِ قَالَ الْأَعْرَجُ قَالَ أَبُو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ إِن أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَتْ اللهُم إِنْ يَمُتْ يُقَالُ هِيَ قَتَلَتْهُ فَأُرْسِلَ ثُم قَامَ إِلَيْهَا فَقَامَتْ تَوَضأُ تُصَلي وَتَقُولُ اللهُم إِنْ كُنتُ آمَنْتُ بِكَ وَبِرَسُولِكَ وَأَحْصَنْتُ فَرْجِي إِلا عَلَى زَوْجِي فَلَا تُسَلطْ عَلَي هَذَا الْكَافِرَ فَغُط حَتى رَكَضَ بِرِجْلِهِ قَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ قَالَ أَبُو سَلَمَةَ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَقَالَتْ اللهُم إِنْ يَمُتْ فَيُقَالُ هِيَ قَتَلَتْهُ فَأُرْسِلَ فِي الثانِيَةِ أَوْ فِي الثالِثَةِ فَقَالَ وَاللهِ مَا أَرْسَلْتُمْ إِلَي إِلا شَيْطَانًا ارْجِعُوهَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَأَعْطُوهَا آجَرَ فَرَجَعَتْ إِلَى إِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ السلَام فَقَالَتْ أَشَعَرْتَ أَن اللهَ كَبَتَ الْكَافِرَ وَأَخْدَمَ وَلِيدَةً.

7946 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە بىلەن ھىجرەت قىلىپ، بىر زالىم پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ باردى. پادىشاھقا ئىبراھىم بىلەن چىرايلىق بىر ئايالنىڭ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئىبراھىمنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە: "ئى ئىبراھىم! سەن بىللە بىللە كەلگەن ئايال كىم بولىدۇ؟" دەپ سورىدى، ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالام: ”ھەمشىرەم بولىدۇ“ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پادىشاھ سارىيىدىن چىقىپ، سارەنىڭ قېشىغا قايتىپ باردى ـ دە: ”مېنى يالغانچى قىلىپ قويما! مەن ئۇلارغا سېنى ھەمشىرەم“ دېدىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، زېمىندا سەن بىلەن مەندىن باشقا مۇئمىن (قېرىنداش) يوق“ دېدى. ئاندىن سارەنى پادىشاھقا ئەۋەتتى. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، سارەگە قاراپ ماڭدى. سارە تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ: ”ئى الله! ساڭا ۋە سېنىڭ ئەلچىڭگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇياتلىق يېرىمنى ئېرىمدىن باشقا كىشىلەردىن ساقلىغان بولسام، مېنى كاپىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغىن“ دەپ دۇئا قىلىۋىدى، پادىشاھ بوغۇلۇپ يىقىلىدى ۋە يەردە تېپىچەكلەشكە باشلىدى. سارە اللهقا دۇئا قىلىپ: ”ئى الله! ئەگەر ئۇ كاپىر ئۆلۈپ قالسا، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەندىن كۆرۈشىدۇ“ دېگەنىدى، پادىشاھ قويۇپ بېرىلدى. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە سارەگە قاراپ ماڭدى. سارە تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ: ”ئى الله! ساڭا ۋە سېنىڭ ئەلچىڭگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇياتلىق يېرىمنى ئېرىمدىن باشقا كىشىلەردىن ساقلىغان بولسام، مېنى كاپىرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغىن“ دەپ دۇئا قىلىۋىدى، پادىشاھ يەنە بوغۇلۇپ يىقىلىدى ۋە يەردە تېپىچەكلەشكە باشلىدى. سارە اللهقا دۇئا قىلىپ: ”ئى الله! ئەگەر ئۇ كاپىر ئۆلۈپ قالسا، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەندىن كۆرۈشىدۇ“ دېگەنىدى، پادىشاھ ئىككىنچى (ياكى ئۈچىنچى) قېتىم قويۇپ بېرىلدى. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ: ”اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئالدىمغا ئادەم ئەمەس، شەيتان ئېلىپ كەپسىلەر. ئۇنى ئىبراھىمغا قايتۇرۇۋېتىڭلار ۋە ھاجەرنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىڭلار“ دېدى. سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ: ”الله ئۇ كاپىرنىڭ يامان غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغانلىقىنى ئۇستىگە، بۇ دېدەكنى مېنىڭ خىزمىتىمگە بەردى“ دېدى».

(بۇخارى: 2217)

7947 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُطْبَعُ الْمُـؤْمِنُ عَلَى الْخِلَالِ كُلهَا إِلا الْخِيَانَةَ وَالْكَذِبَ.

7947 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر مۇئمىندە خىيانەتكارلىق بىلەن يالغانچىلىقتىن باشقا بارلىق يامان خۇي تېپىلىشى مۇمكىن»[1].

(ئەھمەد: 22224)

[1] هەيسەمى: بۇ هەدىسنى ئىمام ئەهمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

## سېخىيلىق، مەرتلىك، بېخىللىق، ۋە مال ـ دۇنيانى سۆكۈش

7948 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ السخِي قَرِيبٌ مِنْ اللهِ قَرِيبٌ مِنْ الْجَنةِ قَرِيبٌ مِنْ الناسِ بَعِيدٌ مِنْ النارِ وَالْبَخِيلُ بَعِيدٌ مِنْ اللهِ بَعِيدٌ مِنْ الْجَنةِ بَعِيدٌ مِنْ الناسِ قَرِيبٌ مِنْ النارِ وَلَجَاهِلٌ سَخِي أَحَب إِلَى اللهِ عَز وَجَل مِنْ عَالِمٍ بَخِيلٍ.

7948 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سېخىي ئادەم اللەقىمۇ، جەننەتكىمۇ، كىشىلەرگىمۇ يېقىن بولىدۇ. بېخىل ئادەم اللەتىنمۇ، جەننەتتىنمۇ، كىشىلەردىنمۇ يىراق، لېكىن دوزاخقا يېقىن بولىدۇ. (ئۆزى) نادان (بولسىمۇ) سېخىي (ئادەم) الله ئەززە ۋەجەللەگە بېخىل ئالىمدىن بەكرەك سۆيۈملۈكتۇر»[1].

(تىرمىزى: 1961)

7949 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ اللهُ عَز وَجَل أَنْفِقْ أُنْفِقْ عَلَيْكَ وَقَالَ يَدُ اللهِ مَلْأَى لَا تَغِيضُهَا نَفَقَةٌ سَحاءُ اللَّيْلَ وَالنهَارَ وَقَالَ أَرَأَيْتُمْ مَا أَنفَقَ مُنْذُ خَلَقَ السمَاءَ وَالْأَرْضَ فَإِنهُ لَمْ يَغِضْ مَا فِي يَدِهِ وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ وَبِيَدِهِ الْمِيزَانُ يَخْفِضُ وَيَرْفَعُ.

7949 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئەززە ۋەجەللە: ”خەجلىگىنكى، مەنمۇ ساڭا خەجلەي“ دەيدۇ. اللەنىڭ خەزىنىلىرى لىقتۇر، ئۇنى خەجلەش بىلەن كېمىيىپ قالمايدۇ، لىق بولغانلىقىدىن كېچە ــ كۈندۈز تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئېيتىپ

[1] ئەلبانى (334): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

بېقىنغلارچۇ، ئاسمان ــ زېمىننى ياراتقاندىن بۇيان، الله قانچىلىك بېرىۋەتكەندۇ؟ اللهنىڭ بېرىۋەتكىنى ئىلكىدىكىنى كېمەيتىپ قويغىنى يوق. تارازا اللهنىڭ قولىدا بولۇپ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ. ئاسمان ـ زېمىن يارىتىلىشتىن بۇرۇن اللهنىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى».

(بۇخارى: 4684)

7950 ـ عن جَابِرِ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَالَ مَا سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَيْئًا قَط فَقَالَ لَا.

7950 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر نەرسە سورالغاندا: «ياق» دەپ باققان ئەمەس.

(مۇسلىم: 2311)

7951 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ مَا سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْإِسْلَامِ شَيْئًا إلا أَعْطَاهُ قَالَ فَجَاءَهُ رَجُلٌ فَأَعْطَاهُ غَنَمًا بَيْنَ جَبَلَيْنِ فَرَجَعَ إِلَى قَوْمِهِ فَقَالَ يَا قَوْمِ أَسْلِمُوا فَإِن مُحَمدًا يُعْطِي عَطَاءً لَا يَخْشَى الْفَاقَةَ

فقال أَنسٌ إن كان الرجُلُ لُيسْلِمُ ما يُرِيدُ إلا الدنْيا فما يُسْلِمُ حتى يَكُونَ الْإِسْلَامُ أَحَب إليه من الدنْيا وما عليها.

7951 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن بىر نەرسە سورالسىلا، بەرمەي قالمايتتى. بىر ئادەم كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا بىر جىلغا توشقۇدەك قوينى بېرىۋەتتى. ئۇ ئادەم قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ:

ــ ئى قەۋم، مۇسۇلمان بولۇڭلار! چۈنكى مۇھەممەد نامراتلىقتىن ئەنسىرىمەي بېرىۋېرىدىكەن، ـ دېدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم ئەسلىدە مال ـ دۇنيانى دەپ مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، مۇسۇلمان بولغان ھامان ئىسلام دىنى

ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق مال ـ دۇنيادىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتەتتى.

(مۇسلىم: 2312)

7952 ـ عن صَفْوَانَ قَالَ وَاللهِ لَقَدْ أَعْطَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَعْطَانِي وَإِنهُ لَأَبْغَضُ الناسِ إِلَيَّ فَمَا بَرِحَ يُعْطِينِي حَتى إِنهُ لَأَحَب الناسِ إِلَيَّ.

7952 ـ سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دەسلەپ مال ـ دۇنيا بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىم ئىدى. ئۇ بېرىۋېرىپ، مېنىڭ ئەڭ ئامراق كىشىمگە ئايلىنىپ قالدى.

(مۇسلىم: 2313)

7953 ـ عن عَبْدُ اللهِ الْهَوْزَنِي قَالَ لَقِيتُ بِلَالًا مُؤَذنَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِحَلَبَ فَقُلْتُ يَا بِلَالُ حَدثْنِي كَيْفَ كَانَتْ نَفَقَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا كَانَ لَهُ شَيْءٌ كُنْتُ أَنَا الذِي أَلِي ذَلِكَ مِنْهُ مُنْذُ بَعَثَهُ اللهُ إِلَى أَنْ تُوُفيَ وَكَانَ إِذَا أَتَاهُ الْإِنْسَانُ مُسْلِمًا فَرَآهُ عَارِيًا يَأْمُرُنِي فَأَنْطَلِقُ فَأَسْتَقْرِضُ فَأَشْتَرِي لَهُ الْبُرْدَةَ فَأَكْسُوهُ وَأُطْعِمُهُ حَتى اعْتَرَضَنِي رَجُلٌ مِنْ الْمُشْرِكِينَ فَقَالَ يَا بِلَالُ إِن عِنْدِي سَعَةً فَلَا تَسْتَقْرِضْ مِنْ أَحَدٍ إِلا مِني فَفَعَلْتُ فَلَما أَنْ كَانَ ذَاتَ يَوْمٍ تَوَضأْتُ ثُم قُمْتُ لِأُؤَذنَ بِالصلَاةِ فَإِذَا الْمُشْرِكُ قَدْ أَقْبَلَ فِي عِصَابَةٍ مِنْ التجارِ فَلَما أَنْ رَآنِي قَالَ يَا حَبَشِي قُلْتُ يَا لَباهُ فَتَجَهمَنِي وَقَالَ لِي قَوْلًا غَلِيظًا وَقَالَ لِي أَتَدْرِي كَمْ بَيْنَكَ وَبَيْنَ الشهْرِ قَالَ قُلْتُ قَرِيبٌ قَالَ إِنمَا بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ أَرْبَعٌ فَآخُذُكَ بِالذِي عَلَيْكَ فَأَرُدكَ تَرْعَى الْغَنَمَ كَمَا كُنْتَ قَبْلَ ذَلِكَ فَأَخَذَ فِي نَفْسِي مَا يَأْخُذُ فِي أَنْفُسِ الناسِ حَتى إِذَا صَليْتُ الْعَتَمَةَ رَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى أَهْلِهِ فَاسْتَأْذَنْتُ عَلَيْهِ فَأَذِنَ لِي فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنْتَ وَأُمي إِن الْمُشْرِكَ الذِي كُنْتُ أَتَدَينُ مِنْهُ قَالَ لِي كَذَا وَكَذَا وَلَيْسَ عِنْدَكَ مَا تَقْضِي عَني وَلَا عِنْدِي وَهُوَ فَاضِحِي فَأْذَنْ لِي أَنْ آبَقَ إِلَى بَعْضِ هَؤُلَاءِ الْأَحْيَاءِ الذِينَ قَدْ أَسْلَمُوا حَتى يَرْزُقَ اللهُ رَسُولَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

وَسَلمَ مَا يَقْضِي عَني فَخَرَجْتُ حَتى إِذَا أَتَيْتُ مَنْزِلِي فَجَعَلْتُ سَيْفِي وَجِرَابِي وَنَعْلِي وَمِجَنِي عِنْدَ رَأْسِي حَتى إِذَا انْشَق عَمُودُ الصبْحِ الْأَولِ أَرَدْتُ أَنْ أَنطَلِقَ فَإِذَا إِنْسَانٌ يَسْعَى يَدْعُو يَا بِلَالُ أَجِبْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَانْطَلَقْتُ حَتى أَتَيْتُهُ فَإِذَا أَرْبَعُ رَكَائِبَ مُنَاخَاتٌ عَلَيْهِن أَحْمَالُهُن فَاسْتَأْذَنْتُ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْشِرْ فَقَدْ جَاءَكَ اللهُ بِقَضَائِكَ ثُم قَالَ أَلَمْ تَرَ الركَائِبَ الْمُنَاخَاتِ الْأَرْبَعَ فَقُلْتُ بَلَى فَقَالَ إِن لَكَ رِقَابَهُن وَمَا عَلَيْهِن فَإِن عَلَيْهِن كِسْوَةً وَطَعَامًا أَهْدَاهُن إِلَي عَظِيمُ فَدَكَ فَاقْبِضْهُن وَاقْضِ دَيْنَكَ فَفَعَلْتُ فَذَكَرَ الْحَدِيثَ ثُم انْطَلَقْتُ إِلَى الْمَسْجِدِ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَاعِدٌ فِي الْمَسْجِدِ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَقَالَ مَا فَعَلَ مَا قِبَلَكَ قُلْتُ قَدْ قَضَى اللهُ كُل شَيْءٍ كَانَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَبْقَ شَيْءٌ قَالَ أَفَضَلَ شَيْءٌ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ انْظُرْ أَنْ تُرِ3نِي مِنْهُ فَإِني لَسْتُ بِدَاخِلٍ عَلَى أَحَدٍ مِنْ أَهْلِي حَتى تُرِ3نِي مِنْهُ فَلَما صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعَتَمَةَ دَعَانِي فَقَالَ مَا فَعَلَ الذِي قِبَلَكَ قَالَ قُلْتُ هُوَ مَعِي لَمْ يَأْتِنَا أَحَدٌ فَبَاتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَسْجِدِ وَقَص الْحَدِيثَ حَتى إِذَا صَلى الْعَتَمَةَ يَعْنِي مِنْ الْغَدِ دَعَانِي قَالَ مَا فَعَلَ الذِي قِبَلَكَ قَالَ قُلْتُ قَدْ أَرَاحَكَ اللهُ مِنْهُ يَا رَسُولَ اللهِ فَكَبرَ وَحَمِدَ اللهَ شَفَقًا مِنْ أَنْ يُدْرِكَهُ الْمَوْتُ وَعِنْدَهُ ذَلِكَ ثُم اتبَعْتُهُ حَتى إِذَا جَاءَ أَزْوَاجَهُ فَسَلمَ عَلَى امْرَأَةٍ امْرَأَةٍ حَتى أَتَى مَبِيتَهُ فَهَذَا الذِي سَأَلْتَنِي عَنْهُ.

7953 ـ ئابدۇللاھ ھەۋزەنىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەلەب شەھىرىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇئەززىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئى بىلال! ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇل ـ مالنى قانداق خەجلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچ مال ـ دۇنياسى يوق ئىدى. الله ئۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەندىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئۇنىڭ خەج ـ خىراجەت ئىشلىرىنى مەن قىلىپ بېرەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەمنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى كۆرسە، مېنى ئۇنىڭغا كىيىم ئېلىپ بېرىشكە

بۇيرۇيتتى. مەن بىرىدىن قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا تون كىيگۈزەتتىم ۋە تاماق يېگۈزەتتىم. بىر كۈنى، بىر مۇشرىك ئالدىمنى توسۇپ: ئى بىلال! مەن قول ئىلكىدە بار ئادەممەن، بۇندىن كېيىن قەرز ئالماقچى بولساڭ، مەندىنلا ئالغىن! ـ دېدى. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قەرز ئالىدىغان بولدۇم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاھارەت ئېلىپ نامازغا ئەزان توۋلاي دەپ تۇرسام، ھېلىقى مۇشرىك بىر قانچە تىجارەتچى بىلەن بىللە كېلىپ: ئەي ھەبەشىي! ئاي توشقىلى قانچە كۈن قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى. مەن: ئاز قالدى، ـ دېسەم، ئۇ: ئاي توشقىلى تۆت كۈن قالدى، قەرزنى قايتۇرالمىساڭ، بوينۇڭدىكى قەرزنىڭ ئورنىغا سېنى ئېلىپ كېتىمەن. مېنىڭ قۇلۇم بولۇپ، بۇرۇنقىدەك قوي باقىسەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، مېنى غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالدى. خۇپتەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئىجازەت سورىغانىدىم، ئىجازەت بەردى. كىرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ماڭا قەرز بېرىپ تۇرغان ھېلىقى مۇشرىك بۈگۈن ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق دېدى. يا سېنىڭ ياكى مېنىڭ قولۇمدا بۇ قەرزنى تۆلىگۈدەك پۇل يوق. ئۇ مۇشرىك مېنى خەلقى ـ ئالەمگە رەسۋا قىلىدىغان بولدى. شۇڭا الله تائالا رەسۇلىغا قەرزنى تۆلىگۈدەك مال ـ مۈلك بەرگەنگە قەدەر، مۇسۇلمان بولغان بەزى قەبىلىلەرنىڭ قېشىغا قېچىپ كېتىشىمگە ئىجازەت بەرسەڭ، ـ دېدىم ۋە ھۇجرامغا قايتىپ چىقىپ، قورال ـ ياراق، قاچا ـ قۇچا ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى تەييارلاپ، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىش نىيىتى بىلەن ياتتىم. تۇيۇقسىز بىرى ھاسىرىغان ھالدا كېلىپ: ئى بىلال! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ـ دېدى. دەرھال يېتىپ باردىم، ئىشىك ئالدىدا لىق مال يۈكلەنگەن تۆت تۇياق تۆگە تۇراتتى. كىرىشكە ئىجازەت سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەي بىلال! خۇش خەۋەر. الله سېنىڭ قەرزىڭنى تۆلەيدىغان مال ئاتا قىلدى. ئىشىك ئالدىغا چۆكتۈرۈپ قويۇلغان تۆت تۆگىنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن: ھەئە، كۆردۈم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ تۆگىلەر ۋە

ئۇستىدىكى ماللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ. ئۇ تۆگىلەرگە كىيىم ـ كېچەك بىلەن ئاشلىق يۈكلەنگەن، ئۇلارنى ماڭا فەدەكنىڭ كاتتىۋېشى سوۋغا قىلدى. سەن بۇ ماللارنى ئېلىپ بېرىپ، قەرزىڭنى تۆلىۋەتكىن! ـ دېدى، مەن مالنى ئېلىپ بېرىپ، قەرزنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن، مەسجىدكە قايتىپ بارسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە ئولتۇرۇپتۇ. يېنىغا بېرىپ، سالام بەردىم، مەندىن: قولۇڭدىكى ماللار قەرزنى تۆلەشكە يەتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن: اللہ تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈستىدىكى بارلىق قەرزنى تۆلىۋەتتى، ھېچقانداق قەرز قالمىدى، ـ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مالدىن بىر نەرسە ئېشىپ قالدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن: ھەئە، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ مالنى ئىشلىتىۋېتىپ، مېنى خاتىرجەم قىلغىن. سەن مېنى خاتىرجەم قىلغۇچە، مەن ھېچبىر ئاياللىرىمنىڭ قېشىغا كىرمەيمەن، ـ دېدى. بىر كەمدىن كېيىن، مېنى يەنە چاقىرىپ: قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن: تېخىچە قولۇمدا، چۈنكى ھاجەتمەن كەلمىدى، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە يېتىپ قالدى. ئەتىسى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىرىپ: قولۇڭدىكى مال قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! اللہ سېنى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم قىلدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مالنى قولىدىن چىقىرىپ بولغىچە، ۋاپات بولۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلغاچقا، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، تەكبىر ئېيتتى ۋە اللہقا ھەمدۇ ئېيتتى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ ئاياللىرىغا بىر ـ بىرلەپ سالام بەرگەندىن كېيىن، شۇ كۈنى نۆۋىتى كەلگەن ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. سەن سورىغان ئىش مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3055)

---

[1] ئەلبانى (2628): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7954 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَدخِرُ شَيْئًا لِغَدٍ.

7954 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئەتــگە بىــر نەرســە ساقلىمايتتى[1].

(تىرمىزى: 2362)

7955 ـ عَنْ عُقْبَةَ بنِ الْحَارِثِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ صَلَيْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعَصْرَ فَلَما سَلمَ قَامَ سَرِيعًا دَخَلَ عَلَى بَعْضِ نِسَائِهِ ثُم خَرَجَ وَرَأَى مَا فِي وُجُـوهِ الْقَوْمِ مِنْ تَعَجبِهِمْ لِسُرْعَتِهِ فَقَالَ ذَكَرْتُ وَأَنَا فِي الصلَاةِ تِبْرًا عِنْدَنَا فَكَرِهْتُ أَنْ يُمْسِـيَ أَوْ يَبِيتَ عِنْدَنَا فَأَمَرْتُ بِقِسْمَتِهِ.

7955 ـ ئۇقبە ئىبنى هارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەسىر نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقــۇدۇم. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ســالامدىن كېيىن، ئورنىــدىن ئالدىراش تۇرۇپ، ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، جامائەتنىڭ ئۆزىگە ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە: «نامازدا تۇرۇپ، ئۆيىمىزدىكى ئازراق ئالتۇن يادىمغا كېلىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆيدە بىر كېچە تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرۇۋېتىپ چىقتىم» دېدى.

(بۇخارى: 1221)

7956 ـ عَنْ سَلْمَانَ بنِ رَبِيعَةَ قَالَ قَالَ عُمَرُ بنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْـهُ قَسَـمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَسْمًا فَقُلْتُ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ لَغَيْرُ هَؤُلَاءِ كَانَ أَحَق بِهِ مِنْهُمْ قَالَ إِنهُمْ خَيرُونِي أَنْ يَسْأَلُونِي بِالْفُحْشِ أَوْ يُبَخلُونِي فَلَسْتُ بِبَاخِلٍ.

7956 ـ سەلمان ئىبنى رەبىئەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دېــگەن: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەم بىر قېتىم مال تەقسىم قىلغان ئىدى، مەن:

[1] ئەلبانى (1925): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ مالغا ئۇلاردىن باشقىلار تېخىمۇ بەك ھەقلىق ئىدى، ـ دېگەندىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار قېلىنلىق قىلىپ سوراپ تۇرۋالدى، بەرمىسەم مېنى بېخىل ئىكەن دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن بېخىل ئەمەس، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1056)

7957 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما قَدِمَ الْمُهَاجِرُونَ الْمَدِينَةَ مِنْ مَكةَ وَلَيْسَ بِأَيْدِيهِمْ يَعْنِي شَيْئًا وَكَانَتْ الْأَنصَارُ أَهْلَ الْأَرْضِ وَالْعَقَارِ فَقَاسَمَهُمْ الْأَنصَارُ عَلَى أَنْ يُعْطُوهُمْ ثِمَارَ أَمْوَالِهِمْ كُل عَامٍ وَيَكْفُوهُمْ الْعَمَلَ وَالْمَئُونَةَ وَكَانَتْ أُمهُ أُم أَنسٍ أُم سُلَيْمٍ كَانَتْ أُم عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ فَكَانَتْ أَعْطَتْ أُم أَنسٍ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِذَاقًا فَأَعْطَاهُن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُم أَيْمَنَ مَوْلَاتَهُ أُم أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَأَخْبَرَنِي أَنسُ بْنُ مَالِكٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما فَرَħ مِنْ قَتْلِ أَهْلِ خَيْبَرَ فَانْصَرَفَ إِلَى الْمَدِينَةِ رَد الْمُهَاجِرُونَ إِلَى الْأَنصَارِ مَنَائِحَهُمْ الَتِي كَانُوا مَنَحُوهُمْ مِنْ ثِمَارِهِمْ فَرَد النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى أُمهِ عِذَاقَهَا وَأَعْطَى رَسُولُ الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُم أَيْمَنَ مَكَانَهُن مِنْ حَائِطِهِ وَقَالَ أَحْمَدُ بْنُ شَبِيبٍ أَخْبَرَنَا أَبِي عَنْ يُونُسَ بِهَذَا وَقَالَ مَكَانَهُن مِنْ خَالِصِهِ.

7957 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇھاجىرلار مەككىدىن مەدىنىگە قۇرۇق قول كەلدى، ئەنسارىلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارىلار يەر چىقىرىدىغان، مۇھاجىرلار يەرگە ئىشلەپ، مەھسۇلاتنى ئەنسارىلار بىلەن بۆلۈشىدىغانغا كېلىشتى. (ئەنەسنىڭ ئانىسى) ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قانچە تۇپ خورما دەرىخى بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ خورمىلارنى ئۆزىنىڭ ئازادگەردىسى ئۇممۇ ئەيمەنگە، يەنى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ ئانىسىغا بېرىۋەتتى.

خەيبەر غازىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇھاجىرلار ئەنسارىلارنىڭ باغ ـ ۋارانلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەنەسنىڭ ئانىسىغا خورما دەرەخلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇممۇ ئەيمەنگە ئۆزىنىڭ بېغىدىن بۆلۈپ بەردى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۆزىنىڭ ساپ ھەققىدىن بەردى، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 2630)

7958 ـ وفي رواية: قال أنسٌ وَإِن أَهْلِي أَمَرُونِي أَنْ آتِيَ النبي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَأَسْأَلَهُ ما كان أَهْلُهُ أَعْطَوْهُ أو بَعْضَهُ وكان نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قد أَعْطَاهُ أُم أَيمَنَ فَأَتَيتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَعْطَانِيهِن فَجَاءَتْ أُم أَيمَنَ فَجَعَلَتْ الثـوْبَ في عُنُقِي وَقَالَتْ والله لَا نُعْطِيكَاهُن وقد أَعْطَانِيهِن فقال نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يـا أُم أَيمَنَ اتْرُكِيهِ وَلَكِ كَذَا وَكَذَا وَتَقُولُ كَلا وَالذِي لَا إِلَهَ إلا هو فَجَعَلَ يقول كَـذَا حتى أَعْطَاهَا عَشْرَةَ أَمْثَالِهِ أو قَرِيبًا من عَشْرَةِ أَمْثَالِهِ.

7958 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئائىلەمدىكىلەر مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خورما دەرەخلىرىنى (ياكى بىر قىسمىنى) قايتۇرۇپ بېرىشىنى سوراشقا ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بەرگەن خورمىلارنى ئۇممۇ ئەيمەنگە بېرىۋەتكەنىكەن. ئۇ خورمىلارنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەندى، ئۇممۇ ئەيمەن كېلىپ ياقامغا ئېسىلدى ـ دە:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ساڭا بەرمەيمەن، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا بەرگەن تۇرسا؟! ـ دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئۇممۇ ئەيمەن! ئۇنى قويۇۋەتكىن، مەن ساڭا مۇنچىلىك خورما بېرەي، ـ دېسىمۇ، ئۇممۇ ئەيمەن:

ـ ياق، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ خورمىلارنى بەرمەيمەن، ـ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مۇنچىلىك بېرەي، ئۇنچىلىك بېرەي، - دەۋېرىپ، ئاخىرى ئۇن ھەسسىسىنى (ياكى شۇنىڭغا يېقىن) بەرگەندە، ئاندىن ئۇنىدى.
(مۇسلىم: 1771)

7959 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ خَرَجْتُ مَعَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِلَى السوقِ فَلَحِقَتْ عُمَرَ امْرَأَةٌ شَابةٌ فَقَالَتْ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ هَلَكَ زَوْجِي وَتَرَكَ صِبْيَةً صِغَارًا وَاللهِ مَا يُنْضِجُونَ كُرَاعًا وَلَا لَهُمْ زَرْعٌ وَلَا ضَرْعٌ وَخَشِيتُ أَنْ تَأْكُلَهُمْ الضبُعُ وَأَنَا بِنْتُ خُفَافِ بْنِ إِيمَاءَ الْغِفَارِي وَقَدْ شَهِدَ أَبِي الْحُدَيْبِيَةَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَقَفَ مَعَهَا عُمَرُ وَلَمْ يَمْضِ ثُم قَالَ مَرْحَبًا بِنَسَبٍ قَرِيبٍ ثُم انْصَرَفَ إِلَى بَعِيرٍ ظَهِيرٍ كَانَ مَرْبُوطًا فِي الدارِ فَحَمَلَ عَلَيْهِ غِرَارَتَيْنِ مَلَأَهُمَا طَعَامًا وَحَمَلَ بَيْنَهُمَا نَفَقَةً وَثِيَابًا ثُم نَاوَلَهَا بِخِطَامِهِ ثُم قَالَ اقْتَادِيهِ فَلَنْ يَفْنَى حَتى يَأْتِيَكُمْ اللهُ بِخَيْرٍ فَقَالَ رَجُلٌ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَكْثَرْتَ لَهَا قَالَ عُمَرُ ثَكِلَتْكَ أُمكَ وَاللهِ إِني لَأَرَى أَبَا هَذِهِ وَأَخَاهَا قَدْ حَاصَرَا حِصْنًا زَمَانًا فَافْتَتَحَاهُ ثُم أَصْبَحْنَا نَسْتَفِيءُ سُهْمَانَهُمَا فِيهِ.

7959 — زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەسلەم دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن بازارغا چىقتىم. بازاردا ياش بىر ئايال ئۆمەرگە يېقىن كېلىپ:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئېرىم ئۆلۈپ كېتىپ، كىچىك بالىلىرىم يېتىم قالدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قولىمىزدا نە پىشۇرۇپ يېگۈدەك قوي، نە كالىلا - پاقالچاق، نە ئاشلىق - دان، نە سېغىپ ئىچكۈدەك چارۋا مال يوق. ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھۆدەيبىيە غازىتىغا قاتناشقان خۇفاف ئىبنى ئىمائ غىفارىنىڭ قىزى بولىمەن، - دېدى. ئۆمەر بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئى يېقىن سەپدىشىمىزنىڭ قىزى، مەرھابا! — دېدى. ئاندىن ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان قاۋۇل تۆگىگە ئىككى تاغار ئاشلىقنى ئارتتى، تاغارلارنىڭ ئارىسىغا يېمەكلىك ۋە كىيىم - كېچەك قويدى. ئاندىن تۆگىنى ئايالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

- ھازىرچە مۇشۇنى ئالغاچ تۇرغىن. بۇندىن كېيىن، الله بىزگە نېمە بەرسە، ساڭا شۇنىڭدىن بېرىپ تۇرىمىز، - دېدى. بىر ئادەم:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ ئايالغا كۆپ بېرىۋەتمىدىڭمۇ؟ - دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ۋۇي بالاتەگكۇر! اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئايالنىڭ دادىسى بىلەن قېرىندىشىنىڭ بىر قورغاننى بىر مۇددەت مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇنى ئازاد قىلغانلىقىنى كۆرگەنمەن. كېيىن بىز قوپۇپ، قورغاندىن قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەردىن ئۇ ئىككەيلەننىڭ نېسىۋىسىنى بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق، - دېدى.

(بۇخارى: 4161)

7960 - عن الْأَحْنَفِ بن قَيْسٍ قال قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَبَيْنَا أنا في حَلْقَةٍ فيها مَلَأٌ من قُرَيْشٍ إِذْ جاء رَجُلٌ أَخْشَنُ الثِّيَابِ أَخْشَنُ الْجَسَدِ أَخْشَنُ الْوَجْهِ فَقَامَ عليهم فقال بَشِّرْ الْكَانِزِينَ بِرَضْفٍ يُحْمَى عليه في نَارِ جَهَنَّمَ فَيُوضَعُ على حَلَمَةِ ثَدْيِ أَحَدِهِمْ حتى يَخْرُجَ من نُغْضِ كَتِفَيْهِ وَيُوضَعُ على نُغْضِ كَتِفَيْهِ حتى يَخْرُجَ من حَلَمَةِ ثَدْيَيْهِ يَتَزَلْزَلُ قال فَوَضَعَ الْقَوْمُ رؤوسهم فما رأيت أَحَدًا منهم رَجَعَ إليه شيئا قال فَأَدْبَرَ وَاتَّبَعْتُهُ حتى جَلَسَ إلى سَارِيَةٍ فقلت ما رأيت هَؤُلَاءِ إلا كَرِهُوا ما قُلْتَ لهم قال إِنَّ هَؤُلَاءِ لَا يَعْقِلُونَ شيئا إِنَّ خَلِيلِي أَبَا الْقَاسِمِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ دَعَانِي فَأَجَبْتُهُ فقال أَتَرَى أُحُدًا فَنَظَرْتُ ما عَلَيَّ من الشَّمْسِ وأنا أَظُنُّ أَنَّهُ يَبْعَثُنِي في حَاجَةٍ له فقلت أَرَاهُ فقال ما يَسُرُّنِي أَنَّ لي مثله ذَهَبًا أُنْفِقُهُ كُلَّهُ إلا ثَلَاثَةَ دَنَانِيرَ ثُمَّ هَؤُلَاءِ يَجْمَعُونَ الدُّنْيَا لَا يَعْقِلُونَ شيئا قال قلت مالك وَلِإِخْوَتِكَ من قُرَيْشٍ لَا تَعْتَرِيهِمْ وَتُصِيبُ منهم قال لَا وَرَبِّكَ لَا أَسْأَلُهُمْ عن دُنْيَا ولا أَسْتَفْتِيهِمْ عن دِينٍ حتى أَلْحَقَ بِاللهِ وَرَسُولِهِ.

7960 - ئەھنەف ئىبنى قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىگە بېرىپ، قۇرەيشلىك بىر توپ كىشى بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم، يېنىمىزغا كىيىم - كېچەكلىرى ئىنتايىن جۇل - جۇل، چىرايىدىن پېقىرلىقى چىقىپ تۇرغان بىرەيلەن كېلىپ:

— مال — دۇنيانى يىغىپ، بېسىپ ياتقانلارغا جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلغان تاشلار بىلەن بېشارەت بەرگىن. قىزىتىلغان تاش ئۇلارنىڭ ئەمچەك تۇپچىسى ئۈستىگە قويۇلسا، تارغاق سۆڭىكىدىن تېشىپ چىقىدۇ. تارغاق سۆڭىكى ئۈستىگە قويۇلسا، ئىككى ئەمچەك تۇپچىسىدىن بۆسۈپ چىقىدۇ، - دېدى. سورۇندىكىلەر بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھېچقايسىسى بىر نېمە دېيىشمىدى. ئاندىن ئۇ كىشى كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم، ئۇ بىر تۈۋرۈك ئاستىدا ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭغا:

- ئۇلار سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ياقتۇرمىدى، - دېسەم، ئۇ:

— ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. (بىر كۈنى) دوستۇم ئەبۇلقاسىم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يېنىغا چاقىردى. بارسام: ئۇھۇد تېغىنى كۆرىۋاتامسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن ئاپتاپقا قاراپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىرەر ئىش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ: كۆرۈۋاتىمەن، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇشۇ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولغان بولسىمۇ، ئۈزەمگە ئۈچلا تىللا ئېلىپ قېلىپ، قالغان ھەممىسىنى الله يولىدا ئىشلىتىۋەتكەن بولاتتىم، - دېگەنىدى. لېكىن ئاۋۇ ئولتۇرغانلار مال — دۇنيا توپلىشىدۇ، ئۇلار ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، - دېدى. مەن:

- قۇرەيشلىك قېرىنداشلىرىڭدىن مال - دۇنيا سورىساڭ بولمامدۇ؟ - دېسەم، ئۇ كىشى:

- ياق، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر ئۇلاردىن مال — دۇنيا سورىمايمەن، دىن توغرىسىدا پەتىۋامۇ سورىمايمەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 992)

7961 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ انْتَهَيْتُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ جَالِسٌ فِي ظِل الْكَعْبَةِ فَلَما رَآنِي قَالَ هُمْ الْأَخْسَرُونَ وَرَب الْكَعْبَةِ قَالَ فَجِئْتُ حَتى جَلَسْتُ فَلَمْ أَتقَار

أَنْ قُمْتُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فِدَاكَ أَبِي وَأُمي مَنْ هُمْ قَالَ هُمْ الْأَكْثَرُونَ أَمْوَالًا إِلا مَنْ قَالَ هَكَذَا وَهَكَذَا وَهَكَذَا مِنْ بَيْنَ يَدَيْهِ وَمِنْ خَلْفِهِ وَعَنْ يَمِينِهِ وَعَنْ شِمَالِهِ وَقَلِيلٌ مَا هُمْ.

7961 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بارسام ، ئۇ كەئبە سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ:

ـــ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئاشۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر، ـ دېدى، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، ئۇلار كىملەر؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار كۆپ مال ــ دۇنيا توپلىغانلاردۇر. پەقەت توپلىغان مال ــ دۇنيالىرىنى الله يولىدا ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن سېخىيلارچە خەجلەيدىغانلار ئۇلاردىن ئەمەس. بىراق بۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 990)

7962 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ خَطَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِيَاكُمْ وَالشح فَإِنمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ بِالشح أَمَرَهُمْ بِالْبُخْلِ فَبَخِلُوا وَأَمَرَهُمْ بِالْقَطِيعَةِ فَقَطَعُوا وَأَمَرَهُمْ بِالْفُجُورِ فَفَجَرُوا.

7962 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خۇتبىدە مۇنداق دېگەن:

«ھەرگىزمۇ پىخسىقلىق قىلماڭلار، چۇنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر پىخسىقلىق بىلەن ھالاك بولغان، پىخسىقلىق ئۇلارنى بېخىللىققا بۇيرۇۋىدى، ئۇلار بېخىللىق قىلدى. سىلە ــ رەھىمنى ئۈزۈشكە بۇيرىۋىدى، ئۇلار سىلە ــ رەھىم قىلمايدىغان بولدى، گۇناھ ئىشلارغا بۇيرىۋىدى، گۇناھ ئىشلارنى قىلدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1698)

[1] ئەلبانى (1489): سەھىھ ـ دېگەن.

7963 ـ عن أبي الْقَيْنِ أنه مر بالنبي صلى اللهُ عليه وسلم وَمَعَهُ شَيْءٌ مِـنْ تَمْـرٍ فَأَهْوَى إليه النبي صلى اللهُ عليه وسلم لِيَأْخُذَ منه قَبْضَةً يَنْثُرُهَا بين أَصْحَابِهِ فَضَم طَـرَفَ رِدَائِهِ إلى صَدْرِهِ وَإِلَى بَطْنِهِ فقال له النبي صلى اللهُ عليه وسلم زَادَكَ اللهُ شُحا.

7963 ـ ئەبۇل قەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ (يەنى ئەبۇل قەين) بىر ئاز خورما كۆتۈرگىنىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىدىن بىر سىقىم ئېلىپ، ساھابىلارغا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئۇ تونىنىڭ پېشىنى مەيدىسىگە ۋە قورسىقىغا يىغىپ تۇرىۋالدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ساڭا پىخسىقلىقنى زىيادە قىلغاي!» دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 338/22)

7964 ـ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَـوْ كَانَ لِي مِثْلُ أُحُدٍ ذَهَبًا لَسَرنِي أَنْ لَا تَمُر عَلَي ثَلَاثُ لَيَالٍ وَعِنْدِي مِنْهُ شَيْءٌ إلا شَيْئًا أُرْصُدُهُ لِدَيْنٍ.

7964 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، قەرز تۆلەشكە ئايرىپ قويۇلغىنىدىن باشقا كىچىككىنە نەرسىنىڭمۇ ئۆيۈمدە ئۈچ كۈنگىچە تۇرۇپ قېلىشىنى ياقتۇرمايمەن».

(بۇخارى: 6445)

7965 ـ عَنْ كَعْبِ بْنِ عِيَاضٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُـولُ إن لِكُل أُمةٍ فِتْنَةً وَفِتْنَةُ أُمتِي الْمَالُ.

[1] ھەيسەمى (4705): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى جەھمان ئىسىملىك كىشىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن سەئىدمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7965 ـ كەئب ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر بىر ئۇممەتنىڭ پىتنىسى بولىدۇ، ئۇممىتىمنىڭ پىتنىسى مال ـ دۇنيادۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[①].

(تىرمىزى: 2336)

7966 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَتخِذُوا الضيْعَةَ فَتَرْغَبُوا فِي الدنْيَا.

7966 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باغۇ ـ بوستان، ئۆي ـ ئارامىلارغا بەك بېرىلىپ كەتمەڭلار، مال ـ دۇنياغا قىزىقىپ قالىسىلەر»[②].

(تىرمىزى: 2328)

7967 ـ قال أبو هُرَيْرَةَ قال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَكُونُ إِبِلٌ لِلشيَاطِينِ وَبُيُوتٌ لِلشيَاطِينِ فَأَما إِبِلُ الشيَاطِينِ فَقَدْ رَأَيْتُهَا يَخْرُجُ أحدكم بِجُنَيْبَاتٍ معه قد أَسْمَنَهَا فلا يَعْلُو بَعِيرًا منها وَيَمُر بِأَخِيهِ قد انْقَطَعَ بِهِ فلا يَحْمِلُهُ وَأَما بُيُوتُ الشيَاطِينِ فلم أَرَهَا كان سَعِيدٌ يقول لَا أُرَاهَا إلا هذه الْأَقْفَاصُ التِي يَسْتُرُ الناس بِالديبَاجِ.

7967 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر قىسىم تۆگىلەر شەيتاننىڭ بولىدۇ، بىر قىسىم ئۆيلەرمۇ شەيتاننىڭ بولىدۇ. مەن شەيتاننىڭ تۆگىلىرىنى كۆرگەنمەن. بىرىڭلار تۆگىسىنى بېقىپ سەمرىتكەندىن كېيىن، ئۇ تۆگىسىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىدۇ، لېكىن ئۇ تۆگىگە مىنمەيدۇ. يولدا ئۇلاغسىز قالغان قېرىندىشى ئۇچرىسىمۇ، ئۇنى مىندۇرۇۋالمايدۇ (ئەنە شۇ تۆگە

[①] ئەلبانى (1905): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1897): سەھىھ ـ دېگەن.

شەيتاننىڭ تۆگىسىدۇر). ئەمما شەيتاننىڭ ئۆيلىرىنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىم».

سەئىد مۇنداق دېگەن: مەن ھەدىستە بايان قىلىنغان شەيتاننىڭ ئۆيلىرىنى ھازىر كىشىلەر يىپەك يوپۇقلار بىلەن ئورىۋالغان ئاشۇ كاجىۋىلاردىن باشقىسى ئەمەسمىكىن دەيمەن①.

(ئەبۇ داۋۇد: 2568)

7968 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَقُولُ الْعَبْدُ مَالِي مَالِي إِنمَا لَهُ مِنْ مَالِهِ ثَلَاثٌ مَا أَكَلَ فَأَفْنَى أَوْ لَبِسَ فَأَبْلَى أَوْ أَعْطَى فَاقْتَنَى وَمَا سِوَى ذَلِكَ فَهُوَ ذَاهِبٌ وَتَارِكُهُ لِلناسِ.

7968 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندە: مال ــ مۈلكۈم، مال ــ مۈلكۈم، ـ دەيدۇ، ئۇنىڭ مال ــ مۈلكىدىن پەقەت ئۈچ نەرسىلا ئەسقاتىدۇ. يەنى يەپ ــ ئىچىپ تۈگەتكىنى، كىيىپ كونىراتقىنى ۋە سەدىقە بېرىپ، ئاخىرەتكە ساقلاپ قويغىنى. ئۇلاردىن باشقىسىنى كىشىلەرگە تاشلاپ كېتىدۇ».

(مۇسلىم: 2959)

7969 ـ قَالَ عَبْدُ اللهِ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيكُمْ مَالُ وَارِثِهِ أَحَب إِلَيْهِ مِنْ مَالِهِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ مَا مِنا أَحَدٌ إِلا مَالُهُ أَحَب إِلَيْهِ قَالَ فَإِن مَالَهُ مَا قَدمَ وَمَالُ وَارِثِهِ مَا أَخرَ.

7969 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قايسىڭلارغا ۋارىسىنىڭ مېلى ئۆزىنىڭ مېلىدىن سۆيۈملۈكرەك بىلىنىدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، يېنىدىكىلەر:

① ئەلبانى (553): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەر قاندىقىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ مېلى سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـــ ھايات ۋاقىتىڭلاردا خەجلىۋالغىنىڭلار سىلەرنىڭ، قالغان ھەممىسى ۋارىسىڭلارنىڭ مېلىدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6442)

7970 ـ عن أبي وَائِلٍ قال جاء مُعَاوِيَةُ إلى أبي هَاشِمِ بن عُتْبَةَ وهو مَرِيضٌ يَعُـودُهُ فقال يا خَالُ ما يُبْكِيكَ أَوَجَعٌ يُشْئِزُكَ أَمْ حِرْصٌ على الدُّنْيا قال كُلًّا لَا وَلَكِن رَسُولَ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَهِدَ إلي عَهْدًا لم آخُذْ بِهِ قال إنما يَكْفِيكَ من جَمِيعِ الْمَـالِ خَـادِمٌ وَمَرْكَبٌ في سَبِيلِ اللهِ وَأَجِدُنِي الْيَوْمَ قد جَمَعْتُ.

وفي رواية رزين فلما مات حصل ما خلف فبلغ ثلاثين درZا وحسبت فيه القصـعة الا كان يعجن فيها وفيها يأكل.

7970 ـ ئەبۇ ۋائىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) ھاشىم ئىبنى ئۇتبە ئاغرىپ قالدى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يوقلاپ كىرىپ، يىغلاۋاتقىنىنى كۆردى ـ دە:

ـــ ئى تاغا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىۋاتامسەن ياكى دۇنياغا بولغان ھېرىسىڭ ئازابلاۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، دادام:

ـ بۇلارغا يىغلىمىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: «ئىنساننىڭ بىر خىزمەتچىسى ۋە الله يولىدا مىنىدىغان بىر ئۇلىغى بولسىلا، شۇنچىلىك مالنىڭ ئۆزى كۇپايە» دەپ تاپىلىغانىدى، لېكىن مەن بۈگۈن ئۆزەمنىڭ بۇ چەكتىن ھالقىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن (ۋە شۇنىڭغا يىغلاۋاتىمەن)، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2327)

[1] ئەلبانى (1896): ھەسەن، ـ دېگەن.

رەزىــن مۇنــۇ ئىبــارىلەرنى قوشـۇپ رىـۋايەت قىلغــان: ھاشــىم ۋاپــات بولغان ۋاقتىـدا قالدۇرۇپ كەتكەن بارلىق مـال ـ مـۈلكى 30 دەرھەم پـۇل بىــلەن خېمىـــر يۇغـۇرۇپ تامــاق يەيــدىغان كىچىــك بىــر تەڭلىــدىنلا ئىبارەت ئىدى.

7971 ـ عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُحَدثُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ جَلَسَ ذَاتَ يَوْمٍ عَلَى الْمِنْبَرِ وَجَلَسْنَا حَوْلَهُ فَقَالَ إني مِما أَخَافُ عَلَيْكُمْ مِنْ بَعْدِي مَا يُفْتَحُ عَلَيْكُمْ مِنْ زَهْرَةِ الدنْيَا وَزِينَتِهَا فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَوَيَأْتِي الْخَيْرُ بِالشر فَسَكَتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقِيلَ لَهُ مَا شَأْنُكَ تُكَلمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَا يُكَلمُكَ فَرَأَيْنَا أَنهُ يُنْزَلُ عَلَيْهِ قَالَ فَمَسَحَ عَنْهُ الرحَضَاءَ فَقَالَ أَينَ السائِلُ وَكَأَنهُ حَمِدَهُ فَقَالَ إِنهُ لَـا يَأْتِي الْخَيْرُ بِالشر وَإِن مِما يُنْبِتُ الربِيعُ يَقْتُلُ أَوْ يُلِم إلا آكِلَةَ الْخَضْرَاءِ أَكَلَـتْ حَتـى إِذَا امْتَدتْ خَاصِرَتَاهَا اسْتَقْبَلَتْ عَيْنَ الشمْسِ فَثَلَطَتْ وَبَالَتْ وَرَتَعَتْ وَإِن هَذَا الْمَالَ خَضِـرَةٌ حُلْوَةٌ فَنِعْمَ صَاحِبُ الْمُسْلِمِ مَا أَعْطَى مِنْهُ الْمِسْكِينَ وَالْيَتِيمَ وَابْنَ السبِيلِ أَوْ كَمَا قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِنهُ مَنْ يَأْخُذُهُ بِغَيْرِ حَقهِ كَالذِي يَأْكُلُ وَلَا يَشْبَعُ وَيَكُونُ شَهِيدًا عَلَيْهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

7971 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقتــى، بىــز ئۇنىــڭ ئەتراپىــدا چۆرىــدەپ ئولتــۇردۇق. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن ھەممىدىن بەك الله تائالانىڭ سىلەرگە فەتىھلەر ئارقىلىق كۆپلەپ مـال ـ دۇنيـا ئاتـا قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېگەنىدى، ئاردىن بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! (قولىمىزغا كېلىدىغان) خەيرلىك نەرسە بىزگە يامانلىق ئېلىپ كېلەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. (باشقىلار) سوئال سورىغۇچىغا:

ـــ پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا گەپ قىلمىسا، سەن نېمىشقا سـۆزىنى بۆلــۈپ گەپ قىلىســەن؟ ـ دېيىشــتى. قارىســاق، پەيغەمـــبەر

ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي نازىل بولۇۋاتقانىكەن. بىر كەمدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز ـ كۆزىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ:

ـ بايام سوئال سورىغان كىشى قېنى؟ ئەسلىدە ياخشىلىق پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما ئەتىياز پەسلىدە ئۆسىدىغان ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا مالنىڭ قورسىقىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ياكى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار. پەقەتلا يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا يەپ، قورسىقى تويغاندا ئاپتاپقا قاقلىنىپ، سىيىپ، تېزەكلەپ، (قورسىقى ئاچقاندا) يەنە ئوتلىغان مال ـ چارۋىلار ھالاك بولمايدۇ. مال ـ دۇنيامۇ شۇنداق يېقىملىق ۋە تاتلىقتۇر. مىسكىن، يېتىم ـ يېسىر ۋە يولدا قالغان بىچارىلەرگە پۇل ـ مال خەجلىگەن مۇسۇلمان نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟! ھەققى بولماي تۇرۇپ پۇل ـ مال ئالغانلار يەپ تويمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. قىيامەت كۈنى، ئۇ مال ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1465)

7972 ـ عن عَبْد الرحْمَن بْن عَوْفٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أُتِيَ بِطَعَامٍ وَكَانَ صَائِمًا فَقَالَ قُتِلَ مُصْعَبُ بْنُ عُمَيْرٍ وَهُوَ خَيْرٌ مِني كُفنَ فِي بُرْدَةٍ إِنْ غُطيَ رَأْسُهُ بَدَتْ رِجْلَاهُ وَإِنْ غُطيَ رِجْلَاهُ بَدَا رَأْسُهُ وَأُرَاهُ قَالَ وَقُتِلَ حَمْزَةُ وَهُوَ خَيْرٌ مِني ثُم بُسِطَ لَنَا مِنْ الدنْيَا مَا بُسِطَ أَوْ قَالَ أُعْطِينَا مِنْ الدنْيَا مَا أُعْطِينَا وَقَدْ خَشِينَا أَنْ تَكُونَ حَسَنَاتُنَا عُجلَتْ لَنَا ثُم جَعَلَ يَبْكِي حَتى تَرَكَ الطَعَامَ.

7972 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر كۈنى روزا تۇتقان بولۇپ، ئىپتارلىق تائام كەلتۈرۈلگەندە ئۇ:

ـ مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير قەتلى قىلىندى. ھالبۇكى، ئۇ مەندىن ياخشى ئىدى. ئۇ دەپنە قىلىنغاندا، شۇنداق قىسقا بىر يېپىنچا بىلەن كېپەنلەندىكى، بېشىنى ياپساق پۇتى، پۇتىنى ياپساق، بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. ھەمزەمۇ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇمۇ مەندىن ياخشى ئىدى ھەم ئۇمۇ

شۇنداق قىسقا يېپىنچا بىلەن كېپەنلەندى. مانا ئەمدى بىز نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئېرىشتۇق. بىز ياخشىلىقلىرىمىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىۋېتىلگەن بولۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمىز، - دېدى ۋە يىغىسىنى توختىتالماي، تائامنىمۇ يېمىدى.

(بۇخارى: 1275)

7973 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ يقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ ألَا إن الدنْيَا مَلْعُونَةٌ مَلْعُونٌ مَا فِيهَا إلا ذِكْرُ اللهِ وَمَا وَالَاهُ وَعَالِمٌ أوْ مُتَعَلمٌ.

7973 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«دىققەت قىلىڭلاركى، دۇنيا لەنەت قىلىنغان، ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگىمۇ لەنەت قىلىنغاندۇر. پەقەتلا اللهنى زىكىر قىلىش ۋە الله ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر، ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچى قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا»[1].

(تىرمىزى: 2322)

7974 ـ عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الدنْيَا سِجْنُ الْمُؤْمِنِ وَجَنةُ الْكَافِرِ.

7974 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇنيا مۇئمىنىنىڭ تۈرمىسى، كاپىرنىڭ جەننىتىدۇر».

(مۇسلىم: 2956)

7975 ـ عن أنس رفعه: حب الدنيا رأسُ كل خطيئَةٍ وحُبكَ الشيْءَ يُعْمِي وَيُصِم.

7975 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (1891): ھەسەن، - دېگەن.

«دۇنياغا ئامراقلىق ھەرقانداق گۇناھنىڭ بېشىدۇر، سېنىڭ بىر نەرسىگە بولغان ئامراقلىقىڭ كۆزۈڭنى قارىغۇ، قۇلىقىڭنى گاس قىلىپ قويىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7976 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ نَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلى حَصِيرٍ فَقَامَ وَقَدْ أثرَ فِي جَنْبِهِ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ اتخَذْنَا لَكَ وِطَاءً فَقَالَ مَا لِي وَمَا لِلدنْيَا مَا أنَا فِي الدنْيَا إِلا كَرَاكِبٍ اسْتَظَل تَحْتَ شَجَرَةٍ ثُم رَاحَ وَتَرَكَهَا.

7976 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر بورىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قوپقان ئىدى، قارىساق، بېقىنىغا بورىنىڭ ئىزى چىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاستىڭغا بىر كۆرپە قىلىپ بەرگەن بولساق، ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مەن دۇنيادا پەقەت بىر تۈپ دەرەخ ئاستىغا كىرىپ سايىدىغاندىن كېيىن، دەرەخنى تاشلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان يولۇچىغا ئوخشايمەن ـ خالاس، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2377)

7977 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر بِالسوقِ دَاخِلًا مِنْ بَعْضِ الْعَالِيَةِ وَالناسُ كَنَفَتَهُ فَمَر بِجَدْيٍ أسَك مَيتٍ فَتَنَاوَلَهُ فَأخَذَ بِأذُنِهِ ثُم قَالَ أيكُمْ يُحِب أن هَذَا لَهُ بِدِرْهَمٍ فَقَالُوا مَا نُحِب أنهُ لَنَا بِشَيْءٍ وَمَا نَصْنَعُ بِهِ قَالَ أتُحِبونَ أنهُ لَكُمْ قَالُوا وَاللهِ لَوْ كَانَ حَيا كَانَ عَيْبًا فِيهِ لِأنهُ أسَك فَكَيْفَ وَهُوَ مَيتٌ فَقَالَ فَوَاللهِ لَلدنْيَا أهْوَنُ عَلَى اللهِ مِنْ هَذَا عَلَيْكُمْ.

7977 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ

[1] ئەلبانى (1936): سەھىھ ـ دېگەن.

يۇقىرى تەرىپىدىكى مەھەللىدىن بازارغا كىرىپ كەلدى. خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغانىدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆلۈپ قالغان بىر ئوغلاقنى كۆرۈپ قالدى، ئوغلاقنىڭ قۇلاقلىرى كىچىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلاقنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ كىم بۇ ئوغلاقنى بىر دەرھەمگە سېتىۋالىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، خەلق:

ــ بۇنى نېمە قىلىمىز؟ ئەگەر تىرىك بولغان تەقدىردىمۇ، كىچىك قۇلاقلىرى تۈپەيلىدىن بىر دەرھەمگە سېتىۋالمايتتۇق، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله ئۈچۈن بۇ دۇنيا سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردىكى مۇشۇ ئوغلاقتىنمۇ قەدىرسىزدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2957)

7978 ـ عن مُسْتَوْرِد أَخَا بَنِي فِهْرٍ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ وَاللهِ مَا الدنْيا فِي الْآخِرَةِ إلا مِثْلُ مَا يَجْعَلُ أَحَدُكُمْ إِصْبَعَهُ هَذِهِ وَأَشَارَ يَحْيَى بِالسبابَةِ فِي الْيم فَلْيَنظُرْ بِمَ تَرْجِعُ.

7978 ــ بەنى فەھر قەبىلىسىدىن مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن خۇددى چىمچىلاق بارماقنى دېڭىزغا تىقىپ چىققاندەكلا بىر ئىش. بىرىڭلار بارمىقىنى تىقىپ دېڭىزدىن قانچىلىك سۇ ئالالىغانلىقىغا قاراپ باقسۇن».

(مۇسلىم: 2858)

7979 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَوْ كَانَتْ الدنْيا تَعْدِلُ عِنْدَ اللهِ جَنَاحَ بَعُوضَةٍ مَا سَقَى كَافِرًا مِنْهَا شَرْبَةَ مَاءٍ.

7979 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ناۋادا دۇنيا اللهنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قىممەتكە ئىگە بولسا ئىدى، كاپىرغا ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى»[1].

(تىرمىزى: 2320)

7980 ـ عن قَتَادَةَ بن النُّعْمَانِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال إذا أَحَب الله عَبْدًا حَمَاهُ الدُّنْيَا كما يَظَل أحدكم يَحْمِي سَقِيمَهُ الْمَاءَ.

7980 ــ قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«الله بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى خۇددى بىرىڭلار بىمار كىشىنى سۇدىن پەرھىز تۇتتۇرغاندەك دۇنيادىن پەرھىز تۇتتۇرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2063)

7981 ـ وقال عَلِي بن أبي طَالِبٍ ارْتَحَلَتْ الدُّنْيَا مُدْبِرَةً وَارْتَحَلَتْ الْآخِرَةُ مُقْبِلَـةً وَلِكُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا بَنُونَ فَكُونُوا من أَبْنَاءِ الْآخِرَةِ ولا تَكُونُوا من أَبْنَاءِ الدُّنْيَا فـإن الْيَـوْمَ عَمَلٌ ولا حِسَابَ وَغَدًا حِسَابٌ ولا عَمَلٌ.

7981 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: دۇنيا ئارقىنى قىلىپ كەتتى، ئاخىرەت ئالدىنى قىلىپ كەلدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بالىلىرى بار، شۇڭا سىلەر ئاخىرەتنىڭ بالىلىرىدىن بولۇڭلاركى، دۇنيانىڭ بالىلىرىدىن بولۇپ قالماڭلار. چۈنكى بۈگۈن ئەمەل بار، ھېساب يوق. ئەتە ھېساب بار، ئەمەل يوق.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (1889): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1659): سەھىھ ـ دېگەن.

## غەزەب، غەيۋەت، گەپ توشۇش ۋە ناخشا قاتارلىقلار

7982 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيسَ الشدِيدُ بِالصرَعَةِ إنمَا الشدِيدُ الذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ.

7982 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«چېلىشقاندا يەڭگەن نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزىنى بېسىۋالغان ھەقىقىي نوچىدۇر».

(بۇخارى: 6114)

7983 ـ عن أبي وَائِلٍ الْقَاص قَالَ دَخَلْنَا عَلَى عُرْوَةَ بن مُحَمدٍ السعْدِي فَكَلمَهُ رَجُلٌ فَأغْضَبَهُ فَقَامَ فَتَوَضأ ثُم رَجَعَ وَقَدْ تَوَضأ فَقَالَ حَدثَنِي أبِي عَنْ جَدي عَطِيةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن الْغَضَبَ مِنْ الشيْطَانِ وَإن الشيْطَانَ خُلِقَ مِنْ النارِ وَإنمَا تُطْفَأُ النارُ بِالْمَاءِ فَإذَا غَضِبَ أحَدُكُمْ فَلْيَتَوَضأ.

7983 ـ ئەبۇ ۋائىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئۇرۋە ئىبنى مۇھەممەد سەئدىنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدۇق، بىر كىشى ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: دادامنىڭ بوۋامدىن رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «غەزەب شەيتاندىن، شەيتان بولسا ئوتتىن يارىتىلغان. ئوت ـ سۇ بىلەن ئۆچۈرۈلىدۇ، شۇڭا بىرىڭلار غەزەپلەنگەندە، تاھارەت ئالسۇن» دېگەنىكەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4784)

[1] ئەلبانى (1025): زەئىپ، ـ دېگەن.

7984 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ إن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَنا إذَا غَضِـبَ أَحَدُكُمْ وَهُوَ قَائِمٌ فَلْيَجْلِسْ فَإِنْ ذَهَبَ عَنْهُ الْغَضَبُ وَإِلا فَلْيَضْطَجِعْ.

7984 ـــ ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار ئۆرە تۇرغان ھالەتتە غەزەبلەنسە، دەرھال ئولتۇرىۋالسۇن. غەزىۋى يانساياندى، يانمىسا يېتىۋالسۇن»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4782)

7985 ـ عن سُلَيْمَانَ بْنَ صُرَدٍ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اسْتَب رَجُلَان عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَغَضِبَ أَحَدُهُمَا فَاشْتَد غَضَبُهُ حَتى انْتَفَخَ وَجْهُهُ وَتَغَيرَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إني لَأَعْلَمُ كَلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ عَنْهُ الذِي يَجِدُ فَانْطَلَقَ إِلَيْهِ الرجُلُ فَأَخْبَرَهُ بِقَوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ تَعَوذْ بِاللهِ مِنْ الشيْطَانِ فَقَالَ أَتُرَى بِي بَأْسٌ أَمَجْنُونٌ أَنا اذْهَبْ.

7985 ـ سۇلايمان ئىبنى سۇراد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا تۇراتتۇق، ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى تىللاشقىلى تۇردى. بىرسىنىڭ چىرايى غەزەپتىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەندى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن بىر كەلىمە بىلىمەن. ئەگەر ئۇ ئادەم: "اللهنىڭ رەھمىتىگە سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن" (ئەئۇزۇبىللاھىمىنەششەيتانىررەجىم) دېسە، ئاچچىقى دەرھال بېسىقىدۇ، ـ دېدى. ئارىدىن بىرەيلەن ئاچچىقلانغان ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى ۋە:

ـ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن اللهقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن!

ـ دېگەندى، ئۇ ئادەم:

ـ مەن كېسەل ياكى ساراڭمىكەنمەن؟ ماڭ نېرى! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6048)

[①] ئەلبانى (4000): سەھىھ ـ دېگەن.

7986 ـ زفي رواية: فَقَالُوا لِلرجُلِ أَلَا تَسْمَعُ مَا يَقُولُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِني لَسْتُ بِمَجْنُونٍ.

7986 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: كىشىلەر بىرىپ، ھېلىقى ئادەمگە:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ئۇ:

ــ مەن ساراڭ بولمىسام، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6115)

7987 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ قَالَ اسْتَب رَجُلَانِ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَغَضِبَ أَحَدُهُمَا غَضَبًا شَدِيدًا حَتى خُيلَ إِلَي أَن أَنْفَهُ يَتَمَزعُ مِنْ شِدةِ غَضَبِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَعْلَمُ كَلِمَةً لَوْ قَالَهَا لَذَهَبَ عَنْهُ مَا يَجِدُهُ مِنْ الْغَضَبِ فَقَالَ مَا هِيَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ يَقُولُ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ الشيْطَانِ الرجِيمِ قَالَ فَجَعَلَ مُعَاذٌ يَأْمُرُهُ فَأَبى وَمَحِكَ وَجَعَلَ يَزْدَادُ غَضَبًا.

7987 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىككى ئادەم تىللىشىپ قالدى. بىرسى شۇنداق دەرغەزەپ بولدىكى، غەزەبتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن بىر كەلىمە بىلىمەن، ئەگەر بۇ كىشى ئۇنى ئوقۇغان بولسا، غەزىپى پەسلىگەن بولاتتى، ـ دېدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قايسى سۆز؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ "اللهقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن" دېسە بولىدۇ، ـ دېدى. مەن ئۇ ئادەمنى شۇنداق دېيىشكە بۇيرىدىم، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنىماي، تېخىمۇ غەزەبلىنىشكە باشلىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4780)

[1] ئەلبانى (1024): زەئىپ، ـ دېگەن.

7988 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَجُلًا قَالَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْصِنِي قَالَ لَا تَغْضَبْ فَرَددَ مِرَارًا قَالَ لَا تَغْضَبْ.

7988 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ماڭا نەسىھەت قىلغىن! ــ دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ غەزەبلەنمىگىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم سۆزىنى تەكرارلاۋەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قايتا ـ قايتا:

ــ غەزەبلەنمىگىن! ـ دەۋەردى.

(بۇخارى: 6116)

7989 ـ عن مُعَاذِ بْنِ أَنسٍ الْجُهَنِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ كَظَمَ غَيْظًا وَهُوَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يُنفذَهُ دَعَاهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى رُءُوسِ الْخَلَائِقِ حَتى يُخَيرَهُ فِي أَي الْحُورِ شَاءَ.

7989 ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى (قارشى تەرەپكە) كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئاچچىقىغا ھاي بېرەلىسە، الله تائالا ئۇنى پۈتۈن خالايىق ئالدىدا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى خالىغان ھۆر پەرىنى تاللىۋېلىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ».

(تىرمىزى: 2021)

7990 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ صَلى بِنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا صَلَاةَ الْعَصْرِ بِنَهَارٍ ثُم قَامَ خَطِيبًا فَلَمْ يَدَعْ شَيْئًا يَكُونُ إِلَى قِيَامِ الساعَةِ إِلا أَخْبَرَنَا بِهِ حَفِظَهُ مَنْ حَفِظَهُ وَنَسِيَهُ مَنْ نَسِيَهُ وَكَانَ فِيمَا قَالَ إِن الدنْيَا حُلْوَةٌ خَضِرَةٌ وَإِن اللهَ مُسْتَخْلِفُكُمْ فِيهَا فَنَاظِرٌ كَيْفَ تَعْمَلُونَ أَلَا فَاتقُوا الدنْيَا وَاتقُوا النسَاءَ وَكَانَ فِيمَا قَالَ أَلَا لَا يَمْنَعَن رَجُلًا هَيْبَةُ الناسِ أَنْ يَقُولَ بِحَق إِذَا عَلِمَهُ قَالَ فَبَكَى أَبُو سَعِيدٍ فَقَالَ قَدْ وَاللهِ رَأَيْنَا أَشْيَاءَ فَهِبْنَا فَكَانَ فِيمَا قَالَ أَلَا إِنهُ يُنْصَبُ لِكُل غَادِرٍ لِوَاءٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِقَدْرِ غَدْرَتِهِ وَلَا غَدْرَةَ

أَعْظَمُ مِنْ غَدْرَةِ إِمَامِ عَامةٍ يُرْكَزُ لِوَاؤُهُ عِنْدَ اسْتِهِ فَكَانَ فِيمَا حَفِظْنَا يَوْمَئِذٍ أَلَا إِنَّ بَنِي آدَمَ خُلِقُوا عَلَى طَبَقَاتٍ شَتَّى فَمِنْهُمْ مَنْ يُولَدُ مُؤْمِنًا وَيَحْيَا مُؤْمِنًا وَيَمُوتُ مُؤْمِنًا وَمِنْهُمْ مَنْ يُولَدُ كَافِرًا وَيَحْيَا كَافِرًا وَيَمُوتُ كَافِرًا وَمِنْهُمْ مَنْ يُولَدُ مُؤْمِنًا وَيَحْيَا مُؤْمِنًا وَيَمُوتُ كَافِرًا وَمِنْهُمْ مَنْ يُولَدُ كَافِرًا وَيَحْيَا كَافِرًا وَيَمُوتُ مُؤْمِنًا أَلَا وَإِنَّ مِنْهُمْ الْبَطِيءَ الْغَضَبِ سَرِيعَ الْفَيْءِ وَمِنْهُمْ سَرِيعُ الْغَضَبِ سَرِيعُ الْفَيْءِ فَتِلْكَ بِتِلْكَ أَلَا وَإِنَّ مِنْهُمْ سَرِيعَ الْغَضَبِ بَطِيءَ الْفَيْءِ أَلَا وَخَيْرُهُمْ بَطِيءُ الْغَضَبِ سَرِيعُ الْفَيْءِ أَلَا وَشَرُّهُمْ سَرِيعُ الْغَضَبِ بَطِيءُ الْفَيْءِ أَلَا وَإِنَّ مِنْهُمْ حَسَنَ الْقَضَاءِ حَسَنَ الطَّلَبِ وَمِنْهُمْ سَيِّئُ الْقَضَاءِ حَسَنُ الطَّلَبِ وَمِنْهُمْ حَسَنُ الْقَضَاءِ سَيِّئُ الطَّلَبِ فَتِلْكَ بِتِلْكَ أَلَا وَإِنَّ مِنْهُمْ السَّيِّئَ الْقَضَاءِ السَّيِّئَ الطَّلَبِ أَلَا وَخَيْرُهُمْ الْحَسَنُ الْقَضَاءِ الْحَسَنُ الطَّلَبِ أَلَا وَشَرُّهُمْ سَيِّئُ الْقَضَاءِ سَيِّئُ الطَّلَبِ أَلَا وَإِنَّ الْغَضَبَ جَمْرَةٌ فِي قَلْبِ ابْنِ آدَمَ أَمَا رَأَيْتُمْ إِلَى حُمْرَةِ عَيْنَيْهِ وَانْتِفَاخِ أَوْدَاجِهِ فَمَنْ أَحَسَّ بِشَيْءٍ مِنْ ذَلِكَ فَلْيَلْصَقْ بِالْأَرْضِ قَالَ وَجَعَلْنَا نَلْتَفِتُ إِلَى الشَّمْسِ هَلْ بَقِيَ مِنْهَا شَيْءٌ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَلَا إِنَّهُ لَمْ يَبْقَ مِنْ الدُّنْيَا فِيمَا مَضَى مِنْهَا إِلَّا كَمَا بَقِيَ مِنْ يَوْمِكُمْ هَذَا فِيمَا مَضَى مِنْهُ.

7990 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ۋەز ئېيتىپ، قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ بەردى. ئۇنى ئەستە تۇتۇۋالغانلار تۇتۇۋالدى، ئۇنتۇپ قالغانلار ئۇنتۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن سۆزلەر ئىچىدە مۇنۇلار بار ئىدى: «بۇ دۇنيا تاتلىق ھەم يېقىملىق. الله سىلەرنى دۇنياغا ئىز باسار قىلىپ، سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىماقچى. دىققەت قىلىڭلار! دۇنياغا ۋە ئاياللارغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار. ھەقنى بىلگەن كىشى كىشىلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن تارتىنىپ ھەقنى دېمەي قالمىسۇن».

بۇ يەرگە كەلگەندە، ئەبۇ سەئىد خۇدرى يىغلىغان ھالدا مۇنداق دېدى: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك بەزى ئىشلارنى كۆرسەكمۇ، قورقۇپ ھەق سۆزنى

قىلالمىدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەر بىر خىيانەتكارغا قىيامەت كۈنى خىيانىتىگە لايىق بىر بايراق تىكلىنىدۇ، ئاۋام خەلق ئۆزىگە ئىمام قىلىۋالغان كىشىنىڭ خىيانىتىدىنمۇ ئېغىر خىيانەت بولمايدۇ. ئۇنىڭ بايرىقى كاسىسىغا تىكلىنىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنۇلارمۇ ئېسىمىزدە ساقلانماقتا: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئادەم باللىرى بىر نەچچە مەرتىۋىدە يارىتىلغان. بەزىلىرى مۇئمىن تۇغۇلۇپ، مۇئمىن پېتى ياشايدۇ ۋە مۇئمىن پېتى قەبرى روھ بولىدۇ. بەزىلىرى كاپىر تۇغۇلۇپ، كاپىر پېتى ياشايدۇ ۋە كاپىر پېتى ئۆلىدۇ. يەنە بەزىلىرى مۇئمىن تۇغۇلۇپ، مۇئمىن پېتى ياشاپ، كاپىر بولغان ھالدا ئۆلىدۇ. بەزىلىرى كاپىر تۇغۇلۇپ، كاپىر پېتى ياشاپ، مۇئمىن بولغان ھالدا ئۆلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غەزىۋى ئاستا كېلىپ، تېز يانىدىغان بولىدۇ. بەزىلىرى غەزىۋى تېز كېلىپ، تېز يانىدىغان بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى غەزىۋى تېز كېلىپ، ئاستا يانىدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى غەزىۋى ئاستا كېلىپ، تېز يانىدىغانلىرى؛ ئەڭ يامىنى بولسا، غەزىۋى تېز كېلىپ، ئاستا يانىدىغانلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەرزنى چىرايلىقچە تۆلەيدىغان ۋە ئېلىشنى چىرايلىقچە سۈيلەيدىغانلار بار. يەنە قەرزنى قوپال تۆلەيدىغان، لېكىن ئېلىشنى چىرايلىقچە سۈيلەيدىغانلار بار. يەنە قەرزنى چىرايلىقچە تۆلەيدىغان، لېكىن ئېلىشنى قوپال سۈيلەيدىغانلار بار. ئۇندىن باشقا، ھەم قەرزنى قوپال تۆلەيدىغان ھەم ئېلىشنى قوپال سۈيلەيدىغانلار بار. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەم قەرزنى چىرايلىقچە تۆلەيدىغان ھەم ئېلىشنى چىرايلىقچە سۈيلەيدىغانلار؛ ئەڭ يامانلىرى بولسا، ھەم قەرزنى قوپال تۆلەيدىغان ھەم ئېلىشنى قوپال سۈيلەيدىغانلاردۇر. غەزەب، ئادەم بالىسىنىڭ قەلبىدىكى چوغدۇر. ئىنسان بالىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ، تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ كىمكى ئۆزىدە ئەشۇنداق ئالامەتلەرنى ھېس قىلسا، يەرگە چاپلىشىۋالسۇن». بىز كۈن

پاتقانمىدۇ ياكى پاتمىغانمىدۇ دېيىشىپ قاراشقىلى تۇرىۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىپ قېلىڭلاركى، دۇنيا ئۆمرىدىن قېلىپ قالغىنى بۇگۈندىن قېلىپ قالغان ۋاقىتچىلىكلا (يەنى بەكمۇ ئاز) قېلىپ قالدى» دېدى[①].

7991 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَعُدونَ الرقُوبَ فِيكُمْ قَالَ قُلْنَا الذِي لَا يُولَدُ لَهُ قَالَ لَيْسَ ذَاكَ بِالرقُوبِ وَلَكِنهُ الرجُلُ الذِي لَمْ يُقَدمْ مِنْ وَلَدِهِ شَيْئًا قَالَ فَمَا تَعُدونَ الصرَعَةَ فِيكُمْ قَالَ قُلْنَا الذِي لَا يَصْرَعُهُ الرجَالُ قَالَ لَيْسَ بِذَلِكَ وَلَكِنهُ الذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ.

7991 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەر قانداق كىشىنى رەقۇب دەپ قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، بىز:

ـ پەرزەنتى تۇرمايدىغان كىشىنى رەقۇب دەيمىز، ـ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداق ئەمەس، رەقۇب دېگەن، بىرمۇ بالىسىنى ئۆزىدىن بۇرۇن يەرلىككە قويۇپ باقمىغان كىشى رەقۇب بولىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن يەنە:

ـ قانداق كىشىلەرنى پالۋان دەپ قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. بىز:

ـ چېلىشتا يېڭىلمايدىغان ئادەمنى پالۋان دەيمىز، ـ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ ئۇنداق ئەمەس، پالۋان دېگەن، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلەيدىغان كىشىدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2608)

7992 ـ وفي رواية: أَتَدْرُونَ ما الْمُفْلِسُ قالوا الْمُفْلِسُ فِينَا من لَا دِرْهَمَ له ولا مَتَاعَ فقال إِن الْمُفْلِسَ من أُمتِي يَأْتِي يوم الْقِيَامَةِ بِصَلَاةٍ وَصِيَامٍ وَزَكَاةٍ وَيَأْتِي قد شَتَمَ هذا وَقَذَفَ هذا وَأَكَلَ مَالَ هذا وَسَفَكَ دَمَ هذا وَضَرَبَ هذا فَيُعْطَى هذا من حَسَنَاتِهِ وَهَذَا من

[①] ئەلبانى (385): زەئىپ، لېكىن بەزى ئالىملىرى سەھىھ ـ دېگەن.

حَسَنَاتِهِ فَإِنْ فَنِيَتْ حَسَنَاتُهُ قبل أَنْ يُقْضَى ما عليه أُخِذَ من خَطَايَاهُمْ فَطُرِحَتْ عليه ثُم طُرِحَ في النار.

7992 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەرمايىسىدىن ئاجراپ كەتكەن كىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ساھابىلار:

— پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرنى شۇنداق دەپ بىلىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇممىتىم ئىچىدە سەرمايىسىدىن ئاجراپ كەتكەن كىشى مۇنداق بولىدۇ: ئۇ قىيامەت كۈنى ناماز، روزا، زاكات، قاتارلىق ئەمەللەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىرىنى تىللىغان، بىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان، بىرىنىڭ ھەققىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، يەنە بىرىنى ئۇرغان ھالەتتە كېلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا بېرىلىدۇ. بويىنىدىكى ھەقلەر تۆلىنىپ بولغىچە ساۋابى تۈگەپ كەتسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئارتىلىدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7993 ـ عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ عَلمُوا وَيَسرُوا وَلَا تُعَسرُوا وَإِذَا غَضِبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْكُتْ

7993 — ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆگىتىڭلار، قولايلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. غەزەبلىنىپ قالساڭلار، جىم تۇرۇۋېلىڭلار»[1].

(ئەھمەد: 2136)

[1] ھەيسەمى (12993): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7994 ـ عَنْ عُرْوَةَ بنِ مُحَمدٍ قَالَ حَدثَنِي أَبِي عَنْ جَدي قَالَ قَالَ رَسُـولُ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اسْتَشَاطَ السلْطَانُ تَسَلطَ الشيْطَانُ.

7994 ــ ئۇرۋە ئىبنى مۇھەممەد دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ قالسا، شەيتان ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 18012)

7995 ـ عن ابن عباس قال قال رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ باب للنـار لا يدخله أحد إلا من يشفي غيظه بسخط الله.

7995 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دوزاخنىڭ شۇنداق بىر دەرۋازىسى باركى، ئۇنىڭدىن پەقەت (ئۆزىنىڭ) غەزىۋىنى ئاللاھنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلار بىلەن بېسىقتۇرىدىغان كىشىلەرلا كىرىدۇ»[2].

(بەززار: 2055)

7996 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا الْغِيبَةُ قَالَ ذِكْرُكَ أَخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ قِيلَ أَفَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ فِي أَخِي مَا أَقُولُ قَالَ إِنْ كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ فَقَدْ اغْتَبْتَهُ وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ مَا تَقُولُ فَقَدْ بَهَتهُ.

7996 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

[1] ھەيسەمى (12996): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12997): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى شەيبە تائىفى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! غەيـۋەت دېـگەن نـېمە؟ ـ دەپ سـورالغانـدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ قېرىندىشىڭنىڭ يامان كۆرىدىغان ئىشلىرىنى سۆزلىسەڭ، غەيۋەت قىلغان بولىسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەنە:

ـــ ئەگەر قېرىندىشىمدا مەن دېگەن ئىشلار بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن دېگەن گەپلەر ئۇنىڭدا بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن. ئەگەر بولمىسا، ئۇنى قارىلىغان بولىسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4874)

7997 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قُلْتُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَسْبُكَ مِنْ صَفِيةَ كَذَا وَكَذَا قَالَ غَيْرُ مُسَددٍ تَعْنِي قَصِيرَةً فَقَالَ لَقَدْ قُلْتِ كَلِمَةً لَوْ مُزِجَتْ بِمَاءِ الْبَحْرِ لَمَزَجَتْهُ قَالَتْ وَحَكَيْتُ لَهُ إِنْسَانًا فَقَالَ مَا أُحِب أني حَكَيْتُ إِنْسَانًا وَأن لِي كَذَا وَكَذَا.

7997 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ سەفىيەنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقى ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ سەن شۇنداق بىر سۆز قىلدىڭكى، ناۋادا ئۇ سۆز دېڭىزغا ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا، دېڭىز سۈيىنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى، ـ دېدى. ئاندىن قىزىقچىلىق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشىنى دوراپ بەرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق مۇكاپات بەرسىمۇ، بىر ئىنسانني (ئەيىبىنى ئېچىپ) دورىمايمەن، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4875)

---

[1] ئەلبانى (4079): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4080): سەھىھ ـ دېگەن.

7998 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما عُرِجَ بِي مَرَرْتُ بِقَوْمٍ لَهُمْ أَظْفَارٌ مِنْ نُحَاسٍ يَخْمُشُونَ وُجُوهَهُمْ وَصُدُورَهُمْ فَقُلْتُ مَنْ هَؤُلَاءِ يَا جِبْرِيلُ قَالَ هَؤُلَاءِ الذِينَ يَأْكُلُونَ لُحُومَ الناسِ وَيَقَعُونَ فِي أَعْرَاضِهِمْ.

7998 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا (يەنى مىراج كېچىسى)، تۇچ تىرناقلىرى بىلەن يۈز ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلاۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ: ئى جىبرىئىل، بۇلار كىملەر بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، جىبرىئىل: ئۇلار كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ گۆشلىرىنى يەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىززەت ــ نومۇسى ھەققىدە گەپ قىلىدىغانلار، ـ دەپ جاۋاب بەردى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4878)

7999 ـ عَنْ الْمُسْتَوْرِدِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَكَلَ بِرَجُلٍ مُسْلِمٍ أَكْلَةً فَإِن اللهَ يُطْعِمُهُ مِثْلَهَا مِنْ جَهَنمَ وَمَنْ كُسِيَ ثَوْبًا بِرَجُلٍ مُسْلِمٍ فَإِن اللهَ يَكْسُوهُ مِثْلَهُ مِنْ جَهَنمَ وَمَنْ قَامَ بِرَجُلٍ مَقَامَ سُمْعَةٍ وَرِيَاءٍ فَإِن اللهَ يَقُومُ بِهِ مَقَامَ سُمْعَةٍ وَرِيَاءٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

7999 ـ مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بەدىلىگە بىر لوقما تائام يېسە، الله ئۇنىڭغا جەھەننەمدە (ئوت ۋە ئازابتىن) شۇنىڭغا ئوخشاش تاماق يېگۈزىدۇ. قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بەدىلىگە بىر قۇر كىيىم كىيسە، الله ئۇنىڭغا جەھەننەمدە (ئوت ۋە ئازابتىن) شۇنىڭغا ئوخشاش كىيىم كىيگۈزىدۇ. قانداق بىر كىشى ياخشىچاق بولۇۋېلىپ ۋە رىياخورلۇق

[1] ئەلبانى (4082): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىپ، بىر مۇسۇلمانغا زىيان سالسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى رىياخورلار قاتارىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4881)

8000 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ زَيْدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن مِنْ أَرْبَى الربَا الِاسْتِطَالَةَ فِي عِرْضِ الْمُسْلِمِ بِغَيْرِ حَق.

8000 ـــ سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جازانىنىڭ ئەڭ يامىنى بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا ناھەق تىل تەگكۈزۈشتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4876)

8001 ـ عَنْ مُعَاذِ بْنِ أَنسٍ الْجُهَنِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ حَمَى مُؤْمِنًا مِنْ مُنَافِقٍ أُرَاهُ قَالَ بَعَثَ اللهُ مَلَكًا يَحْمِي لَحْمَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ نَارِ جَهَنمَ وَمَنْ رَمَى مُسْلِمًا بِشَيْءٍ يُرِيدُ شَيْنَهُ بِهِ حَبَسَهُ اللهُ عَلَى جِسْرِ جَهَنمَ حَتى يَخْرُجَ مِما قَالَ.

8001 ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس ئەلجۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر مۇئمىننى بىر مۇناپىقتىن قوغداپ قالسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ گۆشىنى دوزاخ ئوتىدىن قوغدايدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننى كەمسىتىش ئۈچۈن بىر سۆز توقۇسا، الله ئۇنى تاكى گۇناھىدىن پاكلانغىچە جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكىگە قاماپ قويىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4883)

[1] ئەلبانى (4084): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4081): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (4086): ھەسەن، ـ دېگەن.

8002 ـ عَنْ هَمامٍ قَالَ كُنا مَعَ حُذَيْفَةَ فَقِيلَ لَهُ إِن رَجُلًا يَرْفَعُ الْحَدِيثَ إِلَى عُثْمَانَ فَقَالَ لَهُ حُذَيْفَةُ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ قَتاتٌ.

8002 ـ ھەمماممدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇنىڭغا:

ـ بىر كىشى ئوسمانغا گەپ توشۇيدىكەن، ـ دېيىلىۋىدى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 6056)

8003 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يُبَلِّغُنِي أَحَدٌ مِنْ أَصْحَابِي عَنْ أَحَدٍ شَيْئًا فَإِني أُحِب أَنْ أَخْرُجَ إِلَيْكُمْ وَأَنَا سَلِيمُ الصدْرِ.

8003 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ساھابىلىرىمدىن ھېچكىم ماڭا بىرەر كىشى توغرىسىدا گەپ توشىمىسۇن، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كۆڭلۈمدە ھېچ قانداق غۇم يوق ھالدا چىقىشنى ياخشى كۆرىمەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4860)

8004 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَارْتَفَعَتْ رِيحُ جِيفَةٍ مُنْتِنَةٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَدْرُونَ مَا هَذِهِ الريحُ هَذِهِ رِيحُ الذِينَ يَغْتَابُونَ الْمُؤْمِنِينَ.

8004 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، تۇساتتىن تاپىنىڭ سېسىق پۇرىقى كېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (1035): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـــ بۇ نېمە پۇراق بىلەمسىلەر؟ بۇ مۆئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ پۇرىقى، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 14826)

8005 ـ عن عبد اللهِ قال كنا جُلُوسًا عِنْدَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَقَامَ رَجُلٌ فَوَقَعَ فيه رَجُلٌ من بَعْدِهِ فقال النبي صلى اللهُ عليه وسلم تَخَلَّلْ قال وما أَتَخَلَّلُ يا رَسُولَ اللهِ أَكَلْتُ لَحْمًا قال إِنكَ أَكَلْتَ لَحْمَ أَخِيكَ.

8005 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئولتۇراتتۇق. ئارىدىن بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ كېتىشىگە، يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ چىشىڭنى كوچىلىۋەت! ـ دېدى، ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللا! نېمىگە كوچىلايمەن، گۆش يېمىسەم؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن قېرىندىشىڭنىڭ گۆشىنى يېدىڭ، ـ دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 10092)

8006 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعِنْدِي جَارِيَتَانِ تُغَنيَانِ بِغِنَاءِ بُعَاثَ فَاضْطَجَعَ عَلَى الْفِرَاشِ وَحَولَ وَجْهَهُ وَدَخَلَ أَبُو بَكْرٍ فَانْتَهَرَنِي وَقَالَ مِزْمَارَةُ الشيْطَانِ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَقْبَلَ عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ عَلَيْهِ السلَام فَقَالَ دَعْهُمَا فَلَما غَفَلَ غَمَزْتُهُمَا فَخَرَجَتَا وَكَانَ يَوْمَ عِيدٍ يَلْعَبُ السودَانُ بِالدرَقِ وَالْحِرَابِ فَإِما سَأَلْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِما قَالَ تَشْتَهِينَ تَنْظُرِينَ فَقُلْتُ نَعَمْ فَأَقَامَنِي وَرَاءَهُ

[①] ھەيسەمى (13120): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (13145): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

خَدي عَلَى خَدهِ وَهُوَ يَقُولُ دُونَكُمْ يَا بَنِي أَرْفِدَةَ حَتى إِذَا مَلِلْتُ قَالَ حَسْبُكِ قُلْتُ نَعَـمْ قَالَ فَاذْهَبِي.

8006 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمغا كىرگەندە، يېنىمدا ئىككى قىز بۇئاس (ئەۋس بىلەن خەزرەج ئوتتۇرىدا جەڭ بولغان جاي) ئۇرۇشىدا ئېيتىلغان قوشاقلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇدۇل كۆرپىگە چىقتى ـ دە، يىزگە ئارقىسىنى قىلىپ ياتتى. بىر كەمدىن كېيىن (دادام) ئەبۇ بەكرى كىرىپ قېلىپ، مېنى ئەيىبلەپ:

ـ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا شەيتاننىڭ ناۋالىرى ياڭراپ كېتىپتىغۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىگە:

ـ ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىككى قىزنى چىمدىپ قويۇۋىدىم، ھۇجرامدىن چىقىپ كەتتى. ھېيت كۈنلىرى قارا تەنلىكلەر نەيزە ـ قالقانلىرىنى ئوينىتىپ، ماھارەت كۆرسەتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدىممۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن سورىسا، ماقۇل بولدۇممۇ، ئەيتاۋۇر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ھەبەشلەرنىڭ ماھارىتىنى كۆردۇق. ئىككىمىزنىڭ مەڭزى بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياجانلانغان ھالدا:

ـــ ئەي بەنى ئەرفىدە! بوش كەلمەڭلار! ـ دەپ قويىۋاتتى. مەن زېرىككىچە كۆرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم:

ـ ئەمىسە ھۇجرىغا قايتقىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 950)

8007 ـ وفي رواية: تُغَنِيَانِ بِمَا تَقَاوَلَتْ الْأَنصَارُ يَوْمَ بُعَاثَ قَالَتْ وَلَيْسَتَا بِمُغَنِّيَتَيْنِ.

8007 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئىككى قىز ئەنسارىلار بۇئاس ئۇرۇشىدا ئېيتىشقان قوشاقلارنى ناخشا قىلىپ ئوقۇۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككىسى ناخشىچى ئەمەس ئىدى.

(بۇخارى: 952)

8007 ـ وفي رواية: فَزَجَرَهُمْ عُمَرُ فقال النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْهُمْ أَمْنًا بَنِي أَرْفِدَةَ.

8008 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: ئۆمەر ئۇلارنى توسقان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنى ئوينىغىلى قوي. ئى بەنى ئەرفەدە، خاتىرجەم ئويناۋېرىڭلار!» دېدى.

(بۇخارى: 3529)

8009 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ بَيْنَمَا الْحَبَشَةُ يَلْعَبُونَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِحِرَابِهِمْ إِذْ دَخَلَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَأَهْوَى إِلَى الْحَصْبَاءِ يَحْصِبُهُمْ بِهَا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعْهُمْ يَا عُمَرُ.

8009 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەبەشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا نەيزە ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقاندا، ھەزرىتى ئۆمەر كىرىپ، ئۇلارغا تاش ئاتقىلى تۇرغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! ئۇلارغا تەگمە!» دېدى.

(مۇسلىم: 893)

8010 ـ قَالَتْ الرُبَيعُ بِنْتُ مُعَوذِ بْنِ عَفْرَاءَ جَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ حِينَ بُنِيَ عَلَي فَجَلَسَ عَلَى فِرَاشِي كَمَجْلِسِكَ مِني فَجَعَلَتْ جُوَيْرِيَاتٌ لَنَا يَضْرِبْنَ بِالدف وَيَنْدُبْنَ مَنْ قُتِلَ مِنْ آبَائِي يَوْمَ بَدْرٍ إِذْ قَالَتْ إِحْدَاهُن وَفِينَا نَبِي يَعْلَمُ مَا فِي غَدٍ فَقَالَ دَعِي هَذِهِ وَقُولِي بِالذِي كُنْتِ تَقُولِينَ.

8010 ـ رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: تويۇم بولغان كۈننىڭ ئەتىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، مېنىڭ

كۆرپەمــــدە ئولتــــۇردى. كىچىـــــك قىــــزلار داپلارنــــى چېلىـــــپ، بەدردە ئۆلتۈرۈلگەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا مەرسىيە ئوقۇۋاتاتتى. ئارىدىن بىرى:

ـ ئىچىمىزدە ئەتىكى ئىشنى بىلىدىغان پەيغەمبەر بار، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇنداق دېمەي، بايىقى سۆزلىرىڭنى داۋاملاشتۇرغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5147)

8011 ـ عَنْ نَافِعٍ قَالَ سَمِعَ ابْنُ عُمَرَ مِزْمَارًا قَالَ فَوَضَعَ إِصْبَعَيْهِ عَلَى أُذُنَيْهِ وَنَأَى عَنْ الطرِيقِ وَقَالَ لِي يَا نَافِعُ هَلْ تَسْمَعُ شَيْئًا قَالَ فَقُلْتُ لَا قَالَ فَرَفَعَ إِصْبَعَيْهِ مِنْ أُذُنَيْهِ وَقَالَ كُنتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمِعَ مِثْلَ هَذَا فَصَنَعَ مِثْلَ هَذَا.

8011 ـ نافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىككى بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىغا تىقتى ـ دە، يولنىڭ ياقىسىغا چىقىۋېلىپ، مەندىن:

ـ ئى نافىئ! ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ياق، ـ دېگەنىدىم، بارمىقىنى قۇلىقىدىن چىقىرىپ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم، ئۇ نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇشۇنداق قىلىۋالغان ئىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4924)

8012 ـ عن محمد بن الţنكدر قال ينادي مناد يوم القيامة أين الذين كانوا يلhهون أنفسهم وأساعهم عن اللهو ومزامير الشيطان اجعلوهم في رياض الţسك Ż يقول للملائكة أسعوهم þدي وثناء علي وأخƎوهم أن لا خوف عليهم ولا هم Ʒزنون.

8012 ـ مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى الله تائالا: ”قۇلاقلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا ۋە شەيتاننىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىدىن يىراق تۇتقانلار قېنى؟ ئۇلارنى مۇشكى ـ ئەنبەر باغلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار!“ دەپ جاكارلايدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: ”ئۇلارغا

[1] ئەلبانى (4116): سەھىھ ـ دېگەن.

مېنىڭ ھەمدۇ سانايىمنى ئاڭلىتىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغانلىقى، ئۇنىدىن باشقا، ھېچنېمىدىن قايغۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈڭلار!“ دەيدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8013 ـ عَنِ السائِبِ بْنِ يَزِيدَ أَن امْرَأَةً جَاءَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا عَائِشَةُ أَتْعرِفِينَ هَذِهِ قَالَتْ لَا يَا نَبِي اللهِ فَقَالَ هَذِهِ قَيْنَةُ بَنِي فُلَانٍ تُحِبِينَ أَنْ تُغَنيَكِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ فَأَعْطَاهَا طَبَقًا فَغَنتْهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ نَفَـÑ الشيْطَانُ فِي مَنْخِرَيْهَا.

8013 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئايال كەلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ــ بۇ ئايالنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئائىشە:

ــ تونۇمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ پالانى قەبىلىنىڭ ناخشىچىسى بولىدۇ. ساڭا ناخشا ئېيتىپ بەرسۇنمۇ؟ ـ دېگەندى، ھەزرىتى ئائىشە:

ــ ماقۇل، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئايالغا چالغىلى بىر لېگەن بېرىلگەندى، ئۇنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ ئايالنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە شەيتان پۈۋلەپ قويىدى، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 15758)

---

[①] ھەيسەمى (13358): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## ئويۇن ـ تاماشا، لەنەت قىلىش ۋە تىللاش

8014 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأى رَجُلًا يَتبَعُ حَمَامَةً فَقَالَ شَيْطَانٌ يَتبَعُ شَيْطَانَةً.

8014 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئادەمنىڭ بىر كەپتەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «شەيتان شەيتانغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4940)

8015 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ التحْرِيشِ بَيْنَ الْبَهَائِمِ.

8015 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇشتىن توسقان[2].

(تىرمىزى: 1708)

8016 ـ عن سَعِيدِ بن جُبَيْرٍ قال مَر بن عُمَرَ بِفِتْيَانٍ من قُرَيْشٍ قد نَصَبُوا طَيْرًا وَهُمْ يَرْمُونَهُ وقد جَعَلُوا لِصَاحِبِ الطيْرِ كُل خَاطِئَةٍ من نَبْلِهِمْ فلما رَأَوْا بن عُمَرَ تَفَرقُوا فقال بن عُمَرَ من فَعَلَ هذا لَعَنَ الله من فَعَلَ هذا إن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَعَنَ من اتخَذَ شيئا فيه الروحُ غَرَضًا.

8016 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر قۇشنى نىشان ئۇچۇن تىكلەپ قويۇپ ئوق

---

[1] ئەلبانى (4131): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (287): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئېتىپ ئويناۋاتقان بىر توپ قۇرەيشلىك بالىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قالدى. كىمنىڭ ئاتقان ئوقى نىشانغا تەگمىسە، شۇ قۇشنىڭ ئىگىسىگە بىر نەرسە بېرەتتى. ئۇلار ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈپلا تارقىلىپ كەتتى، ئىبنى ئۆمەر:

— بۇنى كىم قىلدى؟ بۇنى قىلغان كىشىگە الله لەنەت قىلسۇن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق نەرسىنى نىشان قىلىپ ئوق ئاتقان كىشىگە لەنەت قىلغان، - دېدى.

(مۇسلىم: 1958)

8017 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ لَعِبَ بِالنَرْدَشِيرِ فَكَأَنَمَا صَبَغَ يَدَهُ فِي لَحْمِ خِنْزِيرٍ وَدَمِهِ.

8017 — بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى شىشخال ئوينىسا، خۇددى قولىنى چوشقىنىڭ قېنىدا بويىغاندەك بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2260)

8018 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عُمَرَ أَنهُ كَانَ إِذَا وَجَدَ أَحَدًا مِنْ أَهْلِهِ يَلْعَبُ بِالنرْدِ ضَرَبَهُ وَكَسَرَهَا.

8018 — ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئائىلىسىدىن بىرەرسىنىڭ شىشخال ئوينىغانلىقىنى كۆرسە، شىشخالنى ئۇرۇپ چېقىۋېتەتتى.

(مالىك: 1787)

8019 ـ عن أبي سعيد سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَثَلُ الذِي يَلْعَبُ بِالنرْدِ ثُم يَقُومُ فَيُصَلي مَثَلُ الذِي يَتَوَضأُ بِالْقَيْحِ وَدَمِ الْخِنْزِيرِ ثُم يَقُومُ فَيُصَلي.

8019 — ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شىشىخال ئويناپ، ئاندىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشى خۇددى يىرىڭ ۋە چوشقا قېنى بىلەن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئوخشايدۇ»[1].

(ئەھمەد: 23187)

ئەبۇ يەئلانىڭ رىۋايىتىدە: «نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» دېگەن ئىبارە قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان.

(مەۋسىلى: 1104)

8020 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كُنتُ أَلْعَبُ بِالْبَنَاتِ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ لِي صَوَاحِبُ يَلْعَبْنَ مَعِي فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا دَخَلَ يَتَقَمَّعْنَ مِنْهُ فَيُسَرِّبُهُن إِلَي فَيَلْعَبْنَ مَعِي.

8020 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن (كىچىكىمدە) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا قورچاقلارنى ئوينايتتىم، مەن بىللە ئوينايدىغان بىر نەچچە دوستۇممۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىلا، تارتىنىپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنىۋالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ چىقىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇراتتۇق.

(بۇخارى: 6130)

8021 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ غَزْوَةِ تَبُوكَ أَوْ خَيْبَرَ وَفِي سَهْوَتِهَا سِتْرٌ فَهَبتْ رِيحٌ فَكَشَفَتْ نَاحِيَةَ الستْرِ عَنْ بَنَاتٍ لِعَائِشَةَ لُعَبٍ فَقَالَ مَا هَذَا يَا عَائِشَةُ قَالَتْ بَنَاتِي وَرَأَى بَيْنَهُن فَرَسًا لَهُ جَنَاحَانِ مِنْ رِقَاعٍ فَقَالَ مَا هَذَا الذِي أَرَى وَسْطَهُن قَالَتْ فَرَسٌ قَالَ وَمَا هَذَا الذِي عَلَيْهِ قَالَتْ جَنَاحَانِ قَالَ

[1] ھەيسەمى (13261): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئەھمەد خەتمى ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار. ئىمام ئەھمەدنىڭ باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

فَرَسٌ لَهُ جَنَاحَانِ قَالَتْ أَمَا سَمِعْتَ أَنَّ لِسُلَيْمَانَ خَيْلًا لَهَا أَجْنِحَةٌ قَالَتْ فَضَحِكَ حَتَّى رَأَيْتُ نَوَاجِذَهُ.

8021 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك (ياكى خەيبەر) غازىتىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەكچىسىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، پەردە شامالدا قايرىلىپ كېتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ئوينايدىغان قورچاق قىزلارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

ـ ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ قورچاق قىزلىرىم، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورچاقلار ئارىسىدىكى قاناتلىق ئاتنى كۆرۈپ:

ـ ئۇنداقتا، بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ ئات، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاتنىڭ ئۈستىدىكىلەرچۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئۇلار ئاتنىڭ قاناتلىرى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاتنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟ ـ دېگەنىدى، مەن:

ـ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىق ئاتلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4932)

8022 ـ عَنْ أَنَسٍ قَالَ لَمَّا قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمَدِينَةَ لَعِبَتْ الْحَبَشَةُ لِقُدُومِهِ فَرَحًا بِذَلِكَ لَعِبُوا بِحِرَابِهِمْ.

[1] ئەلبانى (4123): سەھىھ ـ دېگەن.

8022 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، ھەبەشلىكلەر خۇشال بولۇشۇپ نەيزە ئويۇنلىرىنى ئوينىغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4923)

8023 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْسَ الْمُؤْمِنُ بِالطعانِ وَلَا اللعانِ وَلَا الْفَاحِشِ وَلَا الْبَذِيءِ.

8023 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىن ــ قۇسۇر تاپىدىغان، لەنەت ئېيتىدىغان، قوپال، ئاغزى بۇزەپ بولمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1977)

8024 ـ عن أَبِي الدرْدَاءِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَكُونُ اللعانُونَ شُفَعَاءَ وَلَا شُهَدَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8024 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تولا لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى نە شاپائەتچى، نە گۇۋاھچى بولالمايدۇ».

(مۇسلىم: 2598)

8025 ـ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَلَاعَنُوا بِلَعْنَةِ اللهِ وَلَا بِغَضَبِهِ وَلَا بِالنارِ.

8025 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (4115): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1610): سەھىھ ـ دېگەن.

«بىر ـ بىرىڭلارغا اللهنىڭ لەنىتى، اللهنىڭ غەزىپى ۋە دوزاخ ئوتى بىلەن لەنەت ئېيتىشماڭلار»[1].

(تىرمىزى: 1976)

8026 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ عَلَى الْمُشْرِكِينَ قَالَ إِنِي لَمْ أُبْعَثْ لَعَانًا وَإِنمَا بُعِثْتُ رَحْمَةً.

8026 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــــ مۇشرىكلارنى قارغىساڭ، ـ دېيىلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ مەن قارغىغۇچى ئەمەس، بەلكى رەھمەت تىلىگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2599)

8027 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ لَمْ يَكُنْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاحِشًا وَلَا لَعانًا وَلَا سَبابًا كَانَ يَقُولُ عِنْدَ الْمَعْتَبَةِ مَا لَهُ تَرِبَ جَبِينُهُ.

8027 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنى تىللايدىغان، قارغايدىغان، قوپال سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بىرىمىزگە قاتتىق ئاچچىغلاپ قالسا: «بۇ شورى قۇرۇغۇرغا نېمە بولغاندۇ؟» دەپلا قوياتتى.

(بۇخارى: 6046)

8028 ـ عن عَبْد اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سِبَابُ الْمُسْلِمِ فُسُوقٌ وَقِتَالُهُ كُفْرٌ.

---

[1] ئەلبانى (1609): سەھىھ ـ دېگەن.

8028 ــ ئابــدۇللاھ ئىبنــى مەســئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، (مۇسۇلمان بىلەن) ئۇرۇشۇش كۇفرىلىقتۇر».

(بۇخارى: 48)

8029 ـ عَنْ أَبِي ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَرْمِي رَجُلٌ رَجُلًا بِالْفُسُوقِ وَلَا يَرْمِيهِ بِالْكُفْرِ إِلا ارْتَدتْ عَلَيْهِ إِنْ لَمْ يَكُنْ صَاحِبُهُ كَذَلِكَ.

8029 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر كىشى بىر كىشىنى پاسىقلىق ياكى كاپىرلىق بىلەن تىللىسا ۋە ئۇ ئادەمدە ئۇنداق سۈپەت تېپىلمىسا، ئۇ سۆز (دېگۈچىنىڭ) ئۆزىگە قايتىدۇ».

(بۇخارى: 6045)

8030 ـ عن أَبي الدرْدَاءِ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الْعَبْدَ إِذَا لَعَنَ شَيْئًا صَعِدَتْ اللعْنَةُ إِلَى السمَاءِ فَتُغْلَقُ أَبوَابُ السمَاءِ دُونَهَا ثُم تَهْبِطُ إِلَى الْأَرْضِ فَتُغْلَقُ أَبوَابُهَا دُونَهَا ثُم تَأْخُذُ يَمِينًا وَشِمَالًا فَإِذَا لَمْ تَجِدْ مَسَاغًا رَجَعَتْ إِلَى الذِي لُعِنَ فَإِنْ كَانَ لِذَلِكَ أَهْلًا وَإِلا رَجَعَتْ إِلَى قَائِلِهَا.

8030 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندە بىر نەرسىگە لەنەت قىلسا، لەنەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، لېكىن ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ لەنەت زېمىنغا چۈشىدۇ، زېمىن دەرۋازىسىمۇ ئېتىلىدۇ. ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە ماڭىدۇ. يول تاپالماي قالسا، لەنەت قىلىنغۇچىغا يېتىپ بارىدۇ. لەنەت

قىلىنغۇچى ئۇ سۆزگە لايىق بولمىسا، لەنەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ بارىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4905)

8031 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سُرِقَتْ مِلْحَفَةٌ لَهَا فَجَعَلَتْ تَدْعُو عَلَى مَنْ سَرَقَهَا فَجَعَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُسَبخِي عَنْهُ قَالَ أَبُو دَاوُد لَا تُسَبخِي أَيْ لَا تُخَفِفِي عَنْهُ.

8031 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ بىر يوتقىنى ئوغرىلانغانىدى، ئائىشە ئوغرىنى قارغاپ بەددۇئا قىلغىلى تۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

«(ئوغرىنى قارغاۋېرىپ) گۇناھىنى يەڭگىللىتىۋەتمىگىن» دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1497)

8032 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمُسْتَبان مَا قَالَا فَعَلَى الْبَادِئ مَا لَمْ يَعْتَدِ الْمَظْلُومُ.

8032 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تىللانغۇچى رەددىيە بېرىشتە چەكتىن ئاشۇرىۋەتمىگەنلا بولسا، بىر ـ بىرىنى تىللاشقانلارنىڭ ۋابالى، تىللاشنى باشلىغىنىغا بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2587)

8033 ـ عَنِ النعْمَانِ بْنِ مُقَرنٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَب رَجُلٌ رَجُلًا عِنْدَهُ قَالَ فَجَعَلَ الرجُلُ الْمَسْبُوبُ يَقُولُ عَلَيْكَ السلَامُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِن مَلَكًا بَيْنَكُمَا يَذُب عَنْكَ كُلمَا يَشْتُمُكَ هَذَا قَالَ لَهُ بَلْ أَنتَ وَأَنتَ أَحَق بِهِ وَإِذَا قَالَ لَهُ عَلَيْكَ السلَامُ قَالَ لَا بَلْ لَكَ أَنتَ أَحَق بِهِ.

---

[①] ئەلبانى (4099): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (321): زەئىپ، ـ دېگەن.

8033 ــ نۇئمان ئىبنى مۇقەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى تىللىغان ئىدى، تىللانغان كىشى:

ـ ساڭا سالام بولسۇن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تىللانغۇچىغا مۇنداق دېدى:

ـ ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىغا بىر پەرىشتە پەيدا بولدى، بۇ ئادەم سېنى تىللىغىلى تۇرغاندا، پەرىشتە سېنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنىڭغا: بۇ تىلغا سەن ھەقلىقسەن، ـ دېدى. سەن ئۇنىڭغا: ساڭا سالام بولسۇن، دېگەن ۋاقتىڭدا پەرىشتە ساڭا: سالامغا سەن ھەقلىقسەن، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 23796)

8034 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُ عَز وَجَل يُؤْذِينِي ابْنُ آدَمَ يَسُب الدهْرَ وَأَنا الدهْرُ بِيَدِي الْأَمْرُ أُقَلبُ الليْلَ وَالنهَارَ.

8034 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئەززە ۋەجەللە مۇنداق دېدى: ئادەم بالىسى زاماننى تىللاپ، ماڭا ئازار بېرىدۇ. مەن زاماننىڭ ياراتقۇچىسىمەن، ھەممە ئىش مېنىڭ قولۇمدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىمۇ مەن ئۆرۈپ تۇرىمەن».

(بۇخارى: 4826)

8035 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال قال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قـال الله عـز وجل يُؤْذِينِي ابن آدَمَ يقول يا خَيْبَةَ الدهْرِ فلا يَقُولَن أحدكم يا خَيْبَةَ الدهْرِ فَإِني أنا الدهْرُ أُقَلبُ لَيْلَهُ وَنَهَارَهُ فإذا شِئْتُ قَبَضْتُهُمَا.

8035 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (13021): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ خالىد ۋالىبىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«الله ئەززە ۋەجەللە: ”ئادەم بالىسى زامانىنى تىللاپ: ۋاي ئىسىت! زامان ئۇنداق قىلدى، زامان بۇنداق قىلدى، - دەپ ماڭا ئازار بېرىدۇ، مەن زاماندۇرمەن، مەن زاماننىڭ كېچە بىلەن كۈندۈزىنى ئۆرۈپ تۇرىمەن، خالىسام ئىككىسىنى ئۆرۈمەي توختۇپ تۇرۇۋالىمەن“ دېدى. شۇڭا ھېچقايسىڭلار: ”ۋاي ئىسىت! زامان ئۇنداق قىلدى، زامان بۇنداق قىلدى“ دەپ سالمىسۇن».

(مۇسلىم: 2246)

8036 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَجُلًا لَعَنَ الريحَ وَقَالَ مُسْلِمٌ إِن رَجُلًا نَازَعَتْـهُ الـريحُ رِدَاءَهُ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَعَنَهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ لَـا تَلْعَنْهَا فَإِنهَا مَأْمُورَةٌ وَإِنهُ مَنْ لَعَنَ شَيْئًا لَيْسَ لَهُ بِأَهْلٍ رَجَعَتْ اللعْنَةُ عَلَيْهِ.

8036 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بىرەيلەننىڭ تونىنى شامال ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇ ئادەم شامالغا لەنەت قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنىڭغا لەنەت قىلما، چۈنكى ئۇ بۇيرۇلغۇچى. كىمكى لەنەتكە لايىق بولمىغان بىر نەرسىگە لەنەت قىلسا، لەنەتى ئۆزىگە قايتىدۇ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4908)

8037 ـ عن أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الريحُ مِنْ رَوْحِ اللهِ قَالَ سَلَمَةُ فَرَوْحُ اللهِ تَأْتِي بِالرحْمَةِ وَتَأْتِي بِالْعَذَابِ فَإِذَا رَأَيْتُمُوهَا فَلَا تَسُبوهَا وَسَلُوا اللهَ خَيْرَهَا وَاسْتَعِيذُوا بِاللهِ مِنْ شَرهَا.

8037 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «شامال الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ،

[1] ئەلبانى (4102): سەھىھ - دېگەن.

بەزىدە رەھمەت، بەزىدە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا شامالنى كۆرگىنىڭلاردا، اللهتىن ئۇنىڭ رەھمەت ئېلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىڭلار ۋە اللهقا سېغىنىپ، ئۇنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەڭلەر»[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 5097)

8038 ـ عن جابر قال قال رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لا تسبوا الليل والنهار ولا الشمس ولا القمر ولا الريح فانا رحمة لقوم وعذاب لآخرين.

8038 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كېچە بىلەن كۈندۈزنى تىللىماڭلار، قۇياش بىلەن ئاينىمۇ تىللىماڭلار. شۇنداقلا، شامالنىمۇ تىللىماڭلار. چۈنكى شامال بىر قەۋمگە رەھمەت ئېلىپ كەلسە، يەنە بىر قەۋمگە ئازاب كەلتۈرىدۇ»[2].
(«ئەلئەۋسەت»: 4698؛ مەۋسىلى: 2194)

8039 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَسُبوا الْأَمْوَاتَ فَإِنهُمْ قَدْ أَفْضَوْا إِلَى مَا قَدمُوا.

8039 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆلگەنلەرنى سۆكمەڭلار، چۈنكى ئۇلار ئىلگىرى قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بولدى».
(بۇخارى: 1393)

8040 ـ عن الْمُغِيرَة بن شُعْبَةَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَسُبوا الْأَمْوَاتَ فَتُؤْذُوا الْأَحْيَاءَ.

---

[1] ئەلبانى (4250): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13001): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئد ئىبنى بەشىر ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلامۇ زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

8040 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆلۈكلەرنى تىللىماڭلار، تىللىساڭلار تىرىكلەرگە ئازار بېرىپ قويىسىلەر»[1].

(تىرمىزى: 1982)

8041 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اذْكُرُوا مَحَاسِنَ مَوْتَاكُمْ وَكُفوا عَنْ مَسَاوِيهِمْ.

8041 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى تىلغا ئېلىڭلار، يامان تەرىپىنى تىلغا ئالماڭلار»[2].

(تىرمىزى: 1019)

8042 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ بَيْنَمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَعْضِ أَسْفَارِهِ وَامْرَأَةٌ مِنْ الْأَنصَارِ عَلَى نَاقَةٍ فَضَجِرَتْ فَلَعَنَتْهَا فَسَمِعَ ذَلِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ خُذُوا مَا عَلَيْهَا وَدَعُوهَا فَإِنهَا مَلْعُونَةٌ قَالَ عِمْرَانُ فَكَأَني أَرَاهَا الْآنَ تَمْشِي فِي الناسِ مَا يَعْرِضُ لَهَا أَحَدٌ.

8042 ــ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە كېتىۋاتاتتى. ئەنسارىلاردىن بىر ئايال مىنىۋالغان تۆگىسىنىڭ ئەسكى خۇيىدىن تېرىكىپ تۆگىسىگە لەنەت قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ: «ئۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ، قويۇپ بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ لەنەتلەندى» دېدى. ئۇ تۆگىنىڭ

[1] ئەلبانى (1614): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (172): زەئىپ، ـ دېگەن.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگىنى، ھېچ كىمنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلمىغىنى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

(مۇسلىم: 2595)

8043 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ يَسِيرُ فَلَعَنَ رَجُلٌ نَاقَةً فَقَالَ أَيْنَ صَاحِبُ الناقَةِ فَقَالَ الرجُلُ أَنا قَالَ أَخرْهَا فَقَدْ أُجِبْتَ فِيهَا.

8043 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە كېتىۋاتاتتى. بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىگە لەنەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ قېلىپ:

ـ تۆگىنىڭ ئىگىسى قېنى؟ ـ دەپ سورىدى، ئىگىسى:

ـ مانا مەن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ تۆگەڭنى قويىۋەت. چۈنكى ئۇنىڭغا قىلغان لەنىتىڭ (قارغىشىڭ) ئىجابەت قىلىندى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 9518)

8044 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَسُبوا الديكَ فَإِنهُ يُوقِظُ لِلصلَاةِ.

8044 ــ زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خورازنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ نامازغا ئويغىتىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5101)

8045 ـ عن ابن عباس قال قال رسول الله لا تسبوا تبعا فإنه قد أسلم.

---

[1] ھەيسەمى (13037): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4254): سەھىھ ـ دېگەن.

8045 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇببەئنى (يەمەننىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى) تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان بولغان»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 1419)

8046 ـ عن أنس قال كنا عند رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فلدغت رجلا برغوث فلعنها فقال النF صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لا تلعنها فإنا نبهت نبيا من الأنبياء للصلاة.

8046 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئىدۇق. ئۇ ئارىدا بىر كىشىنى بۈرگە چېقىۋالدى. ئۇ ئادەم بۈرگىگە لەنەت قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا لەنەت قىلمىغىن، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى نامازغا ئويغاتقان» دېدى[2].

(مەۋسىلى: 2959)

8047 ـ عن عَلِي رفعه: لَعَنَ اللهُ مَنْ لَعَنَ وَالِدَهُ وَلَعَنَ اللهُ مَنْ ذَبَحَ لِغَيْرِ اللهِ وَلَعَنَ اللهُ مَنْ آوَى مُحْدِثًا وَلَعَنَ اللهُ مَنْ غَيَرَ مَنَارَ الْأَرْضِ.

8047 ـــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (13029): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەمر ئىبنى جابىر ئىسىملىك كاززاب بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13042): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە سەئىد ئىبنى بەشىر ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى؛ بەززارنىڭ سەنەدىدە سۇۋەيد ئىبنى ئىبراھىم ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. ھەر ئىككىلىسىنىڭ قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

«ئاتىسىغا لەنەت قىلغان كىشىگە، اللهنىڭ غەيرىگە ئاتاپ قان قىلغان كىشىگە، بىرەر جىنايەتچىنى پاناھلاندۇرغان كىشىگە، يول بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن كىشىگە الله لەنەت قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 1978)

8048 ـ عَنْ عَائِشَة قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "سِتةٌ لَعَنْـتُهُمْ لَعَنهُمُ اللهُ وَكُل نَبِي مُجَابٍ: الْمُكَذبُ بِقَدْرِ اللهِ، وَالزائِدُ فِي كِتَابِ اللـهِ، وَالْمُتَسَـلطُ بِالْجَبَرُوتِ يُذِل مَنْ أعَز اللهُ وَيُعِز مَنْ أذَل اللهُ، وَالْمُسْتَحِل لِحُرَمِ اللهِ، وَالْمُسْـتَحِل مِـنْ عِتْرَتِي مَا حَرمَ اللهُ، وَالتارِكُ لِسُنتِي".

8048 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئالتە تۈرلۈك كىشىگە لەنەت ئوقۇدۇم، الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! ھەممە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى ئىجابەتتۇر. ئۇ كىشىلەر: الله بەلگىلىگەن تەقدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار؛ اللهنىڭ كىتابىغا بىر نەرسە قوشۇپ قويغانلار؛ الله ئەزىزلىگەن كىشىلەرنى خارلايدىغان، الله خارلىغان كىشىلەرنى ئەزىزلەيدىغان زوراۋانلار؛ الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال سانايدىغانلار؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ الله ساقلاشقا بۇيرىغان ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغانلار ۋە مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئەتكۈچىلەردۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»: 2883)

[1] ھەيسەمى (820): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى مەۋھەد ئىسىملىك بىرى بار. ياقۇب ئىبنى شەيبە ئۇنىڭغا "ھەدىسى زەئىپ" دەپ باھا بەرگەن. يەھيا ئىبنى مەئىن بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر رىۋايەتتە زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ "ھەدىسى دۇرۇست" كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8049 ـ عن أنس بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَةً رَجُلٌ أم قَوْمًا وَهُمْ لَهُ كَارِهُونَ وَامْرَأَةٌ بَاتَتْ وَزَوْجُهَا عَلَيْهَا سَاخِطٌ وَرَجُلٌ سَمِعَ حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ ثُم لَمْ يُجِبْ.

8049 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە لەنەت قىلغان: «بىرىنچىسى، ئۆزىنى يامان كۆرىدىغان جامائەتكە ئىمام بولۇۋالغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئېرىنى خاپا قىلىپ ياتقان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، ”ھەييە ئەلەلفەلاھ“ (نىجاتلىققا كېلىڭلار) دېگەن چاقىرىقنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، (نامازغا) كەلمىگەن كىشى»[①].

(تىرمىزى: 358)

8050 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ آكِلُ الرِبَا وَمُوكِلُهُ وَكَاتِبُهُ إِذَا عَلِمُوا ذَلِكَ وَالْوَاشِمَةُ وَالْمَوْشُومَةُ لِلْحُسْنِ وَلَاوِي الصدَقَةِ وَالْمُرْتَد أَعْرَابِيا بَعْدَ الْهِجْرَةِ مَلْعُونُونَ عَلَى لِسَانِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8050 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىلىپ تۇرۇپ جازانە يېگۈچى، يېگۈزگۈچى ۋە ئۇنى يازغۇچى؛ ھۆسن تۇزەش ئۈچۈن خال چەكتۈرگۈچى ۋە چەككۈچى؛ زاكاتقا توسالغۇلۇق قىلغۇچى؛ ھىجرەت قىلىپ بولۇپ، دىنىدىن يېنىۋالغان ئەئرابى قاتارلىقلار قىيامەت كۈنى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولغۇچىلاردۇر[②].

(نەسائى: 5102)

[①] ئەلبانى (56): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ،- دېگەن.

[②] ئەلبانى (4721): سەھىھ- دېگەن.

8051 ـ عَنْ الْحَارِثِ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ آكِلَ الرِبَا وَمُوكِلَهُ وَشَاهِدَهُ وَكَاتِبَهُ وَالْوَاشِمَةَ وَالْمُوتَشِمَةَ قَالَ إلا مِنْ دَاءٍ فَقَالَ نَعَمْ وَالْحَال وَالْمُحَللُ لَهُ.

8051 ــ ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جازانە يېگۈچى، يېگۈزگۈچى، گۇۋاھ بولغۇچى ۋە ئۇنى يازغۇچىغا؛ خال چەكتۈرگۈچى ۋە چەككۈچىگە؛ (ئۈچ تالاقتىن كېيىن) ئايالنى ھالاللاتقۇچى ۋە ھالال قىلىپ بەرگۈچىگە لەنەت ئوقۇدى. ئاربىدىن بىرى:

ــ كېسەلدىن داۋالىنىش ئۈچۈن خال چەكتۈرسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(نەسائى: 5104)

8052 ـ عن عَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرحْمَنِ قالت: لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ الْمُخْتَفِيَ وَالْمُخْتَفِيَةَ يَعْنِي نَباشَ الْقُبورِ.

8052 ــ ئەمرە بىنتى ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىلەردىن كېپەن ئوغرىلايدىغان ئەر ۋە ئاياللارغا لەنەت قىلغان.

(مالىك: 560)

8053 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قال اللهم إني أتخِذُ عِنْدَكَ عَهْدًا لَنْ تُخْلِفَنِيهِ فَإنمَا أنا بَشَرٌ فَأي الْمُؤْمِنِينَ آذَيْتُهُ شَتَمْتُهُ لَعَنْتُهُ جَلَدْتُهُ فَاجْعَلْهَا له صَلَاةً وَزَكَاةً وَقُرْبَةً تُقَرِبُهُ بها إلَيْكَ يوم الْقِيَامَةِ.

8053 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (4723): سەھىھ ـ دېگەن.

«ئى الله! مەن بىر ئىنسانمەن، شۇڭا مۇسۇلمانلاردىن قايسىبىرىنى تىللاپ قالغان ياكى لەنەت قىلغان ۋەياكى قامچىلاپ سالغان بولسام، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى دۇئايى ـ سالام، پاكلىق ۋە ئۇنى ساڭا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋەسىلە قىلىشقا ۋەدە بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن».

(مۇسلىم: 2601)

8054 ـ وفي رواية: اللهم إنما مُحَمدٌ بَشَرٌ يَغْضَبُ كما يَغْضَبُ الْبشَرُ وَإِني قد اتخَذْتُ عِنْدَكَ عَهْدًا لَنْ تُخْلِفَنِيهِ فَأَيمَا مُؤْمِنٍ آذَيْتُهُ أو سَبَبْتُهُ أو جَلَدْتُهُ فَاجْعَلْهَا له كَفارَةً وَقُرْبَةً تُقَرِّبُهُ بها إِلَيْكَ يوم الْقِيَامَةِ.

8054 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئى الله! مۇھەممەد بولسا، باشقا ئىنسانلاردەك غەزەبلىنىدىغان بىر ئىنساندۇر. سەندىن شۇنداق بىر ۋەدە تەلەپ قىلىمەنكى، مېنى ھەرگىزمۇ قۇرۇق ياندۇرمىغايسەن، قانداق بىر مۇئمىنگە ئازار بەرگەن، تىللىغان بولسام ياكى قامچىلىغان بولسام، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا كاپپارەت ۋە قىيامەت كۈنى ساڭا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋەسىلە قىلىپ بەرگىن».

(مۇسلىم: 2601)

8055 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلَانِ فَكَلمَاهُ بِشَيْءٍ لَا أَدْرِي مَا هُوَ فَأَغْضَبَاهُ فَلَعَنَهُمَا وَسَبهُمَا فَلما خَرَجَا قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أَصَابَ مِنْ الْخَيْرِ شَيْئًا مَا أَصَابَهُ هَذَانِ قَالَ وَمَا ذَاكِ قَالَتْ قُلْتُ لَعَنْتَهُمَا وَسَبَبْتَهُمَا قَالَ أَوَ مَا عَلِمْتِ مَا شَارَطْتُ عَلَيْهِ رَبي قُلْتُ اللهُم إِنمَا أَنَا بَشَرٌ فَأَي الْمُسْلِمِينَ لَعَنْتُهُ أَوْ سَبَبْتُهُ فَاجْعَلْهُ لَهُ زَكَاةً وَأَجْرًا.

8055 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا بىر نېمىلەرنى دەپ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىيلەننى تىللاپ قارغىدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ئارتۇق - دېمەپەك يامان بولىدىغۇ؟ - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— نېمە ئۈچۈن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— ئۇلارنى تىللاپ قارغىدىڭغۇ؟ - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ مەن رەببىمدىن ۋەدە ئېلىپ: «ئى الله! مەن بولسام ئىنسانمەن، شۇڭا قايسىبىر مۇسۇلماننى قارغىغان ياكى تىللىغان بولسام، بۇ ئىشىمنى ئۇنىڭغا پاكلىق ۋە ئەجىر قىلىپ بەرگىن» دېگەنىدىم، - دېدى.

(مۇسلىم: 2600)

8056 ـ عن أنس بْنُ مَالِكٍ قَالَ كَانَتْ عِنْدَ أُم سُلَيْمٍ يَتِيمَةٌ وَهِيَ أُم أَنسٍ فَـرَأَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْيَتِيمَةَ فَقَالَ آنتِ هِيَهْ لَقَدْ كَبِرْتِ لَا كَبِرَ سِنكِ فَرَجَعَتْ الْيَتِيمَةُ إِلَى أُم سُلَيْمٍ تَبْكِي فَقَالَتْ أُم سُلَيْمٍ مَا لَكِ يَا بُنَيةُ قَالَتْ الْجَارِيَةُ دَعَا عَلَي نَبِي اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ لَا يَكْبَرَ سِني فَالْآنَ لَا يَكْبُرُ سِني أَبَدًا أَوْ قَالَتْ قَرْنِي فَخَرَجَتْ أُم سُلَيْمٍ مُسْتَعْجِلَةً تَلُوثُ خِمَارَهَا حَتى لَقِيَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَـالَ لَهَـا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا لَكِ يَا أُم سُلَيْمٍ فَقَالَتْ يَا نَبِي اللهِ أَدَعَوْتَ عَلَى يَتِيمَتِي قَالَ وَمَا ذَاكِ يَا أُم سُلَيْمٍ قَالَتْ زَعَمَتْ أَنكَ دَعَوْتَ أَنْ لَا يَكْبَرَ سِنهَا وَلَا يَكْبَرَ قَرْنُهَا قَـالَ فَضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ يَا أُم سُلَيْمٍ أَمَا تَعْلَمِينَ أَن شَرْطِي عَلَـى رَبي أَني اشْتَرَطْتُ عَلَى رَبي فَقُلْتُ إِنمَا أَنَا بَشَرٌ أَرْضَى كَمَا يَرْضَى الْبَشَرُ وَأَغْضَبُ كَمَـا يَغْضَبُ الْبَشَرُ فَأَيمَا أَحَدٍ دَعَوْتُ عَلَيْهِ مِنْ أُمتِي بِدَعْوَةٍ لَيْسَ لَهَا بِأَهْلٍ أَنْ يَجْعَلَهَا لَهُ طَهُورًا وَزَكَاةً وَقُرْبَةً يُقَرِّبُهُ بِهَا مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8056 — ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، (ئۇنىڭ ئانىسى) ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ قېشىدا بىر يېتىم قىز بار ئىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يېتىم قىزغا:

ـــ سەن شۇمۇ، ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ كېتىپسەن. يېشىڭ چوڭايمىسۇن، ـ دېۋىدى، ئۇ يېتىم قىز يىغلىغان پېتى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ـ ئى قىزىم، ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ قىز:

ـ رەسۇلۇللاھ مېنىڭ يېشىمنىڭ چوڭايماسلىقىغا بەددۇئا قىلدى، ئەمدى مېنىڭ يېشىم ھەرگىزمۇ چوڭايمايدىغان بولدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇممۇ سۇلەيم ياغلىقىنى ئارتىپ چىقىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدەپ تاپتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇممۇ سۇلەيم:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ يېتىم قىزىمنى قارغىدىڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! بۇ نېمە گەپ؟ ـ دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ـــ ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭايماسلىقىغا بەددۇئا قىلغانلىقىڭنى ئېيتىپ كەلدى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ:

ـــ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! مېنىڭ رەببىمگە قويغان شەرتىمنى بىلمەمسەن؟ مەن رەببىمگە: «مەن بولسام بىر ئىنسانمەن، ئىنسان مەمنۇن بولغاندەك مەمنۇن بولىمەن، ئىنسان غەزەبلەنگەندەك غەزەبلىنىمەن. شۇڭا ئۇممىتىمدىن قايسىبىر كىشىگە ئۇ لايىق كەلمەيدىغان ھالدا بەددۇئا قىلىپ سالغان بولسام، ئۇنى قىيامەت كۈنى شۇ كىشىگە پاكلىق ۋە اللهقا يېقىنلىشىدىغان ۋەسىلە قىلغىن» دەپ شەرت قويغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2603)

## ھەسەت قىلىش، گۇمان قىلىش، ئاداۋەت تۇتۇش ۋە ئەيىبىنى ئىزدەش

8057 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا حَسَدَ إِلَّا فِي اثْنَتَيْنِ رَجُلٍ آتَاهُ اللَّهُ مَالًا فَسَلَّطَهُ عَلَى هَلَكَتِهِ فِي الْحَقِّ وَرَجُلٍ آتَاهُ اللَّهُ حِكْمَةً فَهُوَ يَقْضِي بِهَا وَيُعَلِّمُهَا.

8057 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەقەت ئىككى خىل خىسلەتكە ئىگە كىشىگىلا ھەسەت قىلىشقا (يەنى بۇ خىل خىسلەتنىڭ ئۆزىدىمۇ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلىشقا) بولىدۇ: بىرى، الله مال ئاتا قىلىپ، ئۇنى ھەق يولدا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلغان كىشى؛ يەنە بىرى، الله ئىلىم ئاتا قىلغان، ئۇشبۇ ئىلىم بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقارغان ۋە شۇ ئىلىمنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى».

(بۇخارى: 1409)

8058 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِيَّاكُمْ وَالْحَسَدَ فَإِنَّ الْحَسَدَ يَأْكُلُ الْحَسَنَاتِ كَمَا تَأْكُلُ النَّارُ الْحَطَبَ أَوْ قَالَ الْعُشْبَ.

8058 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرگىزمۇ ھەسەت قىلىشماڭلار. چۈنكى ھەسەت ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈۋېتىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4903)

[①] ئەلبانى(1048): زەئىپ، ـ دېگەن.

8059 ـ عن الزبير بن العوام أن النبي صلى الله عليه وسلم قال دب إليكم داء الأمم قبلكم الحسد والبغضاء هي الحالقة لا أقول تحلق الشعر ولكن تحلق الدين والذي نفسي بيده لا تدخلوا الجنة حتى تؤمنوا ولا تؤمنوا حتى تحابوا أفلا أنبئكم بما يثبت ذاكم لكم أفشوا السلام بينكم.

8059 ــ زۇبەيىر ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ كېسەللى تېگىشكە باشلىدى، بۇلار: ھەسەت قىلىش ۋە ئاداۋەتلىشىشتۇر. بۇ، دىنىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىۋېتىدىغان ئىللەتلەردۇر. جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەرگە بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»[1].

(تىرمىزى: 2510)

8060 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا تحاسدوا ولا تناجشوا ولا تباغضوا ولا تدابروا ولا يبع بعضكم على بيع بعض وكونوا عباد الله إخوانا المسلم أخو المسلم لا يظلمه ولا يخذله ولا يحقره التقوى هاهنا ويشير إلى صدره ثلاث مرات بحسب امرئ من الشر أن يحقر أخاه المسلم كل المسلم على المسلم حرام دمه وماله وعرضه.

وزاد فيه: إن الله لا ينظر إلى أجسادكم ولا إلى صوركم ولكن ينظر إلى قلوبكم وأشار بأصابعه إلى صدره.

8060 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (2038): ھەسەن، ـ دېگەن.

«ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر - بىرىڭلارغا يالغان خېرىدار بولۇپ، باھانى قەستەن ئۆرلىتىۋەتمەڭلار، بىر - بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار. بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلماڭلار، ھەممىڭلار اﷲنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىشقا، ياردەمگە موھتاج بولغان پەيتتە ياردەم قىلماي تاشلىۋېتىشكە ۋە كەمسىتىشكە بولمايدۇ» دېدى. ئاندىن مەيدىسىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە، تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە، تەقۋادارلىق مانا بۇ يەردە، بىر ئىنساننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېتەرلىك يامانلىقتۇر. بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئىززەت ـ نومۇسىغا چېقىلىشى ھارامدۇر» دېدى.

بۇ ھەدىستە يەنە مۇنداق كەلگەن: «اﷲ سىلەرنىڭ جىسمىڭلارغا ياكى سۈرىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى دىلىڭلارغا قارايدۇ» دەپ مەيدىسىگە ئىشارەت قىلغان.

(مۇسلىم: 2564)

8061 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَقَاطَعُوا وَلَا تَدَابَرُوا وَلَا تَبَاغَضُوا وَلَا تَحَاسَدُوا وَكُونُوا عِبَادَ اللهِ إِخْوَانًا وَلَا يَحِل لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَـوْقَ ثَلَاثٍ.

8061 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر - بىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، بىر - بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار ۋە ھەسەت قىلىشماڭلار، ھەممىڭلار اﷲنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 1935)

[1] ئەلبانى (1579): سەھىھ ـ دېگەن.

8062 ـ عَنْ أَبِي أَيوبَ الْأَنصَارِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَحِل لِرَجُلٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلَاثِ لَيَالٍ يَلْتَقِيَان فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا وَخَيْرُهُمَا الـذِي يَبْدَأُ بِالسلَامِ.

8062 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ۋە ئۈچرىشىپ قالغاندا (ھەر ئىككىلىسى) بىر ـ بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ ئىككىسىدىن ئاۋۋال سالام قىلغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر».

(بۇخارى: 6077)

8063 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَحِـل لِمُـؤْمِنٍ أَنْ يَهْجُرَ مُؤْمِنًا فَوْقَ ثَلَاثٍ فَإِنْ مَرتْ بِهِ ثَلَاثٌ فَلْيَلْقَهُ فَلْيُسَلمْ عَلَيْهِ فَإِنْ رَد عَلَيْهِ السـلَامَ فَقَـدْ اشْتَرَكَا فِي الْأَجْرِ وَإِنْ لَمْ يَرُد عَلَيْهِ فَقَدْ بَاءَ بِالْإِثْمِ.

8063 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەندە ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، سالام قىلسۇن. ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالسا، ھەر ئىككىلىسى ئەجىرگە تەڭ شېرىك بولىدۇ. ئىلىك ئالمىسا، گۇناھى شۇنىڭغىلا بولىدۇ»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 4912)

8064 ـ وفي رواية: فَمَنْ هَجَرَ فَوْقَ ثَلَاثٍ فَمَاتَ دَخَلَ النارَ.

[1] ئەلبانى (1051): زەئىپ، ـ دېگەن.

8064 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى (مۇئمىن قېرىندىشىغا) ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە، دوزاخقا كىرىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4914)

8065 ـ عَنْ أَبِي خِرَاشٍ السلمِي أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ هَجَرَ أَخَاهُ سَنَةً فَهُوَ كَسَفْكِ دَمِهِ.

8065 ـ ئەبۇ خىراش سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«كىمكى قېرىندىشىغا بىر يىل ئاداۋەت تۇتسا، ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندەك (گۇناھ ئىشلىگەن) بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4915)

8066 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تُفْتَحُ أَبْوَابُ الْجَنةِ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَيَوْمَ الْخَمِيسِ فَيُغْفَرُ لِكُل عَبْدٍ لَا يُشْرِكُ بِاللهِ شَيْئًا إِلا رَجُلًا كَانَتْ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَخِيهِ شَحْنَاءُ فَيُقَالُ أَنْظِرُوا هَذَيْنِ حَتى يَصْطَلِحَا أَنْظِرُوا هَذَيْنِ حَتى يَصْطَلِحَا أَنْظِرُوا هَذَيْنِ حَتى يَصْطَلِحَا.

8066 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەتنىڭ دەرۋازىسى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئېچىلىپ، ﷲقا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەرقانداق بەندىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ. پەقەتلا قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرىدا ئاداۋەتى بولغان كىشىلا مەغپىرەت قىلىنماي: ”بۇ ئىككىسى ياراشقانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار، بۇ ئىككىسى

[1] ئەلبانى (4106): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4107): سەھىھ ـ دېگەن.

ياراشقانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار، بۇ ئىككىسى ياراشقانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار!“ دېيىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2565)

8067 ـ عن عَوْف بن مَالِكِ بنِ الطفَيْلِ هُوَ ابْنُ الْحَارِثِ وَهُوَ ابْنُ أَخِي عَائِشَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأُمهَا أن عَائِشَةَ حُدثَتْ أن عَبْدَ اللهِ بن الزبَيْرِ قَالَ فِي بَيْعٍ أَوْ عَطَاءٍ أَعْطَتْهُ عَائِشَةُ وَاللهِ لَتَنْتَهِيَن عَائِشَةُ أَوْ لَأَحْجُرَن عَلَيْهَا فَقَالَتْ أَهُوَ قَالَ هَذَا قَالُوا نَعَمْ قَالَتْ هُوَ لِلهِ عَلَي نَذْرٌ أَنْ لَا أُكَلمَ ابْنَ الزبَيْرِ أَبَدًا فَاسْتَشْفَعَ ابْنُ الزبَيْرِ إِلَيْهَا حِينَ طَالَتْ الْهِجْرَةُ فَقَالَتْ لَا وَاللهِ لَا أُشَفعُ فِيهِ أَبَدًا وَلَا أَتَحَنثُ إِلَى نَذْرِي فَلَما طَالَ ذَلِكَ عَلَى ابْنِ الزبَيْرِ كَلمَ الْمِسْوَرَ بن مَخْرَمَةَ وَعَبْدَ الرحْمَنِ بن الْأَسْوَدِ بن عَبْدِ يَغُوثَ وَهُمَا مِنْ بَنِي زُهْرَةَ وَقَالَ لَهُمَا أَنْشُدُكُمَا بِاللهِ لَما أَدْخَلْتُمَانِي عَلَى عَائِشَةَ فَإِنهَا لَا يَحِل لَهَا أَنْ تَنْذِرَ قَطِيعَتِي فَأَقْبَلَ بِهِ الْمِسْوَرُ وَعَبْدُ الرحْمَنِ مُشْتَمِلَيْنِ بِأَرْدِيَتِهِمَا حَتى اسْتَأْذَنَا عَلَى عَائِشَةَ فَقَالَا السلَامُ عَلَيْكِ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ أَنَدْخُلُ قَالَتْ عَائِشَةُ ادْخُلُوا قَالُوا كُلنَا قَالَتْ نَعَم ادْخُلُوا كُلكُمْ وَلَا تَعْلَمُ أَن مَعَهُمَا ابْنَ الزبَيْرِ فَلَما دَخَلُوا دَخَلَ ابْنُ الزبَيْرِ الْحِجَابَ فَاعْتَنَقَ عَائِشَةَ وَطَفِقَ يُنَاشِدُهَا وَيَبْكِي وَطَفِقَ الْمِسْوَرُ وَعَبْدُ الرحْمَنِ يُنَاشِدَانِهَا إِلا مَا كَلمَتْهُ وَقَبِلَتْ مِنْهُ وَيَقُولَانِ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَما قَدْ عَلِمْتِ مِنْ الْهِجْرَةِ فَإِنهُ لَا يَحِل لِمُسْلِمٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلَاثِ لَيَالٍ فَلَما أَكْثَرُوا عَلَى عَائِشَةَ مِنْ التذْكِرَةِ وَالتحْرِيجِ طَفِقَتْ تُذَكرُهُمَا نَذْرَهَا وَتَبْكِي وَتَقُولُ إِني نَذَرْتُ وَالنذْرُ شَدِيدٌ فَلَمْ يَزَالَا بِهَا حَتى كَلمَتْ ابْنَ الزبَيْرِ وَأَعْتَقَتْ فِي نَذْرِهَا ذَلِكَ أَرْبَعِينَ رَقَبَةً وَكَانَتْ تَذْكُرُ نَذْرَهَا بَعْدَ ذَلِكَ فَتَبْكِي حَتى تَبُل دُمُوعُهَا خِمَارَهَا.

8067 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئانا بىر قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەۋف ئىبنى ھارىس ئىبنى تۇفەيلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بىر نەرسىنى بىرىسگە ساتقانلىقى ياكى بېرىۋەتكەنلىكى ھەققىدە:

ــ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئائىشە بۇ ئىشتىن ۋاز كەچسۇن. بولمىسا، مەن ئۇنى مېلىنى تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەيمەن، ـ دېدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ سۆزدىن خەۋەر تېپىپ:

ــــ ئۇ راستىنلا مۇشۇنداق دېدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، خەۋەر يەتكۈزگەنلەر:

ــ ھەئە، راستىنلا شۇنداق دېدى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــــ ئۇنداق بولسا، مەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە مەڭگۈ گەپ قىلمايمەن، ـ دەپ قەسەم قىلىۋەتتى. كۈن ئۆتكەنسېرى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئىچى تىتىلداپ، بەزى كىشىلەرنى ئارىغا قويۇپ، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ كەچۈرۈۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــــ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ گەپ قىلمايمەن ھەم قەسىمىمنىمۇ بۇزمايمەن، ـ دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. ئارىدىن يەنە مەلۇم مۇددەت ئۆتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بەنى زۇھرە جەمەتىدىن مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە بىلەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد ئىبنى ئەبدى يەغۇس ئىككىيلەنگە:

ــ اللەنىڭ ھەققى ــ ھۆرمىتى بىلەن سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالايكى، مېنى ئائىشەنىڭ قېشىغا ئەكىرىڭلار، چۈنكى، ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلماسلىقا قەسەم قىلىشى توغرا ئەمەس، ـ دېدى. مىسۋەر بىلەن ئابدۇرراھمان تونلىرىنى كىيىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن بىللە ئائىشەنىڭ قېشىغا باردى ۋە كىرىشكە ئىجازەت سوراپ:

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكى ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، كىرسەك بولامدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ھەزرىتى ئائىشە:

ــ كىرىڭلار! ـ دېدى، ئۇلار:

ــــ ھەممىمىز كىرەمدۇق؟ ـ دەپ سورىدى. ھەزرىتى ئائىشە ئابدۇللاھنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە:

ــ ھەئە، ھەممىڭلار كىرىڭلار! ــ دېدى. ھۇجرىغا كىرەر ـ كىرمەي، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير پەردىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، ئائىشەنى قۇچاقلىغان ھالدا ھۆركىرەپ يىغلاشقا ۋە اللہ تائالانى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى. مىسۋەر بىلەن ئابدۇرراھمان ئىككىسىمۇ اللہ تائالانى شېپى كەلتۈرۈپ، ئائىشەدىن ئابدۇللاھنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا سۆز قىلىشى ئۈچۈن يالۋۇرغىلى تۇردى ۋە:

ــ ئى ئائىشە! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق ئاداۋەتلىشىشتىن چەكلىگەنلىكىنى ۋە مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى سەنمۇ ياخشى بىلىسەن، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يىغلىغان ھالدا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قەسىمىنى ئەسلىتىپ:

ــ مەن قەسەم قىلىۋەتكەنمەن، قەسەم دېگەن ئاددىي ئىش ئەمەس، ـ دەپ چىڭ تۇرىۋالدى، ئۇلار ئائىشەگە بەكمۇ كۆپ يالۋۇردى. ئاخىرى، ھەزرىتى ئائىشە ئابدۇللاھقا گەپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ قەسىمىدە تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن 40 نەپەر قۇل ئازاد قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا، ئاشۇ قەسىمىنى ئەسلىسىلا يىغلاپ، كۆز يېشى رومىلىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى.

(بۇخارى: 6075)

8068 ـ عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزُبَيْرِ قَالَ كَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ الزُبَيْرِ أَحَب الْبَشَرِ إِلَى عَائِشَةَ بَعْـدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَكَانَ أَبر الناسِ بِهَا وَكَانَتْ لَا تُمْسِكُ شَيْئًا مِما جَاءَهَا مِنْ رِزْقِ اللهِ إِلا تَصَدقَتْ فَقَالَ ابْنُ الزُبَيْرِ يَنْبَغِي أَنْ يُؤْخَذَ عَلَى يَدَيْهَا فَقَالَتْ أَيُؤْخَذُ عَلَى يَدَي عَلَـيَّ نَذْرٌ إِنْ كَلمْتُهُ فَاسْتَشْفَعَ إِلَيْهَا بِرِجَالٍ مِنْ قُرَيْشٍ وَبِأَخْوَالِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاصةً فَامْتَنَعَتْ فَقَالَ لَهُ الزهْرِيونَ أَخْوَالُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهُمْ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ الْأَسْوَدِ بْنِ عَبْدِ يَغُوثَ وَالْمِسْوَرُ بْنُ مَخْرَمَةَ إِذَا اسْتَأْذَنا فَاقْتَحِمْ الْحِجَابَ فَفَعَلَ فَأَرْسَلَ إِلَيْهَا بِعَشْرِ رِقَـابٍ فَأَعْتَقَتْهُمْ ثُم لَمْ تَزَلْ تُعْتِقُهُمْ حَتى بَلَغَتْ أَرْبَعِينَ فَقَالَتْ وَدِدْتُ أَني جَعَلْتُ حِينَ حَلَفْـتُ عَمَلًـا أَعْمَلُهُ فَأَفْرُغَ مِنْهُ.

8068 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا نىسبەتەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالسىلا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ئىدى. باشقىلارغا قارىغاندا، ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ ياخشىلىق قىلىپ تۇراتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا الله تائالا بەرگەن مال ـ مۈلۈكنى ساقلاپ يۇرمەيلا سەدىقە قىلىۋېتەتتى. شۇڭا ئابدۇللاھ:

ــ ئۇنى مال ـ مۈلۈك تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش كېرەك، ـ دېگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئائىشە:

ــ مەن مال ــ مۈلۈك تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنامدىكەنمەن؟ مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىدىغان بولسام، ماڭا نەزىر ۋاجىپ بولسۇن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ قۇرەيشلىك بىر قانچە مۆتىۋەرنى، بولۇپمۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىلىرىنى ئارىغا سېلىۋېدى، ھەزرىتى ئائىشە يەنىلا ئۇنىمىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتىدىن بولغان بەنى زۇھرە جەمەتىلىك ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد ئىبنى ئەبد يەغۇس ۋە مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە قاتارلىق تاغىلىرى ئابدۇللاھقا:

ــ بىز ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرىشكە ئىجازەت ئالغىنىمىزدا، سەن ئىشىكتىن بۆسۈپلا كىرگىن! ــ دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. ئابدۇللاھ شۇنداق قىلىپ كىردى ۋە كېيىن ئائىشەگە ئون نەپەر قۇل ئەۋەتكەندى، ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇندىن كېيىنمۇ ھەزرىتى ئائىشە توختىماي قۇل ئازاد قىلىپ، قىرىققا يەتكۈزدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئائىشە:

ــ شۇ چاغدا، بىرلا قېتىم قىلىپ تۈگىتىۋېتىدىغان ئىشتىن بىرنى ئاتاپ نەزىر قىلسام بوپتىكەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3505)

8069 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ صَعِدَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمِنْبَرَ فَنَادَى بِصَوْتٍ رَفِيعٍ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ مَنْ أَسْلَمَ بِلِسَانِهِ وَلَمْ يُفْضِ الْإِيمَانُ إِلَى قَلْبِهِ لَا تُؤْذُوا الْمُسْلِمِينَ وَلَا تُعَيِّرُوهُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا عَوْرَاتِهِمْ فَإِنَّهُ مَنْ تَتَبَّعَ عَوْرَةَ أَخِيهِ الْمُسْلِمِ تَتَبَّعَ اللهُ عَوْرَتَهُ وَمَنْ تَتَبَّعَ اللهُ عَوْرَتَهُ يَفْضَحْهُ وَلَوْ فِي جَوْفِ رَحْلِهِ قَالَ وَنَظَرَ ابْنُ عُمَرَ يَوْمًا إِلَى الْبَيْتِ أَوْ إِلَى الْكَعْبَةِ فَقَالَ مَا أَعْظَمَكِ وَأَعْظَمَ حُرْمَتَكِ وَالْمُؤْمِنُ أَعْظَمُ حُرْمَةً عِنْدَ اللهِ مِنْكِ.

8069 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇنداق دەپ توۋلىغان:

«ئى تىلى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ۋە دىلىغا ئىمان سىڭمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنى ھاقارەتلىمەڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىماڭلار. چۈنكى قانداق بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ. الله قانداق بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كۈنى كەئبىگە قاراپ: سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ھۆرمىتىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ؟! ئەمما اللهنىڭ نەزىرىدە مۆئمىننىڭ ھۆرمىتى سەندىنمۇ ئۇلۇغ! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2032)

8070 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنَّكَ إِنْ اتَّبَعْتَ عَوْرَاتِ النَّاسِ أَفْسَدْتَهُمْ أَوْ كِدْتَ أَنْ تُفْسِدَهُمْ.

8070 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

[1] ئەلبانى (1655): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

«سەن كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىساڭ، ئارىنى بۇزۇپ قويىسەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4888)

8071 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ رَأَى عَـوْرَةً فَسَتَرَهَا كَانَ كَمَنْ أَحْيَا مَوْءُودَةً.

8071 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر ئەيىبنى كۆرۈپ ئۇنى يوشۇرسا، تىرىك كۆمۈلگەن بىر قىز بالىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەندەك بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4891)

8072 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَسْتُرُ عَبْدٌ عَبْدًا في الدنْيَا إلا سَتَرَهُ الله يوم الْقِيَامَةِ.

8072 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇ دۇنيادا بىر بەندە يەنە بىر بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى، الله تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

(مۇسلىم: 2590)

8073 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَسْتُرُ اللهُ عَلَى عَبْدٍ فِي الدنْيَا إِلا سَتَرَهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8073 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (4088): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1044): زەئىپ ـ دېگەن.

«اللە تائالا بىر بەندىسىنىڭ ئەيىبىنى بۇ دۇنيادا يۆگىگەن بولسا، (ئۇنى) ئاخىرەتتىمۇ يۆگەيدۇ».

(مۇسلىم: 2590)

**8074 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ قَالَ أُتِيَ ابْنُ مَسْعُودٍ فَقِيلَ هَذَا فُلَانٌ تَقْطُرُ لِحْيَتُهُ خَمْرًا فَقَالَ عَبْدُ اللهِ إنا قَدْ نُهِينَا عَنْ التجَسسِ وَلَكِنْ إِنْ يَظْهَرْ لَنا شَيْءٌ نَأْخُذْ بِهِ.**

8074 ـ زەيد ئىبنى ۋەھبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ:

ــ بۇنىڭ ساقىلىدىن هاراق تېمىپ تۇرىدۇ، ـ دېيىلىۋىدى، ئۇ:

ــ بىز كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ماراپ يۈرۈشتىن چەكلەنگەن، ئەمما ئاشكارا ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنى كۆرسەك، شۇنىڭغا قارىتا جازالىساق بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4890)

**8075 ـ عن دُخَيْن كَاتِبَ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ كَانَ لَنا جِيرَانٌ يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ فَنَهَيْتُهُمْ فَلَمْ يَنْتَهُوا فَقُلْتُ لِعُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ إِن جِيرَانَنا هَؤُلَاءِ يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ وَإِني نَهَيْتُهُم فَلَمْ يَنْتَهُوا فَأَنا دَاعٍ لَهُمْ الشرَط فَقَالَ دَعْهُمْ ثُم رَجَعْتُ إِلَى عُقْبَةَ مرةً أُخْرَى فَقُلْتُ إِن جِيرَانَنا قَدْ أَبَوْا أَنْ يَنْتَهُوا عَنْ شُرْبِ الْخَمْرِ وَأَنا دَاعٍ لَهُمْ الشرَط قَالَ وَيْحَكَ دَعْهُمْ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ مَعْنَى حَدِيثِ مُسْلِمٍ.**

8075 ــ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاتىپى دۇخەيىندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىزنىڭ شاراپ ئىچىدىغان قوشنىلىرىمىز بولۇپ، ئۇلارنى توسقان بولساممۇ يەنىلا ئىچىشنى تاشلىمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇقبە ئىبنى ئامىرغا:

ــ مېنىڭ قوشنىلىرىم شاراپ ئىچىدۇ، توسساممۇ ئىچىشنى تاشلىمىدى، شۇڭا ئامانلىق خادىملىرىنى چاقىرىمەن، ـ دېسەم، ئۇ:

[1] ئەلبانى (4090): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ كارىڭ بولمىسۇن، ـ دېدى. كېيىن مەن يەنە كېلىپ:

ــ قوشنىلىرىم شاراپ ئىچىشنى تاشلاشقا ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئامالىنىق خادىمى چاقىرىمەن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ ئىسىت ساڭا! ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بىر ئەيىبنى كۆرۈپ ئۇنى يوشۇرسا، تىرىك كۆمۈلگەن بىر قىز بالىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەندەك بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4891)

8076 ـ عَنْ وَاثِلَةَ بنِ الْأَسْقَعِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُظْهِـرْ الشمَاتَةَ لِأَخِيكَ فَيَرْحَمُهُ اللهُ وَيَبْتَلِيكَ.

8076 ــ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قېرىندىشىڭنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر مۇسىبەتتى ئۈچۈن خۇشال بولمىغىنكى، الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ، ساڭا مۇسىبەت بېرىپ قالمىسۇن»[2].

(تىرمىزى: 2506)

8077 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا بَلَغَهُ عَنْ الرجُلِ الشيْءُ لَمْ يَقُلْ مَا بَالُ فُلَانٍ يَقُولُ وَلَكِنْ يَقُولُ مَا بَالُ أَقْوَامٍ يَقُولُونَ كَذَا وَكَذَا.

8077 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەرسىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى يەتكۈزۈلسە: «پالانى نېمىشقا مۇنداق دەيدىغاندۇ؟» دېمەي: «بەزى كىشىلەر نېمىشقا مۇنداق دەيدىغاندۇ؟» دەيتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4788)

[1] ئەلبانى (1045): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (450): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4005): سەھىھ ـ دېگەن.

## كىبىر، رىيا ۋە باشقا چوڭ گۇناھلار

8078 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ هَنادٌ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُ عَز وَجَل الْكِبْرِيَاءُ رِدَائِي وَالْعَظَمَةُ إِزَارِي فَمَنْ نَازَعَنِي وَاحِدًا مِنْهُمَا قَذَفْتُهُ فِي النارِ.

8078 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە ئەززە ۋەجەللە: كىبىرلىك ۋە ئۇلۇغلۇق مېنىڭ خاس سۈپەتلىرىم بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭدىن بىرىنى مەندىن تالىشىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا تاشلايمەن، ـ دېدى»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4090)

8079 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنةَ مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرةٍ مِنْ كِبْرٍ قَالَ رَجُلٌ إِن الرجُلَ يُحِب أَنْ يَكُونَ ثَوْبُهُ حَسَنًا وَنَعْلُهُ حَسَنَةً قَالَ إِن اللهَ جَمِيلٌ يُحِب الْجَمَالَ الْكِبْرُ بَطَرُ الْحَق وَغَمْطُ الناسِ.

8079 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ دىلىدا زەررىچىلىك كىبىر بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ، ـ دېدى، بىر كىشى:

ــ ئادەم چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇمۇ كىبىرلىك بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ اللە گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىر دېگەن ھەقكە ئۇنىماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 91)

---

[1] ئەلبانى (3446): سەھىھ ـ دېگەن.

8080 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُحْشَرُ الْمُتَكَبِرُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَمْثَالَ الذرِ فِي صُوَرِ الرجَالِ يَغْشَاهُمْ الذل مِنْ كُل مَكَانٍ فَيُسَاقُونَ إِلَى سِجْنٍ فِي جَهَنمَ يُسَمى بُولَسَ تَعْلُوهُمْ نَارُ الْأَنْيَارِ يُسْقَوْنَ مِنْ عُصَارَةِ أَهْلِ النارِ طِينَةَ الْخَبَالِ.

8080 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى ئادەم سۈرىتىدە ئەمما زەررىچىلىك ھەجىمدە بولىدۇ، ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن خارلىق قاپلاپ، دوزاختىكى بۇلەس دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرمىگە ھەيدىلىدۇ. ئۇلارنى دەھشەت ئوتلىرى ئوراپ ئالىدۇ، ئۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ تىنىتۇلۇق خابال دەپ ئاتىلىدىغان يىرىڭلىرى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2492)

8081 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيَنْتَهِيَن أَقْوَامٌ يَفْتَخِرُونَ بِآبَائِهِمْ الذِينَ مَاتُوا إِنمَا هُمْ فَحْمُ جَهَنمَ أَوْ لَيَكُونُن أَهْوَنَ عَلَى اللهِ مِنْ الْجُعَلِ الذِي يُدَهْدِهُ الْخِرَاءَ بِأَنْفِهِ إِن اللهَ قَدْ أَذْهَبَ عَنْكُمْ عُبيةَ الْجَاهِلِيةِ وَفَخْرَهَا بِالْآبَاءِ إِنمَا هُوَ مُؤْمِنٌ تَقِي وَفَاجِرٌ شَقِي الناسُ كُلهُمْ بَنُو آدَمَ وَآدَمُ خُلِقَ مِنْ تُرَابٍ.

8081 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(جاھىلىيەتتە) ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان كىشىلەر بۇ ئىشتىن ۋاز كەچسۇن، چۈنكى ئۇلار دوزاخنىڭ كۆمۈرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ۋاز كەچمەيدىغان بولسا، ئۇنداق كىشىلەر الله تائالانىڭ نەزىرىدە گەندە قۇرتىدىنمۇ خار ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. الله سىلەرنى جاھىلىيەتنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن، ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشتىن قۇتقۇزدى. كىشىلەر ئىككى

[1] ئەلبانى (2025): ھەسەن. ـ دېگەن.

تۇرلۇكلا بولىدۇ: يا تەقۋادار مۇئمىن ياكى ئاسىي بەدبەخت. ھەممىڭلار ئادەم بالىلىرىسىلەر، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان»[1].

(تىرمىزى: 3955)

8082 ـ عَنْ مُحَمدٍ وَهُوَ ابْنُ زِيَادٍ قَالَ سَمِعْتُ أَبا هُرَيْرَةَ وَرَأى رَجُلًا يَجُـر إِزَارَهُ فَجَعَلَ يَضْرِبُ الْأَرْضَ بِرِجْلِهِ وَهُوَ أَمِيرٌ عَلَى الْبَحْرَيْنِ وَهُوَ يَقُولُ جَاءَ الْأَمِيرُ جَاءَ الْأَمِيرُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ لَا يَنظُرُ إِلَى مَنْ يَجُر إِزَارَهُ بَطَرًا.

8082 ـ مۇھەممەد ئىبنى زىياد مۇنداق دەيدۇ: بەھرەيننىڭ ئەمىرى تامبىلىنى يەرگە سۆرەپ كىيىپ، پۇتىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ:

ـ ئەمىر كەلدى، ئەمىر كەلدى! ـ دەپ توۋلىغان ھالدا كەلگەنىدى، ئۇنى كۆرگەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تامبىلىنى تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇزۇن كەيگەن كىشىگە اللە نەزىرىنى سالمايدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2087)

8083 ـ عن ابْنَ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَمَا رَجُلٌ يَجُـر إِزَارَهُ مِنْ الْخُيَلَاءِ خُسِفَ بِهِ فَهُوَ يَتَجَلْجَلُ فِي الْأَرْضِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

8083 ـــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم تەكەببۇرلۇق قىلىپ تامبىلىنى يەرگە سۆرەپ كىيىپ ماڭغاندا، ئۇنى يەر يۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە يەر ئاستىغا توختىماي چۆكۈپ تۇرىدۇ».

(بۇخارى: 3485)

[1] ئەلبانى (3100): ھەسەن، ـ دېگەن.

8084 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَمَا رَجُلٌ يَتَبَخْتَرُ فِي بُرْدَيْنِ خَسَفَ اللهُ بِهِ الْأَرْضَ فَهُوَ يَتَجَلْجَلُ فِيهَا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ فَقَالَ لَهُ فَتًى قَدْ سَماهُ وَهُوَ فِي حُلةٍ لَهُ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ أَهَكَذَا كَانَ يَمْشِي ذَلِكَ الْفَتَى الذِي خُسِفَ بِهِ ثُم ضَرَبَ بِيَدِهِ فَعَثَرَ عَثْرَةً كَادَ يَتَكَسرُ مِنْهَا فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ لِلْمَنْخَرَيْنِ وَلِلْفَمِ إِنا كَفَيْنَاكَ الْمُسْتَهْزِئِينَ.

8084 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر ئادەم تونىنى كىيىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقىنىدا، الله ئۇنى يەرگە يۇتقۇزىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە يەر ئاستىغا توختىماي چۆكۈپ تۇرىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى رىۋايەت قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇزۇن تون كىيىۋالغان بىر يىگىت بۇ ھەدىسنى ئاڭلاپ:

ــ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ھېلىقى يەر يۇتۇپ كەتكەن ئادەم مۇشۇنداق ماڭاتتىمۇ؟ ـ دەپ بىر خىل مېڭىۋىدى، قاتتىق پۇتلىشىپ كېتىپ، پۇتى سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ ھۇرەيرە ئاغزى بىلەن بۇرنىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىيمىز [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(دارىمى: 437)

8085 ـ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ قَالَ تَقُولُونَ فِيّ التيهُ وَقَدْ رَكِبْتُ الْحِمَارَ وَلَبِسْتُ الشمْلَةَ وَقَدْ حَلَبْتُ الشاةَ وَقَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ فَعَلَ هَذَا فَلَيْسَ فِيهِ مِنْ الْكِبْرِ شَيْءٌ.

8085 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: سىلەر مەندە كىبىر بارلىقىنى ئېيتىسىلەر. مەن ئېشەك مىنىمەن، پالاسقا يۆگىنىمەن، قوي ساغىمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] سۇرە ھىجر، 95 ـ ئايەت.

ۋەسەللەم: «كىمكى مۇشۇ ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭدا كىبىر بولمىغان بولىدۇ» دېگەن تۇرسا[1]؟!

(تىرمىزى: 2001)

8086 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال: حَدثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن اللهَ تَبارَكَ وَتَعَالى إذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ يَنزِلُ إلى الْعِبَادِ لِيَقْضِيَ بَيْنَهُمْ وَكُل أُمةٍ جَاثِيَةٌ فَأَولُ مَنْ يَدْعُو بِهِ رَجُلٌ جَمَعَ الْقُرْآنَ وَرَجُلٌ يَقْتَتِلُ فِي سَبِيلِ اللهِ وَرَجُلٌ كَثِيرُ الْمَالِ فَيَقُولُ اللهُ لِلْقَارِئِ أَلَمْ أُعَلمْكَ مَا أَنْزَلْتُ عَلَى رَسُولِي قَالَ بَلَى يَا رَب قَالَ فَمَاذَا عَمِلْتَ فِيمَا عُلمْتَ قَالَ كُنتُ أَقُومُ بِهِ آنَاءَ الليْلِ وَآنَاءَ النهَارِ فَيَقُولُ اللهُ لَهُ كَذَبْتَ وَتَقُولُ لَهُ الْمَلَائِكَةُ كَذَبْتَ وَيَقُولُ اللهُ بَلْ أَرَدْتَ أَنْ يُقَالَ إن فُلَانًا قَارِئٌ فَقَدْ قِيلَ ذَاكَ وَيُؤْتَى بِصَاحِبِ الْمَالِ فَيَقُولُ اللهُ لَهُ أَلَمْ أُوَسعْ عَلَيْكَ حَتى لَمْ أَدَعْكَ تَحْتَاجُ إلَى أَحَدٍ قَالَ بَلَى يَا رَب قَالَ فَمَاذَا عَمِلْتَ فِيمَا آتَيْتُكَ قَالَ كُنتُ أَصِلُ الرحِمَ وَأَتَصَدقُ فَيَقُولُ اللهُ لَهُ كَذَبْتَ وَتَقُولُ لَهُ الْمَلَائِكَةُ كَذَبْتَ وَيَقُولُ اللهُ تَعَالَى بَلْ أَرَدْتَ أَنْ يُقَالَ فُلَانٌ جَوَادٌ فَقَدْ قِيلَ ذَاكَ وَيُؤْتَى بِالذِي قُتِلَ فِي سَبِيلِ اللهِ فَيَقُولُ اللهُ لَهُ فِي مَاذَا قُتِلْتَ فَيَقُولُ أُمِرْتُ بِالْجِهَادِ فِي سَبِيلِكَ فَقَاتَلْتُ حَتى قُتِلْتُ فَيَقُولُ اللهُ تَعَالَى لَهُ كَذَبْتَ وَتَقُولُ لَهُ الْمَلَائِكَةُ كَذَبْتَ وَيَقُولُ اللهُ بَلْ أَرَدْتَ أَنْ يُقَالَ فُلَانٌ جَرِيءٌ فَقَدْ قِيلَ ذَاكَ ثُم ضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى رُكْبَتِي فَقَالَ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ أُولَئِكَ الثلَاثَةُ أَولُ خَلْقِ اللهِ تُسَعرُ بِهِمْ النارُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8086 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«اﷲ تابارەكە ۋەتائالا قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ھەممە ئۈممەت تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە بولىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال قارى، شېھىد ۋە باي كىشى چاقىرىلىدۇ. اﷲ تائالا قارىدىن:

[1] ئەلبانى (1627): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ مەن ساڭا رەسۇلۇمغا نازىل قىلغان كىتابنى ئۆگەتمىدىممۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ، قارى:

ــ شۇنداق، ئى پەرۋەردىگارىم، ئۆگەتكەنىدىڭ، ـ دەيدۇ. اللە:

ــ قۇرئاننى قانداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ، قارى:

ــ مەن ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇپ تۇردۇم، ـ دەيدۇ، اللە ئۇنىڭغا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، ـ دەيدۇ. اللە ئۇنىڭغا:

ــ سەن كىشىلەرنىڭ سېنى قارى ئىكەن دېيىشىنى كۆزلىگەنىدىڭ، سېنىڭ كۆزلىگىنىڭ ئەمەلگە ئاشتى، ـ دەيدۇ. ئاندىن بايدىن:

ــ سېنى ھېچكىمگە موھتاج قىلماي، كۆپ مال ــ دۇنيا ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ، باي:

ــ شۇنداق، ئى رەببىم! ـ دەيدۇ. اللە ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنداق بولسا، مەن ئاتا قىلغان مال ــ دۇنيانى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئۇ:

ــ سىلە ــ رەھىم قىلدىم، سەدىقە قىلىپ تۇردۇم، ـ دەيدۇ: اللە ئۇنىڭغا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، ـ دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، ـ دەيدۇ. اللە:

ــ سەن كىشىلەرنىڭ سېنى سېخى ئىكەن دېيىشىنى كۆزلىگەنىدىڭ، سېنىڭ كۆزلىگىنىڭ ئەمەلگە ئاشتى، ـ دەيدۇ. ئاندىن اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كەلتۈرۈلۈپ:

ــ سەن نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ، ئۇ:

ــ ئى اللە! سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلدۈم، ـ دەيدۇ. اللە ئۇنىڭغا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، ـ دەيدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، ـ دەيدۇ، اللە ئۇنىڭغا:

ـــ سـەن خـەقلـەرنـىـڭ سـىـنى بـاتۇر كـىشـى ئـىـكـەن دېـيىـشـىـنى كۆزلـىگـەنـىـدىڭ، سـىـنـىڭ كۆزلـىگـىـنـىـڭ ئـەمـەلـگـە ئاشـتى، ـ دەيـدۇ». ئەبـۇ ھـۇرەيرە يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: ئانـدىن پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم ئىككى تىزىمغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـــ ئـى ئەبـۇ ھـۇرەيرە! ئەنە شـۇ ئـۈچ تۇرلـۇك كىشـى قـىيـامـەت كـۈنى جەھەننـەم ئوتى ئەڭ بۇرۇن تۇتـىشـىدىغان كـىشـىلـەردۇر، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 2382)

8087 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَعَوذُوا بِاللهِ مِنْ جُب الْحَزَنِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا جُب الْحَزَنِ قَالَ وَادٍ فِي جَهَنمَ تَتَعَوذُ مِنْهُ جَهَنمُ كُل يَوْمٍ مِائَةَ مَرةٍ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَنْ يَدْخُلُهُ قَالَ الْقُراءُ الْمُرَاءُونَ بِأَعْمَالِهِمْ.

8087 ـــ ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اﷲ تائالاغا سېغىنىپ، غەم ـ قـايغۇ قۇدۇقـىدىن پانـاھ تىلـەڭـلار! ـ دېگەنىدى، ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! غەم ـ قايغۇ قۇدۇقى دېگەن نېمە ئۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ جەھەننەمدىكى بىر جىلغىنىڭ نـامى بولـۇپ، جەھەنـنەم ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن يۈز قېتىم پاناھلىق تىلەيدۇ، ـ دېدى. بىز:

ـــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئۇنىڭغـا قانـداق ئـادەم كىرىـدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەمەللىرى بىلەن رىياخورلۇق قىلغان قارىيلار، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 2383)

[①] ئەلبانى (1942): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (415): زەئىپ، ـ دېگەن.

8088 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَنَا أَغْنَى الشرَكَاءِ عَنْ الشرْكِ مَنْ عَمِلَ عَمَلًا أَشْرَكَ فِيهِ مَعِي غَيْرِي تَرَكْتُهُ وَشِرْكَهُ.

8088 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اﷲ تەبارەكە ۋەتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ شېرىككە ھېچ ئېھتىياجىم يوق. كىمكى مەن بىلەن باشقا بىرىنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىر ئەمەلنى قىلسا، مەن ئۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلمايمەن، ئۇنىڭ ساۋابىنى شۇ شېرىك قىلغان نەرسىسىدىن ئالسۇن».

(مۇسلىم: 2985)

8089 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ الرجُلُ يَعْمَلُ الْعَمَلَ فَيُسِرُهُ فَإِذَا اطلِعَ عَلَيْهِ أَعْجَبَهُ ذَلِكَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهُ أَجْرَانِ أَجْرُ السر وَأَجْرُ الْعَلَانِيَةِ.

قَالَ أَبو عِيسَى وَقَدْ فَسرَ بَعْضُ أَهْلِ الْعِلْمِ هَذَا الْحَدِيثَ فَقَالَ إِذَا اطلِعَ عَلَيْهِ فَأَعْجَبَهُ فَإِنمَا مَعْنَاهُ أَنْ يُعْجِبَهُ ثَنَاءُ الناسِ عَلَيْهِ بِالْخَيْرِ لِقَوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللهِ فِي الْأَرْضِ فَيُعْجِبُهُ ثَنَاءُ الناسِ عَلَيْهِ لِهَذَا لِمَا يَرْجُو بِثَنَاءِ الناسِ عَلَيْهِ فَأَما إِذَا أَعْجَبَهُ لِيَعْلَمَ الناسُ مِنْهُ الْخَيْرَ لِيُكْرَمَ عَلَى ذَلِكَ وَيُعَظمَ عَلَيْهِ فَهَذَا رِيَاءٌ و قَالَ بَعْضُ أَهْلِ الْعِلْمِ إِذَا اطلِعَ عَلَيْهِ فَأَعْجَبَهُ رَجَاءَ أَنْ يَعْمَلَ بِعَمَلِهِ فَيَكُونُ لَهُ مِثْلُ أُجُورِهِمْ فَهَذَا لَهُ مَذْهَبٌ أَيْضًا.

8089 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم بىر ئەمەلنى مەخپىي قىلغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشى كىشىلەرنىڭ كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولسا قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ساۋاب بولىدۇ. يەنى مەخپىي قىلغانلىقىغا بىر ساۋاب، ئاشكارا قىلغانلىقىغا بىر ساۋاب، ـ دېدى.

تىرمىزى مۇنداق دېگەن: بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھلىگەن: "كىشىلەر ئۇنى كۆرسە، كىشىلەرنىڭ كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولسا" دېگەننىڭ مەنىسى: كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئوقۇغان مەدھىيەسى ئۇنىڭغا يېقىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىشى پەقەتلا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ مەدھىيىسى ئارقىلىق الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا، شۇنداق بولىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ياخشى ئادەم ئىكەن دەپ ھۆرمەتلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى ياقتۇرغان بولسا، بۇ رىياخورلۇقتۇر. يەنە بەزى ئالىملار بۇ ئىبارە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "كىشىلەر قىلغان ئىشىمدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلسا" دەپ ئۈمىد قىلسا، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار قاراشتۇر[1].

(تىرمىزى: 2384)

8090 ـ عَنْ أَبِي بَكْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أُنَبئُكُمْ بِأَكْبَرِ الْكَبَائِرِ ثَلَاثًا قَالُوا بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْإِشْرَاكُ بِاللهِ وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ وَجَلَسَ وَكَانَ مُتكِئًا فَقَالَ أَلَا وَقَوْلُ الزورِ قَالَ فَمَا زَالَ يُكَررُهَا حَتى قُلْنَا لَيْتَهُ سَكَتَ.

8090 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم:

— مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ساھابىلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن! — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، ـ دېدى. ئاندىن يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تىكلىنىپ:

[1] ئەلبانى (416): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ يالغان قەسەم قىلىش، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەردى. ھەتتا بىز "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ قالسىكەن" دەپ كەتتۇق.

(بۇخارى: 2654)

8091 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللُه عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اجْتَنِبُوا السـبْعَ الْمُوبِقَاتِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللِه وَمَا هُن قَالَ الشرْكُ بِاللِه وَالسحْرُ وَقَتْلُ النفْسِ التِي حَرمَ اللُه إلا بِالْحَق وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ وَأَكْلُ الربَا وَالتوَلي يَوْمَ الزحْفِ وَقَذْفُ الْمُحْصَنَاتِ الْغَافِلَـاتِ الْمُؤْمِنَاتِ.

8091 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار! ـ دېدى. بەزىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ ﷲقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۆسۈم يېيىش، جەڭدىن قېچىش، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بوھتان چاپلاش قاتارلىقلار، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 89)

8092 ـ وفي رواية عن عمير: أن رَجُلًا سَأَلُه فقال يا رَسُولَ اللِه ما الْكَبَائِرُ فقال هُن تِسْعٌ فذكر مَعْنَاهُ زَادَ وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ الْمُسْلِمَيْنِ وَاسْتِحْلَالُ الْبَيْتِ الْحَـرَامِ قِبْلَـتِكُمْ أَحْيَاءً وَأَمْوَاتًا.

8092 ـ ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن يەنە بىر رىۋايەتتە، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ چوڭ گۇناھلار قايسى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار توققۇزدۇر، ـ دېدى ۋە يۇقىرىقى ھەدىستىكى يەتتە گۇناھنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن:

ــ مۇسۇلمان ئاتا ــ ئانىنى قاخشىتىش، سېھىرنىڭ تىرىك ھەم ئۆلۈك چېغىڭلاردىكى قىبلەڭلار بولغان بەيتۇل ھەرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2875)

8093 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْكَبَائِرُ الْإِشْرَاكُ بِاللهِ وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ وَقَتْلُ النفْسِ وَالْيَمِينُ الْغَمُوسُ.

8093 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى: اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ــ ئانىنى قاخشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم قىلىشتۇر».

(بۇخارى: 6675)

8094 ـ وعن بريدة: أن رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: قال إن أكبر الكبائر الإشراك بالله وعقوق الوالدين ومنع فضل الماء ومنع الفحل.

8094 ــ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى: اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ــ ئانىنى قاخشىتىش، ئارتۇق سۇنى بەرمەي تۇرۇۋېلىش، ئەركەك ھايۋاننى (ئاتلىتىشقا) بېرىپ تۇرماسلىق»[2].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى: سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (397): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى ھەببان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## مۇناپىقلىق، چاقچاق ۋە تالاش ـ تارتىش

8095 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَرْبَعٌ مَنْ كُنَ فِيهِ كَانَ مُنَافِقًا خَالِصًا وَمَنْ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْهُن كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْ النفَاقِ حَتى يَدَعَهَا إِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ وَإِذَا حَدث كَذَبَ وَإِذَا عَاهَدَ غَدَرَ وَإِذَا خَاصَمَ فَجَرَ.

8095 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۆت خىل سۈپەت بار بولۇپ، قانداق بىر ئادەمدە مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، رەسمى مۇناپىق بولىدۇ. بىرى تېپىلسا، تاكى ئۇنى تاشلىمىغۇچە نىپاقنىڭ بىر سۈپىتى ئۇنىڭدا بولغان بولىدۇ. 1 ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش؛ 2 ـ يالغان سۆزلەش؛ 3 ـ توختامغا ئەمەل قىلماسلىق؛ 4 ـ دەۋادا ئۇساللىق قىلىش».

(بۇخارى: 34)

8096 ـ وفي رواية: وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ صَحِيحٌ وَإِنمَا مَعْنَى هَذَا عِنْدَ أَهْلِ الْعِلْمِ نِفَاقُ الْعَمَلِ وَإِنمَا كَانَ نِفَاقُ التكْذِيبِ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8096 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ۋەدىسىدە تۇرماسلىق» دەپ كەلگەن. تىرمىزى: بۇ ھەسەن ۋە سەھىھ ھەدىستۇر، ـ دېگەن. ئالىملارنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭ مەنىسى ئەمەلدىكى مۇناپىقلىق بولۇپ، ئېتىقادتىكى مۇناپىقلىق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا مەۋجۇت ئىدى[1].

(تىرمىزى: 2632)

[1] ئەلبانى (2122): سەھىھ ـ دېگەن.

8097 ـ وفي رواية عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رفعه: آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلَاثٌ وَإِنْ صَامَ وَصَلى وَزَعَمَ أَنَهُ مُسْلِمٌ.

8097 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر. گەرچە ئۇ روزا تۇتۇپ، ناماز ئوقۇپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالسىمۇ...»

(مۇسلىم: 59)

8098 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَصْلَتَانِ لَا تَجْتَمِعَانِ فِي مُنَافِقٍ حُسْنُ سَمْتٍ وَلَا فِقْهٌ فِي الدينِ.

8098 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى خىسلەت مۇناپىقتا تېپىلمايدۇ: بىرى ئېسىل ئەخلاق؛ يەنە بىرى دىنني چۈشەنچە»[1].

(تىرمىزى: 2684)

8099 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَثَلُ الْمُنَافِقِ كَمَثَلِ الشاةِ الْعَائِرَةِ بَيْنَ الْغَنَمَيْنِ تَعِيرُ إِلَى هَذِهِ مَرةً وَإِلَى هَذِهِ مَرةً.

8099 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇناپىق خۇددى ئىككى توپ پادىنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، گاھىدا ئۇنىڭغا، گاھىدا بۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن ساغلىقتا ئوخشايدۇ».

(مۇسلىم: 2784)

8100 ـ عن مُحَمدِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ: قَالَ أُنَاسٌ لِابْنِ عُمَرَ إِنا نَدْخُلُ عَلَى سُلْطَانِنَا فَنَقُولُ لَهُمْ خِلَافَ مَا نَتَكَلمُ إِذَا خَرَجْنَا مِنْ عِنْدِهِمْ قَالَ كُنا نَعُدهَا نِفَاقًا.

[1] ئەلبانى (2160): سەھىھ ـ دېگەن.

8100 ـ مۇھەممەد ئىبنى زەيد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەزىلەر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:
ــ بىز پادىشاھ ۋە ئەمىرلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا باشقىچە، ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدىن چىققاندىن كېيىن باشقىچە سۆزلەرنى قىلىمىز، ـ دېۋىدى، ئۇ:
ــ بىز بۇنداق قىلىشنى مۇناپىقلىق ھېسابلايتتۇق، ـ دېدى.
(بۇخارى: 7178)

8101 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ قَالَ إِن الْمُنَافِقِينَ الْيَوْمَ شَر مِنْهُمْ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانُوا يَوْمَئِذٍ يُسِرونَ وَالْيَوْمَ يَجْهَرُونَ.
8101 ــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھازىرقى مۇناپىقلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. ئۇ چاغلاردا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى يوشۇراتتى. لېكىن ھازىرقى مۇناپىقلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ كەتتى.
(بۇخارى: 7113)

8102 ـ عن حُذَيْفَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي أَصْحَابِي اثْنَا عَشَرَ مُنَافِقًا فِيهِمْ ثَمَانِيَةٌ لَا يَدْخُلُونَ الْجَنةَ حَتى يَلِجَ الْجَمَلُ فِي سَم الْخِيَاطِ ثَمَانِيَةٌ مِنْهُمْ تَكْفِيكَهُمُ الدبَيْلَةُ وَأَرْبَعَةٌ لَمْ أَحْفَظْ مَا قَالَ شُعْبَةُ فِيهِمْ.
8102 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ساھابىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئون ئىككى مۇناپىق بار، ئۇلاردىن سەككىزى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگۈچە ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ. دۇبەيلە كېسىلى (بېقىنى يىرىڭداپ تېشىلىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك) سېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ». راۋىيلاردىن ئەسۋەد مۇنداق دېگەن: قالغان تۆتى ھەققىدە شۇئبەنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئەستە تۇتالمىدىم.
(مۇسلىم: 2779)

8103 ـ وفي رواية: ثَمَانِيَةٌ منهم تَكْفِيكَهُمُ الدُّبَيْلَةُ سِرَاجٌ مِنَ النَّارِ يَظْهَرُ في أَكْتَافِهِمْ حَتَّى يَنْجُمَ من صُدُورِهِمْ.

8103 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «دۇبەيلە كېسەللىكى سېنى ئۇلاردىن سەككىزىنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. دۇبەيلە ـ دولىلىرىدا پەيدا بولۇپ، مەيدىلىرىدىن تېشىپ چىقىدىغان كۆيدۇرگە كېسىلىدۇر».

(مۇسلىم: 2779)

8104 ـ عن أبي الطفيل قال كان بين رَجُلٍ من أَهْلِ الْعَقَبَةِ وَبَيْنَ حُذَيْفَةَ بَعْضُ ما يَكُونُ بين الناس فقال أَنْشُدُكَ بِاللهِ كَمْ كان أَصْحَابُ الْعَقَبَةِ قال فقال له الْقَوْمُ أَخْبِرْهُ إِذْ سَأَلَكَ قال كنا نُخْبَرُ أَنَّهُمْ أَرْبَعَةَ عَشَرَ فَإِنْ كُنْتَ منهم فَقَدْ كان الْقَوْمُ خَمْسَةَ عَشَرَ وَأَشْهَدُ بِاللهِ أن اثْنَيْ عَشَرَ منهم حَرْبٌ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ في الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ وَعَذَرَ ثَلَاثَةً قالوا ما سَمِعْنَا مُنَادِيَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ولا عَلِمْنَا بِمَا أَرَادَ الْقَوْمُ وقد كان في حَرَّةٍ فَمَشَى فقال إن الْمَاءَ قَلِيلٌ فلا يَسْبِقْنِي إليه أَحَدٌ فَوَجَدَ قَوْمًا قد سَبَقُوهُ فَلَعَنَهُمْ يَوْمَئِذٍ.

8104 ـ ئەبۇ تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ئەينى چاغدا تەبۇكتىكى ئەقەبە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان) مۇناپىقلاردىن بىرى بىلەن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئىش ئۈستىدە تاكاللىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ھۇزەيفەگە:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سەندىن سورايكى، قىيالىقتا سۇيىقەست پىلانلىغانلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟ ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېگەنىدى، جامائەتمۇ:

ـ مادامىكى سەندىن بىر نەرسە سورىدى، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن! ـ دېدى. ھۇزەيفە:

ــ بىز ئۇلارنى 14 كىشى دەپ بىلىمىز. ئەگەر سەنمۇ ئۇلاردىن بولىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ سانى 15 بولىدۇ. ئاللاھنى تىلغا ئېلىپ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇلارنىڭ 12سى دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق

بىرىشكە تۇرىدىغان قىيامەت كۈنىدە اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلغانلاردۇر. قالغان ئۈچ كىشى: ''بىز جاكارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قاپتۇق ھەم سۈيىقەستچىلەرنىڭ غەرىزىنىمۇ بىلمەپتۇق'' دەپ ئۆزرە ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى.

ئەسلىدە ئۇ كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سايلىقتا كېتىۋېتىپ:

ـ سۇ بەكمۇ ئاز، شۇڭا ھېچكىم مەندىن بۇرۇن سۇنىڭ قېشىغا بارمىسۇن! ـ دېگەن ئىدى. لېكىن سۇنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن بىرىپ بولغان بىر توپ كىشىنى (مۇناپىقلارنى) كۆردى ـ دە، ئۇلارغا لەنەت ئوقۇدى.

(مۇسلىم: 2779)

8105 ـ عن أبي الطفيل قال لما أقبل رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ من غزْوَةِ تبوكَ أمَرَ مُنادِياً فنادَى ان رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ أخَذَ العَقبَةَ فلا يَأخُذهَا أحَدٌ فبَيْنمَا رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ يَقوُدُهُ حُذيْفةُ وَيَسُوقُ بِهِ عَمارٌ إذ أقبَلَ رَهْطٌ مُتلثمُونَ على الرَوَاحِلِ غشَوْا عَماراً وهو يَسُوقُ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ وَأقبَلَ عَمارٌ يَضْرِبُ وُجُوهَ الرَوَاحِلِ فقال رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ لِحُذيْفةَ قد قد حَتى هَبطَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ فلما هَبطَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ نزَلَ وَرَجَعَ عَمارٌ فقال يا عَمارُ هل عَرَفتَ القوْمَ فقال قد عَرَفتُ عَامةَ الرَوَاحِلِ وَالقوْمُ مُتلثمُونَ قال هل تدري ما أرَادُوا قال الله وَرَسُولهُ أعْلمُ قال أرَادُوا ان يَنفِرُوا بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ فيَطرَحُوهُ قال فساب عَمارٌ رَجُلاً من أصْحَابِ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ فقال نشَدْتكَ بِاللهِ كمْ تعْلمُ كان أصْحَابُ العَقبَةِ فقال أرْبَعَةَ عَشَرَ فقال ان كنتَ فِيهِمْ فقدْ كانوا خَمْسَةَ عَشَرَ فعَذر رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ منهم ثلاثةً قالوا والله ما سَمِعْنا منادي رسول اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ وما عَلِمْنا ما أرَادَ القوْمُ فقال عَمارٌ أشْهَدُ أن الاِثنىْ عَشَرَ البَاقِينَ حَرْبٌ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ في الحَيَاةِ الدنيا وَيَوْمَ يَقوُمُ الأشْهَادُ.

8105 ــ يەنە ئەبۇ تۇفەيىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازىتىدىن قايتىشىدا بىر جاكارچىنى:

ـــ ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئەقەبەگە بارمىسۇن. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يەرگە چۈشمەكچى، ـ دەپ جاكارلاشقا بۇيرىغاندىن كېيىن، شۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ ماڭغان بولۇپ، ئەممار ئارقىدىن ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا يۈزلىرىنى نىقابلىۋالغان بىر توپ تۆگىلىك كىشى كېلىپ ئەممارنى ئورىۋالدى. ئەممار ئۇلارغا يۈزلىنىپ، تۆگىلىرىنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفەگە:

ـ ئالدىڭغا تارتىپ ميڭىۋەر، تارتىپ ميڭىۋەر! ـ دېسە؛ ئەممارغا:

ـــ ھەيدە، ھەيدە! ــ دەيتتى. نىھايەت، (كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بېرىپ) تۆگىلەر چۆكتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىدىن چۈشۈپ:

ـ ئى ئەممار! ئۇلارنى تونۇيالىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئەممار:

ـــ ئۇلاغلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇۋالدىم، ئەمما ئادەملەر نىقابلانغان بولغاچقا، ئۇلارنى تونۇيالمىدىم، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئەممار:

ـــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار مېنى ئېلىپ چىقىپ قىيادىن تاشلىماقچى بولغانىدى، ـ دېدى.

كېيىن ئەممار ئۇلاردىن (ئەقەبە مۇناپىقلىرىدىن) بىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالدى. ئۇ ئادەم:

ــ ﷲنىڭ نامى بىلەن سەندىن سوراپ باقاي. قىيالىقتا سۈيىقەست پىلانلىغانلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟ ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېۋىدى، ئەممار:

ــ بىز ئۇلارنى 14 كىشى دەپ بىلەتتۇق. ئەگەر سەنمۇ شۇلاردىن بولساڭ، ئۇلارنىڭ سانى 15 بولىدۇ. ئۇلاردىن ئۈچ كىشى: ”بىز جاكارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قاپتۇق ھەم سۈيىقەستچىلەرنىڭ غەرىزىنىمۇ بىلمەپتۇق“ دەپ ئۆزرە ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى. قالغان 12سى دۇنيادا ۋە گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بېرىشكە تۇرىدىغان كۈندە ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلدى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 23842)

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## تەبۇكتىكى ئەقەبە دېگەن جايدا پىلانلانغان سۇيىقەستكە قاتناشقان مۇناپىقلارنىڭ تىزىملىكى:

مُعْتِبُ بن قُشَيْرٍ شَهِدَ بَدْرًا وهو الذي قال يَعِدُنَا مُحَمدٌ كُنوزَ كِسْرَى وَقَيْصَرَ وَأَحَدُنَا لا يَأْمَنُ على خَلائِهِ وهو الذي قال لو كان لنا مِنَ الأَمْرِ شَيْءٌ ما قُتِلْنَا ها هنا ووديعة بـن ثَابِتِ وهو الذي قال إنما كنا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ وَجِد بن عبد اللهِ بن نَبِيلٍ وهو الذي قـال جِبْرِيلُ عليه السلامُ يا محمد من هذا الأَسْوَدُ كَثِيرٌ شَعْرُهُ عَيْنَاهُ كَأَنُهُمَا قِدْرَانِ من صُفْرٍ يَنْظُرُ بِعَيْنَيْ شَيْطَانٍ وَكَبِدُهُ كَبِدُ حِمَارٍ يُخْبِرُ الْمُنَافِقِينَ بِخَبَرِكَ وهو الْمُجْتَر بِخُرْئِهِ وَالْحَارِثُ بن يَزِيدَ وهو الذي سَبَقَ إلى الوشل الذي نى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَنْ يَمَسهُ أَحَدٌ فَاسْتَقَى منه وَأَوْسُ بن قَيْظِي وهو الذي قال إِن بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَالْجَلاسُ بن سُوَيْدِ وَبَلَغَنَا أَنهُ تَابَ بَعْدَ ذلك وَسَعْدُ بن زُرَارَةَ وهو الْمُدَخنُ على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وكان أَصْغَرَهُمْ سِنا وَأَخْبَثَهُمْ وَقَيْسُ بن قَهْدٍ وَسُوَيْدٌ وَدَاعِسٌ وَهُمَا من بني بَلْحُبْلى وَهُمَا مِمـنَ جَهزَ بن أُبي في تَبُوكَ يُخَذلانِ الناس وَقَيْسُ بن عَمْرِو بن سَهْلٍ وَزَيْدُ بن اللصِيتِ وكـان من يَهُودِ قَيْنُقَاعَ فَأَظْهَرَ الإسلام وَفِيهِ غِش الْيَهُودِ وَنِفَاقُ من نَافَقَ وَسَلامَةُ بن الْحُمَامِ من بني قَيْنُقَاعَ فَأَظْهَرَ الإِسْلامَ.

مۇئەتەب ئىبنى قۇشەير ــ بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ئۇ: ”بىز ھاجەتخانىدىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمايۋاتساق، مۇھەممەد بىزگە كىسرا بىلەن قەيسەرنىڭ مال ــ مۈلكلىرىنى ۋەدە قىلىۋاتىدۇ“ دېگەن كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ يەنە: ئەگەر غەلىبىدىن بىزگە ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق[1] دېگەن.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 154 ـ ئايەت.

ۋەدىيئە ئىبنى سامىت — بىز (راستىن ئەمەس) پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق [1] دېگەن كىشى.

جىددى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى نەبىيل — جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئى مۇھەممەد! بۇ تۇكلۇك قارىۋاينىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇنىڭ ئىككى كۆزى خۇددى ئىككى تۇچ قازاندەك شەيتان كۆز، جىگىرى ئېشەكنىڭ جىگىرى بولۇپ، مۇناپىقلارغا سېنىڭ ئۇچۇرلىرىڭنى يەتكۈزىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يوقىنى يەيدىغان كىشى.

ھارىس ئىبنى يەزىد — پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىشنى چەكلىگەن قۇدۇقتىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن بېرىپ) سۇ ئىچكەن كىشى.

ئەۋس ئىبنى قەيزى — بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا [2] دېگەن كىشى.

جاللاس ئىبنى سۇۋەيد — بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ كېيىن تەۋبە قىلغان ئىكەن.

سەئد ئىبنى زۇرارە — پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشى ئوت يېقىپ تۇتۇن چىقارغان كىشى بولۇپ، مۇناپىقلارنىڭ ياشتا ئەڭ كىچىكى، لېكىن ئەڭ يامىنى ئىدى.

قەيس ئىبنى قەھد.

سۇۋەد ۋە دائىس — بۇ ئىككىسى باھۇبلە جەمەتىدىن بولۇپ، تەبۇك غازىتىغا چىقىدىغان چاغدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلغا ھەمكارلىشىپ، كىشىلەرنى جىھادقا چىقماسلىققا ئۈندىگەن ئىدى.

قەيس ئىبنى ئەمر ئىبنى سەھل.

زەيد ئىبنى لەسىت — بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىدىن بولۇپ، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇۋالغان، تەبىئىتىدە يەھۇدىيلارنىڭ ساختىلىقى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ تەبىئىتى جەملەنگەن.

[1] سۇرە تەۋبە، 65 ـ ئايەت.

[2] سۇرە ئەھزاب، 13 ـ ئايەت.

سالامە ئىبنى ھۇمام ــ بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىدىن بولۇپ، ئۇمۇ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇۋالغان.

(«ئەلكەبىر»: 3017).

8106 ـ عن سلمة قَالَ عُدْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا مَوْعُوكًا قَالَ فَوَضَعْتُ يَدِي عَلَيْهِ فَقُلْتُ وَاللهِ مَا رَأَيْتُ كَاليَوْمِ رَجُلًا أَشَد حَرا فَقَالَ نَبِي اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِأَشَد حَرا مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ هَذَيْنِكَ الرجُلَيْنِ الراكِبَيْنِ الْمُقَفيَـيْنِ لِرَجُلَيْنِ حِينَئِذٍ مِنْ أَصْحَابِهِ.

8106 ـ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاغرىپ قالغان بىرەيلەننى يوقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە باردۇق. مەن بىمارنىڭ بەدىنىگە قولۇمنى تەگكۈزۈپ بېقىپ:

ـــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنداق قاتتىق قىزىپ كەتكەن ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ قىيامەت كۈنى، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قىزىپ كېتىدىغان كىشىنى سىلەرگە دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ ئىككىسى شۇ، ـ دېدى ۋە (بىزگە دۈمبىسىنى قىلىپ كېتىۋاتقان) ساھابىلەردىن ئىككى كىشىنى كۆرسەتتى.

(مۇسلىم: 2783)

8107 ـ وقال بن أبي مُلَيْكَةَ أَدْرَكْتُ ثَلَاثِينَ من أَصْحَابِ النF صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ كلهم يَخَافُ النفَاقَ على نَفْسِهِ ما منهم أَحَدٌ يقول إنه علي إِيمَانِ جِبْرِيلَ وَمِيكَائِيلَ.

8107 ــ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (بەدرگە قاتناشقان) ساھابىلىرىدىن ئوتتۇزچە كىشىنى كۆرگەنمەن. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى: ''مېنىڭ ئىمانىم جىبرىئىل بىلەن مىكائىلنىڭ ئىمانىدەك ساپ ۋە نىپاقسىزدۇر'' دەپ ئېيتالمايتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

8108 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلْمُنَافِقِينَ عَلَامَاتٍ يُعْرَفُونَ بِهَا تَحِيتُهُمْ لَعْنَةٌ وَطَعَامُهُمْ نُهْبَةٌ وَغَنِيمَتُهُمْ غُلُولٌ وَلَا يَقْرُبُونَ الْمَسَاجِدَ إِلا هَجْرًا وَلَا يَأْتُونَ الصلَاةَ إِلا دَبْرًا مُسْتَكْبِرِينَ لَا يَأْلَفُونَ وَلَا يُؤْلَفُونَ خُشُبٌ بِاللَيْلِ صُخُبٌ بِالنهَارِ.

8108 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بەزى ئالامەتلىرى بار بولۇپ، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئۇلارنىڭ سالاملىرى لەنەتتۇر؛ يېمەك ـ ئىچمىكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان، ئولجىلىرى ھىيلە بىلەن ئېلىۋېلىنغان ياكى ئوغرىلانغان نەرسىلەردۇر. ئۇلار مەسجىدلەرگە پەقەت چۈش ۋاقتىدىلا كېلىپ قويىدۇ، نامازغا سۆرەلمىلىك بىلەن (يەنى كېچىكىپ) كېلىدۇ. بەكمۇ ھاكاۋۇر بولغاچقا، ھېچكىم بىلەن چىقىشالمايدۇ. كېچىلىرى ئوتۇندەك ئۈن ـ تىنسىز بولۇپ، كۈندۈزلىرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 7913)

8109 ـ عن سَهْلِ بن سَعْدٍ الساعِدِي قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم نِيةُ الْمُؤْمِنِ خَيْرٌ من عَمَلِهِ وَعَمَلُ الْمُنَافِقِ خَيْرٌ من نِيتِهِ وَكُلٌّ يَعْمَلُ على نِيتِهِ فإذا عَمِلَ الْمُؤْمِنُ عَمَلا نَارَ في قَلْبِهِ نُورٌ.

8109 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇئمىننىڭ نىيىتى ئەمىلىدىن، مۇناپىقنىڭ ئەمىلى نىيىتىدىن ئەۋزەل بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز نىيىتى بويىچە ئىش قىلىدۇ. مۇئمىن بىر ئەمەل قىلسا، قەلبىدە بىر نۇر يورۇيدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 5942)

---

[1] ھەيسەمى (411): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمەلىك ئىبنى قۇدامە جۇمەھىي ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (212): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھاتەم ئىبنى ئۇبادە دىنار جىرشىي دېگەن كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8110 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أن أَحَدَكُمْ يَعْمَلُ فِي صَخْرَةٍ صَماءَ لَيْسَ لَهَا بَابٌ وَلَا كُوةٌ لَخَرَجَ عَمَلُهُ لِلناسِ كَائِنًا مَا كَانَ.

8110 ــ ئەبــۇ ســەئىد خــۇدرى رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا بىرىڭلار نە ئىشىكى يا كاماسى بولمىغان ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئەمەل قىلسىمۇ، كىشىلەر قاچانلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەمەللىرىدىن خەۋەردار بولماي قالمايدۇ»[1].

(ئەھمەد: 11246؛ مەۋسىلى: 1378)

8111 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إنكَ تُدَاعِبُنَا قَالَ إني لَا أَقُولُ إلا حَقًا.

8111 ــ ئەبــۇ هــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ رىــۋايەت قىلىــدۇكى، ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزگە چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەن چاقچاق قىلساممۇ، ھەقتىن باشقىنى دېمەيمەن، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 1990)

8112 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أن رَجُلًا اسْتَحْمَلَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إني حَامِلُكَ عَلَى وَلَدِ الناقَةِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَصْنَعُ بِوَلَدِ الناقَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهَلْ تَلِدُ الْإِبِلَ إلا النوقُ.

8112 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مىنگىدەك ئۇلاغ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ھەيسەمى (17679): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1621): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ سېنى تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۈرەي، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـــ تۆگىنىڭ بالىسىنى قانداق مىنىمەن؟ ـــ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تۆگە تۆگىدىن باشقىنى تۇغامدۇ؟! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1991)

8113 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَهُ يَا ذَا الْأُذُنَيْنِ قَالَ مَحْمُودٌ قَالَ أَبُو أُسَامَةَ يَعْنِي مَازَحَهُ.

8113 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

ــ ئى قوش قۇلاق! ـ دېگەنىدى[2].

(تىرمىزى: 1992)

8114 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ خَرَجَ أَبُو بَكْرٍ فِي تِجَارَةٍ إِلَى بُصْرَى قَبْلَ مَوْتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَامٍ وَمَعَهُ نُعَيْمَانُ وَسُوَيْبِطُ بْنُ حَرْمَلَةَ وَكَانَا شَهِدَا بَدْرًا وَكَانَ نُعَيْمَانُ عَلَى الزادِ وَكَانَ سُوَيْبِطُ رَجُلًا مَزاحًا فَقَالَ لِنُعَيْمَانَ أَطْعِمْنِي قَالَ حَتى يَجِيءَ أَبُو بَكْرٍ قَالَ فَلَأُغِيظَنكَ قَالَ فَمَروا بِقَوْمٍ فَقَالَ لَهُمْ سُوَيْبِطُ تَشْتَرُونَ مِني عَبْدًا لِي قَالُوا نَعَمْ قَالَ إِنهُ عَبْدٌ لَهُ كَلَامٌ وَهُوَ قَائِلٌ لَكُمْ إِني حُر فَإِنْ كُنْتُمْ إِذَا قَالَ لَكُمْ هَذِهِ الْمَقَالَةَ تَرَكْتُمُوهُ فَلَا تُفْسِدُوا عَلَي عَبْدِي قَالُوا لَا بَلْ نَشْتَرِيهِ مِنْكَ فَاشْتَرَوْهُ مِنْهُ بِعَشْرِ قَلَائِصَ ثُم أَتَوْهُ فَوَضَعُوا فِي عُنُقِهِ عِمَامَةً أَوْ حَبْلًا فَقَالَ نُعَيْمَانُ إِن هَذَا يَسْتَهْزِئُ بِكُمْ وَإِني حُر لَسْتُ بِعَبْدٍ فَقَالُوا قَدْ أَخْبَرَنَا خَبَرَكَ فَانْطَلَقُوا بِهِ فَجَاءَ أَبُو بَكْرٍ فَأَخْبَرُوهُ بِذَلِكَ قَالَ فَاتبَعَ الْقَوْمَ وَرَد عَلَيْهِمْ الْقَلَائِصَ وَأَخَذَ نُعَيْمَانَ قَالَ فَلَما قَدِمُوا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَخْبَرُوهُ قَالَ فَضَحِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابُهُ مِنْهُ حَوْلًا.

---

[1] ئەلبانى (1623): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1622): سەھىھ ـ دېگەن.

8114 ــ ئۇممــۇ ســەلەمە رەزىيەللاھــۇ ئەنهــادىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى بۇسرا دېگەن شەھەرگە تىجارەت ئۈچۈن سەپەر قىلدى. بەدر غازىتىغا قاتناشقان نۇئەيمان بىلەن سۇۋەيبىت ئىبنى ھەرمەلە ئىككىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان بولۇپ، نۇئەيمان ئوزۇق - تۈلۈككە مەسئۇل بولغاندى، سۇۋەيبىت بولسا، چاقچاقچى كىشى ئىدى. سۇۋەيبىت نۇئەيمانغا:

ــ ماڭا تاماق بەرگىن! - دېگەندى، نۇئەيمان:

ــ ئەبۇ بەكرىمۇ كەلسۇن، ئاندىن بېرەي، - دەپ تۇرىۋالدى. سۇۋەيبىت:

ــ ئۇنداقتا، مەن سېنىڭ ئاچچىغىڭنى كەلتۇرىمەن، - دېدى. يولدا ئۇلارغا بىر توپ كىشى ئۇچرىدى. سۇۋەيبىت ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ مېنىڭ بىر قۇلۇم بار، ئۇنى سېتىۋالامسىلەر؟ - دېگەندى، ئۇلار:

ــ ماقۇل، سېتىۋالايلى، - دېيىشتى. سۇۋەيبىت ئۇلارغا:

ــ بۇ قۇلنىڭ گېپى تولا، بەلكىم ئۇ سىلەرگە ئۆزىنى ھۆر دەيدۇ، ئۇ چاغدا سىلەر سودىدىن يېنىۋالىدىغان بولساڭلار، مېنى ئاۋارە قىلماي، ھازىرلا بولدى قىلىڭلار! - دېۋىدى، ئۇلار:

ــ ياق، ئالىمىز، - دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار نۇئەيماننى ئون تۆياق ياش تۆگىگە سېتىۋېلىپ، بوينىغا سەللە ياكى ئارغامچىدەك بىر نەرسىنى سېلىۋىدى، نۇئەيمان دەرھال:

ــ بۇ سىلەرنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ، مەن ھۆر ئادەم، قۇل ئەمەسمەن، - دېدى، ئۇلار:

ــ خوجايىنىڭ سېنىڭ خۇيۇڭنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، - دېيىشكىنىچە ئۇنى ئېلىپ مېڭىشتى. ئەبۇ بەكرى قايتىپ كېلىپ، ۋەقەدىن خەۋەردار بولدى - دە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىپ، نۇئەيماننى ياندۇرۇپ كەلدى. مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، يول ئۇستىدە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار تاكى بىر يىلغىچە بۇ ئىشقا كۆلۈپ يۈردى[①].

(ئىبنى ماجە: 3719)

8115 ـ عَنْ أُسَيْدِ بْنِ حُضَيْرٍ رَجُلٍ مِنْ الْأَنْصَارِ قَالَ بَيْنَمَا هُوَ يُحَدِّثُ الْقَوْمَ وَكَانَ فِيهِ مِزَاحٌ بَيْنَا يُضْحِكُهُمْ فَطَعَنَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي خَاصِرَتِهِ بِعُودٍ فَقَالَ أَصْبِرْنِي فَقَالَ اصْطَبِرْ قَالَ إِنَّ عَلَيْكَ قَمِيصًا وَلَيْسَ عَلَيَّ قَمِيصٌ فَرَفَعَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ قَمِيصِهِ فَاحْتَضَنَهُ وَجَعَلَ يُقَبِّلُ كَشْحَهُ قَالَ إِنَّمَا أَرَدْتُ هَذَا يَا رَسُولَ اللَّهِ.

8115 ـ ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن چاقچاقچى بىر كىشى بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ كىشىلەرگە گەپ قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈۋاتسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭ بىقىنىغا تاياق سانجىپ قويۇۋىدى، ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قىساسىمنى ئالىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مانا ئېلىۋال! ـ دەپ تۇرۇپ بەرگەنىدى، ئۇ:

ـ سىزنىڭ ئۇچاڭىزدا كۆينەك بار ئىكەن، لېكىن مېنىڭكىدە يوق، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆينىكىنى قايرىپ بەردى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇچاقلىۋېلىپ، قورسىقىغا سۆيۈشكە باشلىدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ نىيىتىم مۇشۇ ئىدى، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 5224)

8116 ـ عَنْ السَّائِبِ بْنِ يَزِيدَ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا يَأْخُذَنَّ أَحَدُكُمْ مَتَاعَ أَخِيهِ لَاعِبًا وَلَا جَادًّا.

[①] ئەلبانى (815): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (4352): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

8116 ــ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ھېچقايسىڭلار قېرىندىشىڭنىڭ بىر نەرسىسىنى چاقچاق قىلىپ ياكى راستىن ئېلىۋالمىسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5003)

**8117 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى قَالَ حَدثَنَا أَصْحَابُ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُمْ كَانُوا يَسِيرُونَ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَامَ رَجُلٌ مِنْهُمْ فَانْطَلَقَ بَعْضُهُمْ إِلَى حَبْلٍ مَعَهُ فَأَخَذَهُ فَفَزِعَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَحِل لِمُسْلِمٍ أَنْ يُرَوعَ مُسْلِمًا.**

8117 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەردىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېتىۋاتقىنىدا، ئارىدىن بىر كىشى ئۇخلاپ قالغانىكەن، بەزى كىشىلەر چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئارغامچىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇخلاپ قالغان ئادەم ئويغىنىپ قورقۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى قورقۇتۇشى دۇرۇس بولمايدۇ» دەپتۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5004)

**8118 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ تَرَكَ الْكَذِبَ وَهُوَ بَاطِلٌ بُنِيَ لَهُ فِي رَبَضِ الْجَنةِ وَمَنْ تَرَكَ الْمِرَاءَ وَهُوَ مُحِق بُنِيَ لَهُ فِي وَسَطِهَا وَمَنْ حَسنَ خُلُقَهُ بُنِيَ لَهُ فِي أَعْلَاهَا.**

8118 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى ھەقسىز تۇرۇپ تالاش ـ تارتىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئەتراپىغا قەسىر سېلىنىدۇ. ئەگەر ھەقلىق تۇرۇپ

[1] ئەلبانى (4183): ھەسەن، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4184): سەھىھ ـ دېگەن.

تالاش ـ تارتىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئوتتۇرىغا قەسىر سېلىنىدۇ. ئەخلاقى ياخشى بولغان كىشىگە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن تەرىپىگە قەسىر سېلىنىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1993)

8119 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا ضَل قَوْمٌ بَعْدَ هُدًى كَانُوا عَلَيْهِ إِلا أُوتُوا الْجَدَلَ ثُم تَلَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ الْآيَةَ مَا ضَرَبُوهُ لَكَ إِلا جَدَلًا بَلْ هُمْ قَوْمٌ خَصِمُونَ.

8119 ــ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر مىللەت توغرا يولغا ماڭغاندىن كېيىن ئېزىپ كەتسە، الله ئۇلارنى تالاش ـ تارتىشقا (ئىچكى ماجىراغا) سېلىپ قويىدۇ» دېدى، ئاندىن: ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر[②] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[③].

(تىرمىزى: 3253)

8120 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمِرَاءُ فِي الْقُرْآنِ كُفْرٌ.

8120 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر»[④].

(ئەبۇ داۋۇد: 4603)

---

[①] ئەلبانى (340): بۇ لەۋزى بىلەن زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] سۈرە زۇخرۇف، 58 ـ ئايەت.

[③] ئەلبانى (2593): ھەسەن، ـ دېگەن.

[④] ئەلبانى (3847): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

8121 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن أَبْغَضَ الرجَالِ إِلَى اللهِ الْأَلَد الْخَصِمُ.

8121 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم ھەقسىز بولسىمۇ دەۋاسىدا قاتتىق چىڭ تۇرىۋالىدىغان ئادەمدۇر».

(بۇخارى: 2457)

8122 ـ عن ابن عَباسٍ قال: لَا تُمَارِ أَخَاكَ ولا تُمَازِحْهُ فإن المراء لا تفهم حكمته ولا تؤمن غائلته ولا تَعِدْهُ مَوْعِدَةً فَتُخْلِفَهُ.

8122 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: قېرىنداشىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلما، چاقچاقلاشما. چۈنكى تالاش ـ تارتىشنىڭ ھېكمىتىنى بىلەلمەيسەن، ئاقىۋىتىدىن خاتىرجەم بولالمايسەن. ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بولساڭ، ۋەدەڭدە خىلاپلىق قىلمىغىن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8123 ـ وعن عمر رفعه: لا يبلغ العبد صريح الإيمان حتى يدع المزاح والكـذب ويدع المراء وإن كان محقا.

8123 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەندە چاقچاق، يالغان سۆزلەش ۋە ھەقلىق بولسىمۇ تالاش ـ تارتىشنى تاشلىمىغۇچە ساپ مۇئمىنلىق دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ»[1].

(مەۋسىلى)

[1] ھەيسەمى (326): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئوسمان ۋە سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئىسىملىك ئىككى كىشى بار. ئۇ ئىككىسىنىڭ تەرجىمھالىنى تاپالمىدىم، ـ دېگەن.

8124 ـ عن ابن عمر قال قال رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ما اختلفت أمة بعد نبيها إلا ظهر أهل باطلها على أهل حقها.

8124 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئۇممەت پەيغەمبىرىدىن كېيىن ئىختىلاپلىشىپ قالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باتىل ئەھلى ھەق ئەھلىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 7754)

8125 ـ عَنِ ابن عَباسٍ عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم إن عِيسَى بن مَرْيَمَ عليه السلامُ قال إنما الأُمورُ ثَلاثَةُ أَمْرٌ يَتَبينُ لك رُشْدُهُ فَاتبِعْهُ وَأَمْرٌ يَتَبينُ لك غَيهُ فَاجْتَنِبْهُ وَأَمْرٌ اخْتُلِفَ فيه فَرُدهُ إلى عَالِمِهِ.

8125 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىش ئۈچ تۈرلۈكلا بولىدۇ. بىرى، سەن توغرىلىقىنى بىلگەن ئىش بولۇپ، بۇنىڭغا ئەگەشكىن. يەنە بىرى، خاتالىقى ساڭا مەلۇم بولغان ئىش بولۇپ، بۇنى قىلمىغىن. ئۈچىنچى بىرى، توغرا ياكى خاتالىقى ئېنىق بولمىغان ئىش بولۇپ، بۇنى ئالىم كىشىدىن سوراپ بىلگىن»[2].

(«ئەلكەبىر»: 10774)

---

[1] ھەيسەمى (711): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (712): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ئىسىم ۋە كۇنيەلەر

8126 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنكُمْ تُدْعَوْنَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِأَسْمَائِكُمْ وَأَسْمَاءِ آبَائِكُمْ فَأَحْسِنُوا أَسْمَاءَكُمْ.

8126 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەر قىيامەت كۈنى دۇنيادىكى ئىسىمڭلار ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا ئىسىملىرىڭلارنى چىرايلىق قويۇڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4948)

8127 ـ عَنْ أَبِي وَهْبٍ الْجُشَمِي وَكَانَتْ لَهُ صُحْبَةٌ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَسَموْا بِأَسْمَاءِ الْأَنْبِيَاءِ وَأَحَب الْأَسْمَاءِ إِلَى اللهِ عَبْدُ اللهِ وَعَبْدُ الرحْمَنِ وَأَصْدَقُهَا حَارِثٌ وَهَمامٌ وَأَقْبَحُهَا حَرْبٌ وَمُرةُ.

8127 ـ ئەبۇ ۋەھب ئەلجۇشەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇڭلار، اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىسىملار ئابدۇللاھ بىلەن ئابدۇرراھماندۇر، ئەمەلىيەتكە ئەڭ ئۇيغۇنى ھارىس ۋە ھەممام، ئەڭ قەبىھى ھەرب (ئۇرۇش، كۆرەش) بىلەن مۇررە (ئاچچىق)دۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4950)

---

[1] ئەلبانى (1053): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4140): "پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇڭلار" دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ ـ دېگەن.

8128 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن أَخْنَعَ اسْمٍ عِنْدَ اللهِ رَجُلٌ تَسَمى مَلِكَ الْأَمْلَاكِ زَادَ ابْنُ أَبِي شَيْبَةَ فِي رِوَايَتِهِ لَا مَالِكَ إِلا اللهُ عَز وَجَل قَالَ الْأَشْعَثِي قَالَ سُفْيَانُ مِثْلُ شَاهَانْ شَاهْ.

8128 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەس ئىسىم پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتالغان كىشىنىڭ ئىسمىدۇر».

ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «الله ئەززە ۋەجەللەدىن باشقا پادىشاھ يوقتۇر». سۇفيان: "شاھىنشاھ" دېگەندەك (ئىسىملار كۆزدە تۇتۇلغان) دەيدۇ.

(مۇسلىم: 2143)

8129 ـ عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ أَرَادَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَنْهَى عَنْ أَنْ يُسَمى بِيَعْلَى وَبِبَرَكَةَ وَبِأَفْلَحَ وَبِيَسَارٍ وَبِنَافِعٍ وَبِنَحْوِ ذَلِكَ ثُم رَأَيْتُهُ سَكَتَ بَعْدُ عَنْهَا فَلَمْ يَقُلْ شَيْئًا ثُم قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يَنْهَ عَنْ ذَلِكَ.

8129 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەئلا، بەرەكە، ئەفلەھ، يەسار، نافىئ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇشنى چەكلىمەكچى بولدى، لېكىن ئۇنداق ئىسىملارنى قويغانلارغا گەپ قىلمىدى ۋە ئۇلارنى چەكلىمىگەن ھالدا ۋاپات بولدى.

(مۇسلىم: 2138)

8130 ـ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَب الْكَلَامِ إِلَى اللهِ أَرْبَعٌ سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَاللهُ أَكْبَرُ لَا يَضُرُّكَ بِأَيهِن بَدَأْتَ وَلَا تُسَمِيَن غُلَامَكَ يَسَارًا وَلَا رَبَاحًا وَلَا نَجِيحًا وَلَا أَفْلَحَ فَإِنكَ تَقُولُ أَثَم هُوَ فَلَا يَكُونُ فَيَقُولُ لَا إِنمَا هُن أَرْبَعٌ فَلَا تَزِيدُن عَلَي.

8130 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك سۆز تۆتتۇر، ئۇلار: ”سۇبھانالللاھ“، ”ئەلھەمدۇلىللاھ“، ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“ ۋە ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ بولۇپ، قايسىسىنى بۇرۇن باشلىساڭ بولىۋېرىدۇ. ئوغلۇڭغا يەسار (قولايلىق)، راباھ (پايدا)، نەجىيھ (ئۇتۇق) ياكى ئەفلەھ (نىجاتلىق تاپقۇچى) دەپ ئىسىم قويمىغىن، چۈنكى سەن: ”پالانى بارمۇ؟“ دەپ سورىساڭ، ”يوق“ دەپ جاۋاب بېرىلىپ قالىدۇ. بۇلار تۆت ئىسىمدۇر، بۇلارنى مەندىن رىۋايەت قىلغاندا ئارتۇق قىلىۋالماڭلار».

(مۇسلىم: 2137)

8131 ـ عن زَيْدِ بن أَسْلَمَ عن أبيه أن عُمَرَ بن الْخَطابِ رضي الله عنه ضَرَبَ ابْنًا له تَكَنى أَبَا عِيسَى وَأَن الْمُغِيرَةَ بن شُعْبَةَ تَكَنى بِأَبِي عِيسَى فقال له عُمَرُ أَمَا يَكْفِيـكَ أَنْ تُكْنَى بِأَبِي عبد اللهِ فقال إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَنانِي فقال إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قد غُفِرَ له ما تَقَدمَ من ذَنْبِهِ وما تَأَخرَ وإنا في جَلْجَتِنَا فلم يَزَلْ يُكْنَى بِأَبِي عبد اللهِ حتى هَلَكَ.

8131 ــ زەيد ئاتىسى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”ئەبۇ ئىيسا“ دەپ كۇنيە قويىۋالغان بىر ئوغلىنى (نېمە دەپ ئۇنداق كۇنيە قويدۇڭ دەپ) ئۇرغان. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ”ئەبۇ ئىيسا“ دەپ كۇنيە قويىۋالغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ــ ”ئەبۇ ئابدۇللاھ“ دەپ كۇنيە قويساڭ يەتمەمدۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇشۇنداق كۇنيە قويغان ئىدى، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇرۇن ھەم كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈۋېتىلگەن، بىز بولساق مۇشۇنداق مۇسۇلمانلاردۇرمىز، ئاقىۋىتىمىزنى بىلمەيمىز، ـ دېدى.

شۇندىن كېيىن مۇغىرە تاكى ۋاپات بولغىچە ''ئەبۇ ئابدۇللاھ'' دېگەن كۇنيەنى ئىشلەتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4963)

8132 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ قَالَ لِلَقْحَةٍ تُحْلَبُ مَنْ يَحْلُبُ هَذِهِ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ مَا اسْمُكَ فَقَالَ لَهُ الرجُلُ مُرةُ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ اجْلِسْ ثُم قَالَ مَنْ يَحْلُبُ هَذِهِ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ مَا اسْمُكَ فَقَالَ حَرْبٌ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ اجْلِسْ ثُم قَالَ مَنْ يَحْلُبُ هَذِهِ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ مَا اسْمُكَ فَقَالَ يَعِيشُ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ احْلُبْ.

8132 ــ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تۇياق سېغىن تۆگىنى كۆرسىتىپ:

ــ كىم بۇنى ساغىدۇ؟ ـ دېۋىدى، بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ: مۇررە (ئاچچىق)، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئولتۇر! ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ كىم بۇنى ساغىدۇ؟ ـ دېۋىدى، يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ھەرب (ئۇرۇش، كۆرەش)، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئولتۇر! ـ دېدى. ئاندىن يەنە:

ــ كىم بۇنى ساغىدۇ؟ ـ دېۋىدى، بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

[①] ئەلبانى (4152): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ يەئىش (ياشار)، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ ساغقىن! ـ دېدى.

(مالىك: 1752)

8133 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ لِرَجُلٍ مَا اسْمُكَ فَقَالَ جَمْرَةُ فَقَالَ ابْنُ مَنْ فَقَالَ ابْنُ شِهَابٍ قَالَ مِمنْ قَالَ مِنْ الْحُرَقَةِ قَالَ أَينَ مَسْكَنُكَ قَالَ بِحَرةِ النارِ قَالَ بِأَيهَا قَالَ بِذَاتِ لَظًى قَالَ عُمَرُ أَدْرِكْ أَهْلَكَ فَقَدْ احْتَرَقُوا قَالَ فَكَانَ كَمَا قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ.

8133 ـ يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىدىن:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ جەمرە (چوغ)، ـ دېدى، ئۆمەر:

ــ كىمنىڭ بالىسى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ شىھاب (ئاقار يۇلتۇز)نىڭ بالىسى، ـ دېدى، ئۆمەر:

ــ قايسى قەبىلىدىن؟ ـ دەپ سورىۋىدى،

ــ ئۇ: ھۇرەقە (كۆيدۈرۈلگەن) قەبىلىسىدىن، ـ دېدى، ئۆمەر:

ــ ئۆيۈڭ قەيەردە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ ئوت سايلىقىدا، ـ دېدى، ئۆمەر:

ــ ئوت سايلىقىنىڭ قايسى يېرىدىن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ يالقۇنلۇقتىن، ـ دېدى. بۇلارنى ئاڭلىغان ئۆمەر:

ــ تېزدىن ئائىلەڭنى قۇتقۇزغىن، ئۇلار كۆيۈپ كەتكەندۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم بېرىپ قارىسا، ئائىلىسىدىكىلەر (ئۆمەر دېگەندەك) كۆيۈپ كەتكەنىكەن.

(مالىك: 1753)

8134 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ نَادَى رَجُلٌ رَجُلًا بِالْبَقِيعِ يَا أَبَا الْقَاسِمِ فَالْتَفَتَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَمْ أَعْنِكَ إِنمَا دَعَوْتُ فُلَانًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَسَموْا بِاسْمِي وَلَا تَكَنوْا بِكُنْيَتِي.

8134 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەقىئ مازارلىقىدا كېتىۋاتقىنىدا، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى:

ــ ئى ئەبۇلقاسىم! ــ دەپ چاقىرىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىزنى چاقىرمىدىم، پالاننى چاقىردىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسمىمنى قويۇڭلار، كۇنيەمنى قوللانماڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2131)

8135 ـ عن جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا وُلِدَ لِرَجُلٍ مِنا غُلَامٌ فَسَماهُ الْقَاسِمَ فَقَالُوا لَا نَكْنِيكَ بِأَبِي الْقَاسِمِ وَلَا نُنْعِمُكَ عَيْنًا فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ أَسْمِ ابْنَكَ عَبْدَ الرحْمَنِ.

8135 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئارىمىزدىن بىر كىشى يېڭى تۇغۇلغان بالىسىغا ’’قاسىم‘‘ دەپ ئىسىم قويغانىدى، ئەنسارىلار:

ــ بىز سېنى ’’ئەبۇلقاسىم‘‘ (قاسىمنىڭ ئاتىسى) دېگەن كۇنيە بىلەن چاقىرمايمىز ۋە بۇ كۇنيىتىڭ بىلەن سېنى ھۆرمەتلىمەيمىز، ـ دېدى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئوغلۇڭغا ’’ئابدۇرراھمان‘‘ دەپ ئىسىم قوي! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6189)

8136 ـ وفي رواية: فَقَالَتْ الْأَنصَارُ لَا نَكْنِيكَ أَبَا الْقَاسِمِ وَلَا نُنْعِمُكَ عَيْنًا فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْسَنَتْ الْأَنصَارُ سَموا بِاسْمِي وَلَا تَكَنوْا بِكُنْيَتِي فَإِنمَا أَنَا قَاسِمٌ.

8136 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەنسارىلار:

ـ بىز سېنى ''ئەبۇلقاسىم'' دەپ چاقىرمايمىز ۋە بۇ كۇنيىتىڭ بىلەن سېنى ھۆرمەتلىمەيمىز، ـ دېدى. ئۇ ئادەم بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئەنسارىلار ياخشى قىپتۇ. ئىسمىمنى قويۇڭلار، ئەمما كۇنيىتىمنى قوللانماڭلار. چۈنكى مەن تەقسىم قىلغۇچىدۇرمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3115)

8137 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى أَنْ يَجْمَعَ أَحَدٌ بَيْنَ اسْمِهِ وَكُنْيَتِهِ وَيُسَمِيَ مُحَمدًا أَبَا الْقَاسِمِ.

8137 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسمى بىلەن كۇنيىتىنى ''مۇھەممەد ئەبۇلقاسىم'' دەپ بىر ئىسىمغا جەملەپ ئىشلىتىشنى چەكلىگەن[1].

(تىرمىزى: 2841)

8138 ـ عن أبي رافع رفعه: إِذَا سَمَيْتُمْ مُحَمدًا فَلا تَضْرِبُوهُ وَلاَ تَحْرِمُوهُ.

8138 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2277): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

«ئەگەر مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويساڭلار، ئۇنى ئۇرماڭلار، مەھرۇم قويماڭلار»[①].

(بەززار: 3883)

8139 ـ عن أنس أن الن‍Fصَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قال تسمونم محمدا Ż تلعنونم.

8139 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بالىلىرىڭلارغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويىسىلەر، ئاندىن ئۇلارنى قارغايسىلەر (بۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ)»[②].

(مۇسلىم: 3386؛ بەززار)

8140 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى قَالَ نَظَرَ عُمَرُ إِلَى أَبِي عَبْدِ الْحَمِيدِ أَوْ ابْنِ عَبْدِ الْحَمِيدِ شَك أُبو عَوَانَةَ وَكَانَ اسْمُهُ مُحَمدًا وَرَجُلٌ يَقُولُ لَهُ يَا مُحَمدُ فَعَلَ اللهُ بِـكَ وَفَعَلَ وَفَعَلَ قَالَ وَجَعَلَ يَسُبهُ قَالَ فَقَالَ أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ عِنْدَ ذَلِكَ يَا ابْنَ زَيْدٍ ادْنُ مِني قَالَ أَلَا أَرَى مُحَمدًا يُسَب بِكَ لَا وَاللهِ لَا تُدْعَى مُحَمدًا مَا دُمْتُ حَيا فَسَماهُ عَبْدَ الـرحْمَنِ ثُـم أَرْسَلَ إِلَى بَنِي طَلْحَةَ لِيُغَيرَ أَهْلُهُمْ أَسْمَاءَهُمْ وَهُمْ يَوْمَئِذٍ سَبْعَةٌ وَسَيدُهُمْ وَأَكْبَرُهُمْ مُحَمـدٌ قَالَ فَقَالَ مُحَمدُ بْنُ طَلْحَةَ أَنْشُدُكَ اللهَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَوَاللهِ إِنْ سَمانِي مُحَمدًا يَعْنِي إِلا مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ عُمَرُ قُومُوا لَا سَبِيلَ لِي إِلَى شَيْءٍ سَماهُ مُحَمدٌ.

8140 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئەبۇ ئابدۇلھەمىدنى ياكى ئابدۇلھەمىدنىڭ مۇھەممەد دېگەن ئوغلىنى:

---

① ھەيسەمى (12840): بۇ ھەدىسنى بەززار ئۇستازى غەسسان ئىبنى ئۇبەيدتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزىلەر ھەدىسى زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (12839): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەكەم ئىبنى ئەتىييە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

— ئى مۇھەممەد! اﷲ سېنى ئۇنداق قىلىۋەتكەي، مۇنداق قىلىۋەتكەي، - دەپ قارغاۋاتاتتى، بۇنى كۆرگەن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇھەممەدنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئى ئىبنى زەيد! ماڭا يېقىنراق كەل، مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن مۇھەممەدنىڭ تىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ. ياق، اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن هاياتلا بولىدىكەنمەن، سەن بۇندىن كېيىن مۇھەممەد ئىسمىنى ئىشلەتمەيسەن، - دېدى ۋە ئۇنىڭغا ''ئابدۇرراھمان'' دەپ ئىسىم قويدى، ئاندىن بەنى تەلھە قەۋمىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسىدىكى ئىسىملارنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار يەتتە ئوغۇل بولۇپ، ئەڭ چوڭى ۋە ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى تەلھە ئۆمەرگە:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! اﷲنىڭ نامى بىلەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ۋە اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلايكى، ئىسمىمنى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى مۇھەممەد دەپ قويغان، - دېگەن ئىدى، ئۆمەر:

— توختاڭلار، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئىسمىنى قويغان كىشىنىڭ ئىسمىنى مەن ئۆزگەرتەلمەيمەن، - دېدى[1].

(ئەھمەد: 17927؛ «ئەلكەبىر»)

8141 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ جَاءَتْ امْرَأَةٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إني قَدْ وَلَدْتُ غُلَامًا فَسَمَّيْتُهُ مُحَمدًا وَكَنَّيْتُهُ أَبَا الْقَاسِمِ فَذُكِرَ لِي أَنكَ تَكْرَهُ ذَلِكَ فَقَالَ مَا الذِي أَحَل اسْمِي وَحَرمَ كُنْيَتِي أَوْ مَا الذِي حَرمَ كُنْيَتِي وَأَحَل اسْمِي.

8141 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە كېلىپ:

[1] ھەيسەمى (12841): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىر ئوغۇل تۇغقانىدىم، ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد، كۇنىيىتىنى ئەبۇلقاسىم دەپ قويدۇم. لېكىن سىنىڭ بۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسمىمنى قويۇشنى دۇرۇس قىلىپ، كۇنىيىتىمنى قويۇشنى ھارام قىلغان نېمە ئىكەن؟ - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4963)

8142 ـ عَنْ مُحَمدِ ابْنِ الْحَنَفِيةِ قَالَ قَالَ عَلِي رَحِمَهُ اللهُ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ وُلِدَ لِي مِنْ بَعْدِكَ وَلَدٌ أُسَمِيهِ بِاسْمِكَ وَأُكَنِيهِ بِكُنْيَتِكَ قَالَ نَعَمْ.

8142 ــ مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىييە دادىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن (يەنى ۋاپاتىڭدىن) كېيىن پەرزەنتىم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سىنىڭ ئىسمىڭ ۋە كۇنىيەڭنى قويسام بولامدۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بولىدۇ، - دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4967)

8143 ـ عَنِ ابنِ عَباسٍ رفعه: من وُلِدَ له ثَلاثَةٌ فلم يُسَم أَحَدَهُمْ مُحَمدًا فَقَدْ جَهِلَ.

8143 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ بىرىنىمۇ ”مۇھەممەد“ دەپ ئاتىمىسا، نادانلىق قىلغان بولىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 11077)

[1] ئەلبانى (1057): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (4155): سەھىھ - دېگەن.

[3] ھەيسەمى (12842): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

8144 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ مَا كَانَ لِعَلِي اسْمٌ أَحَب إِلَيْهِ مِنْ أَبِي تُرَابٍ وَإِنْ كَانَ لَيَفْرَحُ بِهِ إِذَا دُعِيَ بِهَا جَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيتَ فَاطِمَةَ عَلَيْهَا السلَام فَلَمْ يَجِدْ عَلِيا فِي الْبَيتِ فَقَالَ أَينَ ابْنُ عَمكِ فَقَالَتْ كَانَ بَينِي وَبَينَهُ شَيْءٌ فَغَاضَبَنِي فَخَرَجَ فَلَمْ يَقِلْ عِنْدِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِإِنْسَانٍ انْظُرْ أَينَ هُوَ فَجَاءَ فَقَالَ يَـا رَسُولَ اللهِ هُوَ فِي الْمَسْجِدِ رَاقِدٌ فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُضْطَجِعٌ قَدْ سَقَطَ رِدَاؤُهُ عَنْ شِقهِ فَأَصَابَهُ تُرَابٌ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمْسَحُهُ عَنْـهُ وَهُوَ يَقُولُ قُمْ أَبَا تُرَابٍ قُمْ أَبَا تُرَابٍ.

8144 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەزرىتى ئەلى ”ئەبۇ تۇراب“ كۇنيەسىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. بۇ ئىسىمنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى قويۇپ قويغان بولغاچقا، ئەلى شۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلسا، خۇش بولۇپ كېتەتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمەنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى، ئەلىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

ـ ئەلى قېنى؟ ـ دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئۇ مەن بىلەن خاپا بولۇشۇپ قېلىپ، چىقىپ كەتكەن، چۈشتە (چۈشلۈك ئۇيقۇ ئۈچۈن) ئۆيگە قايتمىدى، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە:

ـ ماڭ، بېرىپ ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ كەل، ـ دېدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇ كىشى كېلىپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ مەسجىدتە ئۇخلاۋېتىپتۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ قارىسا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچىسىدىن يەكتىكى چۈشۈپ كەتكەن، توپىدا يېنىچە ياتقان ھالدا ئۇخلاۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى توپىلارنى قېقىپ تۇرۇپ:

ـ ئى ئەبۇ تۇراب (توپىنىڭ ئاتىسى) قوپ! ـ دېگەن ئىدى.

(بۇخارى: 6204)

8145 ـ عَنْ عُرْوَةَ عَنْ أَسْمَاءَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا حَمَلَتْ بِعَبْدِ اللهِ بْـنِ الزبَيْـرِ قَالَتْ فَخَرَجْتُ وَأَنَا مُتِم فَأَتَيْتُ الْمَدِينَةَ فَنَزَلْتُ بِقُبَاءٍ فَوَلَدْتُهُ بِقُبَاءٍ ثُم أَتَيتُ بِهِ النبِي صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَضَعْتُهُ فِي حَجْرِهِ ثُم دَعَا بِتَمْرَةٍ فَمَضَغَهَا ثُم تَفَلَ فِي فِيهِ فَكَانَ أَولَ شَيْءٍ دَخَلَ جَوْفَهُ رِيقُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ ثُم حَنكَهُ بِتَمْرَةٍ ثُم دَعَا لَهُ وَبَركَ عَلَيْـهِ وَكَانَ أَولَ مَوْلُودٍ وُلِدَ فِي الْإِسْلَامِ.

8145 ـ ئۇرۋە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىققان ۋاقتىمدا، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ھامىلدار ئىدىم ۋە تۇغۇت ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مەدىنىگە كېلىپ، قۇباغا چۈشۈپ يەڭگىدىم. ئاندىن بوۋاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، قۇچىقىغا قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تال خورما ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى چاينىدى، ئاندىن بوۋاقنىڭ ئاغزىغا تۈكۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھنىڭ قورسىقىغا تۇنجى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈكۈرۈكى كىردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاينىغان خورمىسىنى ئابدۇللاھنىڭ تامىقىغا سۈرۈپ، ئۇنى ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ئابدۇللاھ مۇھاجىرلارغا نىسبەتەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان تۇنجى مۇسۇلمان بوۋاق ئىدى.

(بۇخارى: 3909)

8146 ـ وفي رواية: وَكَانَ أَولَ مَوْلُودٍ وُلِدَ فِي الْإِسْلَامِ فَفَرِحُوا بِهِ فَرَحًا شَـدِيدًا لِأَنهُمْ قِيلَ لَهُمْ إِن الْيَهُودَ قَدْ سَحَرَتْكُمْ فَلَا يُولَدُ لَكُمْ.

8146 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئابدۇللاھ مۇھاجىرلارغا نىسبەتەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان تۇنجى مۇسۇلمان بوۋاق ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تۇغۇلغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى مۇسۇلمانلارغا:

— يەھۇدىيلار سىلەرگە سېھىر قىلىپ قويدى. ئەمدى سىلەر پەرزەنت كۆرەلمەيسىلەر، ـ دېيىلگەن ئىدى.

(بۇخارى: 5469)

8147 ـ وفي رواية: وَسَماهُ عَبْدَ اللهِ.

8147 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئۇنىڭغا ”ئابدۇللاھ“ دەپ ئىسىم قويدى.

(مۇسلىم: 2146)

8148 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ وُلِدَ لِي غُلَامٌ فَأَتَيتُ بِهِ النبي صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ فَسَماهُ إِبْرَاهِيمَ فَحَنكَهُ بِتَمْرَةٍ وَدَعَا لَهُ بِالْبَرَكَةِ وَدَفَعَهُ إِلَي وَكَانَ أَكْبَرَ وَلَدِ أَبِي مُوسَى.

8148 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بىر بالام تۇغۇلغاندا، ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ”ئىبراھىم“ دەپ ئىسىم قويدى، ئاندىن خورما چايناپ، ئۇنىڭ تامغىقىغا سۈرۈپ ئېغىزلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ، ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ بالىلىرىمنىڭ چوڭى ئىدى.

(بۇخارى: 5467)

8149 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنها قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ كُل صَوَاحِبِي لَهُن كُنى قَالَ فَاكْتَنِي بِابْنِكِ عَبْدِ اللهِ يَعْنِي ابْن أُخْتِهَا.

8149 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەممە دوستۇمنىڭ كۇنيەسى بار، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئوغلۇڭ (جىيەنىڭ) ئابدۇللاھ بىلەن كۇنيەلەنگىن! ـ دېدى (شۇندىن باشلاپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئىسمى بىلەن كۇنيەلەندى ۋە ئۇممۇ ئابدۇللاھ دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى)[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4970)

[1] ئەلبانى (4157): سەھىھ ـ دېگەن.

8150 ـ عن عبد اللهِ أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم كَنَاهُ أبا عبد الـرحْمنِ ولم يُولَدْ له.

8150 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەرزەنت كۆرمىگەن بولغاچقا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا "ئەبۇ ئابدۇرراھمان" دەپ كۇنىيە قويۇپ قويغان[1].

(«ئەلكەبىر»: 8405)

8151 ـ عَنْ عَائِشَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُغَيرُ الِاسْمَ الْقَبِيحَ.

8151 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېقىمسىز (قەبىھ) ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى[2].

(تىرمىزى: 2839)

8152 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن زَيْنَبَ كَانَ اسْمُهَا بَرةَ فَقِيلَ تُزَكي نَفْسَـهَا فَسَـماهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَيْنَبَ.

8152 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزى) زەينەبنىڭ ئىسمى ئەسلىدە بەررە (ئېھسان قىلغۇچى) ئىدى. "بەررە بۇ ئىسىم بىلەن ماختىنىدىكەن" دېگەن گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىسمىنى زەينەبكە ئۆزگەرتكەن.

(بۇخارى: 6192)

[1] ھەيسەمى (12896): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2275): سەھىھ ـ دېگەن.

8153 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَتْ جُوَيْرِيَةُ اسْمُهَا بَرةُ فَحَولَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْمَهَا جُوَيْرِيَةَ وَكَانَ يَكْرَهُ أَنْ يُقَالَ خَرَجَ مِنْ عِنْدَ بَرةَ.

8153 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەررە (ئېھسان قىلغۇچى) ئىسىملىك كىچىك بىر قىز بار ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىسمىنى جۇۋەيرىيە (قىزچاق) دەپ ئۆزگەرتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ”ئېھسان قىلغۇچىنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى“ دېيىلىشنى ياقتۇرمايتتى.

(مۇسلىم: 2140)

8154 ـ عن زَيْنَب بِنْت أُم سَلَمَةَ قَالَتْ كَانَ اسْمِي بَرةَ فَسَمانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَيْنَبَ قَالَتْ وَدَخَلَتْ عَلَيْهِ زَيْنَبُ بِنْتُ جَحْشٍ وَاسْمُهَا بَرةُ فَسَماهَا زَيْنَبَ.

8154 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم بەررە ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئىسمىمنى زەينەبكە ئۆزگەرتىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا جەھشنىڭ قىزى بەررە كىرگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ زەينەبكە ئۆزگەرتىۋەتتى.

8155 ـ عن شُرَيْحٍ عَنْ أَبِيهِ هَانِئٍ أَنهُ لَما وَفَدَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ قَوْمِهِ سَمِعَهُمْ يَكْنُونَهُ بِأَبِي الْحَكَمِ فَدَعَاهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن اللهَ هُوَ الْحَكَمُ وَإِلَيْهِ الْحُكْمُ فَلِمَ تُكْنَى أَبَا الْحَكَمِ فَقَالَ إِن قَوْمِي إِذَا اخْتَلَفُوا فِي شَيْءٍ أَتَوْنِي فَحَكَمْتُ بَيْنَهُمْ فَرَضِيَ كِلَا الْفَرِيقَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَحْسَنَ هَذَا فَمَا لَكَ مِنْ الْوَلَدِ قَالَ لِي شُرَيْحٌ وَمُسْلِمٌ وَعَبْدُ اللهِ قَالَ فَمَنْ أَكْبَرُهُمْ قُلْتُ شُرَيْحٌ قَالَ فَأَنْتَ أَبُو شُرَيْحٍ.

8155 ــ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئاتىسى هانىئ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ ئۆمىكى بىلەن

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەبۇلھەكەم دېگەن كۇنيە بىلەن چاقىرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ئۇنى چاقىرىپ:

ـ ھەكەم (ھۆكۈم قىلغۇچى) ئاللاھتۇر، ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ قولىدا تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن ئەبۇلھەكەم دەپ كۇنيە ئىشلىتىسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ مېنىڭ قەۋمىم بىرەر ئىشتا تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالسا، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشىدۇ ۋە مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا ھۆكۈم قىلىپ قويسام، ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولۇشىدۇ، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش! سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ ئىسىملىرى نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ مېنىڭ شۇرەيھ، مۇسلىم ۋە ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئوغۇللىرىم بار، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چوڭى قايسى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ شۇرەيھ ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، سەن ئەبۇ شۇرەيھ (يەنى بۇنىدىن كېيىن مۇشۇ كۇنيە بىلەن چاقىرىلىسەن)، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4955)

8156 ـ عن أُسَامَةَ بنِ أَخْدَرِي أن رَجُلًا يُقَالُ لَهُ أَصْرَمُ كَانَ فِي النفرِ الذِينَ أَتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا اسْمُكَ قَالَ أَنَا أَصْرَمُ قَالَ بَلْ أَنتَ زُرْعَةُ.

8156 ــ ئۇسامە ئىبنى ئەخدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆمەك

[1] ئەلبانى (4145): سەھىھ ـ دېگەن.

بولۇپ كەلگەن كىشىلەر قاتارىدا ئەسرام (كېسىلگۈچى) ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ئەسرام، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، سەن زۇرئە (ئۆسكۈچى) (بولغىن)! ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4954)

8157 ـ عَنْ ٱبنِ الْمُسَيبِ عَنْ أَبِيهِ أن أَبَاهُ جَاءَ إِلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا اسْمُكَ قَالَ حَزْنٌ قَالَ أَنتَ سَهْلٌ قَالَ لَا أُغَيرُ اسْمًا سَمانِيهِ أَبِي قَالَ ٱبنُ الْمُسَيبِ فَمَا زَالَتْ الْحُزُونَةُ فِينَا بَعْدُ.

8157 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئاتىسى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەزن (قىيىنچىلىق)، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن سەھل (ئاسانلىق) (بولغىن)! ـ دېدى. مەن:

ــ ئاتا ـ ئانام قويغان ئىسمىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، ـ دېدىم. ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: بىز شۇنىڭدىن كېيىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىدۇق.

(بۇخارى: 6190)

8158 ـ وفي رواية: أن جَدهُ حَزْنًا قَدِمَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا اسْمُكَ قَالَ اسْمِي حَزْنٌ قَالَ بَلْ أَنتَ سَهْلٌ قَالَ مَا أَنا بِمُغَيرٍ اسْمًا سَمانِيهِ أَبِي قَالَ ٱبنُ الْمُسَيبِ فَمَا زَالَتْ فِينَا الْحُزُونَةُ بَعْدُ.

[①] ئەلبانى (4144): سەھىھ ـ دېگەن.

8158 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىسى ھەزن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــــ ھەزن (قىيىنچىلىق)، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، سەن سەھل (ئاسانلىق) (بولغىن)، ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ ئاتا ـ ئانام قويغان ئىسمىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، ـ دېدى. ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: بىز شۇنىڭدىن كېيىن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىدۇق.

(بۇخارى: 6193)

8159 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَهُ مَا اسْمُكَ قَالَ حَزْنٌ قَالَ أَنتَ سَهْلٌ قَالَ لَا السهْلُ يوطَأُ وَيُمْتَهَنُ قَالَ سَعِيدٌ فَظَنَنْتُ أَنهُ سَيُصِيبُنَا بَعْدَهُ حُزُونَةٌ.

8159 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئاتىسى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئاتىسىدىن:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

ــ ھەزن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن سەھل (ئاسانلىق) (بولغىن)، ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ ئاسان دېگەن دەسسىلىدۇ، خارلىنىدۇ، ـ دەپ تۇرىۋالدى. ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدىن كېيىن بېشىمىزغا كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەرنى مۇشۇ ئىسمىنىڭ تۈپەيلىدىن بولدى دەپ قارايمەن[1]. (ئەبۇ داۋۇد: 4956)

---

[1] ئەلبانى (4146): سەھىھ ـ دېگەن.

8160 ـ قال أبو دَاوُد وَغَيَرَ النF صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْمَ الْعَاصِ وَعَزِيزٍ وَعَتَلَةَ وَشَيْطَانٍ وَالْحَكَمِ وَغُرَابٍ وَحُبَابٍ وَشِهَابٍ فَسَماهُ هِشَامًا وسمي حَرْبًا سَلْمًا وسمي الْمُضْطَجِعَ الْمُنْبَعِثَ وَأَرْضًا تُسَمى عَفِرَةَ سَماهَا خَضِرَةَ وَشَعْبَ الضلَالَةِ سَماهُ شَعْبَ الْهُدَى وَبَنُو الزنْيَةِ سَماهُمْ بَنِي الرشْدَةِ وَسَمى بَنِي مُغْوِيَةَ بَنِي رِشْدَةَ.

8160 ــ ئەبۇ داۋۇدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاس (ئاسىي)، ئەزىز (ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى)، ئەتەلە (قوپال)، شەيتان، ھەكەم (ھۆكۈم قىلغۇچى)، غۇراب (قارغا)، ھۇباب (شەيتان ئىسمى)، شىھاب (ئاقار يۇلتۇز) دېگەن ئىسىملارنى ئۆزگەرتىپ، شىھابنى ھشام، ھەرب (ئۇرۇش، كۆرەش)نى سەلەم (سالامەتچىلىك)، ياتقاننى قوزغالغان، ئەفىرە (شورلۇق) دەپ ئاتىلىدىغان زېمىننى كۆكلەم، شەئبەززالالە (ئازغۇنلۇق جىلغىسى) دەپ ئاتىلىدىغان جىلغىنى شەئبەلھۇدا (ھىدايەت جىلغىسى)، بەنى زۇنيە (زىنا جەمەتى)نى بەنى رىشدە (دۇرۇستلۇق جەمەتى)، بەنى مۇئىۋيە (ھۇۋلىغۇچى جەمەتى)نىمۇ بەنى رىشدە (دۇرۇستلۇق جەمەتى) دەپ ئاتىغان.

(ئەبۇ داۋۇد: 4956)

8161 ـ خيثمة بن عبد الرρن عن أبيه: أتيت النF صلى الله عليه وسلم فقال لي ما اسمك فقلت عبدالعزى قال بل أنت عبدالرρن. رواه الطƎɔ.

والبزار بنحوه إلا أنه قال ما اسمك قلت عزيز قال الله العزيز.

8161 ـ خەيسەمە ئاتىسى ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ئابدۇل ئۇززا، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، سەن ئابدۇرراھمان (سەن)، ـ دېدى.

(«ئەلكەبىر»: 6559)

يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسمىڭ نېمە، ـ دەپ سورىۋىدى:

ــ ئەزىز، ـ دېسەم:

ــ ئەزىز دېگەن اللهتۇر، ـ دېدى[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

8162 ـ وعنه عن أبيه رفعه: لا تسمه الحباب فإن الحباب شيطان ولكن هو عبد الرحمن.

8162 ـ خەيسەمەنىڭ ئاتىسى ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھۇباب دەپ ئاتىمىغىن، چۈنكى ھۇباب شەيتاننىڭ ئىسمى، ئىسمىڭ ئابدۇرراھمان بولسۇن، ـ دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»)

8163 ـ عَنْ ٱبن عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ غَيرَ اسْمَ عَاصِيَةَ وَقَالَ أنتِ جَمِيلَةٌ.

8163 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسىيە (باش ھەرپى ئەرەبچە ئەين ھەرپى بولسا، "ئاسىي ئايال" دېگەن مەنىنى؛ ئەمما ھەمزە بىلەن بولسا، "ياخشى ئايال" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) دېگەن ئىسمنى ئۆزگەرتىپ: «سەن جەمىلە (گۈزەل)» دېگەن[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4952)

---

[1] ھەيسەمى (12850): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12853): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەرى ئىبنى ئىسمائىل ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4142): سەھىھ ـ دېگەن.

8164 ـ عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ لَقِيتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَ مَنْ أَنْتَ قُلْتُ مَسْرُوقُ بْنُ الْأَجْدَعِ فَقَالَ عُمَرُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْأَجْدَعُ شَيْطَانٌ.

8164 ـ مەسرۇق مۇنداق دېگەن: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ:

ـ سەن كىم بولىسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ـ مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئ، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەجدەئ شەيتانلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4952)

8165 ـ عَنْ سَهْلٍ قَالَ أُتِيَ بِالْمُنْذِرِ بْنِ أَبِي أُسَيْدٍ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ وُلِدَ فَوَضَعَهُ عَلَى فَخِذِهِ وَأَبُو أُسَيْدٍ جَالِسٌ فَلَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشَيْءٍ بَيْنَ يَدَيْهِ فَأَمَرَ أَبُو أُسَيْدٍ بِابْنِهِ فَاحْتُمِلَ مِنْ فَخِذِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَفَاقَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَيْنَ الصبِي فَقَالَ أَبُو أُسَيْدٍ قَلَبْنَاهُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ مَا اسْمُهُ قَالَ فُلَانٌ قَالَ وَلَكِنْ أَسْمِهِ الْمُنْذِرَ فَسَماهُ يَوْمَئِذٍ الْمُنْذِرَ.

8165 ـ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇنزىر ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيد تۇغۇلغان چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇردى، ئەبۇ ئۇسەيدمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدىكى بىر نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى، ئەبۇ ئۇسەيدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىدىن ئېلىنىپ، ئۆيگە ئېلىپ كېتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىنى تۈگىتىپ، بالىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە:

ـ بالا قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ ئۇسەيد:

[1] ئەلبانى (1055): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇۋەتتۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ پالانى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، ئۇنىڭ ئىسمى مۇنزىر (ئاگاھلاندۇرغۇچى) (بولسۇن)، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى ئۇنىڭغا ”مۇنزىر“ دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى.

(بۇخارى: 6191)

8166 ـ عَنْ أَبِي إِسْحَاقَ عَنْ رَجُلٍ مِنْ جُهَيْنَةَ قَالَ سَمِعَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُولُ يَا حَرَامُ فَقَالَ يَا حَلَالُ.

8166 ــ ئەبۇ ئىسھاق جۇھەينە قەبىلىسىدىن بولغان بىر ساھابىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىرسىنى:

ــ ئەي ھەرام! ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

ــ ئەي ھالال، ـ دېگەن[①].

(ئەھمەد: 15904)

8167 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما وُلِدَ الْحَسَنُ سَماهُ حَمْزَةَ فَلَما وُلِدَ الْحُسَيْنُ سَماهُ بِعَمِهِ جَعْفَرٍ قَالَ فَدَعَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني أُمِرْتُ أَنْ أُغَيرَ اسْمَ هَذَيْنِ فَقُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ فَسَماهُمَا حَسَنًا وَحُسَيْنًا.

8167 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەسەن تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا ”ھەمزە“ دەپ ئىسىم قويدۇم. كېيىن ھۈسەين تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا تاغىسى جەئفەرنىڭ ئىسمىنى قويسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىرىپ:

---

[①] ھەيسەمى (12861): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

— مەن بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدۇم، - دېدى. مەن:

— اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىۇ ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى ھەسەن ۋە ھۇسەينگە ئۆزگەرتتى[①].

(ئەھمەد: 1370؛ مەۋسىلى: 498؛ «ئەلكەبىر»: 2780)

8168 ـ عن عَلِي رضي الله عنه قال لَما وُلِدَ الْحَسَنُ سَمَّيْتُهُ حَرْباً فَجَاءَ رسـول اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فقال أروني ابني ما سَمَّيْتُمُوهُ قال قلت حَرْباً قال بَلْ هو حَسَـنٌ فلما وُلِدَ الْحُسَيْنُ سَمَّيْتُهُ حَرْباً فَجَاءَ رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فقال أروني ابني مـا سَمَّيْتُمُوهُ قال قلت حَرْباً قال بَلْ هو حُسَيْنٌ فلما وُلِدَ الثالِثُ سَمَّيْتُهُ حَرْباً فَجَاءَ النبي صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فقال أروني ابني ما سَمَّيْتُمُوهُ قلت حَرْباً قال بَلْ هو مُحَسنٌ قال سَـمَّيْتُهُمْ بِأَسْمَاءِ وَلَدِ هَارُونَ شَبرُ وَشَبِيرُ وَمُشَبرُ.

وعند البزار: سَمَّيْتُهُمْ بِأَسْمَاءِ وَلَدِ هَارُونَ جَبْرِ وَجُبَيْرِ وَمُجَبرِ.

8168 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەسەن تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا ”ھەرب“ (ئۇرۇش، كۆرەش) دەپ ئىسىم قويغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ:

— قېنى، ماڭا بالامنى كۆرسىتىڭلار، ئۇنىڭغا نېمە ئىسىم قويدۇڭلار؟ - دېدى، مەن:

- ”ھەرب“ دەپ ئىسىم قويدۇق، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، ئۇنىڭ ئىسمى ھەسەن، - دېدى. كېيىن ھۇسەين تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغىمۇ ”ھەرب“ دەپ ئىسىم قويدۇم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ:

[①] ھەيسەمى (12868): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىيل ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

— قېنى، ماڭا بالامنى كۆرسىتىڭلار، ئۇنىڭغا نېمە ئىسىم قويدۇڭلار؟ - دېدى. مەن:
- ”ھەرب“ دەپ ئىسىم قويدۇق، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ياق، ئۇنىڭ ئىسمى ھۇسەين، - دېدى. كېيىن، ئۈچىنچى بالام تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا ”ھەرب“ دەپ ئىسىم قويسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ:
— قېنى، ماڭا بالامنى كۆرسىتىڭلار، ئۇنىڭغا نېمە ئىسىم قويدۇڭلار؟ - دېدى. مەن:
- ”ھەرب“ دەپ ئىسىم قويدۇق، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ياق، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەسسىن، - دېدى. ئاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
— مەن ئۇلارغا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قويدۇم، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: شەببەر، شەبىير ۋە مۇشەببىر ئىدى.
بەززارنىڭ رىۋايىتىدە: «مەن ئۇلارغا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قويدۇم، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: جەبەر، جۇبەير ۋە مۇجەببەر ئىدى» دەپ كەلگەن[①].
(ئەھمەد: 769؛ بەززار: 742؛ «ئەلكەبىر»: 2774)

8169 ـ وفي رواية عن عَلِي رضي اللهُ عنه قال: كنت أُحِب أَنْ أَكْتَنِيَ بِأَبِي حَرْبٍ.

8169 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ”ئەبۇ ھەرب“ دەپ كۇنيە ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتىم[②].
(بەززار: 743؛ «ئەلكەبىر»: 2775)

[①] ھەيسەمى (12869): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەد بىلەن تەبەرانىنىڭ سەنەدىدىكى ھانى ئىبنى ھانى ئىسىملىك كىشىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[②] ھەيسەمى (12870): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىككىيلەندىن بىرىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

8170 ـ وعن عبد الله بن سلام قال كان اسمي في الجاهلية غيلان فسماني رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عبدالله.

8170 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە مېنىڭ ئىسمىم غەيلان (ئالۋاستى) ئىدى، كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

8171 ـ يزيد بن حارثة الأنصاري: كنت عند النبي صلى الله عليه وسلم وكـان إذا لم يحفظ اسم الرجل قال يا ابن عبد الله.

8171 ــ يەزىد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا بولغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرماقچى بولغان بىرەر كىشىنىڭ ئىسمىنى بىلمىسە، ئۇنى: «ئى ئابدۇللاھ (اللهنىڭ بەندىسى)!» دەپ چاقىراتتى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 3436؛ «ئەلسەغىر»: 360)

8172 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ عن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال لَا تُسَموا الْعِنَبَ الْكَرْمَ فإن الْكَرْمَ الرجُلُ الْمُسْلِمُ.

8172 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈزۈم دەرىخىنى كەرەم (سېخىيلىق) دەپ ئاتىماڭلار، چۈنكى كەرەم دېگەن مۇسۇلمان ئەردۇر».

(مۇسلىم: 2247)

[1] ھەيسەمى (12884): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى يەئلا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (12895): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەييۇب ئەنماتىي دېگەن كىشىنى تونۇمايمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8173 ـ وفي رواية: وَلَكِنْ قُولُوا حَدَائِقَ الْأَعْنَابِ.

8173 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۈزۈم باغلىرى دەڭلار» دەپ كەلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4974)

8174 ـ وفي رواية: إِنَمَا الْكَرْمُ قَلْبُ الْمُؤْمِنِ.

8174 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە: «كەرەم (سېخىيلىق) دېگەن مۆئمىننىڭ قەلبىدۇر» دېگەن.

(بۇخارى: 6183)

8175 ـ عَنْ عَلْقَمَةَ بنِ وَائِلٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَقُولُوا الْكَرْمُ وَلَكِنْ قُولُوا الْحَبْلَةُ يَعْنِي الْعِنَبَ.

8175 ــ ئەلقەمە ئىبنى ۋائىل ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كەرەم دېمەي، تال ياكى ئۈزۈم دەڭلار».

(مۇسلىم: 2248)

[1] ئەلبانى (4160): سەھىھ ـ دېگەن.

# شېئىر

8176 ـ عن أُبيّ بن كعب أخبره أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال إن من الشعر حكمةً.

8176 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەزى شېئىرلاردا ھېكمەتلىك سۆزلەر بولىدۇ».

(بۇخارى: 6145)

8177 ـ عَنْ ابنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن مِنْ الشعْرِ حِكَمًا.

8177 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەزى شېئىرلاردا ھېكمەتلەر بار»[1].

(تىرمىزى: 2845)

8178 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأَنْ يَمْتَلِئَ جَوْفُ رَجُلٍ قَيْحًا يَرِيهِ خَيْرٌ مِنْ أَنْ يَمْتَلِئَ شِعْرًا.

8178 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەمنىڭ ئىچى شېئىر بىلەن توشقىنىدىن يىرىڭ بىلەن توشۇپ، قورسىقىنى پۈتۈنلەي سېسىتىۋەتكىنى ياخشىراق».

(بۇخارى: 6155)

[1] ئەلبانى (2281): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

8179 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ بَيْنَا نَحْنُ نَسِيرُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْعَرْجِ إِذْ عَرَضَ شَاعِرٌ يُنْشِدُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذُوا الشَّيْطَانَ أَوْ أَمْسِكُوا الشَّيْطَانَ لَأَنْ يَمْتَلِئَ جَوْفُ رَجُلٍ قَيْحًا خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَمْتَلِئَ شِعْرًا.

8179 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئەرج دېگەن جايدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئالدىمىزغا شېئىر ئوقۇۋاتقان بىر كىشى چىققان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شەيتاننى تۇتۇڭلار، بىر ئادەمنىڭ ئىچى يىرىڭ بىلەن توشۇپ كەتكىنى، شېئىر بىلەن توشقىنىدىن ياخشىراق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2259)

8180 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضَعُ لِحَسَّانَ مِنْبَرًا فِي الْمَسْجِدِ يَقُومُ عَلَيْهِ قَائِمًا يُفَاخِرُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ قَالَ يُنَافِحُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَقُولُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ يُؤَيِّدُ حَسانَ بِرُوحِ الْقُدُسِ مَا يُفَاخِرُ أَوْ يُنَافِحُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8180 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسسانغا مەسجىدتە مۇنبەر قويۇپ بېرەتتى، ھەسسان مۇنبەرگە چىقىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداپ (ياكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەخىرلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىپ) مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنىدى:

«پەيغەمبەرنى قوغداپ (ياكى پەيغەمبەرنىڭ پەخىرلىك ئىش ــ ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىپ) مۇشائىرە ئارقىلىق مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ تۇرسىلا، الله ھەسساننى رۇھۇل قۇدۇس (جىبرىئىل) بىلەن قوللاپ تۇرىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2846)

[①] ئەلبانى (2282): ھەسەن، ـ دېگەن.

8181 ـ عن عَمْرِو بن الشرِيدِ عن أبيه قال رَدِفْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ يَوْمًا فقال هل مَعَكَ من شِعْرِ أُميةَ بن أبي الصلْتِ شيئا قلت نعم قال هِيهْ فَأَنشَـدْتُهُ بَيْتًا فقال هِيهْ ثُم أَنشَدْتُهُ بَيْتًا فقال هِيهْ حتى أَنشَدْتُهُ مِائَةَ بَيْتٍ.

8181 ــ ئەمــر ئاتىســى شــەرىد رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنــدىن مۇنــداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىــدۇ: بىــر كــۈنى، مەن پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مىنگىشىۋالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇمەييە ئىبنى ئەبۇ سەلتىنىڭ شېئىرلىرىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەئە، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قېنى، ئوقــۇپ باقە! ــ دېدى، مەن بىــر بېيىتنــى ئوقــۇپ بەرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھە، يەنە ئوقــۇ! ــ دېــدى. مەن يەنە بىــر بېيىــت ئوقــۇپ بەرســەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ يەنە ئوقۇ! ـ دېدى، شۇنداق قىلىپ، مەن يۈز بېيىت ئوقۇپ بەردىم. (مۇسلىم: 2255)

8182 ـ وفي رواية: قَالَ فَلَقَدْ كَادَ يُسْلِمُ فِي شِعْرِهِ.

8182 ـ يەنە بىــر رىــۋايەتتە: «ئــۇ شــېئىرىدا مۇســۇلمان بولۇشــقا ئــاز قالغانىكەن» دېدى.

(مۇسلىم: 2255)

8183 ـ عَنْ جَابِرِ بنِ سَمُرَةَ قَالَ جَالَسْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَكْثَرَ مِـنْ مِائَةِ مَرةٍ فَكَانَ أَصْحَابُهُ يَتَنَاشَدُونَ الشعْرَ وَيَتَذَاكَرُونَ أَشْيَاءَ مِنْ أَمْرِ الْجَاهِلِيةِ وَهُوَ سَاكِتٌ فَرُبمَا تَبسمَ مَعَهُمْ.

8183 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىــدۇ: مەن پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىــلەن يــۈز قېتىمــدىن كــۆپرەك بىلــلە ئولتۇرغــان ئىــدىم. ســاھابىلەر قوشــاق ئېيتىشــىپ، جــاھىلىيەت دەۋرىــدىكى بەزى ئىشــلارنى ئەسلىشــىپ

ئولتۇرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىر نەرسە دېمەيتتى، ھەتتا بەزىدە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى[1].

(تىرمىزى: 2850)

8184 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن عُمَرَ مر بِحَسانَ وَهُوَ يُنْشِدُ الشعْرَ فِي الْمَسْجِدِ فَلَحَظَ إِلَيْهِ فَقَالَ قَدْ كُنتُ أُنشِدُ وَفِيهِ مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنْكَ ثُم الْتَفَتَ إِلَى أَبِي هُرَيْرَةَ فَقَالَ أَنْشُدُكَ اللهَ أَسَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ أَجِبْ عَني اللهُم أَيدْهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ قَالَ اللهُم نَعَمْ.

8184 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە شېئىر ئېيتىۋاتقان ھەسساننىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا توسماقچى بولغاندەك قارىۋىدى، ھەسسان:

ـ مەن بۇ مەسجىدتە سەندىنمۇ ئەۋزەلرەك زات بار چاغدا شېئىر ئوقۇيتتىم، ـ دېدى، ئاندىن ماڭا قاراپ:

ـ سەندىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايكى، سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ماڭا ۋاكالىتەن جاۋاب قايتۇرغىن. ئى الله! ئۇنىڭغا رۇھۇل قۇددۇس (جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەرگەيسەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ـ ھەئە، راست ئاڭلىغان، ـ دېدىم.

(مۇسلىم: 2485)

8185 ـ عَنْ أَنسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ مَكةَ فِي عُمْرَةِ الْقَضَاءِ وَعَبْدُ اللهِ بْنُ رَوَاحَةَ بين يَدَيْهِ يَمْشِي وَهُوَ يَقُولُ خَلوا بَنِي الْكُفارِ عَنْ سَبِيلِهِ الْيَوْمَ نَضْرِبْكُمْ عَلَى تَنْزِيلِهِ ضَرْبًا يُزِيلُ الْهَامَ عَنْ مَقِيلِهِ وَيُذْهِلُ الْخَلِيلَ عَنْ خَلِيلِهِ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ يَا ابْنَ رَوَاحَةَ بين يَدَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفِي حَرَمِ اللهِ تَقُولُ الشعْرَ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَل عَنْهُ يَا عُمَرُ فَلَهِيَ أَسْرَعُ فِيهِمْ مِنْ نَضْحِ النبْلِ.

---

[1] ئەلبانى (2286): سەھىھ ـ دېگەن.

8185 ـــ ئەنەس ئىبنــى مالــىك رەزىيەللاهــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم قــازا ئــۆمەرە قىلىــش ئۈچــۈن مەككىــگە كىرگەنــدە، ئابــدۇللاھ ئىبنــى رەۋاھە ئۇنىــڭ ئالدىدا:

ــ ئــى كــاپىرلار ئەۋلادى! ئۇنىــڭ يــولىنى توسىــماڭلار... دەپ قوشــاق ئېيتىپ ماڭغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ھەم اللهنىــڭ ھەرىمىــدە قوشــاق ئوقۇۋاتامســەن؟ ـ دېدى، پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالام ئۇنىڭغا:

ـــ ئــى ئــۆمەر! ئۇنىڭغــا تەگــمە، بــۇ شــېئىر ئۇلارغــا (مەككــە مۇشرىكلىرىغا) يا ئوقلىرىدىنمۇ تېزرەك تېگىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2847)

8186 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ فِـي سَـفَرٍ وَكَانَ غُلَامٌ يَحْدُو بِهِن يُقَالُ لَهُ أَنجَشَةُ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رُوَيْدَكَ يَا أَنجَشَةُ سَوْقَكَ بِالْقَوَارِيرِ قَالَ أَبُو قِلَابَةَ يَعْنِي النسَاءَ.

8186 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىر سەپەردە ئىدى، ئاياللىرىنىڭ تۆگىلىرىنى ئەنجەشە دېگەن قۇلى قوشاق ئېيتقان ھالدا تېز ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئەنجەشە! شىشىلەرنى (ئاياللارنى) ئاۋايلاپ ھەيدىگىن! ـ دېدى. ئەبۇ قىلابە: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق ئاياللىرىنى كۆزدە تۇتقانىدى، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 6210)

[1] ئەلبانى (2283): سەھىھ ـ دېگەن.

8187 ـ وفي رواية: قَالَ أُبو قِلَابَةَ فَتَكَلَّمَ النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ بِكَلِمَةٍ لَوْ تَكَلَّمَ بِهَا بَعْضُكُمْ لَعِبْتُمُوهَا عَلَيْهِ قَوْلُهُ سَوْقَكَ بِالْقَوَارِيرِ.

8187 ـ ئەبۇ قىلابە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق پاساھەتلىك بىر ئوخشىتىش قىلدىكى (يەنى ئاياللارنى شىشىگە ئوخشاتتىكى)، ئەگەر بۇ سۆزنى باشقىلار قىلغان بولسا، سىلەر ئۇ ئادەمنى ئەيىبلەپ كەتكەن بولاتتىڭلار.

(بۇخارى: 6149)

8188 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ وَهُوَ يَقُصُ فِي قَصَصِهِ وَهُوَ يَذْكُرُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِن أَخًا لَكُمْ لَا يَقُولُ الرفَثَ يَعْنِي بِذَلِكَ عَبْدَ اللهِ بْنَ رَوَاحَةَ:

وَفِينَا رَسُولُ اللهِ يَتْلُو كِتَابَهُ إِذَا انْشَق مَعْرُوفٌ مِنْ الْفَجْرِ سَاطِعُ
أَرَانَا الْهُدَى بَعْدَ الْعَمَى فَقُلُوبُنَا بِهِ مُوقِنَاتٌ أَن مَا قَالَ وَاقِعُ
يَبِيتُ يُجَافِي جَنْبَهُ عَنْ فِرَاشِهِ إِذَا اسْتَثْقَلَتْ بِالْمُشْرِكِينَ الْمَضَاجِعُ

8188 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتكەن ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى تىلغا ئالدى:

«سىلەرنىڭ قېرىنداشلار (ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى دېمەكچى) سەت گەپ قىلمايدۇ». ئابدۇللاھ مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

ئارىمىزدا باردۇر اللهنىڭ رەسۇلى، تاڭ سۈزۈلگەندە ئوقۇيدۇ قۇرئان،
كۆرسەتتى يولنى بىز ئەمالارغا، قايىلمىز، بولىدۇ دېگىنى ھامان.
يىراق ياتىدۇ كۆرپىدىن يېنى، مۇشرىكلار بولسا شېرىن ئۇيقۇدا.

(بۇخارى: 1155)

8189 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَوْمَ قُرَيْظَةَ لِحَسانَ بْنِ ثَابِتٍ اهْجُ الْمُشْرِكِينَ فَإِن جِبْرِيلَ مَعَكَ.

8189 ــ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيزە غازىتى بولغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ھەسسان ئىبنى سابىتقا: «مۇشرىكلارنى ھەجۋى قىلغىن، جىبرىئىل سەن بىلەن بىللە» دېگەن.

(بۇخارى: 4124)

8190 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ اسْتَأْذَنَ حَسانُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي هِجَاءِ الْمُشْرِكِينَ قَالَ كَيفَ بِنَسَبِي فَقَالَ حَسانُ لَأَسُلنكَ مِنْهُمْ كَمَا تُسَل الشعَرَةُ مِنْ الْعَجِينِ.

8190 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەسسان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى ھەجۋىيلەشكە ئىجازەت سورىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ (ئۇلار بىلەن بىر نەسەب تۇرسام) مېنىڭ نەسەبىمنى قانداق قىلىسەن؟ ـ دېدى. ھەسسان:

ــ سېنىڭ نەسەبىڭنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇددى خېمىردىن قىلنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك سۇغۇرۇۋالىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3531)

8191 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ حَسانُ يَا رَسُولَ اللهِ ائْذَنْ لِي فِي أَبِي سُفْيَانَ قَالَ كَيفَ بِقَرَابَتِي مِنْهُ قَالَ وَالذِي أَكْرَمَكَ لَأَسُلنكَ مِنْهُمْ كَمَا تُسَل الشعْرَةُ مِنْ الْخَمِيرِ فَقَالَ حَسانُ وَإِن سَنَامَ الْمَجْدِ مِنْ آلِ هَاشِمٍ بَنُو بِنْتِ مَخْزُومٍ وَوَالِدُكَ الْعَبْدُ.

8191 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەسسان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئەبۇ سۇفيانىنى ھەجۋىيلىشىمگە ئىجازەت قىلغىن! ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئۇنىڭغا تۇغقان كېلىدىغان تۇرسام؟! ـ دېدى، ھەسسان:

ـ سېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇددى خېمىردىن قىلنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك سۇغۇرۇۋالىمەن، ـ دېدى ــ دە، مەشھۇر قەسىدىسىنى باشلىۋەتتى.

(مۇسلىم: 2489)

8192 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ قَالَ اهْجُوا قُرَيْشًا فَإِنهُ أَشَد عَلْيهَا مِنْ رَشْقٍ بِالنبْلِ فَأَرْسَلَ إِلَى ابْنِ رَوَاحَةَ فَقَالَ اهْجُهُمْ فَهَجَاهُمْ فَلَمْ يُرْضِ فَأَرْسَلَ إِلَى كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ ثُم أَرْسَلَ إِلَى حَسانَ بْنِ ثَابِتٍ فَلَما دَخَلَ عَلْيهِ قَالَ حَسانُ قَدْ آنَ لَكُمْ أَنْ تُرْسِلُوا إِلَى هَذَا الْأَسَدِ الضارِبِ بِذَنَبِهِ ثُم أَدْلَعَ لِسَانَهُ فَجَعَلَ يُحَركُهُ فَقَالَ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَأَفْرِيَنهُمْ بِلِسَانِي فَرْيَ الْأَدِيمِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ لَا تَعْجَلْ فَإِن أَبَا بَكْرٍ أَعْلَمُ قُرَيْشٍ بِأَنْسَابِهَا وَإِن لِي فِيهِمْ نَسَبًا حَتى يُلَخصَ لَكَ نَسَبِي فَأَتَاهُ حَسانُ ثُم رَجَعَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ لَخصَ لِي نَسَبَكَ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَأَسُلنكَ مِنْهُمْ كَمَا تُسَل الشعْرَةُ مِنْ الْعَجِينِ قَالَتْ عَائِشَةُ فَسَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ يَقُولُ لِحَسانَ إِن رُوحَ الْقُدُسِ لَا يَزَالُ يُؤَيدُكَ مَا نَافَحْتَ عَنْ اللهِ وَرَسُولِهِ وَقَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ يَقُولُ هَجَاهُمْ حَسانُ فَشَفَى وَاشْتَفَى.

8192 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى مەسخىرە قىلىڭلار، چۈنكى ھەجۋىي شېئىرلار ئۇلارغا يا ئوقلىرىدىنمۇ قاتتىق تېگىدۇ، ـ دېدى، ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى چاقىرتىپ:

ـ ئۇلارنى مەسخىرە قىل! ـ دېۋىدى، ئۇ مەسخىرە قىلدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رازى قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال كەئب ئىبنى مالىكنى، ئاندىن ھەسسان ئىبنى سابىتنى چاقىرتتى. ھەسسان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

ــ ھە، ئەمدى تېخى تىلى بىلەن غەزىۋنى ئىپادىلەيدىغان ئارسلاننى چاقىرتىدىغان ۋاقىتىڭلار كەپتۇ ـ ھە؟ ـ دېگىنىچە تىلىنى چىقىرىپ، ئۇيان ـ بۇيانغا ئويناتتى، ئاندىن:

ــ سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تىلىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئىززەت ــ نومۇسىنى يۇڭنى تىتقاندەك تىتىۋەتمەيدىغان بولسام، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئالدىرىما! ئەبۇ بەكرى قۇرەيشنىڭ نەسەبىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، مېنىڭ نەسەبىممۇ ئۇلارنىڭ نەسەبىگە تۇتىشىدۇ. ئۇ ساڭا مېنىڭ نەسەبىمنى ئايرىپ بەرسۇن! ـ دېدى، ھەسسان ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇددى خېمىردىن قىلنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك سۇغۇرۇۋالىمەن، ـ دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەسسانغا: «سەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قوغداپ شېئىر ئوقۇپ تۇرساڭلا، روھۇل قۇدۇس (جىبرىئىل) ساڭا مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ» ۋە: «ھەسسان ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، بىزنىڭ ئۆچىمىزنى ئېلىپ بەردى، ئۆزىنىڭ ئۆچىنىمۇ ئېلىۋالدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(مۇسلىم: 2490)

8193 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ عن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال: أَصْدَقُ بَيْتٍ قَالَهُ الشاعِرُ:

ألا كُل شَيْءٍ ما خَلَا اللهَ بَاطِلُ

8193 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شائىر ئېيتقان ئەڭ راستچىل بېيىت: "اللهتىن باشقا ھەممە نەرسە پانىيدۇر" دېگەن بېيىتتۇر».

(بۇخارى: 6489)

8194 ـ عن عَائِشَةَ قال قِيلَ لها هل كان النبي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَتَمَثلُ بِشَيْءٍ من الشعْرِ قالت كان يَتَمَثلُ بِشِعْرِ بن رَوَاحَةَ وَيَتَمَثلُ وَيَقُولُ:

وَيَأْتِيكَ بِالْأَخْبَارِ من لم تُزَوِدِ

8194 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شېئىرنى تىلغا ئېلىپ قوياتتىمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن:

ــ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ شېئىرىنى تىلغا ئېلىپ قوياتتى ۋە بەزىدە مۇنداق ئوقۇپ قوياتتى: «سەن ئوزۇق بەرمىگەنلەرمۇ ساڭا ئۇچۇر ئەكىلەر»[1].

(تىرمىزى: 2848)

8195 ـ عن جُنْدَب يَقُولُ بَيْنَمَا النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَمْشِي إِذْ أَصَابَهُ حَجَرٌ فَعَثَرَ فَدَمِيَتْ إِصْبَعُهُ فَقَال:

هَلْ أَنتِ إِلا إِصْبَعٌ دَمِيتِ وَفِي سَبِيلِ اللهِ مَا لَقِيتِ.

8195 ـ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا كېتىۋاتاتتى، بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ، بىر بارمىقى قاناپ كەتتى ـ دە:

«سەن پەقەتلا قانىغان بىر بارماق،
بېشىڭغا كەلگىنى الله يولىدا» دەپ بېيىت ئوقۇدى.

(بۇخارى: 6146)

8196 ـ عن أَبي نَوْفَلِ بْنُ أَبِي عَقْرَبٍ قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ هَلْ كَانَ رَسُـولُ اللـهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يُتَسَامَعُ عِنْدَهُ الشعْرُ قَالَتْ كَانَ أَبْغَضَ الْحَدِيثِ إِلْيِهِ.

[1] ئەلبانى (2284): سەھىھ ـ دېگەن.

8196 ــ ئەبۇ نەۋفەل ئىبنى ئەبۇ ئەقرەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:
ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا شېئىر ئاڭلىنىپمۇ قالغانمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:
ــ شېئىر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان سۆز ئىدى، ـ دېدى[1].
(ئەھمەد: 25064)

8197 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ امْرُؤُ الْقَيْسِ صَاحِبُ لِوَاءِ الشعَرَاءِ إِلَى النارِ.

8197 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئىمرۇئۇلقەيس دوزاخقا كىرىدىغان شائىرلارنىڭ بايراقدارىدۇر»[2].
(ئەھمەد: 7127)

8198 ـ عَنْ شَدادِ بْنِ أَوْسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَرَضَ بَيْتَ شِعْرٍ بَعْدَ الْعِشَاءِ الْآخِرَةِ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةٌ تِلْكَ اللَّيْلَةَ.

8198 ــ شەددا ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن بىر بېيىت ئوقۇسا، شۇ كېچىدىكى نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[3].
(ئەھمەد: 17174؛ بەززار: 3477؛ «ئەلكەبىر»: 7133)

---

[1] ھەيسەمى (13297): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13299): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ جەھمنى تونۇمايمەن، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (13316): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى قۇزئە ئىبنى سۇۋەيد باھىلىي ئىسىملىك كىشىنى ئىبنى مەئىن ”ئىشەنچلىك“ دەپ قارىغان، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8199 ـ عبد الله بن عمرو قال قال رسول الله صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ الشعر بمنزلة الكلام فحسنه كحسن الكلام وقبيحه كقبيح الكلام.

8199 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شېئىر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىقى (خۇددى سۆزنىڭ) چىرايلىقىغا، سېتى سېتىگە ئوخشايدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 7696)

8200 ـ عن عبد الله بن رواحة: أن النبي صلى الله عليه وسلم قال له: كيف تقول الشعر إذا أردت أن تقول؟ قلت: أنظر ثم أقول قال: عليك بالمشركين ولم أكن أعددت لذلك شيئا فقلت:

فخبروني أثمان العباء متى كنتم بطاريق أو دانت لكم مضر

فنظرت الكراهية في وجه رسول الله صلى الله عليه وسلم أن جعلت قومه أثمان العباء فنظرت ثم قلت:

يا هاشم الخير إن الله فضلكم على البرية فضلا ماله غير

إني تفرست فيك الخير أعرفه فراسة خالفتهم في الذي نظروا

ولو سألت أو استنصرت بعضهم في جل أمرك ما آووا ولا نصروا

فثبت الله ما آتاك من حسن تثبيت موسى ونصرا كالذي نصروا

قال وأنت فثبتك الله يا ابن رواحة.

8200 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

ــ شېئىر ئوقۇماقچى بولساڭ، قانداق ئوقۇيسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ــ ئالدى بىلەن ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئوقۇيمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[①] ھەيسەمى (13318): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

— مۇشرىكلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرگىن! — دېۋىدى، مەن تەييارلىق قىلمىغان بولساممۇ:

ئى ئابايەنىڭ باھالىرى! ئېيتىڭلارچۇ،
قاچان قوماندان بولۇپ باقتىڭلار
ياكى مۇزەر سىلەرگە بويسۇنغانمۇ؟

دەپ ئوقۇسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايىدا پەيغەمبەرنىڭ قەۋمىنى ئابايەنىڭ باھالىرى قىلىپ قويغانلىقىم ئۇچۇن ياقتۇرمىغانلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ئى خەير ـ ساخاۋەتتە ئاتاق چىقارغان ھاشىم جەمەتى!
الله سىلەرنى پۈتۈن ئىنسانىيەتتىن ئالاھىدە ئۈستۈن قىلدى... دەپ شېئىر ئوقۇغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئىبنى رەۋاھە، الله سېنىمۇ ھەقتە مۇستەھكەم قىلغاي! — دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»)

8201 ـ عن عَمْرِو بن مُسْلِمٍ الْخُزَاعِي عن أبيه قال كنت عِنْدَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَأنشَدْتُهُ قَوْلَ سُوَيْدِ بن عَامِرٍ الْمُصْطَلِقي

لا تَأْمَنن وَإِنْ أَمْسَيْتَ في حَرَمٍ إن الْمَنَايَا بِجَنْبي كل إِنْسَانِ
وَاسْلُكْ طَرِيقَكَ تمشي غير مُخْتَشِعٍ حتى تُلاقِي ما يُمَني لك الْمَانِي
وَكُل ذِي صَاحِبٍ يَوْمًا مُفَارِقُهُ وَكُل زَادٍ وَإِنْ أَبْقَيْتَهُ فانِ
وَالْخَيْرُ وَالشر مَقْرُونَانِ في قَرَنٍ بِكُل ذَاكَ يَأْتِيكَ الْجَدِيدَانِ
فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لو أَدْرَكَنِي هذا لأَسْلَمَ.

8201 — ئەمر ئىبنى مۇسلىم خۇزائىي ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

---

① ھەيسەمى (13334): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك، لېكىن مۇدرىك ئىبنى ئۇمارە دېگەن كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھەنىڭ زامانىدىشى ئەمەس، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم، ئۇنىڭغا سۈۋەيد ئىبنى ئامىر مۇستەلىقىينىڭ:

خاتىرجەم بولۇپ كەتمىگىن، ھەرەمدە بولساڭمۇ،
ئۆلۈم دېگەن بېقىنىدا ھەر بىر ئىنساننىڭ... دېگەن

بېيىتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم:

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارنى ئاڭلاپ:

ــ ئۇ مەن بىلەن ئۇچراشقىچە ياشىغان بولسا، چوقۇم مۇسۇلمان بولار ئىكەن، ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 432/19)

8202 ـ وعن النابغة قال أتيت النF صلى اللهُ عليه وسلم فأنشدته من قولي:

علونا العباد عفة وتكرما وإنا لنرجو فوق ذلك مظهرا

قال أين المظهر يا أبا ليلىÝ قلت الجنة قال أجل إن شاء الله قال Ź قـال أنشـدC فأنشدته من قولي:

ولا خير في حلم إذا لم يكن له بوادر Ơمى صفوه أن يكدرا
ولا خير في جهل إذا لم يكن له حليم إذا ما أورد الأمر أصدرا

قال أحسنت لا يفضض الله فاك.

8202 ـ نابىغە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ مۇنۇ بېيىتىنى ئوقۇدۇم:

ئۇستۈن بولدۇق بەندىلەردىن ئىپپەت ۋە ساخاۋەتتە،
ئارزۇ قىلىمىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۇستۈن ماقامنى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەبۇ لەيلا! ئۇ ماقام قەيەر؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

---

[①] ھەيسەمى (13337): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى يەئقۇب ئىبنى مۇھەممەد زۇھرىي دېگەن كىشىدىن، ئۇ كىشى نامەلۇم بىرىدىن رىۋايەت قىلغان، شۇڭا ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسىنى بىردەك قوبۇل قىلمىغان، ـ دېگەن.

ــ جەننەت، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ــ ھەئە شۇنداق، ئىنشائاللاھ ـ دېدى، ئاندىن:
ــ ماڭا شېئىر ئوقۇپ بەر! ـ دېۋىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ:
قۇرۇق خىيالدا پايدا يوق،
بولمىسا ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى... دېگەن بېيىتلىرىمنى
ئوقۇپ بېرىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ــ الله ئېغىزىڭنى سالامەت قىلغاي! ـ دېدى[1].
(بەززار: 2104)

8203 ـ وعن العجاج أنه سأل أبا هريرة ما تقول في هذا:
طاف الخيالان فهاجا سقما خيال سلمى وخيال تكتما
قامت تريك رهبة أن تصرما ساقا بخنداة وكعبا أدرما
فقال أبو هريرة كنا ننشد هذا على عهد رسول الله صلى اللهُ عليه وسلم فلا يعيبه.
8203 ـ ئەججاجدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ:
كېسەلنى قوزغىدى كاللىغا كېلىپ ئىككى خىيال،
سەلمانىڭ خىيالى، يەنە بىرى يوشۇرىدىغان خىيال.
ئورنىدىن تۇرۇپ قاڭشارلىق خېنىم،
ئېچىپ تاشلىدى پاقالچاقلىرىنى قورقىنىدىن.
دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:
ـــ بۇ بېيىت ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە:
ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بۇ بېيىتنى ئوقۇساق، بىزنى ئەيىبلىمەيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].
(بەززار: 2111)

[1] ھەيسەمى (133338): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئەشدەق ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13344): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى رافىئ ئىبنى سەلەمەدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ كىملىكى ماڭا نامەلۇم. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## سىلە ـ رەھىم ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بۆلۈمى

8204 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أَحَق الناسِ بِحُسْنِ صَحَابَتِي قَالَ أُمكَ قَالَ ثُم مَنْ قَالَ ثُم أُمكَ قَالَ ثُم مَنْ قَالَ ثُم أُمكَ قَالَ ثُم مَنْ قَالَ ثُم أَبُوكَ.

8204 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلار ئىچىدىن كىم مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاناڭ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ـ ئاندىن قالسا كىم؟

ـ يەنە ئاناڭ.

ـ ئاندىن قالسا كىم؟

ـ يەنە ئاناڭ.

ـ ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـ ئاندىن قالسا داداڭ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5971)

8205 ـ عن بَهْزِ بْنِ حَكِيمٍ حَدثَنِي أَبِي عَنْ جَدي قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أَبر قَالَ أُمكَ قَالَ قُلْتُ ثُم مَنْ قَالَ أُمكَ قَالَ قُلْتُ ثُم مَنْ قَالَ أُمكَ قَالَ قُلْتُ ثُم مَنْ قَالَ ثُـم أَبَاكَ ثُم الْأَقْرَبَ فَالْأَقْرَبَ.

8205 ـ بەھز ئىبنى ھەكىمنىڭ چوڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئالدى بىلەن كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن؟ ــ دەپ سورىغانىدىم،

ــ ئاناڭغا، ـ دېدى.

ــ ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، يەنە:

ــ ئاناڭغا، ـ دېدى.

ــ ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، يەنە:

ــ ئاناڭغا، ـ دېدى. تۆتىنچى قېتىم:

ــ ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ ئاندىن قالسا، داداڭغا ياخشىلىق قىلغىن! ئاندىن كېيىن تۇغقانلارغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە ياخشىلىق قىلساڭ بولىدۇ، ــ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1897)

8206 ـ عن كُلَيب بن مَنفَعَةَ عَنْ جَدِهِ أَنَهُ أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أبر قَالَ أُمكَ وَأَبَاكَ وَأُخْتَكَ وَأَخَاكَ وَمَوْلاكَ الذِي يَلِي ذَاكَ حَق وَاجِبٌ وَرَحِمٌ مَوْصُولَةٌ.

8206 ـ كۇلەيب ئىبنى مەنفەئەنىڭ چوڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئالدى بىلەن كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن؟ ــ دەپ سورىغانىدىم:

ــ ئالدى بىلەن ئاناڭغا، ئاندىن ئاتاڭغا، ئاندىن ئاچا ـ سىڭىل قېرىنداشلىرىڭغا، ئاندىن ئاكا ــ ئۇكا قېرىنداشلىرىڭغا، ئاندىن تۇغقانلىرىڭغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە ياخشىلىق قىلغىن. ئەنە شۇ، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەق، يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك سىلە ـ رەھىمدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5140)

[1] ئەلبانى (1546): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1100): زەئىپ، ـ دېگەن.

8207 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن رَجُلًا أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن لِي مَالًا وَوَلَدًا وَإِن وَالِدِي يَحْتَاجُ مَالِي قَالَ أَنتَ وَمَالُكَ لِوَالِدِكَ إِن أَوْلَادَكُمْ مِنْ أَطْيَبِ كَسْبِكُمْ فَكُلُوا مِنْ كَسْبِ أَوْلَادِكُمْ.

8207 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيبىنىڭ چوڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر مال ـ مۈلكۈم ۋە پەرزەنتلىرىم بار. ئاتام مېنىڭ مېلىمغا موھتاج. قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن ۋە مال ـ مۈلكۈڭ ئاتاڭنىڭدۇر. پەرزەنتلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ پاك مېلىڭلاردۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ تاپقان مال ــ مۈلكىدىن يەڭلار! ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3530)

8208 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَغِمَ أَنفُ ثُم رَغِمَ أَنفُ ثُم رَغِمَ أَنفُ قِيلَ مَنْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ مَنْ أَدْرَكَ أَبَوَيْهِ عِنْدَ الْكِبَرِ أَحَدَهُمَا أَوْ كِلَيْهِمَا فَلَمْ يَدْخُلْ الْجَنةَ.

8208 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن! بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن! بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن! ـ دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىم؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى قېرىپ قالغاندا، (ئۇلار بىلەن) بىرگە ياشاپ تۇرۇپ (ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلمىغانلىقتىن) جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم بولغان ئادەم، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2551)

[1] ئەلبانى (3015): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

8209 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَا يَجْزِي وَلَدٌ وَالِدًا إِلا أَنْ يَجِدَهُ مَمْلُوكًا فَيَشْتَرِيَهُ فَيُعْتِقَهُ.

8209 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بالا ئاتىنىڭ ھەققىنى قايتۇرالمايدۇ. پەقەت ئاتىسىنىڭ قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇچراتسا، ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرغان بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1510)

8210 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ رِضَى الرب فِي رِضَى الْوَالِدِ وَسَخَطُ الرب فِي سَخَطِ الْوَالِدِ.

8210 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتا ـ ئانا رازى بولسا، پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا نارازى بولسا، پەرۋەردىگارىمىزمۇ غەزەپلىنىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1899)

8211 ـ عن عَبْد اللهِ بْن عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَاسْتَأْذَنَهُ فِي الْجِهَادِ فَقَالَ أَحَي وَالِدَاكَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَفِيهِمَا فَجَاهِدْ.

8211 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ھەئە، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[①] ئەلبانى (1549): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئۇنداقتا، سەن ئۆيدە قېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3004)

8212 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَجُلًا أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني جِئْتُ أُبَايِعُكَ عَلَى الْهِجْرَةِ وَلَقَدْ تَرَكْتُ أَبَوَي يَبْكِيَانِ قَالَ ارْجِعْ إِلَيْهِمَا فَأَضْحِكْهُمَا كَمَا أَبْكَيْتَهُمَا.

8212 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ مەن ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، بىراق ئاتا ـ ئانام يىغا ـ زارە قىلىشىپ قالدى، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇددى يىغلاتقىنىڭغا ئوخشاش كۈلدۈرگىن! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4163)

8213 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ جَاهِمَةَ السلَمِي أَن جَاهِمَةَ جَاءَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَدْتُ أَنْ أَغْزُوَ وَقَدْ جِئْتُ أَسْتَشِيرُكَ فَقَالَ هَلْ لَكَ مِنْ أُم قَالَ نَعَمْ قَالَ فَالْزَمْهَا فَإِن الْجَنةَ تَحْتَ رِجْلَيْهَا.

8213 ــ مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمە مۇنداق دەيدۇ: ئاتام جاھىمە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مەن جىھادقا چىقىشنى خالايمەن. شۇڭا سەندىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (3881): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـــ ھەئە، ــ دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلمىغىن! چۈنكى جەننەت ئانىنىڭ ئىككى قەدىمى ئاستىدا، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 3104)

8214 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَتْ تَحْتِي امْرَأَةٌ أُحِبهَا وَكَانَ أَبِي يَكْرَهُهَا فَـ أَمَرَنِي أَبِي أَنْ أُطَلقَهَا فَأَبَيْتُ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ طَلقْ امْرَأَتكَ.

8214 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ بىر ئايالىم بار ئىدى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. بىراق ئاتام ئۇنى ياقتۇرمىغاچقا، قويۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇنىمىدىم ۋە بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئابدۇللاھ! ئايالىڭنى قويۇۋەتكىن! ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 1189)

8215 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَن رَجُلًا أَتَاهُ فَقَالَ إِن لِيَ امْرَأَةً وَإِن أُمي تَأْمُرُنِي بِطَلَاقِهَا قَالَ أَبُو الدرْدَاءِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْوَالِدُ أَوْسَطُ أَبْوَابِ الْجَنةِ فَإِنْ شِئْتَ فَأَضِعْ ذَلِكَ الْبَابَ أَوْ احْفَظْهُ.

8215 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ مېنىڭ بىر ئايالىم بار، بىراق ئانام مېنىڭ ئۇنى قويۇۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى، ـ دېگەنىدى، ئەبۇ دەردا:

---

[①] ئەلبانى (2908): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (950): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاتا ــ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ئىنسانىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان دەرۋازىلارنىڭ (سەۋەبلەرنىڭ) ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇڭا خالىساڭ، ئۇ دەرۋازىنى بۇزىۋەتكىن. خالىساڭ، ئۇنى مەھكەم ساقلىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1900)

8216 ـ عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَتْ قَدِمَتْ عَلَي أُمي وَهِيَ مُشْرِكَةٌ فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَفْتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ وَهِيَ رَاغِبَةٌ أَفَأَصِلُ أُمي قَالَ نَعَمْ صِلِي أُمكِ.

8216 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئانام مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى. ئۇ تېخى مۇشرىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەتىۋا سوراپ:

ــ ئۇ ماڭا موھتاج. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا سىلە ــ رەھىم قىلسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، ئاناڭغا سىلە ـ رەھىم قىلغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2620)

8217 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَجُلًا أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أَصَبْتُ ذَنْبًا عَظِيمًا فَهَلْ لِي تَوْبَةٌ قَالَ هَلْ لَكَ مِنْ أُم قَالَ لَا قَالَ هَلْ لَكَ مِنْ خَالَةٍ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَبِرهَا.

8217 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (1548): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ناھايىتى چوڭ بىر گۇناھ قىلىپ سالدىم، تەۋبە قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاناڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ـ ئۇنداقتا، هاماچاڭ (ئاناڭنىڭ ھەمشىرىسى) بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ھەئە، بار، ـ دېگەندى:

ـ ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3975)

8218 ـ عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ مَالِكِ بْنِ رَبِيعَةَ السَّاعِدِيِّ قَالَ بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذْ جَاءَهُ رَجُلٌ مِنْ بَنِي سَلَمَةَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ هَلْ بَقِيَ مِنْ بِرِّ أَبَوَيَّ شَيْءٌ أَبَرُّهُمَا بِهِ بَعْدَ مَوْتِهِمَا قَالَ نَعَمْ الصَّلَاةُ عَلَيْهِمَا وَالِاسْتِغْفَارُ لَهُمَا وَإِنْفَاذُ عَهْدِهِمَا مِنْ بَعْدِهِمَا وَصِلَةُ الرَّحِمِ الَّتِي لَا تُوصَلُ إِلَّا بِهِمَا وَإِكْرَامُ صَدِيقِهِمَا.

8218 ـ ئەبۇ ئۇسەيد مالىك ئىبنى رەبىيئە سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئىدۇق. ئۇ ئارىدا بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر ئادەم كېلىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغۇدەك بىرەر ئىش بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەئە، بار. ئۇلارغا دۇئا قىلىسەن، گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەيسەن. ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈرىسەن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ

[1] ئەلبانى (1544): سەھىھ ـ دېگەن.

تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرىسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5142)

8219 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أنَّهُ كَانَ إذَا خَرَجَ إلَى مَكةَ كَانَ لَهُ حِمَارٌ يَتَرَوحُ عَلَيْهِ إذَا مَل رُكُوبَ الراحِلَةِ وَعِمَامَةٌ يَشُد بِهَا رَأْسَهُ فَبَيْنَا هُوَ يَوْمًا عَلَى ذَلِكَ الْحِمَارِ إذْ مَـر بِـهِ أعْرَابِي فَقَالَ ألَسْتَ ابْنَ فُلَانِ بْنِ فُلَانٍ قَالَ بَلَى فَأعْطَاهُ الْحِمَارَ وَقَالَ ارْكَبْ هَذَا وَالْعِمَامَةَ قَالَ اشْدُدْ بِهَا رَأْسَكَ فَقَالَ لَهُ بَعْضُ أصْحَابِهِ غَفَرَ اللهُ لَكَ أعْطَيْتَ هَذَا الْأعْرَابِي حِمَـارًا كُنْتَ تَرَوحُ عَلَيْهِ وَعِمَامَةً كُنْتَ تَشُد بِهَا رَأْسَكَ فَقَالَ إني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن مِنْ أبَر الْبِر صِلَةَ الرجُلِ أهْلَ وُد أبِيهِ بَعْدَ أنْ يُوَلي وَإن أبَـاهُ كَـانَ صَدِيقًا لِعُمَرَ.

8219 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ مەككىگە قاراپ سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالىدىغان بىر ئېشەكى بار بولۇپ، تۆگە مىنىپ زېرىككەن چاغلىرىدا، شۇ ئېشەككە مىنىۋالاتتى. ئۇنىڭ يەنە بېشىغا يۆگىۋالىدىغان بىر سەللىسى بار ئىدى. بىر كۈنى، ئاشۇ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا، بىر ئەئرابى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەئرابى ئۇنىڭدىن:

ـ سەن ئۆمەرنىڭ بالىسى ئابدۇللاھ ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، مەن شۇ، ـ دېدى ۋە ئېشەكنى ئەئرابىغا بېرىپ:

ــ بۇنى مىنىپ، بۇ سەللىنى بېشىڭغا يۆگىۋالغىن! ــ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بەزى ھەمراھلىرى بۇنى كۆرۈپ:

ــ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئۆزەڭ مىنىۋاتقان ئېشەكنى ۋە بېشىڭغا يۆگىۋالغان سەللىنى بىر ئەئرابىغا بېرەمسەن؟ ــ دېيىشكەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

[1] ئەلبانى (1101): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـــــ مەن پەيغەمـــــبەر ســـــەللاللاھۇ ئەلـەيھـــى ۋەســـــەللەمنىڭ: «ياخشىلىقنىڭمۇ ياخشىلىقى بىر ئادەمنىڭ ئاتىسىنىڭ دوستىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەرنىڭ دوستى ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2552)

8220 ـ عن عُمَر بْن السائِبِ حَدثَهُ أنَهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ جَالِسًا فَأَقْبَلَ أَبُوهُ مِنْ الرضَاعَةِ فَوَضَعَ لَهُ بَعْضَ ثَوْبِهِ فَقَعَدَ عَلَيْهِ ثُم أَقْبَلَتْ أُمهُ مِنْ الرضَاعَةِ فَوَضَعَ لَهَا شِق ثَوْبِهِ مِنْ جَانِبِهِ الْآخَرِ فَجَلَسَتْ عَلَيْهِ ثُم أَقْبَلَ أَخُوهُ مِنْ الرضَاعَةِ فَقَامَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَجْلَسَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ.

8220 ـ ئۆمەر ئىبنى سائىب مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر جايدا ئولتۇرۇپتىكەن. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ ئېرى (يەنى ئىنىكئاتىسى) ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمىنىڭ بىر پېشىنى ئۇنىڭغا سېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى كەپتۇ. ئۇنىڭغا كىيىمىنىڭ يەنە بىر پېشىنى يەنە بىر بېقىنىغا سېلىپ بېرىپتۇ. ئىنىكئانىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى كەپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى ئالدى تەرەپتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5145)

[1] ئەلبانى (1103): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

8221 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ ٱنطَلَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى أُم أَيمَن فَٱنطَلَقْتُ مَعَهُ فَنَاوَلَتْهُ إِنَاءً فِيهِ شَرَابٌ قَالَ فَلَا أَدْرِي أَصَادَفَتْهُ صَائِمًا أَوْ لَمْ يُرِدْهُ فَجَعَلَتْ تَصْخَبُ عَلَيْهِ وَتَذَمرُ عَلَيْهِ.

8221 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ ئەيمەننىڭ ئۆيىگە باردى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانىدىم. ئۇممۇ ئەيمەن ئۇنىڭغا بىر قاچا ئىچىملىك سۇنۇپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چاغدا روزىدار بولغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇ ئىچىملىكنى ئىچىشنى خالىمىغانلىقتىنمۇ بىلمىدىم، ئۇ ئىچىملىكنى ئىچمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇممۇ ئەيمەن ئۇنى ئەيىبلەپ، خېلى ئوبدانلا ئاچچىقلاپ قالدى.

(مۇسلىم: 2453)

8222 ـ عن عمر بن السائب بلغه أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شفع أمه التي أرضعته فيما استشفعت إليه فيه من وفد هوازن، وأكرمها وأباه من الرضاعة بأن بسط لهما رداء فأجلسهما عليه.

8222 ـ ئۆمەر ئىبنى سائىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇنىڭدىن ھەۋزان قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن شاپائەت تىلىگەندە، ئۇنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنى (يەنى ئىنىكئاتىسىنى) ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا يەكتىكىنى سېلىپ بېرىپ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8223 ـ عن زيد بن أرقم رفعه، من حج عن أحد من أبويه، أجزأ ذلك عنه، وبشر روحه بذلك في السماء، وكتب عند الله بارا ولو كان عاقا.

8223 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرىنىڭ نامىدا ھەج قىلسا، ئادا تاپىدۇ. ئاسماندا بالىسىنىڭ ئۇنىڭ روھىغا ھەج قىلغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ ۋە ئۇ بالا گەرچە ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان بولسىمۇ، اللهنىڭ دەرگاھىدا "ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى" دەپ يېزىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8224 ـ وفي رواية: كتب لأبيه للاج وله بسبع.

8224 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاتىسىغا بىر ھەج، ئۆزىگە يەتتە ھەجنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8225 ـ عَنْ سَهْلِ بن مُعَاذِ بن أنسٍ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ بَر وَالِدَيْهِ طُوبَى لَهُ، زَادَ اللهُ فِي عُمُرِهِ".

8225 ـ بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا خۇش بېشارەت بولسۇنكى، الله ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ»[1].

(مەۋسىلى: 1494؛ «ئەلكەبىر»)

8226 ـ عن عائشة، قالت: أتى رسول الله صلى الله عليه وسلم رجل، ومعـه شيخ، فقال: «يا فلان، من هذا معكم؟» قال: أبي قال: «فلا تمش أمامه، ولا تجلس قبله، ولا تدعه باسمه، ولا تستسب له».

8226 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ياشىنىپ قالغان يەنە بىر ئادەمنى باشلاپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

[1] ھەيسەمى (13392): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زەبان ئىبنى فائىد ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، باشقا ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ ئى پالانى! بۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ئاتام بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، سەن ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭمىغىن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئولتۇرمىغىن. ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرمىغىن ۋە ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تىللىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشنى قىلما! ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

8227 ـ عن ابن عمر قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «بروا آباءكم ت∃كم أبناؤكم، وعفوا تعف نساؤكم».

8227 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، بالىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئۆزەڭلار ئىپپەتلىك بولۇڭلار، ئاياللىرىڭلارمۇ ئىپپەتلىك بولىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

8228 ـ عن أبي هريرة قال : قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : « أعينـوا أولادكم على ال∃، من شاء استخرج العقوق لولده».

---

[1] ھەيسەمى (13396): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پەقەت مۇشۇ سەنەد بىلەن ئۇستازى ئەلى ئىبنى سەئىد ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. ئىبنى دەقىق ئېيد ئىمام تەبەرانىنىڭ ئۇستازى ئەلى ئىبنى سەئىدكە ئىشىنىدىغانلىقىنى نەقىل قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدىن يەنە بىرى مۇھەممەد ئىبنى ئەرئەرە بولۇپ، مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13403): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ ئۇستازى ئەھمەدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىمام تەبەرانى بۇ ھەدىسنى ئۇستازى ئەھمەدكە نىسبەت بەرمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇستازىدىن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغان كىشى بولغاچقا، بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭغا نىسبەت بەرمىگەن، ـ دېگەن.

8228 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەرزەنتلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىتىڭلار. بىراۋ خالىسا، بالىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىدىغان خۇيىنى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتەلەيدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (13424): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان راۋىيلار بار، ـ دېگەن.

## پەرزەنتلەرگە ۋە تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىم بالىغا ياخشىلىق قىلىش، زىيانلىق نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە باشقىلار

8229 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ جَاءَتْنِي امْرَأَةٌ مَعَهَا ابْنَتَانِ تَسْأَلُنِي فَلَمْ تَجِدْ عِنْدِي غَيْرَ تَمْرَةٍ وَاحِدَةٍ فَأَعْطَيْتُهَا فَقَسَمَتْهَا بَيْنَ ابْنَتَيْهَا ثُم قَامَتْ فَخَرَجَتْ فَدَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَحَدثْتُهُ فَقَالَ مَنْ يَلِي مِنْ هَذِهِ الْبَنَاتِ شَيْئًا فَأَحْسَنَ إِلَيْهِن كُن لَهُ سِتْرًا مِنْ النارِ.

8229 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرگەن پېتى ھۇجرامغا كىلىپ، مەندىن بىر نەرسە تىلىدى. مەن بىر تال خورمىدىن باشقا نەرسە تاپالمىدىم ـ دە، شۇ خورمىنى بولسىمۇ بەردىم. ئۇ ئايال خورمىنى ئىككى قىزىغا بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كەلگەندە، مەن ئۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنىدىم: «كىمكى قىزلىرىغا كۆيۈنۈپ ياخشى قارىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ قىزلار ئۇنىڭ بىلەن دوزاخ ئارىسىدا توساق بولىدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 5995)

8230 ـ عَنْ سُرَاقَةَ بْنِ مَالِكٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَلَا أَدُلكُمْ عَلَى أَفْضَلِ الصدَقَةِ ابْنَتُكَ مَرْدُودَةً إِلَيْكَ لَيْسَ لَهَا كَاسِبٌ غَيْرُكَ.

8230 ــ سەۋراقە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«مەن سىلەرگە سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، سىلەرگە قايتۇرۇلغان (مەسىلەن، ئېرى تالاق قىلىپ، دادىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىۋەتكەن)، سىلەردىن باشقا قارىغۇچىسى يوق قىزىڭلارغا بەرگەن سەدىقىدۇر»[1].
(ئىبنى ماجە: 3667)

8231 ـ عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ عَالَ جَارِيَتَيْنِ حَتى تَبْلُغَا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَنَا وَهُوَ وَضَم أَصَابِعَهُ.
8231 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
«كىمكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر باقسا، قىيامەت كۈنى كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مانا مۇشۇنداق بولىمىز» دېگىنىچە بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن.
(مۇسلىم: 2631)

8232 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ عَالَ ثَلَاثَ بَنَاتٍ فَأَدَبَهُن وَزَوجَهُن وَأَحْسَنَ إِلَيْهِن فَلَهُ الْجَنةُ.
8232 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«كىمكى ئۈچ قىزنى بېقىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق يېتىلدۈرسە، ئاندىن ئۇلارنى ياتلىق قىلسا ۋە داۋاملىق ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى جەننەت بولىدۇ»[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 5147)

[1] ئەلبانى (801): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1105): زەئىپ، ـ دېگەن.

8233 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ كَانَتْ لَـهُ أُنْثَى فَلَمْ يَئِدْهَا وَلَمْ يُهِنْهَا وَلَمْ يُؤْثِرْ وَلَدَهُ عَلَيْهَا قَالَ يَعْنِي الذكُورَ أَدْخَلَهُ اللهُ الْجَنةَ.

8233 ـــ ئىبنــى ئابباس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــادىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكــى قىزنــى تىرىــك كۆمۈۋەتمىســە، خارلىمىســا، ئوغــۇل بالىلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەلا كۆرمىسە، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5146)

8234 ـ عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ الْأَشْجَعِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنَا وَامْرَأَةٌ سَفْعَاءُ الْخَدينِ كَهَاتَيْنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَأَوْمَأَ يَزِيدُ بِالْوُسْطَى وَالسبابَةِ امْرَأَةٌ آمَتْ مِنْ زَوْجِهَا ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمَالٍ حَبَسَتْ نَفْسَهَا عَلَى يَتَامَاهَا حَتى بَانُوا أَوْ مَاتُوا.

8234 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«(جاپا ـ مۇشەققەتتىن) ئىككى مەڭزىگە داغ چۈشكەن، ئېرىدىن تۇل قالغان، يېتىم قالغان بالىلىرىنى دەپ، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەنگە ياكى ئۆلگەنگە قەدەر تويى قىلمىغان چىرايلىق ۋە ئېسىلزادە ئايال قىيامەت كۈنى جەننەتتە مەن بىلەن مانا مۇشۇنداق بىللە بولىدۇ» دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5149)

8235 ـ عن خَوْلَة بِنْت حَكِيمٍ قَالَتْ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ ذَاتَ يَوْمٍ وَهُوَ مُحْتَضِنٌ أَحَدَ ابْنَيْ ابْنَتِهِ وَهُوَ يَقُولُ إِنكُمْ لَتُبَخلُونَ وَتُجَبنُـونَ وَتُجَهلُـونَ وَإِنكُمْ لَمِنْ رَيْحَانِ اللهِ.

8235 ـ ھەكىمنىڭ قىزى خەۋلەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىنىڭ ئىككى

[1] ئەلبانى (1104): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1107): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئوغلىدىن بىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ چىقىپ كەلدى. ھالبۇكى، ئۇ مۇنداق دەۋاتاتتى: «(سىلەرنىڭ) سىلەرنى بېخىللىق قىلىشقا، قورقۇنچاقلىق قىلىشقا ۋە نادانلارچە مۇئامىلە قىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان پەرزەنتلىرىڭلار كۆپ بولىدۇ. ھالبۇكى، سىلەر اللهنىڭ رەيھانىسىلەر»[1].

(تىرمىزى: 1910)

8236 ـ عن أيوب بْن مُوسَى عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ قَالَ مَا نَحَلَ وَالِدٌ وَلَدًا مِنْ نَحْلٍ أَفْضَلَ مِنْ أَدبٍ حَسَنٍ.

8236 ـ ئەييۇب ئىبنى مۇسانىڭ چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئاتا بالىسىنى گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن يېتىشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئەڭ ئەۋزەل نەرسە بەرگەن بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1952)

8237 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِأَهْلِهِ وَأَنا خَيْرُكُمْ لِأَهْلِي وَإِذَا مَاتَ صَاحِبُكُمْ فَدَعُوهُ.

8237 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار خوتۇن ـ بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. مەن خوتۇن ـ بالىلىرىمغا سىلەرگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن. ئەگەر ھەمراھىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭلار»[3].

(تىرمىزى: 3895)

---

[1] ئەلبانى (322): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (333): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3057): سەھىھ ـ دېگەن.

8238 ـ عَنْ سَهْلٍ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا وَكَافِلُ الْيَتِيمِ فِـي الْجَنةِ هَكَذَا وَأَشَارَ بِالسبابَةِ وَالْوُسْطَى وَفَرجَ بَيْنَهُمَا شَيْئًا.

8238 ــ سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ۋە يېتىم بالىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى ئىككىمىز جەننەتتە مانا مۇشۇنداق يېقىن بولىمىز» دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇ ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئازراق ئاراچ قىلغان.

(بۇخارى: 5304)

8239 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَبَضَ يَتِيمًا مِنْ بَيْنِ الْمُسْلِمِينَ إِلَى طَعَامِهِ وَشَرَابِهِ أَدْخَلَهُ اللهُ الْجَنةَ إِلا أَنْ يَعْمَلَ ذَنْبًا لَا يُغْفَرُ لَهُ.

8239 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر يېتىم بالىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن تارتىپ چىقىپ، يېمەك ـ ئىچمىكىنى يېدۈرۈپ ـ ئىچۈرسە، مەغپىرەت بولمايدىغان گۇناھلا قىلمىغان تەقدىردە، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1917)

8240 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا شَكَا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَسْوَةَ قَلْبِهِ فَقَالَ امْسَحْ رَأْسَ الْيَتِيمِ وَأَطْعِمْ الْمِسْكِينَ.

8240 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، قەلبىنىڭ قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

[1] ئەلبانى (325): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغىن، مىسكىنلەرگە تاماق بەرگىن! ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 8791)

8241 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَيْرُ بَيْتٍ فِي الْمُسْلِمِينَ بَيْتٌ فِيهِ يَتِيمٌ يُحْسَنُ إِلَيْهِ وَشَر بَيْتٍ فِي الْمُسْلِمِينَ بَيْتٌ فِيهِ يَتِيمٌ يُسَاءُ إِلَيْهِ.

8241 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يېتىم بالا بار ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنىدىغان ئۆي مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي ھېسابلىنىدۇ. يېتىم بالا بار ۋە ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىنىدىغان ئۆي مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئىچىدە ئەڭ يامان ئۆي ھېسابلىنىدۇ»[②].

(ئىبنى ماجە: 3679)

8242 ـ عن أبي موسى الأشعري ، عن النF صلى الله عليه وسلم قال : « مـا قعد يتيم مع قوم على قصعتهم ، فيقرب قصعتهم شيطان ».

8242 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يېتىم بالىنى داستىخىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىرگە تاماق يېگەن قەۋمنىڭ داستىخىنىغا شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ»[③].

((«ئەلئەۋسەت»)

[①] ھەيسەمى (13508): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (803): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (13512): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى ۋاسىل ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، ھەدىسى زەئىپتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ھەدىس ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

8243 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَمَا رَجُلٌ يَمْشِي بِطَرِيقٍ وَجَدَ غُصْنَ شَوْكٍ عَلَى الطرِيقِ فَأَخرَهُ فَشَكَرَ اللهُ لَهُ فَغَفَرَ لَهُ.

8243 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە تىكەنلىك بىر شاخنى ئۇچراتقان ۋە ئۇنى ئېلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنى بۇ ئىشى ئۈچۈن مۇكاپاتلاپ، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان».

(مۇسلىم: 1914)

8244 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَقَدْ رَأَيْتُ رَجُلًا يَتَقَلبُ فِي الْجَنةِ فِي شَجَرَةٍ قَطَعَهَا مِنْ ظَهْرِ الطرِيقِ كَانَتْ تُؤْذِي الناسَ.

8244 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى يول ئۈستىدىن كېسىپ ئېلىۋەتكەن بىر ئادەمنىڭ جەننەتنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم».

(مۇسلىم: 1914)

8245 ـ وفي رواية: نَزَعَ رَجُلٌ لَمْ يَعْمَلْ خَيْرًا قط غُصْنَ شَوْكٍ عَنْ الطرِيقِ بنحوه.

8245 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلمىغان بىر ئادەم يول ئۈستىدىن تىكەنلىك بىر شاخنى ئېلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن جەننەتكە كىرگەن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5245)

[1] ئەلبانى (4367): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

8246 ـ عَنْ أَبِي ذَر عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عُرِضَتْ عَلَي أَعْمَالُ أُمتِي حَسَنُهَا وَسَيئُهَا فَوَجَدْتُ فِي مَحَاسِنِ أَعْمَالِهَا الْأَذَى يُمَاطُ عَنْ الطرِيقِ وَوَجَدْتُ فِي مَسَاوِي أَعْمَالِهَا النخَاعَةَ تَكُونُ فِي الْمَسْجِدِ لَا تُدْفَنُ.

8246 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماڭا مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرى كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئىچىدە زىيانلىق نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىشمۇ؛ يامان ئەمەللىرى ئىچىدە مەسجىدكە مىشقىرىپ كۆمۈۋەتمەسلىكمۇ بار ئىكەن».

(مۇسلىم: 553)

8247 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الساعِي عَلَى الْأَرْمَلَةِ وَالْمِسْكِينِ كَالْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللهِ وَأَحْسِبُهُ قَالَ وَكَالْقَائِمِ لَا يَفْتُرُ وَكَالصائِمِ لَا يُفْطِرُ.

8247 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇل قالغان ئاياللارنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشى الله يولىدا جىھاد قىلغان، كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغان ۋە ھەر كۈنى روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».

(مۇسلىم: 2982)

8248 ـ عن عَبْد اللهِ بن عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعُونَ خَصْلَةً أَعْلَاهُن مَنِيحَةُ الْعَنْزِ مَا مِنْ عَامِلٍ يَعْمَلُ بِخَصْلَةٍ مِنْهَا رَجَاءَ ثَوَابِهَا وَتَصْدِيقَ مَوْعُودِهَا إِلا أَدْخَلَهُ اللهُ بِهَا الْجَنةَ قَالَ حَسانُ فَعَدَدْنَا مَا دُونَ مَنِيحَةِ الْعَنْزِ مِنْ رَد السلَامِ وَتَشْمِيتِ الْعَاطِسِ وَإِمَاطَةِ الْأَذَى عَنْ الطرِيقِ وَنَحْوِهِ فَمَا اسْتَطَعْنَا أَنْ نَبْلُغَ خَمْسَ عَشْرَةَ خَصْلَةً.

8248 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«40 خىسلەت بار بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى بىر ئۆچكە سەدىقە قىلىشتۇر. ھەرقانداق بىر ئادەم شۇ خىسلەتلەردىن بىرىنى ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن ۋەدىگە ئىشەنگەن ھالدا ئادا قىلسا، الله ئۇنى شۇ خىسلەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

ھەسسان (بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەتچىلىرىدىن بىرى) مۇنداق دەيدۇ: ئۆچكە سەدىقە قىلىش خىسلىتىدىن باشلاپ، سالامنى ئىلىك ئېلىش، چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇش، يول ئۈستىدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش ۋە شۇلارغا ئوخشاش خىسلەتلەرنى ساناپ چىقتۇق. بىراق سانىنى 15 كە يەتكۈزەلمىدۇق.

(بۇخارى: 2631)

8249 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عَلَى كُل مُسْلِمٍ صَدَقَةٌ قِيلَ أَرَأَيتَ إِنْ لَمْ يَجِدْ قَالَ يَعْتَمِلُ بِيَدَيْهِ فَيَنفَعُ نَفْسَهُ وَيَتَصَدقُ قَالَ قِيلَ أَرَأَيتَ إِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ قَالَ يُعِينُ ذَا الْحَاجَةِ الْمَلْهُوفَ قَالَ قِيلَ لَهُ أَرَأَيتَ إِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ قَالَ يَأْمُرُ بِالْمَعْرُوفِ أَوْ الْخَيْرِ قَالَ أَرَأَيتَ إِنْ لَمْ يَفْعَلْ قَالَ يُمْسِكُ عَنْ الشر فَإِنهَا صَدَقَةٌ.

8249 ــ سەئىد ئىبنى ئەبۇ بۇردەنىڭ چوڭ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەدىقە كېلىدۇ، ــ دېدى، بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ــ ئېيتىپ بەرگىنچۇ؟ ئەگەر ئۇ سەدىقە قىلغىدەك نەرسە تاپالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىلىكىگە تايىنىپ ئىشلەپ، ئۆزىنى باقىدۇ ۋە ئۆز ئەمگىكىدىن سەدىقە بېرىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ ئۇ بۇنى قىلىشقا قادىر بولالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ــ زىيانغا ئۇچرىغان موھتاج كىشىگە ياردەم قىلىدۇ، ـ دېدى.

ــ بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قانداق قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:
ــ باشقىلارنى ياخشى ۋە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:
ــ بۇ ئىشنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:
ــ يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1008)

8250 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل سُلَامَى مِنْ الناسِ عَلَيْهِ صَدَقَةٌ كُل يَوْمٍ تَطْلُعُ فِيهِ الشمْسُ قَالَ تَعْدِلُ بَيْنَ الِاثْنَيْنِ صَدَقَةٌ وَتُعِينُ الرجُلَ فِي دَابتِهِ فَتَحْمِلُهُ عَلَيْهَا أَوْ تَرْفَعُ لَهُ عَلَيْهَا مَتَاعَهُ صَدَقَةٌ قَالَ وَالْكَلِمَةُ الطيبَةُ صَدَقَةٌ وَكُل خُطْوَةٍ تَمْشِيهَا إِلَى الصلَاةِ صَدَقَةٌ وَتُمِيطُ الْأَذَى عَنْ الطرِيقِ صَدَقَةٌ.

8250 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر كۈنى تاڭ ئاتسىلا كىشىلەرنىڭ ھەربىر ئۈگىسىگە سەدىقە كېلىدۇ؛ ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلغىنىڭ سەدىقىدۇر. بىراۋنىڭ ئۇلىغىغا مىنىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىڭ ياكى ئۇنىڭ يۈك ـ تاقىنى ئۇلىغىغا ئارتىپ بېرىشىڭ سەدىقىدۇر. ياخشى سۆزمۇ سەدىقىدۇر. ناماز ئۈچۈن ماڭغان ھەربىر قەدىمىڭمۇ سەدىقىدۇر. يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشىڭمۇ سەدىقىدۇر».

(مۇسلىم: 1009)

8251 ـ عن حَكِيمَ بْنَ حِزَامٍ أَنهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيْتَ أُمُورًا كُنْتُ أَتَحَنثُ أَوْ أَتَحَنثُ بِهَا فِي الْجَاهِلِيةِ مِنْ صِلَةٍ وَعَتَاقَةٍ وَصَدَقَةٍ هَلْ لِي فِيهَا أَجْرٌ قَالَ حَكِيمٌ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْلَمْتَ عَلَى مَا سَلَفَ لَكَ مِنْ خَيْرٍ.

8251 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئېيتىپ بەرگىنچۇ، مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە سىلە ـ رەھىم قىلىش، قۇل ئازات قىلىش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئىشلارنى ياخشىلىق دەپ قىلاتتىم. ئۇ ئەمەللەر ئۇچۇن ماڭا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ سەن ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭ ئۇچۇن ئىلگىرى قىلغان شۇ ياخشىلىقلىرىڭنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2220)

8252 ـ عَنْ هِشَامٍ أَخْبَرَنِي أَبِي أَن حَكِيمَ بْنَ حِزَامٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَعْتَقَ فِي الْجَاهِلِيةِ مِائَةَ رَقَبَةٍ وَحَمَلَ عَلَى مِائَةِ بَعِيرٍ فَلَما أَسْلَمَ حَمَلَ عَلَى مِائَةِ بَعِيرٍ وَأَعْتَقَ مِائَةَ رَقَبَةٍ قَالَ فَسَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيتَ أَشْيَاءَ كُنْتُ أَصْنَعُهَا فِي الْجَاهِلِيةِ كُنْتُ أَتَحَنثُ بِهَا يَعْنِي أَتَبررُ بِهَا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْلَمْتَ عَلَى مَا سَلَفَ لَكَ مِنْ خَيْرٍ.

8252 ـ ھىشام مۇنداق دەيدۇ: ئاتامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە 100 قۇل ئازات قىلغان ۋە 100 تۆگە سەدىقە بەرگەن ئىكەن. ئۇ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ 100 قۇل ئازات قىپتۇ ۋە 100 تۆگە سەدىقە بېرىپتۇ. كېيىن ئۇ مۇنداق دەپ بەرگەن ئىكەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئېيتىپ بەرگىنچۇ، مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرمۇنچە ئىشلارنى ياخشىلىق قىلىۋاتىمەن دەپ قىلاتتىم. ئۇ ئەمەللەر ئۇچۇن ماڭا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ سەن ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭ ئۇچۇن ئىلگىرى قىلغان شۇ ياخشىلىقلىرىڭنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2538)

8253 ـ وفي رواية: قُلْتُ فَوَاللهِ لَا أَدَعُ شَيْئًا صَنَعْتُهُ فِي الْجَاهِلِيَةِ إِلا فَعَلْتُ فِي الْإِسْلَامِ مِثْلَه.

8253 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مەن شۇ چاغدا:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ياخشى ئىشلىرىمنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىلىمەن، ـ دېگەندىم.

(مۇسلىم: 123)

8254 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ابْنُ جُدْعَانَ كَانَ فِي الْجَاهِلِيَةِ يَصِلُ الرحِمَ وَيُطْعِمُ الْمِسْكِينَ فَهَلْ ذَاكَ نَافِعُهُ قَالَ لَا يَنْفَعُهُ إِنَهُ لَمْ يَقُلْ يَوْمًا رَب اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدينِ.

8254 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى جۇدئان جاھىلىيەت دەۋرىدە سىلە ـ رەھىم قىلاتتى، مىسكىنلەرگە تاماق بېرەتتى. بۇ ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ مەنپەئەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىر كۈنمۇ: "ئى پەرۋەردىگارىم! ھېساب كۈنى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن!" دېمىگەن تۇرسا؟! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 214)

8255 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ وَإِن مِنْ الْمَعْرُوفِ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلْقٍ وَأَنْ تُفْرِغَ مِنْ دَلْوِكَ فِي إِنَاءِ أَخِيكَ.

8255 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق ياخشى ئىش سەدىقىدۇر. قېرىندىشىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچراشقىنىڭ، ئۇنىڭ قاچىسىغا چېلىكىڭدىن سۇ قويۇپ بەرگىنىڭ چاغلىق ئىشلارمۇ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1970)

8256 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَبْلُغُ بِهِ أَلَا رَجُلٌ يَمْنَحُ أَهْلَ بَيْتٍ نَاقَةً تَغْدُو بِعُس وَتَرُوحُ بِعُس إِن أَجْرَهَا لَعَظِيمٌ.

8256 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىلىڭلاركى، قانداقلا بىر ئائىلىگە ئەتىگەندە بىر چېلەك، كەچتە بىر چېلەك سۈت چىقىدىغان بىر تۆگىنى بەرگەن كىشى ئىنتايىن چوڭ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

(مۇسلىم: 1019)

[1] ئەلبانى (1605): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋە قوشنىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش

8257 ـ عن عبد الرحمن قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى أَنا اللهُ وَأَنا الرحْمَنُ خَلَقْتُ الرحِمَ وَشَقَقْتُ لَهَا مِنْ اسْمِي فَمَنْ وَصَلَهَا وَصَلْتُهُ وَمَنْ قَطَعَهَا بَتتُّهُ.

8257 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن اللہتۇرمەن، رەھماندۇرمەن، رەھىمدۇرمەن. مەن رەھىمنى (تۇغقاندارچىلىقنى) يارىتىپ، ئىسمىمنىڭ بىر پارچىسىنى ئۇنىڭغا بۆلۈپ بەردىم (يەنى رەھىم دەپ ئاتىدىم). كىمكى تۇغقاندارچىلىققا رىئايە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا (رەھمىتىمنى) يەتكۈزىمەن. كىمكى ئۇنى ئۈزۈۋەتسە، مەنمۇ ئۇنىڭدىن (رەھمىتىمنى) ئۈزۈپ تاشلايمەن»[1].

(تىرمىزى: 1907)

8258 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الرحِمَ شَجْنَةٌ مِنْ الرحْمَنِ فَقَالَ اللهُ مَنْ وَصَلَكِ وَصَلْتُهُ وَمَنْ قَطَعَكِ قَطَعْتُهُ.

8258 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) رەھماندىن شاخلاپ چىققان سۆزدۇر. اللہ ئۇنىڭغا: كىم ساڭا رىئايە قىلسا (يەنى

[1] ئەلبانى (1557): سەھىھ ـ دېگەن.

سىلە ـ رەھىم قىلسا)، مەنمۇ ئۇنىڭغا (رەھمىتىمنى) يەتكۈزىمەن. كىمكى سېنى ئۈزىۋەتسە، مەنمۇ ئۇنىڭدىن (رەھمىتىمنى) ئۈزىۋېتىمەن، ـ دېدى».

(بۇخارى: 5988)

8259 ـ وفي رواية: إن اللهَ خَلَقَ الْخَلْقَ حَتى إِذَا فَرَغَ مِنْهُمْ قَامَتْ الرحِمُ فَقَالَتْ هَذَا مَقَامُ الْعَائِذِ مِنْ الْقَطِيعَةِ قَالَ نَعَمْ أَمَا تَرْضَيْنَ أَنْ أَصِلَ مَنْ وَصَلَكِ وَأَقْطَعَ مَنْ قَطَعَكِ قَالَتْ بَلَى قَالَ فَذَاكِ لَكِ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ تَوَلَّيْتُمْ أَنْ تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ أُولَئِكَ الذِينَ لَعَنَهُمْ اللهُ فَأَصَمهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ أَفَلَا يَتَدَبرُونَ الْقُرْآنَ أَمْ عَلَى قُلُوبٍ أَقْفَالُهَا.

8259 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە مەخلۇقاتلارنى ياراتتى. ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ بۇ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ ئورنىمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، اللە:

ــ ھەئە، ساڭا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزىۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزىۋەتسەم رازى بولماسەن؟ ـ دېدى. رەھىم:

ــ ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. اللە:

ــ ئۇنداق بولسا، بۇ ھەق ساڭا بېرىلدى، ــ دېدى». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئەگەر خالىساڭلار: سىلەر (ئىسلام)دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى اللە رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى. ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى

ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ) [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار!» دېگەن.

(مۇسلىم: 2554)

8260 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الرحِمُ مُعَلقَ ـ ةٌ بِالْعَرْêِ تَقُولُ مَنْ وَصَلَنِي وَصَلَهُ اللهُ وَمَنْ قَطَعَنِي قَطَعَهُ اللهُ.

8260 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەھىم (تۇغقانچىلىق) ئەرشكە ئېسىقلىق ھالەتتە تۇرۇپ: كىم مېنى يەتكۈزسە (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلسا)، الله رەھمىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. كىم مېنى ئۈزسە، الله ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ، ـ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 2555)

8261 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ سَرهُ أَنْ يُبْسَطَ لَهُ فِي رِزْقِهِ أَوْ يُنْسَأَ لَهُ فِي أَثَرِهِ فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ.

8261 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىدىن ياكى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن خۇرسەن بولسا، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن».

(بۇخارى: 2067)

8262 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَعَلمُوا مِنْ أَنْسَابِكُمْ مَا تَصِلُونَ بِهِ أَرْحَامَكُمْ فَإِن صِلَةَ الرحِمِ مَحَبةٌ فِي الْأَهْلِ مَثْرَاةٌ فِي الْمَالِ مَنْسَأَةٌ فِي الْأَثَرِ.

8262 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە مۇھەممەد، 22 ـ دىن 24 ـ ئايەتكىچە.

«نەسەبىڭلار ئىچىدىكى سىلە ــ رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى بىلىۋېلىڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلە ـ رەھىم تۇغقانلار ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. پۇل ــ مالغا بەرىكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1979)

8263 ـ عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَاطِعٌ قَالَ ابْنُ أَبِي عُمَرَ قَالَ سُفْيَانُ يَعْنِي قَاطِعَ رَحِمٍ.

8263 ــ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ».

(مۇسلىم: 2556)

8264 ـ عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ ذَنْبٍ أَجْدَرُ أَنْ يُعَجِّلَ اللَّهُ لِصَاحِبِهِ الْعُقُوبَةَ فِي الدُّنْيَا مَعَ مَا يَدَّخِرُ لَهُ فِي الْآخِرَةِ مِنْ الْبَغْيِ وَقَطِيعَةِ الرَّحِمِ.

8264 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اﷲ تائالا پاھىشە ئايالنى ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشىنى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ جازالايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2511)

8265 ـ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَيْسَ الْوَاصِلُ بِالْمُكَافِئِ وَلَكِنْ الْوَاصِلُ الَّذِي إِذَا قُطِعَتْ رَحِمُهُ وَصَلَهَا.

[1] ئەلبانى (1612): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2039): سەھىھ ـ دېگەن.

8265 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرغان سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، ئۈزۈلۈپ قالغان تۇغقاندارچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كىشى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ».

(بۇخارى: 5991)

8266 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن لِي قَرَابَةً أَصِلُهُمْ وَيَقْطَعُونِي وَأُحْسِنُ إِلَيْهِمْ وَيُسِيئُونَ إِلَي وَأَحْلُمُ عَنْهُمْ وَيَجْهَلُونَ عَلَي فَقَالَ لَئِنْ كُنتَ كَمَا قُلْتَ فَكَأَنمَا تُسِفهُمْ الْمَل وَلَا يَزَالُ مَعَكَ مِنْ اللهِ ظَهِيرٌ عَلَيْهِمْ مَا دُمْتَ عَلَى ذَلِكَ.

8266 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار. مەن ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىپ تۇرىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ. مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا مېھرىبانلارچە مۇئامىلە قىلىمەن. بىراق، ئۇلار ماڭا نادانلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئېيتقانلىرىڭدەك قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۆزىگە، لېكىن سەن بۇ ئىشنى داۋام قىلىپلا تۇرساڭ، الله تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى سەن بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇپ، سېنى ئۇلاردىن قوغدايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2558)

8267 ـ عن عَمْرِو بْن الْعَاصِ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جِهَارًا غَيْرَ سِر يَقُولُ إِن آلَ أَبِي قَالَ عَمْرٌو فِي كِتَابِ مُحَمدِ بْنِ جَعْفَرٍ بَيَاضٌ لَيْسُوا بِأَوْلِيَائِي إِنمَا وَلِيِيَ اللهُ وَصَالِحُ الْمُؤْمِنِينَ.

8267 ـ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازدا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاتامنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى مېنىڭ يېقىنلىرىم ھېسابلانمايدۇ. مېنىڭ يېقىنلىرىم پەقەت الله ۋە ياخشى مۇئمىنلەردۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 5990)

8268 ـ وفي رواية: إِن آلَ أَبِي يَعْنِي فُلَانًا.

8268 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاتامنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، يەنى پالانى» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 215)

8269 ـ وفي رواية: غَيْرَ أَن لَكُمْ رَحِمًا سَأَبُلهَا بِبَلَالِهَا.

8269 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەقەت مېنىڭ سىلەر بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىم بار. مەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ تۇرىمەن» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 204)

8270 ـ عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنكُمْ سَتَفْتَحُونَ مِصْرَ وَهِيَ أَرْضٌ يُسَمى فِيهَا الْقِيرَاطُ فَإِذَا فَتَحْتُمُوهَا فَأَحْسِنُوا إِلَى أَهْلِهَا فَإِن لَهُمْ ذِمةً وَرَحِمًا أَوْ قَالَ ذِمةً وَصِهْرًا فَإِذَا رَأَيتَ رَجُلَيْنِ يَخْتَصِمَانِ فِيهَا فِي مَوْضِعِ لَبِنَةٍ فَاخْرُجْ مِنْهَا قَالَ فَرَأَيْتُ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ شُرَحْبِيلَ بْنِ حَسَنَةَ وَأَخَاهُ رَبِيعَةَ يَخْتَصِمَانِ فِي مَوْضِعِ لَبِنَةٍ فَخَرَجْتُ مِنْهَا.

8270 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سىلەر كەلگۈسىدە مىسىرنى پەتھى قىلىسىلەر. ئۇ زېمىننىڭ پۇلى ''قىيرات'' دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ زېمىننى پەتھى قىلساڭلار، ئاھالىسىگە ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى بىز ئۇلارغا ئامانلىق بەرگەن،

شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىزنىڭ تۇغقاندارچىلىق ياكى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىمىز بار. ئەگەر سەن ئۇ زېمىندا ئىككى ئادەمنىڭ ئالىقانچىلىك يەرنى تالىشىپ جاڭجاللىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇ زېمىندىن چىقىپ كەتكىن» دېگەنىدى. كېيىن مەن ئابدۇرراھمان ئىبنى شۇرەھبىلنىڭ قېرىندىشى رەبىئە بىلەن ئالىقانچىلىك يەر ھەققىدە جاڭجاللىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۇم ـ دە، دەرھال ئۇ زېمىندىن چىقىپ كەتتىم.

(مۇسلىم: 2543)

8271 ـ عن مَيْمُونَةَ بِنْتَ الْحَارِثِ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أنها أَعْتَقَتْ وَلِيدَةً وَلَمْ تَسْتَأْذِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما كَانَ يَوْمُهَا الذِي يَدُورُ عَلَيْهَا فِيهِ قَالَتْ أَشَعَرْتَ يَا رَسُولَ اللهِ أني أَعْتَقْتُ وَلِيدَتِي قَالَ أَوَفَعَلْتِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ أَمَا إنكِ لَوْ أَعْطَيْتِهَا أَخْوَالَكِ كَانَ أَعْظَمَ لِأَجْرِكِ.

8271 ـ ھارىسنىڭ قىزى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر دېدەكنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ ئازات قىلىۋەتكەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە بولىدىغان نۆۋىتى كەلگەن چاغدا:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! دېدىكىمنى ئازات قىلىۋەتكەنلىكىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، راستلا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ كاشكى، ئۇنى ھاممىلىرىڭغا بەرگەن بولساڭچۇ، (شۇنداق قىلساڭ) ئەلۋەتتە، ئەجرى تېخىمۇ چوڭ بولاتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2592)

8272 ـ عَنْ سَلْمَانَ بْنِ عَامِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن الصدَقَةَ عَلَى الْمِسْكِينِ صَدَقَةٌ وَعَلَى ذِي الرحِمِ اثْنَتَانِ صَدَقَةٌ وَصِلَةٌ.

8272 ـ سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مىسكىنگە سەدىقە بېرىش پەقەت سەدىقىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. تۇغقانلارغا سەدىقە بېرىش سەدىقە ۋە سىلە ـ رەھىمنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ»[1].

(نەسائى: 2582)

8273 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن أَعْمَالَ بَنِي آدَمَ تُعْرَضُ كُل خَمِيسٍ لَيْلَةَ الْجُمُعَةِ فَلَا يُقْبَلُ عَمَلُ قَاطِعِ رَحِمٍ.

8273 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ھەر پەيشەنبە ئۆتۈپ، جۈمە كىرگەن كېچىسى تەكشۈرۈلىدۇ. سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگۈچىنىڭ ئەمەلى قوبۇل بولمايدۇ»[2].

(ئەھمەد: 9902)

8274 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا زَالَ يُوصِينِي جِبْرِيلُ بِالْجَارِ حَتى ظَنَنْتُ أَنهُ سَيُوَرثُهُ.

8274 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم».

(بۇخارى: 6014)

[1] ئەلبانى (2420): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13450): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر ـ دېگەن.

8275 ـ عَنْ مُجَاهِدٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو ذُبِحَتْ لَهُ شَاةٌ فِي أَهْلِهِ فَلَما جَاءَ قَالَ أَهْدَيْتُمْ لِجَارِنَا الْيَهُودِي أَهْدَيْتُمْ لِجَارِنَا الْيَهُودِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالْجَارِ حَتى ظَنَنْتُ أَنهُ سَيُوَرثُهُ.

8275 ـ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئائىلىسىدە بىر قوي سويۇلدى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن:

ـــ يەھۇدىي قوشنىمىزغا بەردىڭلارمۇ؟ يەھۇدىي قوشنىمىزغا بەردىڭلارمۇ؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1943)

8276 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَشْكُو جَارَهُ فَقَالَ اذْهَبْ فَاصْبِرْ فَأَتَاهُ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا فَقَالَ اذْهَبْ فَاطْرَحْ مَتَاعَكَ فِي الطرِيقِ فَطَرَحَ مَتَاعَهُ فِي الطرِيقِ فَجَعَلَ الناسُ يَسْأَلُونَهُ فَيُخْبِرُهُمْ خَبَرَهُ فَجَعَلَ الناسُ يَلْعَنُونَهُ فَعَلَ اللهُ بِهِ وَفَعَلَ وَفَعَلَ فَجَاءَ إِلَيْهِ جَارُهُ فَقَالَ لَهُ ارْجِعْ لَا تَرَى مِني شَيْئًا تَكْرَهُهُ.

8276 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم قوشنىسىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ قايتىپ كېتىپ، سەۋر قىلغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرار كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

[1] ئەلبانى (1585): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ سەن قايتىپ بېرىپ، نەرسە ــ كېرەكلىرىڭنى يولغا ئېلىپ چىقىپ تاشلا! ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ يولغا تاشلىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سوراشقا باشلىدى. ئۇلارغا ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنىڭ قوشنىسىغا لەنەت ئېيتىپ:

ــ الله ئۇنداق قىلىۋەتسۇن! الله مۇنداق قىلىۋەتسۇن! ــ دېيىشتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ قوشنىسى (ئۇنىڭ ئالدىغا) كېلىپ:

ــ سەن قايتىپ كەتكىن! بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن سەن ياقتۇرمايدىغان ھېچ نەرسىنى كۆرمەيسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5153)

8277 ـ حَدثَنَا عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَاللهِ لَا يُؤْمِنُ وَاللهِ لَا يُؤْمِنُ وَاللهِ لَا يُؤْمِنُ قِيلَ وَمَنْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الذِي لَا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَايِقَهُ.

8277 ــ ئەبۇ شۇرەيھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! كىم مۇئمىن بولالمايدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قوشنىسى (ئۇنىڭ) يامانلىقىدىن ئەمىن بولالمىغان كىشى، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 6016)

8278 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى الْمَازِنِي عَنْ أَبِيهِ أَنهُ قَالَ كَانَ فِي حَائِطِ جَدهِ رَبِيعٌ لِعَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ فَأَرَادَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ أَنْ يُحَولَهُ إِلَى نَاحِيَةٍ مِنْ الْحَائِطِ هِيَ

---

[1] ئەلبانى (4292): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

أَقْرَبُ إِلَى أَرْضِهِ فَمَنَعَهُ صَاحِبُ الْحَائِطِ فَكَلَّمَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ فِي ذَلِكَ فَقَضَى لِعَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ بِتَحْوِيلِهِ.

8278 ـ ئەمر ئىبنى يەھيا مازىنىنىڭ ئاتىسى (يەنى يەھيا مازىنى) مۇنداق دەيدۇ: ئاتامنىڭ بىغىدىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ يېرىگە ئۆتىدىغان كىچىك سۇ ئېرىقى بار ئىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بۇ ئېرىقنى باغنىڭ ئىچىدىن يېرىگە يېقىن بىر جايدىن ئۆتكۈزمەكچى بولغۇدى، ئاتام ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بۇ ئەھۋالنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئېيتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفكە ئۇ ئېرىقنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىپ بەردى.

(مالىك: 1464)

8279 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ يَحْيَى الْمَازِنِيِّ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا ضَرَرَ وَلَا ضِرَارَ.

8279 ـ ئەمر ئىبنى يەھيا مازىنىنىڭ ئاتىسى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زىيان تارتىشقىمۇ بولمايدۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ».

(مالىك: 1461)

8280 ـ عَنْ أَبِي صِرْمَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ ضَارَّ ضَارَّ اللَّهُ بِهِ وَمَنْ شَاقَّ شَاقَّ اللَّهُ عَلَيْهِ.

8280 ـ ئەبۇ سىرمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىراۋغا زىيان سالسا، اللهمۇ ئۇنىڭغا زىيان سالىدۇ. كىمكى بىراۋنى قىيىن ئەھۋالدا قويسا، اللهمۇ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1940)

[1] ئەلبانى (1584): ھەسەن، ـ دېگەن.

8281 ـ عن أنس بن مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَا آمَنَ بِي مَنْ بَاتَ شَبْعَانًا وَجَارُهُ جَائِعٌ إِلَى جَنْبِهِ وَهُوَ يَعْلَمُ بِهِ.

8281 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىقىنىدىكى قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قورسىقى توق ياتقان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن بولمايدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 751؛ بەززار)

8282 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم حـق ا2ـار أربعون دارا هكذا وهكذا وهكذا وهكذا يمينا و5الا وقدام وخلف.

8282 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قوشنا ھەققى ئوڭ ـ سول، ئالدى ۋە ئارقا تەرەپ بولۇپ، (جەمئىي) 40 ئۆيگىچە ئۇزىرايدۇ»[2].

(مەۋسىلى: 5982)

8283 ـ عَنْ فَضَالَةَ بن عُبَيْدٍ، قَالَ: قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "ثَلاثٌ هُن الْعَوَاقِرُ: إِمَامٌ إِنْ أَحْسَنْتَ لَمْ يَشْكُرْ وَإِنْ أَسَأْتَ لَمْ يَغْفِرْ، وَجَارٌ إِنْ رَأَى خَيْرًا دَفَنَهُ وَإِنْ رَأَى شَرا أَشَاعَهُ، وَامْرَأَةٌ إِنْ حَضَرْتَكَ آذَتْكَ وَإِنْ غِبْتَ عَنْهَا خَانَتْكَ".

8283 ــ فەزالە ئىبنى ئەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«باشقا بالا بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار. ئۇلارنىڭ بىرى ئەمەلدار بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، رەھمەت ئېيتمايدۇ. يامانلىق قىلساڭ كەچۈرمەيدۇ. يەنە بىرى ئەسكى قوشنا بولۇپ، ئەگەر

[1] ھەيسەمى (13554): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13559): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى جامىئ ئەتتاردىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

ياخشىلىقنى كۆرسە يوشۇرىدۇ. يامانلىقنى كۆرسە، چاۋسىنى چىقىرىدۇ. ئۈچىنچىسى (شۇنداق بىر) ئايال بولۇپ، يېنىدا بولساڭ، سېنى ئازارلايدۇ. يېنىدا بولمىساڭ، خىيانەت قىلىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

8284 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ إِن فُلَانَةَ يُذْكَرُ مِنْ كَثْـرَةِ صَلَاتِهَا وَصِيَامِهَا وَصَدَقَتِهَا غَيْرَ أَنهَا تُؤْذِي جِيرَانَهَا بِلِسَانِهَا قَالَ هِيَ فِي النارِ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ فَإِن فُلَانَةَ يُذْكَرُ مِنْ قِلةِ صِيَامِهَا وَصَدَقَتِهَا وَصَلَاتِهَا وَإِنهَا تَصَدقُ بِالْأَثْوَارِ مِنْ الْأَقِطِ وَلَا تُؤْذِي جِيرَانَهَا بِلِسَانِهَا قَالَ هِيَ فِي الْجَنةِ.

8284 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پالانى ئايال كۆپ ناماز ئوقۇيدىكەن، روزىنىمۇ كۆپ تۇتىدىكەن ۋە كۆپ سەدىقە بېرىدىكەن. بىراق، ئۇ قوشنىلىرىغا تىل ـ ئاھانەت قىلىدىكەن؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ دوزاختا كىرىدۇ، ـ دېدى. ئۇ يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پالانى ئايال ئاز روزا تۇتىدىكەن، سەدىقىنىمۇ ئاز بېرىدىكەن، نامازنىمۇ ئاز ئوقۇيدىكەن. ئۇ قۇرۇت چاغلىق ئاز نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىدىكەن. بىراق، قوشنىلىرىغا تىل ـ ئاھانەت قىلمايدىكەن؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ـ دېدى[②].

(ئەھمەد: 9383؛ بەززار)

[①] ھەيسەمى (13560): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىسام ئىبنى زەيد ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئۇ كىشىنى تىلغا ئالغان، بىراق، ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرمىگەن ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈرمىگەن. ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنىڭ قالغان راۋىيلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (13562): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## رەھىم ـ شەپقەت، مېھماندارچىلىق ۋە زىيارەت

8285 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو يَبْلُغُ بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الراحِمُونَ يَرْحَمُهُمْ الرحْمَنُ ارْحَمُوا أَهْلَ الْأَرْضِ يَرْحَمْكُمْ مَنْ فِي السمَاءِ.

8285 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەھىم قىلغۇچىلارغا رەھمان تائالا رەھىم قىلىدۇ. زېمىن ئەھلىگە رەھىم قىلىڭلار، ئاسماندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) سىلەرگە رەھمەت تىلەيدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4941)

8286 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُنْزَعُ الرحْمَةُ إِلا مِنْ شَقِي.

8286 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەقەت بەدبەخت كىشىلەردىنلا رەھىم ـ شەپقەت تارتىۋېتىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[②].

(تىرمىزى: 1923)

8287 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَبلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَسَنَ بْنَ عَلِي وَعِنْدَهُ الْأَقْرَعُ بْنُ حَابِسٍ التمِيمِي جَالِسًا فَقَالَ الْأَقْرَعُ إِن لِي عَشَرَةً مِنْ

---

[①] ئەلبانى (4132): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1568): ھەسەن، ـ دېگەن.

الْوَلَدِ مَا قَبلْتُ مِنْهُمْ أَحَدًا فَنظَرَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ مَنْ لَا يَرْحَمُ لَا يُرْحَمُ.

8287 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ئىبنى ئەلىنى سۆيۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەقرە ئىبنى ھابىس تەمىمىي:

ــ مېنىڭ ئون بالام بار. ئۇلاردىن ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

ــ رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان كىشىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىنمايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5997)

8288 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ جَاءَ أَعْرَابِي إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ تُقَبلُونَ الصبْيَانَ فَمَا نُقَبلُهُمْ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوَأَمْلِكُ لَكَ أَنْ نَزَعَ اللهُ مِنْ قَلْبِكَ الرحْمَةَ.

8288 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ سىلەر كىچىك بالىلارنى سۆيۈپ قويىدىكەنسىلەر. بىزئۇلارنى پەقەتلا سۆيمەيمىز ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله قەلبىڭدىن رەھىم ـ شەپقەتنى تارتىۋەتكەن بولسا، مەن ساڭا ئۇنى بېرەلەمدىمەن؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5998)

8289 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما قَضَى اللهُ الْخَلْقَ كَتَبَ فِي كِتَابِهِ فَهُوَ عِنْدَهُ فَوْقَ الْعَرْشِ إِن رَحْمَتِي غَلَبَتْ غَضَبِي.

8289 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله مەخلۇقاتلارغا ھۆكۈم قىلغان چاغدا، ئۆز دەرگاھىدىكى ئەرشىنىڭ ئۈستىدىكى كىتابىغا: ”شەك ـ شۈبھىسىزكى، رەھمىتىم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشتى“ دەپ يازدى».

(بۇخارى: 3194)

8290 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِلهِ مِائَةَ رَحْمَةٍ أَنْزَلَ مِنْهَا رَحْمَةً وَاحِدَةً بَيْنَ الْجِن وَالْإِنْسِ وَالْبَهَائِمِ وَالْهَوَامِ فَبِهَا يَتَعَاطَفُونَ وَبِهَا يَتَرَاحَمُونَ وَبِهَا تَعْطِفُ الْوَحْشُ عَلَى وَلَدِهَا وَأَخرَ اللهُ تِسْعًا وَتِسْعِينَ رَحْمَةً يَرْحَمُ بِهَا عِبَادَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8290 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللهنىڭ 100 رەھمىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت بىرنى بارلىق ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار ۋە زىيانداش ھاشارەتلەر ئارىسىغا چۈشۈردى. ئۇلار شۇ رەھمەت بىلەن ئۆزئارا كۆيۈنىشىدۇ. بىر ـ بىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىدۇ. ۋەھشى ھايۋانمۇ شۇ رەھمەت بىلەن ئۆز بالىسىغا كۆيۈنىدۇ. الله قالغان 99 رەھمەت بىلەن قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2752)

8291 ـ وفي رواية: فَلَوْ يَعْلَمُ الْكَافِرُ بِكُل الذِي عِنْدَ اللهِ مِنْ الرحْمَةِ لَمْ يَيْئَسْ مِنْ الْجَنةِ وَلَوْ يَعْلَمُ الْمُؤْمِنُ بِكُل الذِي عِنْدَ اللهِ مِنْ الْعَذَابِ لَمْ يَأْمَنْ مِنْ النارِ.

8291 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر كاپىر اللهنىڭ دەرگاھىدىكى رەھمەتنىڭ ھەممىسىنى بىلسە ئىدى، جەننەتتىن ئۈمىد ئۈزمەيتتى. ئەگەر مۇئمىن اللهنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابنىڭ ھەممىسىنى بىلسە ئىدى، دوزاختىن خاتىرجەم بولالمايتتى».

(بۇخارى: 6469)

8292 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَدِمَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبْيٌ فَإِذَا امْرَأَةٌ مِنْ السبْيِ قَدْ تَحْلُبُ ثَدْيَهَا تَسْقِي إِذَا وَجَدَتْ صَبِيا فِي السبْيِ أَخَذَتْهُ فَأَلْصَقَتْهُ بِبَطْنِهَا وَأَرْضَعَتْهُ فَقَالَ لَنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتُرَوْنَ هَذِهِ طَارِحَةً وَلَدَهَا فِي النارِ قُلْنَا لَا وَهِيَ تَقْدِرُ عَلَى أَنْ لَا تَطْرَحَهُ فَقَالَ لَلهُ أَرْحَمُ بِعِبَادِهِ مِنْ هَذِهِ بِوَلَدِهَا.

8292 ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشتىن ئېلىنغان ئولجىلار كەلتۈرۈلدى. ئولجىلار ئىچىدە بىر ئايال بولۇپ، كۆكسىدىن سۈت تېمىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئولجىلار ئىچىدىن بىر بالىنى تېپىۋېلىپ، قۇچىقىغا ئالدى ــ دە، باغرىغا چىڭ باستى ۋە ئېمىتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە:

ــ سىلەر بۇ ئايالنى شۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ـ دېدى. بىز:

ـــ ياق، ئۇ ئۇنى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشتىن كۈچىنىڭ بېرىچە قوغدايدۇ، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله بەندىلىرىگە بۇ ئايالنىڭ شۇ بالىسىغا كۆيۈنگىنىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5999)

8293 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَا رَجُلٌ يَمْشِي فَاشْتَد عَلَيْهِ الْعَطَشُ فَنَزَلَ بِئْرًا فَشَرِبَ مِنْهَا ثُم خَرَجَ فَإِذَا هُوَ بِكَلْبٍ يَلْهَثُ يَأْكُلُ الثرَى مِنْ الْعَطَشِ فَقَالَ لَقَدْ بَلَغَ هَذَا مِثْلُ الذِي بَلَغَ بِي فَمَلَأَ خُفهُ ثُم أَمْسَكَهُ بِفِيهِ ثُم رَقِيَ فَسَقَى الْكَلْبَ فَشَكَرَ اللهُ لَهُ فَغَفَرَ لَهُ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَإِن لَنَا فِي الْبَهَائِمِ أَجْرًا قَالَ فِي كُل كَبِدٍ رَطْبَةٍ أَجْرٌ.

8293 ـــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ بىر قۇدۇققا چۈشۈپ، قانغۇچە سۇ ئىچىپتۇ. ئاندىن قۇدۇقتىن چىقسا،

بىر ئىت ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن نەم تۇپىنى يالاپ تۇرغىدەك. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۆڭلىدە: ”بۇ ئىتمۇ خۇددى مەن ئۇسساپ كەتكەندەكلا ئۇسساپ كېتىپتۇ“ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆتۈككە سۇ تولدۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۆتۈكنى چىشلەپ، قوللىرى بىلەن قۇدۇققا يامىشىپ سىرتقا چىقىپتۇ ۋە ئۇ ئىتنى سۇغۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، الله ئۇنى مۇكاپاتلاپ، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىپتۇ. ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلساقمۇ بىزگە ئەجىر بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەرقانداق ھۆل جىگەر ئىگىسىگە (يەنى تىرىك جانلىققا) قىلىنغان ياخشىلىققا ئەجىر بولىدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2363)

8294 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن امْرَأَةً بَغِيا رَأَتْ كَلْبًا فِي يَوْمٍ حَارٍ يُطِيفُ بِبِئْرٍ قَدْ أَدْلَعَ لِسَانَهُ مِنْ الْعَطَشِ فَنَزَعَتْ لَهُ بِمُوقِهَا فَغُفِرَ لَهَا.

8294 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر پاھىشە ئايال ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بىر كۈنى بىر ئىتنىڭ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن تىلىنى چىقىرىپ ھاسىرىغان ھالدا بىر قۇدۇق بېشىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆتۈكى بىلەن ئۇنىڭغا سۇ تارتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت بوپتۇ».

(مۇسلىم: 2245)

8295 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ دَخَلَتْ امْرَأَةٌ النارَ فِي هِرةٍ رَبَطَتْهَا فَلَمْ تُطْعِمْهَا وَلَمْ تَدَعْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الْأَرْضِ.

8295 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئايال بىر مۈشۈكنى يا تاماق بەرمەي ياكى يەر يۈزىنىڭ ھاشارەتلىرىنى تۇتۇپ يېگىلى قويۇپ بەرمەي، باغلاپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرىپتۇ».

(بۇخارى: 3318)

8296 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ قَالَ أَرْدَفَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَلْفَهُ ذَاتَ يَوْمٍ فَأَسَر إِلَي حَدِيثًا لَا أُحَدثُ بِهِ أَحَدًا مِنْ الناسِ وَكَانَ أَحَب مَا اسْتَتَرَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِحَاجَتِهِ هَدَفًا أَوْ حَائِشَ نَخْلٍ قَالَ فَدَخَلَ حَائِطًا لِرَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ فَإِذَا جَمَلٌ فَلَما رَأَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَن وَذَرَفَتْ عَيْنَاهُ فَأَتَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَسَحَ ذِفْرَاهُ فَسَكَتَ فَقَالَ مَنْ رَب هَذَا الْجَمَلِ لِمَنْ هَذَا الْجَمَلُ فَجَاءَ فَتًى مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ لِي يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ أَفَلَا تَتقِي اللهَ فِي هَذِهِ الْبَهِيمَةِ التِي مَلكَكَ اللهُ إِياهَا فَإِنهُ شَكَا إِلَي أَنكَ تُجِيعُهُ وَتُدْئِبُهُ.

8296 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئارقىسىغا مىنگەشتۈرىۋالغان ئىدى. ئۇ ماڭا بىر ھەدىسنى پىچىرلاپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ بىر سىر بولۇپ، مەن ئۇنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمەيمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەت قىلغاندا، بىرەر دالدىغا ياكى قويۇق ئۆسكەن خورمىلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتەتتى. شۇ ئارىدا ئۇ ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ بېغىغا كىردى. باغدا بىر تۆگە بار ئىكەن. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ، نارلاشقا باشلىدى. ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلاقلىرىنى سىلاپ قويغانىدى، تۆگە جىمىپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كىم؟ بۇ تۆگە كىمنىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەنسارىلاردىن بىر يىگىت كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ مېنىڭ تۆگەم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ساڭا بەرگەن بۇ ھايۋان ئۈچۈن اللهتىن قورقساڭ بولمامدۇ؟ ئۇ ماڭا سېنىڭ ئۇنى ئاچ قويغانلىقىڭنى ۋە قاتتىق ئىشلەتكەنلىكىڭنى ئېيتىپ، شىكايەت قىلدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2549)

8297 ـ عَنْ سَهْلِ ابْنِ الْحَنْظَلِيَّةِ قَالَ مَرَّ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِبَعِيرٍ قَدْ لَحِقَ ظَهْرُهُ بِبَطْنِهِ فَقَالَ اتَّقُوا اللَّهَ فِي هَذِهِ الْبَهَائِمِ الْمُعْجَمَةِ فَارْكَبُوهَا صَالِحَةً وَكُلُوهَا صَالِحَةً.

8297 ـ سەھل ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورسىقى ئېچىپ، تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن بىر تۆگىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «سۆزلىيەلمەيدىغان بۇ ھايۋانلار ئۈچۈن اللهتىن قورقۇڭلار. ئۇنى ياخشى بېقىپ مىنىڭلار، ياخشى بېقىپ يەڭلار» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2548)

8298 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِيَّاكُمْ أَنْ تَتَّخِذُوا ظُهُورَ دَوَابِّكُمْ مَنَابِرَ فَإِنَّ اللَّهَ إِنَّمَا سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُبَلِّغَكُمْ إِلَى بَلَدٍ لَمْ تَكُونُوا بَالِغِيهِ إِلَّا بِشِقِّ الْأَنْفُسِ وَجَعَلَ لَكُمْ الْأَرْضَ فَعَلَيْهَا فَاقْضُوا حَاجَتَكُمْ.

8298 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇلاغلىرىڭلارنىڭ دۈمبىسىنى مۇنبەرلەرگە (يەنى يېمەيدىغان ۋە ئىچمەيدىغان نەرسىلەرگە) ئوخشاش قىلىۋېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار! شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله سىلەرگە ئۇنى سىلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە ئاران يېتىپ بارىدىغان جايلارغا بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن

---

[1] ئەلبانى (2222): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2221): سەھىھ ـ دېگەن.

بويسۇندۇرۇپ بەردى. زېمىننىمۇ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. يەر يۈزىدىن پايدىلىنىپ، ئېھتىياجىڭلارنى قامداڭلار»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2567)

8299 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فَانْطَلَقَ لِحَاجَتِهِ فَرَأَيْنَا حُمَرَةً مَعَهَا فَرْخَانِ فَأَخَذْنَا فَرْخَيْهَا فَجَاءَتْ الْحُمَرَةُ فَجَعَلَتْ تَفْرِشُ فَجَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَنْ فَجَعَ هَذِهِ بِوَلَدِهَا رُدوا وَلَدَهَا إِلَيْهَا وَرَأَى قَرْيَةَ نَمْلٍ قَدْ حَرقْنَاهَا فَقَالَ مَنْ حَرقَ هَذِهِ قُلْنَا نَحْنُ قَالَ إِنهُ لَا يَنْبَغِي أَنْ يُعَذبَ بِالنارِ إِلا رَب النارِ.

8299 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئاتىسى مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەلۇم بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق. ئۇ مەلۇم بىر ئىش بىلەن كېتىپ قالدى. شۇ ئارىدا بىز ئىككى بالىسى بار قىزىل بىر قۇشنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ باللىرىنى تۇتىۋالغانىدۇق، قۇش قاناتلىرىنى يېيىپ ئەتراپىمىزغا كېلىۋالدى. شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كېلىپ:

ــ كىم بۇ قۇشنى ئۈركۈتۈپ، باچكىسىنى تۇتىۋالدى؟ باچكىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ــ دېدى. كېيىن ئۇ بىز كۆيدۈرىۋەتكەن چۆمۈلە ئۇۋىلىرىنى كۆرۈپ:

ــ بۇلارغا كىم ئوت قويۇۋەتتى؟ ـ دەپ سورىدى:

ــ بىز ئوت قويدۇق، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ جانلىقلارنى ئوت بىلەن ئازابلاش پەقەت دوزاخنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2675)

[1] ئەلبانى (2238): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2329): سەھىھ ـ دېگەن.

8300 ـ عَنْ عَامِرٍ الرامِ أخِي الْخَضِرِ قَالَ أبو دَاوُد قَالَ النفَيْلِي هُوَ الْخُضْرُ وَلَكِنْ كَذَا قَالَ قَالَ إني لَبِبِلَادِنَا إِذْ رُفِعَتْ لَنا رَايَاتٌ وَأَلْوِيَةٌ فَقُلْتُ مَا هَذَا قَالُوا هَذَا لِوَاءُ رَسُـولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَيْتُهُ وَهُوَ تَحْتَ شَجَرَةٍ قَدْ بُسِطَ لَهُ كِسَاءٌ وَهُوَ جَالِسٌ عَلَيْهِ وَقَدْ اجْتَمَعَ إِلَيْهِ أَصْحَابُهُ فَجَلَسْتُ إِلَيهِمْ فَذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَسْقَامَ فَقَـالَ إن الْمُؤْمِنَ إِذَا أَصَابَهُ السقَمُ ثُم أَعْفَاهُ اللهُ مِنْهُ كَانَ كَفارَةً لِمَا مَضَى مِنْ ذُنوبِهِ وَمَوْعِظَةً لَهُ فِيمَا يَسْتَقْبِلُ وَإِن الْمُنَافِقَ إِذَا مَرِضَ ثُم أُعْفِيَ كَانَ كَالْبَعِيرِ عَقَلَهُ أَهْلُهُ ثُم أَرْسَلُوهُ فَلَمْ يَدْرِ لِمَ عَقَلُوهُ وَلَمْ يَدْرِ لِمَ أَرْسَلُوهُ فَقَالَ رَجُلٌ مِمنْ حَوْلَهُ يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا الْأَسْقَامُ وَاللـهِ مَـا مَرِضْتُ قَط فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُمْ عَنا فَلَسْتَ مِنا فَبَيْنَا نَحْنُ عِنْـدَهُ إِذْ أَقْبَلَ رَجُلٌ عَلَيْهِ كِسَاءٌ وَفِي يَدِهِ شَيْءٌ قَدْ الْتَف عَلَيْهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني لَما رَأَيْتُـكَ أَقْبَلْتُ إِلَيْكَ فَمَرَرْتُ بِغَيْضَةِ شَجَرٍ فَسَمِعْتُ فِيهَا أَصْوَاتَ فِرَاخِ طَائِرٍ فَأَخَذْتُهن فَوَضَـعْتُهن فِي كِسَائِي فَجَاءَتْ أُمهُن فَاسْتَدَارَتْ عَلَى رَأْسِي فَكَشَفْتُ لَهَا عَنْهُن فَوَقَعَتْ عَلَيْهِن مَعَهُن فَلَفَفْتُهُن بِكِسَائِي فَهُن أُولَاءِ مَعِي قَالَ ضَعْهُن عَنْكَ فَوَضَعْتُهُن وَأَبَتْ أُمهُن إِلا لُزُومَهُن فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ أَتَعْجَبُونَ لِرُحْمِ أُم الْأَفْرَاخِ فِرَاخَهَا قَالُوا نَعَمْ يَـا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَوَالذِي بَعَثَنِي بِالْحَق لَلهُ أَرْحَمُ بِعِبَادِهِ مِنْ أُم الْأَفْرَاخِ بِفِرَاخِهَا ارْجِعْ بِهِن حَتى تَضَعَهُن مِنْ حَيْثُ أَخَذْتَهُن وَأُمهُن مَعَهُن فَرَجَعَ بِهِن.

8300 ـ ئامىر رام مۇنداق دەيدۇ: مەن يۇرتۇمدا ئىدىم. بىر كۈنى ھەر خىل بايراقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن ئادەملەردىن:

ـ بۇ نېمە بايراقكەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇلار:

ـــ بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بايرىقى، ــ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىكەن. ساھابىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەللىكلەر ھەققىدە سۆزلەپ:

ـ ھەرقانداق بىر مۇئمىن كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن، الله ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھلىرى ئۈچۈن كەففارەت بولىدۇ ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلاردا ئۇنىڭغا ۋەز ــ نەسىھەت

بولىدۇ. ئەكسىچە، ھەرقانداق بىر مۇناپىق كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن، شىپا تېپىپ ساقىيىپ قالسا، گويا ئۇ ئىگىلىرى دەسلەپ باغلاپ قويۇپ، ئاندىن قويۇۋەتكەن، ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن باغلاپ، ئاندىن نېمە ئۈچۈن قويۇۋەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تۆگىگە ئوخشايدۇ. ـ دېدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى:

ــ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! كېسەللىك دېگەن نېمە؟ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت كېسەل بولۇپ باقمىدىم، ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بىزدىن دەرھال ئايرىلغىن، سەن بىزدىن ئەمەس، ــ دېدى. بىز تېخىچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. ئۈچىسىغا بىر قۇر كىيىم كىيىپ، قولىدا يەنە كىيىمگە ئورالغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم يېتىپ كېلىپ:

ــ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! مەن سېنى كۆرگەندىن كېيىن قېشىڭغا كېلىۋېتىپ، بىر دەرەخلىكتىن ئۆتكەنىدىم. ئۇ دەرەخلىكتە قۇشنىڭ باللىرىنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئېلىپ بۇ كىيىمىمگە قويدۇم. كېيىن ئۇلارنىڭ ئانىسى كېلىپ، بېشىمدا ئايلىنىشقا باشلىدى. مەن كىيىمىمنى ئېچىپ، ئۇنىڭ باللىرىنى كۆرسەتتىم. ئۇ باللىرىنىڭ ئۈستىگە شۇڭغىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن كىيىمىمنى ئوراپ، ئۇنىمۇ تۇتۇۋالدىم. ئۇلار ھازىر مەندە، ــ دېگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلارنى يەرگە قويغىن! ــ دېدى. ئۇ ئۇلارنى يەرگە قويدى. بىراق، قۇش باللىرىدىن ئايرىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

ـــ بۇ ئانا قۇشنىڭ باللىرىغا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، ساھابىلار:

ـــ ھەئە، ئى اللەنىڭ رەسۇلى!ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله بەندىلىرىگە مۇشۇ ئانا قۇش بالىلىرىغا كۆيۈنگەندىنمۇ بەك كۆيۈمچاندۇر. سەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى قەيەردىن ئالغان بولساڭ، شۇ يەرگە قويۇپ قويغىن! ئانىسىمۇ بالىلىرى بىلەن بىللە قالسۇن، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم قۇشلارنى ئېلىپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2089)

8301 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قَرَصَتْ نَمْلَةٌ نَبِيا مِنْ الْأَنْبِيَاءِ فَأَمَرَ بِقَرْيَةِ النمْلِ فَأُحْرِقَتْ فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ أَنْ قَرَصَتْكَ نَمْلَةٌ أَحْرَقْتَ أُمةً مِنْ الْأُمَمِ تُسَبحُ.

8301 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى چۈمۈلە چېقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىش ئەمرىنى بەردى. نەتىجىدە، چۈمۈلە ئۇۋىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇ چاغدا الله ئۇنىڭغا: ”سېنى بىر چۈمۈلە چاقسا، سەن اللهقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان بىر ئۈممەتنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرىۋەتتىڭ“ دەپ ۋەھيى نازىل قىلدى».

(بۇخارى: 3019)

8302 ـ عَنْ أَبِي كَرِيمَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةُ الضيْفِ حَق عَلَى كُل مُسْلِمٍ فَمَنْ أَصْبَحَ بِفِنَائِهِ فَهُوَ عَلَيْهِ دَيْنٌ إِنْ شَاءَ اقْتَضَى وَإِنْ شَاءَ تَرَكَ.

8302 ـ ئەبۇ كەرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېھماننى بىر كېچە كۈتۈش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ھەقتۇر. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بوسۇغىسىدا بىر كېچە

(ئەبۇ داۋۇد: 3750)

[1] ئەلبانى (679): زەئىپ، ـ دېگەن.

(يېتىپ) قالسا، ئۇ مۇسۇلمان ئۇنىڭغا قەرزداردۇر. ئۇ مېھمان خالىسا، ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ، خالىسا تەلەپ قىلمايدۇ»[1].

8303 ـ عَنْ الْمِقْدَامِ أَبِي كَرِيمَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيمَا رَجُلٍ أَضَافَ قَوْمًا فَأَصْبَحَ الضيْفُ مَحْرُومًا فَإِن نَصْرَهُ حَق عَلَى كُل مُسْلِمٍ حَتى يَأْخُذَ بِقِرَى لَيْلَةٍ مِنْ زَرْعِهِ وَمَالِهِ.

8303 ــ مىقدام ئەبۇ كەرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر ئادەم بىر قەۋمگە مېھمان بولۇپ چۈشسە، بىراق ئۇ قەۋم ئۇنى مېھمان قىلمىسا، ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ زىرائەت ياكى مېلىدىن بىر كېچىلىك ھەققىنى ئالغانغا قەدەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى ھەقتۇر»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3751)

8304 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا نَمُر بِقَوْمٍ فَلَا هُمْ يُضَيفُونَا وَلَا هُمْ يُؤَدونَ مَا لَنَا عَلَيْهِمْ مِنْ الْحَق وَلَا نَحْنُ نَأْخُذُ مِنْهُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ أَبَوْا إِلا أَنْ تَأْخُذُوا كَرْهًا فَخُذُوا قَالَ أَبُو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ وَقَدْ رَوَاهُ الليْثُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ يَزِيدَ بْنِ أَبِي حَبِيبٍ أَيْضًا وَإِنمَا مَعْنَى هَذَا الْحَدِيثِ أَنهُمْ كَانُوا يَخْرُجُونَ فِي الْغَزْوِ فَيَمُرونَ بِقَوْمٍ وَلَا يَجِدُونَ مِنْ الطعَامِ مَا يَشْتَرُونَ بِالثمَنِ وَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ أَبَوْا أَنْ يَبِيعُوا إِلا أَنْ تَأْخُذُوا كَرْهًا فَخُذُوا هَكَذَا رُوِيَ فِي بَعْضِ الْحَدِيثِ مُفَسرًا وَقَدْ رُوِيَ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ كَانَ يَأْمُرُ بِنَحْوِ هَذَا.

8304 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! بىز مەلۇم قەۋمنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتىمىز. بىراق، ئۇلار بىزنى مېھمان قىلمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بىزنىڭ

[1] ئەلبانى (3190): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (801): زەئىپ، ـ دېگەن.

ھەققىمىزنى ئادا قىلمايدۇ. بىزمۇ ئۇلاردىن ھېچ نەرسە ئېلىۋالمايمىز، ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر سىلەر ھەققىڭلارنى زورلۇق بىلەن ئالمىساڭلار، ئۇلار بەرمەيدىغان ئەھۋال بولسا، زورلۇق بىلەن ئېلىڭلار، ـ دېدى.

بۇ ھەدىس مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۇلار غازاتقا چىققاندا، مەلۇم قەۋملەرنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتەتتى. يولغا سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېگۈدەك نەرسە تاپالماي قالاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ:

ــ ئەگەر سىلەر ئۇلاردىن يېمەك ـ ئىچمەكنى زورلۇق بىلەن ئالمىغان تەقدىردە ئۇلار ئۇنى يولغا ساتقىلى ئۇنىمىسا، زورلۇق بىلەن ئېلىڭلار، ــ دېگەن. بۇ ھەدىس بەزى رىۋايەتلەردە مۇشۇنداق بايان قىلىنغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

(تىرمىزى: 1589)

8305 ـ عَنْ أَبِي الْأَحْوَصِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ الرجُلُ أَمُر بِهِ فَلَا يَقْرِينِي وَلَا يُضَيِّفُنِي فَيَمُر بِي أَفَأَجْزِيهِ قَالَ لَا اقْرِهِ.

8305 ـ ئەبۇ ئەھۋەسنىڭ ئاتىسى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مەن بىر ئادەمنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتىمەن. ئۇ ماڭا تاماق بەرمەيدۇ ۋە مېھمان قىلمايدۇ. كېيىن ئۇ مېنىڭ مەھەللەمدىن ئۆتىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ ــ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، سەن ئۇنى مېھمان قىلغىن! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2006)

---

[1] ئەلبانى (1292): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1632): سەھىھ ـ دېگەن.

8306 ـ عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ الْعَدَوِي قَالَ سَمِعَتْ أُذُنَايَ وَأَبْصَرَتْ عَيْنَايَ حِينَ تَكَلَّمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ جَارَهُ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ جَائِزَتَهُ قَالَ وَمَا جَائِزَتُهُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ يَوْمٌ وَلَيْلَةٌ وَالضيَافَةُ ثَلَاثَةُ أَيامٍ فَمَا كَانَ وَرَاءَ ذَلِكَ فَهُوَ صَدَقَةٌ عَلَيْهِ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ.

8306 ـ ئەبۇ شۇرەيھ ئەدەۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلەۋاتقان چاغدا، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئىڭشىغان ئىدىم. ئۇ:

ـ كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، قوشنىسىغا ھۆرمەت قىلسۇن! كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، مېھمىنىغا ھەققىنى بەرسۇن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئۇنىڭ ھەققى نېمە؟ ــ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئۇنىڭ ھەققى بىر كېچە ـ كۈندۈز مېھمان قىلىشتۇر. ئۇنى نورمال مېھمان قىلىش ئۈچ كۈندۇر. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە، ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بەرگەن يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە قىلغان خىزمىتى ئۇنىڭغا بەرگەن سەدىقىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىمكى اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن.

(بۇخارى: 6019)

8307 ـ عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ الْخُزَاعِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الضيَافَةُ ثَلَاثَةُ أَيامٍ وَجَائِزَتُهُ يَوْمٌ وَلَيْلَةٌ وَلَا يَحِل لِرَجُلٍ مُسْلِمٍ أَنْ يُقِيمَ عِنْدَ أَخِيهِ حَتى يُؤْثِمَهُ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَكَيْفَ يُؤْثِمُهُ قَالَ يُقِيمُ عِنْدَهُ وَلَا شَيْءَ لَهُ يَقْرِيهِ بِهِ.

8307 ــ ئەبۇ شۇرەيھ خۇزائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېھماننى كۈتۈش ئۈچ كۈن داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىش بىر كېچە ـ كۈندۈزدۇر. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇنى گۇناھكار قىلىپ قويغىدەك تۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ـ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! ئۇنى قانداق گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ؟ ــ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋالىدۇ. بىراق ساھىبخانىنىڭ ئۇنى مېھمان قىلغىدەك نەرسىسى قالمايدۇ (يەنى مېھمان قىلالمايدۇ)، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 48)

8308 ـ عَنْ شَقِيقِ بن سَلَمَةَ، قَالَ: ذَهَبْتُ أَنا وَصَاحِبٌ لِي إِلَى سَلْمَانَ الْفَارِسِي، فَقَالَ سَلْمَانُ: "لَوْلا أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَانَا عَنِ التكلفِ لَتكلفْتُ لَكَ، ثُم جَاءَ بِخُبْزٍ وملح"، فَقَالَ صَاحِبِي: لَوْ كَانَ فِي مِلْحِنَا صَعْتَرٌ، فَبَعَثَ سَلْمَانُ بِمَطْهَرَتِهِ فَرَهَنَهَا، ثُم جَاءَ بِصَعْتَرٍ، فَلَما أَكَلْنَاهُ، قَالَ صَاحِبِي: الْحَمْدُ لِلهِ الذِي قَنعَنَا بِمَا رَزَقَنَا، فَقَالَ سَلْمَانُ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ: "لَوْ قَنعْتَ بِمَا رَزَقَكَ اللهُ لَمْ تَكُنْ مَطْهَرَتي مَرْهُونَةً".

8308 ـ بىر ھەمراھىم بىلەن سەلمان پارىسىنىڭ قېشىغا كىرگەنىدىم، ئۇ:

ـ ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشتىن توسمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەن سىلەرنى ئالاھىدە كۈتكەن بولاتتىم، ــ دېدى. ئاندىن نان بىلەن تۇز ئېلىپ كەلدى. ھەمراھىم:

ـ تۇز بىلەن يالپۇز بولغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سەلمان يۇيۇنىدىغان دېسىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى گۆرۈ قويدۇرۇپ، يالپۇز ئەكەلدۇردى. بىز تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ھەمراھىم:

ــ بىزگە بەرگەن رىزىق بىلەن بىزنى قانائەت قىلدۇرغان اﷲقا ھەمدۇسانالار بولسۇن، ـ دەپ دۇئا قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سەلمان:

ـ ﷲ ساڭا بەرگەن رىزىق بىلەن سېنى قانائەت قىلدۇرغان بولسا، مېنىڭ دېسىم گۆرۈگە قويۇلمىغان بولاتتى، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 6085)

8309 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمْ عَلَى أَخِيهِ الْمُسْلِمِ فَأَطْعَمَهُ طَعَامًا فَلْيَأْكُلْ مِنْ طَعَامِهِ وَلَا يَسْأَلْهُ عَنْهُ فَإِنْ سَقَاهُ شَرَابًا مِنْ شَرَابِهِ فَلْيَشْرَبْ مِنْ شَرَابِهِ وَلَا يَسْأَلْهُ عَنْهُ.

8309 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە كىرسە ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يېمەك ـ ئىچمەك كەلتۈرۈلسە، بۇ يېمەك ـ ئىچمەك توغرۇلۇق ئارتۇق سوئال سورىماستىنلا يەپ ـ ئىچسۇن»[2].

(ئەھمەد: 8933)

8310 ـ عن عَبْدِ اللهِ بْنِ قَيْسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُكْثِرُ زِيَارَةَ الْأَنصَارِ خَاصةً وَعَامةً فَكَانَ إِذَا زَارَ خَاصةً أَتى الرجُلَ فِي مَنْزِلِهِ وَإِذَا زَارَ عَامةً أَتى الْمَسْجِدَ.

8310 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلارنى ئايرىم ۋە ئوپچە ھالدا پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىرەر كىشىنى زىيارەت

[1] ھەيسەمى (13628): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر تەۋسىدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن مۇھەممەد ئىبنى مەنسۇر تەۋسىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13632): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىم ئىبنى خالىد زەنگى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتى. جامائەتنى زىيارەت قىلماقچى بولسا، مەسجىدكە باراتتى[1].

(ئەھمەد: 19069)

8311 ـ عن أنس عن النF صلى الله عليه وسلم قال مامن عبد مسلم أځ أخـاه يزوره في الله إلا ناداه مناد من السماء ان طبت وطابت لك اﻟﺠنة وإلا قال الله في ملكوت عرشه عبدي زارƆ وعلي قراه فلم يرض له بثواب دون اﻟﺠنة.

8311 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بەندە اﷲنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر قېرىندىشىنى زىيارەت قىلغىلى كەلسە، ئاسماندىن بىر جاكارچى: ”ئەجەپمۇ ياخشى ئىش قىلدىڭ، جەننەت ساڭا مۇبارەك بولسۇن!“ دەپ نىدا قىلىدۇ. اﷲمۇ ئەرشىنىڭ ئاستىدىكىلەرگە: ”بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ زىيارەت قىلدى. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزەم بېرىمەن“ دەيدۇ. اﷲ ئۇنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ»[2].

(بەززار: 1918)

---

[1] ھەيسەمى (13590): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13591): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ مەيمۇن ئىبنى ئەجلاندىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن مەيمۇن ئىبنى ئەجلانمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

**مۇندەرىجە**

**ھەدىسلەر توپلىمى ........................................................ 1**

بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە
چۈشەنچە ...........................................................................3

تۇر، نەجم، قەمەر، رەھمان، ۋاقىئە ۋە ھەدىد سۈرىلىرى ...............9

مۇجادەلە، ھەشر، مۇمتەھىنە، سەپ، جۇمۇئە ۋە مۇنافىقۇن سۈرىلىرى ......25

تاغابۇن، تالاق ۋە تەھرىم سۈرىلىرى.........................................................41

نۇن، نۇھ، جىن، مۇززەممىل ۋە مۇددەسسىر سۈرىلىرى.............................67

قىيامەت سۈرىسىدىن قۇرئاننىڭ ئاخىرىغا قەدەر .....................................77

قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا تەرغىب قىلىش، تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ
قائىدىلىرى ۋە قۇرئاننى ھىزبلەرگە بۆلۈش........................................105

قىرائەتتىكى پەرقلەر، مۇفەسسەل سۈرىلەر، قۇرئاننىڭ تەرتىۋى ۋە
توپلىنىشى..................................................................................123

**چۈش تەبىرى بۆلۈمى ................................................ 150**

تىبابەت ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ..........................173

دەم سېلىش، تۇمار ئېسىش، كۆز تېگىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار209

ياخشى ۋە يامان پال ئېلىش، شۇملۇق ھېس قىلىش، يۇقۇملىنىشتىن
قورقۇش .....................................................................................231

يۇلتۇزلار، سېھىر ۋە كاھىنلىق...........................................................241

**تەقدىر بۆلۈمى .......................................................... 251**

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقدىر ھەققىدە
تالاش ـ تارتىش قىلىشى، كىچىك بالىلارنىڭ ھۆكمى، قەدەرىيە
پىرقىسىنى ئەيىبلەش ۋە باشقىلار ........................................................251

**سالاملىشىش، قول ئېلىشىش، قولنى سۆيۈش ۋە كىرگەنلەرگە
ئورنىدىن تۇرۇش قاتارلىق ئەدەب ـ قائىدىلەر بۆلۈمى ............. 285**

كىرىشكە ئىجازەت سوراش ..........................................................313

چۈشكۈرۈش، ئەسنەش، سورۇننىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى، ئۇخلاش ۋە
ئولتۇرۇش ھالەتلىرى ...........................................................331

ياردەملىشىش، ئىتتىپاق تۇرۇش، قېرىنداش بولۇش ۋە شاپائەت قىلىش
قاتارلىق ئىشلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەمكارلىق............349
دوستلىشىش، سىر ساقلاش، ياراشتۇرۇپ قويۇش، بىر - بىرىنى
ھۆرمەتلەش، ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇش، ھايا قىلىش قاتارلىق ئەدەب -
ئەخلاقلار ..........................................................................359
رەھمەت ئېيتىش، مەدھىيىلەش ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىش ..........389
ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، نەسىھەت قىلىش ۋە
مەسلىھەت بېرىش...............................................................395
نىيەت، ئىخلاس، ۋەدە، راستچىللىق ۋە يالغانچىلىق.....................409
سېخىيلىق، مەرتلىك، بېخىللىق، ۋە مال - دۇنيانى سۆكۈش............425
غەزەب، غەيۋەت، گەپ توشۇش ۋە ناخشا قاتارلىقلار ......................449
ئويۇن - تاماشا، لەنەت قىلىش ۋە تىللاش ....................................468
ھەسەت قىلىش، گۇمان قىلىش، ئاداۋەت تۇتۇش ۋە ئەيىبىنى ئىزدەش ..488
كىبىر، رىيا ۋە باشقا چوڭ گۇناھلار.............................................503
مۇناپىقلىق، چاقچاق ۋە تالاش ـ تارتىش........................................515
تەبۇكتىكى ئەقەبە دېگەن جايدا پىلانلانغان سۇيىقەستكە قاتناشقان
مۇناپىقلارنىڭ تىزىملىكى:....................................................523
ئىسىم ۋە كۇنيەلەر ...........................................................535
شېئىر........................................................................561
سىلە - رەھىم ۋە ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بۆلۈمى ..................577
پەرزەنتلەرگە ۋە تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىم بالىغا
ياخشىلىق قىلىش، زىيانلىق نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە
باشقىلار........................................................................591
ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىش ۋە قوشنىلارنىڭ ھەققىنى
ئادا قىلىش....................................................................605
رەھىم - شەپقەت، مېھماندارچىلىق ۋە زىيارەت ..............................619